زوردۇن سابىر

# ئاتا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



زوردۇن سابىر

ئاتا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى

ئانا يۇرت (1)
ئانا يۇرت (2)
ئانا يۇرت (3)
ئىزدىنىش (1)
ئىزدىنىش (2)
يازغۇچى بولماق تەس
ئاۋرال شاماللىرى
گۈلەمخان
قەرزدار
ئاتا

ISBN 978-7-228-14143-2
9 787228 141432
定价:30.00元

www.uyghurkitap.com

زوردۇن سابىر

# ئانا

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

父亲：维吾尔文 / 祖尔东·沙比尔著. — 乌鲁木齐：
新疆人民出版社，2011.1
ISBN 978-7-228-14143-2

Ⅰ.①父… Ⅱ.①祖… Ⅲ.①长篇小说-中国-当代
-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第014565号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 祖尔东·沙比尔 |
| 责任编辑 | 阿不都热合曼·艾白，阿不都克依木·沙依木 |
| 责任校对 | 米热古丽·买买提 |
| 特约校对 | 亚森·扎依莫夫 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米　1/32 |
| 印　　张 | 10.5 |
| 版　　次 | 2011年1月第1版 |
| 印　　次 | 2011年1月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 30.00元 |



يازغۇچى زوردۇن سابىر (1937 — 1998)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب بەگ ـ رەئىس ـــ ھاجىم توغرىسىدا ............ 1
ئىككىنچى باب يەنە شۇ زات توغرىسىدا ........................ 114
ئۈچىنچى باب ئاخىرقى ئىشلار توغرىسىدا .................. 290

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

# بەگ - رەئىس — ھاجىم توغرىسىدا

### 1

ئادەملەر ھەرخىل ئىشلاردىن ھۇزۇرلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ ئىشلارنى سان بىلەن ئىپادىلىمەك قىيىن. بۇنىڭ ئىچىدە كوچا ساياھىتىدىن ھۇزۇرلىنىش تولىمۇ خۇمارلىق بولسا كېرەك. ھاجىم ھەر كۈنى ھېچبولمىغاندا بىر قېتىم كوچا ئايلانمىسا خۇددى غىزالانمىغاندەك، ھاۋالانمىغاندەك، چاڭقىغاندەك ياكى ئۇيقۇسىرىغاندەك بىئارام بولىدۇ - دە، ئۆيىدە چىرايى تېخىمۇ تۇتۇلۇپ، يوقىلاڭ ئىشلارغا چېچىلىدۇ، خىنىمنى ياكى نەۋرىلىرىنى ئادىتى بويىچە پارس، ئەرەب ياكى ئوردۇ تىللىرىدا تىللايدۇ. كوچىدىن خۇشال قايتقان كۈنلىرى بولسا چىرايلىق قىرقىلغان ساقال - بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدۇ - دە، سارجا پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدىن كەمپۈت ئېلىپ نەۋرىلىرىگە بىر تالدىن تۇتقۇزىدۇ. ئاندىن ئۇ سۈرلۈك قىياپەت بىلەن پەلەمپەيدىن ئۆرلەپ چىقىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئىككى قاتلاقلىق يېكەنداز ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئىش بۇيرۇيدۇ، «دوكلات» ئاڭلايدۇ ياكى خىيال سۈرىدۇ.

ھاجىم يەتمىش تۆت يىللىق ئۆمرىنىڭ يىگىتلىك، قىرانلىق ۋە قىروۋ مەزگىللىرىنى ئەنە شۇنداق يۇمشاق، سىلىق، رىتىملىق ۋە قانۇنىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ كەلگەچكىمۇ،

ئۇنىڭ قىپقىزىل مەڭزى، تېخى دىگۇدەك چارلاشمىغان ساقال ـ بۇرۇتى، جاراڭلىق ئاۋازى، تىمەن، مەزمۇت قەدەملىرى ھازىرمۇ ئۇنىڭ ياشلىق ـ قىرانلىق چاغلىرىنىڭ يالدامىلىرىنى ساقلىماقتا.

ھاجىمنىڭ بۇگۇنكى كوچا ساياھىتى كۆڭۈللۈك بولمىغان ئوخشايدۇ، ئۇ قوش قاناتلىق دەرۋازىسى ئالدىدا «ئۇھ» تارتىپ خېلى ئۇزاق تۇردى ـ دە، قوشنىسى موللاق سوپىغا ئالىيىپ قويدى. مودىدىن قالغان كۆك چەكمەن پەرىجىسىگە ئورىلىپ، كۆتەك ئۇستىدە مۆكچىيىپ ئولتۇرغان موللاق سوپى ياغاقلىشىپ قالغان سالۋاق تۇماق ئاستىدىن ھاجىمغا غىلام ـ غىلام قاراپ قويغاندى. موللاق سوپىنىڭ قارىشى مەنىلىكمۇ ياكى ھاجىم بۇگۇن قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئاۋات رەستىدىن ئۆتكەندە تۇراق سۇپۇرگىچى كىنايە بىلەن «ھاجىم !» دەپ توۋلىغاندا ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھاجىملارنى مازاق قىلىش سېزىلدىمۇ، ياكى سالامچىلار ئازايدىمۇ، كۇلۇبنىڭ ئالدىدا قارتا ئويناپ كۇن ئۆتكۇزىدىغانلار چاپانلىرىنى قېقىشىپ ئورۇنلىرىدىن دۇررىدە تۇرۇشمىدىمۇ، ياكى بولمىسا ناھىيە رەھبەرلىرىدىن بىرى ئالدىراشلىقتا ھاجىمنىڭ ئالدىدا ماشىنىسىنى توختىتىپ ماشىنىدىن چۈشۈپ ھاجىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۇپ ئاندىن يولىنى داۋام قىلمىدىمۇ؟...

بۇگۇنكى كوچا سەيلىسىدىن كېلىدىغان ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ قايسىسى كەم بولۇپ قالدىكىن؟ ھاجىمغا كەلگەن بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى موللاق سوپى بىلىۋالغان، شۇڭا ئۇ مولۇن كۆزلىرى بىلەن غىلام ـ غىلام قاراپ قويۇپ، چاڭگا ساقاللىرى ئارىسىدىكى دورداي كالپۇكلىرىنى قىيسايتىپ مەسخىرە بىلەن كۇلگەن. شۇنداق ئىكەن، يىللار بويى زۇۋان سۇرمەيدىغان، ئۆز پىكرىنى مىيىقىدا كۇلۇپ قويۇش ياكى يەرگە تۇكۇرۇپ قويۇش بىلەن بىلدۇرىدىغان بۇ جىمغۇر، سىرلىق ئادەمدىن ھاجىمنىڭ خاپا بولۇشى تۇرغانلا گەپ. ھاجىم بۇ ئادەمدىن خاپا بولغىنى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇنىڭغا نە قاتتىق گەپ قىلالمايدۇ، نە تىللىيالمايدۇ. ھاجىم ئىقرار: ئۇ ناھىيەدە مۇشۇ بىرلا ئادەمدىن قورقىدۇ. موللاق سوپى نە سۆزلىمەيدۇ، نە ھېچ يەرگىمۇ بارمايدۇ. ئۇ خۇددى روھى زەئىپ ئادەملەر ئۇچۇن سورلۇك ۋە مۇقەددەس بىلىنىدىغان قېرى دەرەخ، كونا مازار ياكى قەبرىستاندەك دائىملا بىر يەردە، بىر خىل سىياق، بىر خىل كۆرۈنۈشتە تۇرۇۋېرىدۇ. بۇ ئەنسىز، ھەرىكەتسىز تىرىك مەبۇد ھاجىم ئۇچۇن گويا ھامان بىر كۈنى پارتلايدىغان بومبا، كارامەت كۆرسىتىدىغان بىر تىلسىمات.

ناۋادا مۇشۇ تىرىك مەبۇدە دۇنيادىن يىتكەن بولسىدى، ھاجىم بۇ ناھىيەدە ۋەھىمىدىن خالىي ئادەم بولغان بولاتتى. تۇرمۇش مانا مۇشۇنداق، ھەممىگە قولى يېتىدىغان قابىللارمۇ ۋەھىمە ـ ئەندىشىدىن خالىي بولالمايدۇ. باشقىلار ھاجىمنى بۇ ناھىيەنىڭ پېشۋاسى، ئاتىسى ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بىلەن تۆت قىزى، بولۇپمۇ ناھىيە ۋە ۋىلايەتتە ھوقۇق ئىگىلىرىدىن بولغان تۆت كۈيوغلى ئۇنىڭ قولى، پۇتى، تىلى ۋە ئەقلى ھېسابلىنىدۇ. ھاجىم بۇ بالىلىرى بىلەن شۇنداق بىر ئاتىغا ئايلانغان: ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز ناھىيەنىڭ چوڭ ئىشلىرى ھەل بولمايدۇ، ئۇنىڭ پىكرى ھېچ يەردە، ھېچقاچان رەت بولمايدۇ!

لېكىن، ھاجىم تەربىيە كۆرگەن، ئالدى ـ كەينىگە قاراپ ئىش قىلىدىغان، سىياسەت ۋە بەلگىلىملەرگە خىلاپ گەپ قىلمايدىغان يوللۇق ۋە ئەقىللىق ئادەم. ئۇ چىرايلىق كىيىنىپ، ئىللىق كۈلۈمسىرەپ كوچىدا ماڭغاندا ئادەملەر ئالدىراش ئىشلىرىنى توختىتىپ ئۇنىڭغا سالام بېرىدۇ، ياشلار ۋېلسىپىت، موتوسىكلىتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىن يەرنى ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۆتىدۇ. ھاجىممۇ كوچا سەيلىسىدە كەمتەرلىك بىلەن مېھرىبانلىقىنىڭ ئۆلگىسىنى كۆرسىتىپ بالىلارنىڭ بېشىنى

سىلايدۇ، كۆرۈشكۈچىنىڭ ئايالى، بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدۇ، ئائىلىدىكى مۇھىم ئىشلىرىنى دەرھال تىلغا ئالىدۇ، «ياردەم قىلالمىدىم» دەپ ئۆزرىخاھلىق سورايدۇ، ۋەدە بېرىدۇ ۋە يۇمشاق قوللىرى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ بارماقلىرىنى چىڭ قىسىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ قولىنى تۇتالىغان ئادەم ئۆزىنى بەخت ـ تەلەيلىك ۋە يۆلەنچۈكى بار ھېسابلايدۇ ـ دە، چىرايىدىن شۇ كۈن خۇشاللىق كەتمەيدۇ. ھاجىمچۇ؟ ھاجىم بۇ ئىلتىپاتى بىلەن كىشىلەر قەلبىدىن شۇنداق ئورۇن ئالىدۇكى، كىشىلەر: ناۋادا بىزنىڭ بۇ ياقلاردا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بىرەر ئەۋلادى بار دېيىلسە بىزنىڭ ھاجىمدىن باشقا كىشى ئەمەس دېيىشمەكتە، بۇ ئەلۋەتتە ناھىيەنىڭ چوڭ مەسچىتىدە دېيىلگەن گەپ بولمىسىمۇ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن گەپ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىم بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن ھەج سەپىرىگە چىققاندا ھاجىمغا نەچچە ئون مىڭ يۈەن پۇل يوللۇق تۇتۇلدى، ھاجىم ھەرەمدىن قايتقاندا چوڭ ـ كىچىك يىگىرمە تۆت ماشىنىدا يۇرت ـ جامائەت ئالدىغا چىقىۋىدى، ماشىنىلارنىڭ ئالدى تاشقورغاندىن ئۆتۈپ مىڭتېكە (خونجىراپ ئېغىزى) گە، ئاخىرى قەشقەر شەھىرىدىن ئۆتۈپ توققۇزاق بازىرىغىچە باردى. ھاجىمنىڭ قولىنى كۆزلىرىگە سۈرتكۈچىلەر ياكى ناۋات رەڭ تىمچىسىنىڭ پېشىنى سۆيگۈچىلەر، سەللىسىگە قونغان چاڭ ـ توزاننى يۈزلىرىگە سۈرگۈچىلەر ئۆزلىرىنى قانچىلىك پاكلانغان ھېسابلىدى؟ بۇنى بىلمەك تەس.

ناھىيە رەھبەرلىرىچۇ؟ بۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ھېسابلانغان ھاكىم، شۇجى، مۇدىر ۋە رەئىسلەر توپى ھاجىمنى ئۆز توپىنىڭ ئەقىلچىسى، مۆتىۋەرى ھېسابلىشىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ يەردە ھاجىمنىڭ ھەربىر ئىجتىمائىي ھەرىكەتتە كۆرسەتكەن چوڭ ـ چوڭ خىزمەتلىرى ئۇنىڭغا شۇنداق ئىناۋەتنى ئاتا قىلغان. لېكىن، بۇ ئاساسنى مۇستەھكەملەيدىغان يەنە بىرنەچچە كونكرېت قوشۇمچىمۇ بار. بۇنىڭ بىرى،

ناھىيەنىڭ تازا پىچىقى كېسىدىغان مۇئاۋىن شۇجىسى تۇردى كېرەم ھاجىمنىڭ كۆيۈ ئوغلى، كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئوبۇلغازىمۇ ئۇچىنچى كۆيۈ ئوغلى، دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاسىم قۇربان ھاجىمنىڭ قېيىنئىنىسى (ھازىرقى ئايالىنىڭ)، يەنە بىر كۆيۈ ئوغلى ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغاچقا، ھاجەتمەنلەر ئۇ باشلىقلار بىلەن ھاجىمنىڭ ئىككىلىك خېتى ئارقىلىق كۆرۈشىلا پايدا تاپالايدۇ. ئىبراھىم ئەزىز ئىسىملىك بۇ يىگىت يېقىندا ۋالىي بولارمىش دېگەن گەپلەرمۇ كوچىدا ئېقىپ يۈرۈپتۇ (مۇشۇنداق بولسا ھاجىمنىڭ ئىناۋەت ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ). ھاجىم ئەسلىي ئىككىنچى ئوغلىنى بۇ ۋىلايەتنىڭ ۋالىيلىقىغا نامزات قىلىپ ئەگرى ۋە تۈز يوللار بىلەن خېلى ماڭغان. يۇقىرىمۇ خېلى مايىل بولغاندىيۇ، بىراق تازا ھالقىلىق پەيتتە مۇشۇ ھاجىمنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى ھېسابلانغان ئوغلى چاندۇرۇپ قويدى. نەمرۇد ئىسىملىك بۇ بەڭباش ئوغلى ئوتتۇز سەككىز ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ئەقىل تاپمىغانىكەن: نەپسىگە بېرىلىپ ناھىيەنىڭ داڭلىق تىجارەتچىسىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى بىلەن مېھمانخانىدا تۇتۇلۇپ قېلىپ «زىيانداش» قاتارىدا تازىلانغىلى تاسلا قالدى. شۇنداق قىلىپ ھاجىم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلىغان ۋەھشىينىڭ ئىسمىنى ئۆز بالىسىغا قويغىنى ئۇچۇن ئالدى بىلەن ئۆزىنى، مۇشۇنداق بالىنىڭ ئانىسى بولغان مەرھۇم ئاسىگۈلنى، ئاندىن كېيىن ھاجىمنىڭ يىلىكىنى شوراپ چوڭ بولغان شۇم پېشانە ئوغلى نەمرۇدنى، ئۇنى يوتقان ئىچىدىن تۇتۇۋالغان جامال سوجاڭنى، ئوغلىنى ئازدۇرغان قۇتىگۇل ئىسىملىك چىرايلىق قىز بىلەن ئۇنىڭ دادىسى تۇراق سۇپۇرگىچىنى ئاغزىنى بۇزۇپ بىرنەچچە كۇنگىچە تىللىدى.

هاجىمنىڭ تۆتىنچى كۆيۈ ئوغلى (هاجىم يېڭىلىشىپ رازىلىق بېرىپ قويغان) ناھىيەنىڭ داڭلىق شائىرى ئابلا يانتاق

دادىسىنىڭ بۇ تىللىرىنى ئاياللىدىن ئاڭلاپ قىلىپ مۇنداق بىر رۇبائىي يازدى:

پېشۋانىڭ ھەر تىلى دۇردانىدۇر،
ئىززەتۇ ئىكرامغا لايىق نامىدۇر.
ياخشىلىق، ئىنساب پۈتەدۇر تەسۋىيى،
ۋەلېكىن ئاغزى نىجاسەت جامىدۇر.

— مەلئۇن ! — دېدى ھاجىم بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورىنىمۇ بىلمەستىن بىر چايدا چالا - بۇلىلا ئاڭلاپ، — مەشرەپنىڭ ياكى مەنسۇر ھەللاجنىڭ شېئىرىمىش تېخى ! ئابدۇللا توقاي، فۇرقەتلەرمۇ موللىلارنى بۇنچىلىك تىللىمىغان، بۇ پارتىيەمىزنىڭ دىنىي سىياسىتىگىمۇ خىلاپ !

يەنە ھاجىمنىڭ ھۆرمەت - ئىناۋەت ئاساسى توغرىسىدىكى گەپكە قايتايلى: ئىبراھىم ئەزىز راستىنلا ۋالىي بولۇپ قالسا نەمرۇدنىڭ ئىشىمۇ تۇزلىدۇ. ئۇنىڭ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دېگەن ئورنىغۇ چاغلىق، ئۇ تەشۋىقات ياكى بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ مۇئاۋىن بۇجاڭ بولسا بولاتتى. قالغان ئىككى ئوغلىنىڭ ئۆسۈپ كەلگەن يېرى شۇ، بىرى، ناھىيەلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى. قۇددۇس ئىسىملىك كىچىك ئوغلى ئالىي مەلۇماتلىق بولۇشنى خالىمىدى، ئۇ ئۇقەت — پۇل تېپىش يولى بىلەن نام - شۆھرەت قازاندى، «ھاجى قۇددۇس مۇلازىمەتخانىسى» دېگەن چوڭ ھۆسنخەت ناھىيەنىڭ مەركىزىدىكى ئاشۇ ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ پېشانىسىدە چاقناپ تۇرغىنىنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك شەرەپ ئەمەسمۇ؟

ھاجىم ئوغۇللىرىدىن دېگەندەك رازى بولمىغىنى بىلەن، تۆت قىزىنىڭ ئۈچىدىن تولىمۇ رازى. ئۇلارغا ھاجىمنىڭ: «ئەرلىرى قىزلارنىڭ ئالىقىنىدا بولسۇن» دېگەن تەلىپىنى مۇنۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچىنچى نىكاھى بىلەن ئۆيىگە كىرگەن چىرايلىق، سىمىز ئايالى قىزلىرىنىڭ قان ۋە سۆڭىكىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن چىغى: كۆيۈ ئوغۇللار قىزلارنىڭ ئالىقىنىدا، گەرچە ئۇلار ناھىيە، ۋىلايەت ئەمەلدارلىرى بولسىمۇ.

لېكىن، دۇنيادا توققۇزى تەل ئادەم يوق. ھاجىم تۆتىنچى قىزىنىڭ دەردىنى تولا تارتتى. چاچ ـ ساقاللىرىدىكى مۇشۇ ئاقلار گۈلناز ئىسىملىك مۇشۇ كەنجى قىزىنىڭ خاپىلىقىدىن پەيدا بولمىغىنىدا، ھاجىم تېخى قىران چاغلىرىنى ئاخىرلاشتۇرمىغان بولماسمىدى؟

گۈلناز — راستتىنلا گۈل بىلەن نازۇكەرەشمىنىڭ قوشۇلمىسى. ئۇنىڭ ئەرلەرنىڭ قەلبىگە ئوت ياقىدىغان ئويناق كۆزلىرى، تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان ئوماق لەۋلىرى، زىلۋا قامەتى قايسى نامدار گۈلدىن كەم؟ ئارتىسلارغا لايىق خۇلقى، كۈلكىسى، ئاۋازى ۋە قىلىقلىرىچۇ؟ ھاجىم يەر تېگىدىن زەن قويۇپ «باشقا قىزلىرىمدا ۋە ئايالىمدا زادىلا تېپىلمايدىغان بۇ لاتاپەتنى كەنجى قىزىم نەدىن تاپتىكىن؟» دەپ ئويلايتتى. ئۇ بىر قىزىنىڭ مۇشۇنداق جىلۋىدار، تارتىملىق بولغىنىغا تولىمۇ خۇشال بولاتتى.

لېكىن، بۇ خۇشاللىقنىڭ ھاجىمغا دەرد بولۇشىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ گۈلناز ئونىنچى سىنىپنى تۈگەتمەيلا لايىق تۇتتى، تۇتقاندىمۇ ھاجىمنىڭ پومېشچىك قالپىقى بار ئىنىسى ئىسمائىلنىڭ ئوغلى زېمىن ئىسىملىك مۇئەللىمنى تۇتتى. زېمىن ئىنىسىنىڭ ئوغلى بولغىنى بىلەن ھاجىم ئۇچۇن ھامان يات ھېسابلىناتتى. سەۋەبى: بىرىنچىدىن، بۇ بالا پومېشچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغاندا ھاجىم سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، ناھىيەدىن يۆتكىلىپ كەتكەنىدى. رەئىس بولغان ئادەمگە پومېشچىك بالىسى ئەلۋەتتە يات بولىدۇ ـ دە. ئىككىنچىدىن، مىش ـ مىش گەپلەرگە قارىغاندا، بۇ زېمىن ئىسىملىك بوۋاق پومېشچىكنىڭ ئەمەس،

شۇ چاغدا يېزىغا چۈشكەن بىر كادىرنىڭ پۈشتىمىش. تۆت خىل ئۇنسۇرلار يىغىۋېلىنغان شۇ كۈنلەردە تۆۋەنگە چۈشكەن ئۇ «كادىر» بۇ پومىچىكنىڭ چىرايلىق، تەرسا ئايالىنىڭ «تۇغقىنى مەن» دەپ شۇ ئۆيدە يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرگەنمىش. مانا مۇشۇ كۈنلەردە بۇ ئايال يىلانغا سېرىك بولغانمىش. ھاجىم پومىچىك ئىنىسىنى دائىم ئەسلەپ تۇرسىمۇ (تۆرەم ھاجىم دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن)، لېكىن بېرىپ يوقلاشقا، بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە پېتىنالمايتتى. چۈنكى، ھاجىم ئۇ چاغدا رەئىس ئىدى. رەئىس بىلەن پومىچىك ئوتتۇرىسىدا «ئۆچمەنلىك»تىن باشقا نەرسىنىڭ بولۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— زېمىن ئاجايىپ يىگىت، — دېگەنىدى مەكتەپ مۇدىرى ھاجىمغا يېلىنىپ، — مەكتىپىمىزدىكى قىرىق ئىككى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدى. ئۇ ئاجايىپ بىلىملىك، ئاجايىپ ئەخلاقلىق، تىرىشچان يىگىت!

— ئۇنداق بولسا سىلىنىڭمۇ قىزلىرى بارغۇ! — دېگەنىدى ھاجىم زەھەرلىك ھىجىيىپ قويۇپ، — قولىلىرىدىن چىقارمىسىلا!

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، رەئىس ئاكا؟

— چۈشەنمىدىلىمۇ؟ مېنىڭ قىزىم گۈلناز ئۇنىڭ خىلى ئەمەس. بىلەملا، ئۇ دېگەن كىمنىڭ پۈشتى؟

— ئۆز بالىلىرىغۇ، رەئىس ئاكا؟

— بەس! — دېگەنىدى ھاجىم مۇدىرغا ئالىيىپ، — زېمىننى يېزىغا چۈشۈرۈۋەتسىلە. يانتاقلىق يېزىسىدىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ بار. ئۇلارغىمۇ ياخشى ئوقۇتقۇچى لازىم. سىلى بۇ ئىشنى قىلالمىسا، مەن قىلالايمەن، خەير ـ خوش!

ئۇ چاغدا ھاجىمغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمىگەنىدى. زېمىن — كۆزلىرى ئوييناپ تۇرىدىغان، بۇرۇتى خەت تارتقان، قامەتلىك يىگىت ئاۋۋال «لۇشيەن تەربىيەسى كادىرى» نامى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەكلىماكان ئىچىدىكى يىراق يېزىغا باردى. كېيىن ئۇنىڭ نوپۇسى شۇ يېزىغا يۆتكەلدى، ئۇ «باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى» بولۇپ «ئۆستى». كېيىنچۇ؟ دادىيجاڭ ئۇنى قىزلارغا «چاقچاق» قىپتۇ دەپ ناھىيەگە چاقىقان سەۋەب بىلەن گوڭشې ئەزاسى بولۇپ قالدى...

لېكىن، گۇلناز هاجىمغا ئارام بەرمىدى، ۋېلسىپىت بىلەن ھەدېسىلا «يانتاق» يېزىسىغا قاچاتتى. ئۇ ھەتتا «دېھقان بولۇپ كېتىمەن» دەپ غەلۋە قىلدى. دادىسىنىڭ تېپىپ بەرگەن خىزمەتلىرىنى قىلمىدى. ئۇ بىر كۈنى ئۆيگە مەست بولۇپ كىرىپ كەلدى، هاجىم قىزىنى كۆرۈپ چەكمەندەك كۆكىرىپ كەتتى ۋە قولىدىن ئاپتۇۋا چۈشۈپ كەتتى... ئانا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قىزىنى قاراڭغۇ ئۆيگە سولىدى، چىمدىدى، چاچلىرىنى يۇلۇپ، دومبالىدى. لېكىن، قىز نە داد دېمىدى، نە كۆز يېشى قىلمىدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زەربىسىنى ئۈن ـ تىنسىز، چىدام ـ غەيرەت بىلەن كۆتۈۋالدى...

زېمىن تۈيۈقسىزلا بۇ ناھىيە زېمىنىدىن يوقالدى. ئۇ تېزلا نوپۇس، پارتىيە ئەزالىرى ۋە مائارىپچىلار تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈلدى. پومېشچىك دادىسى ئاتا مېھرىگە قانمىغان ئوغلى ئۈچۈن خىلۋەت جايلاردا ياش تۆكتى، لېكىن ئاكىسىغا يېلىنمىدى.

يىللار ئاتا يۈرىكىدىكى داغنى كۆچەيتتى، لېكىن هاجىم بۇ داغلار ھېسابىغا شادلاندى. سەۋەبى ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كەنجى قىزى گۇلناز كەم سۆز، خىيالچان، ئۆيدىن چىقماي كىتاب ئوقۇيدىغان بىر «مۇلايىم»غا ئايلاندى. ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتتى. گۇلناز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زورى بىلەن ھازىرقى ئېرى ئابلا يانتاققا ياتلىق بولدى.

ئابلا يانتاق بۇ يەرگە سىرتتىن كەلگەن كادىر بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ دادىسى مۇشۇ ناھىيەدە تۇغۇلغانىكەن. ئۇ ئاۋۋال ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدە

ئىشلىدى، گېزىت چىقىرىمىز دەپ خېلى تىرىشىپ ئاقتۇرالمىدى. شاپىگرافتا بېسىپ ئەدەبىي ژۇرنال چىقىرىپ بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىغا «يانتاق» دەپ تەخەللۇس قويدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ تەخەللۇسنى گۈلناز قويۇپ بېرىپتۇدەك. ئابلا يانتاق ھەرقانداق گەپنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلىۋېرىدىغان ئادەم بولغاچقا، بۇ ھەقتە:

— بىزنىڭ خوتۇننىڭ ئاشىقى يانتاقتا ئىشلەپتىكەن. ئۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار يانتاقلىقتا مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىشكەن چېغى. بىزنىڭ خوتۇن ھازىرمۇ يانتاق ئوتۇن قالىمايدۇ !

— ھازىرمۇ زېمىن مۇئەللىمنى ئەسلەمدۇ ئەمىسە؟

— ئەسلىمەمدىكى ! — دەيدۇ ئابلا يانتاق گويا باشقا بىر يات ئادەم توغرىسىدا سۆزلەۋاتقاندەك بەخىرامان ھالدا، — گۈلناز تۇرماق مەنمۇ ئەسلەيمەن !

— بەللى، بەللى، — دەيدۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئەرلەر «يانتاق»قا نەپرەت بىلەن قارىشىپ، — سىلىمۇ، كۈندەشلىك قىلمايدىكەنلا، ھە، دېگەنبىلەن؟

— كۈندەشلىك قىلىدىغانلار ئاڭسىزلار، نادانلار ! ھەممە ئادەم بىلىدىغان پاكىتنى يالغاندىن رەت قىلىپ گۈلناز تۇخۇمدىن ئاق، ياقۇتتەك ساق دېسەم بولامتى ئەمىسە؟ ھەرقايسىلىرى تۆت ـ بەش ئەرگە تەگكەن خوتۇن بىلەن توي قىلىشىپمۇ تېخى «ئايالىم ساق، قىز چىققتى» دېيىشىدىكەنلا. مانا بۇ چاكىنىلىق، تازا ئەخمەقلىق. مەن ئاشكارا دەيمەن، گۈلناز ماڭا قىز تەگمىدى. مەن بىلەن توي قىلىپ بىرىنچى ئاخشىمى «زېمىن، زېمىن !» دەپ تولۇلدى تېخى، مەن ئاۋۋال سوۋۇدۇم، كېيىن ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم: «ھۇ جىگىرى يوق يانتاق، بىلىپ تۇرۇپ ئالىسەنۇ، تېخى سوۋۇيسەن، مۇھەببەتكە سادىق ئايالىڭ بولغىنىغا خۇشال بولمامسەن؟» دەپ ئۆزۈمنى تىللىدىم تېخى !...

ئابلا يانتاقنىڭ ھەق ـ ناھەق ئالدىدىكى ئوچۇق سۆزلۈكى

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ چوڭ ئەيىبى، ھاجىمنىڭ ئۇنى يامان كۆرۈشىنىڭ، ئابلا ياتاق بىلىملىك، تىرىشچان يىگىت بولسىمۇ ئۇن ئەچچە يىلدىن بېرى ئادەتتىكى كادىر بولۇپ تۇرۇۋېرىشىنىڭ سەۋەبىمۇ مانا شۇ.

لېكىن، بۇلار بىلەن ئابلا ياتاقنىڭ قىلچە كارى يوق. ھاجىم ئۇچۇن ئابلا ياتاق، گۈلنازلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىر ۋەھىمە، بىر نومۇس. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلار ھازىر ئىككى باللىق ئەر ـ خوتۇن. ئۇلار ھاجىمنىڭ قىزى ۋە كۈيئوغلى. ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كۆپ كېلىدىغان قىزىمۇ شۇ گۈلناز، كۈيئوغلى شۇ ئابلا ياتاق. ھازىرمۇ زېمىننى كۆزدىن ئۇچۇلا يوقاتقان ھېلىقى چاغلار بولغان بولسىدى، ھاجىم كىرسىز، داغسىز ياشىغان بولماسمىدى؟ لېكىن، ھاجىم بۇ قىزى بىلەن كۈيئوغلىدىن ئۇنداق ئاسان قۇتۇلار ئەمەس: قىزى ھازىر ئىككى باللىق بولغىنىغا قارىماي بالا ۋاقتىدىكىدەك ئەركە. ئۇ خالىغان ۋاقىتتا ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقىپ، ھاجىمنىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشىپ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئالالايدۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا ئېغىنالايدۇ. ئۇ تاپا ـ تەنە، ھەيۋە ـ پوپوزا بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، ھېچكىم قاپاق كۆتۈرۈپ قارىيالمايدىغان دادىسىغا تىك تۇرۇپ:

— مەن سىلىگە شەرت قويۇپ تالالىق بولغانمەن، دادا، سىلى شەرتىمگە كۆنگەن. يادىلىرىدىن ھەرگىز چىقمىسۇن: قىزىم تالالىق بولۇشقا رازى بولسىلا، ئۆمۈر بويى دېگىنىنى قىلىپ بېرىمەن دېگەن ئۆزلىرىغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورايدۇ. ھاجىم قىزى ئولتۇرۇپ قالغاچقا، خەقنىڭ تاپا ـ تەنىسىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇنلا قىزىنى ئابلا ياتاققا يۇقىرىقى شەرت بىلەن ئەلچى ئارقىلىق ئۇناتقانلىقى راست، شۇڭا ھاجىم قىزىنىڭ شەرتىگە ماقۇل دېمەسكە ئىلاجسىز، شۇڭا قىزى ھازىرمۇ بۇ چوڭ ئۆينىڭ ئەركىسى. كۈيئوغلىچۇ تېخى؟ كىشىلەر ئاغزى بىلەن كۆڭلى بىر دەپ باھا بېرىدىغان بۇ ناھىيەگە داڭلىق

«شائىر» جەمئىيەتتە ھاجىم توغرىسىدا قامالاشمىغان گەپلەرنى قىلالايدىغان بىردىنبىر ئادەم، ھاجىم توغرىسىدىكى قايسى ئەپقاچتى گەپ ئابلا يانتاقتا كېلىپ توختىمىغان؟ مەيلى ئۆزىنىڭ بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ بولسۇن ھاجىم توغرىسىدا گەپ تارقالسىلا، بۇ گەپ سۇرۇشتۇرۇلگەندە ئابلا يانتاق دەرھال بويىنغا ئالىدۇ ۋە ئاتىسىغا ئىزاھات بېرىش ۋە ئەپۇ سوراش ئۈچۈن ئايالىنى كەينىگە، چوڭ بالىسىنى ئالدىغا، كىچىكىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ ۋېلىسىپىت بىلەن چوڭ ئۆيگە ماڭىدۇ. ئابلا يانتاق دوقمۇشتا ـ دوقمۇش توختاپ ئەل ـ ئاغىنە، تونۇش ـ بىلىشلىرىگە قەيەرگە، نېمىگە ماڭغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئارىلىقى بەش يۈز مېتىر كېلىدىغان يولنى ۋېلىسىپىت بىلەن ئىككى ـ ئۈچ سائەت مېڭىپ ھاجىم ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە ئىپتارچىدەك كۈن قىزىلى تۈگەي دېگەندە كىرىپ كېلىدۇ. ھاجىمنىڭ ئەركە قىزى ئاتىسى بىلەن يۈزلىرىنى يېقىشىپ، ئادىتى بويىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، كېيىن قوللىرىنى سۆيۈپ كۆرۈشىدۇ. نەۋرىلەر بولسا خۇددى ئانىسىنى بىر كۈن باغلاقتا كۆتكەن موزايلاردەك بوۋىسى بىلەن مومىسىنىڭ قۇچىقىغا تاشلىنىدۇ. ئابلا بولسا ئاۋۋال قېيىنئانا بىلەن ئېگىلىپ سالام بېرىپ بىر مىنۇتتەك تىنچلىق سورىشىدۇ ـ دە، ھاجىمغا ئىككى قولىنى سوزۇپ ھاجىم خالىسۇن ـ خالىمىسۇن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ئۇ ھاجىمنىڭ قاپىقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ھاجىمنىڭ تاپا ـ تەنە، ھەتتا تىل ـ ئاھانەتلىرىنىمۇ يېنىك كۈلكە، ئىللىق چىراي بىلەن قارشى ئالىدۇ. ھاجىم ئابلانىڭ يارىماس گەپلىرىنى ياكى شاپىگراف بىلەن تارقالغان يارىماس شېئىرلىرىنى تىلغا ئېلىپ غەزەپ بىلەن كايىغاندا:

ــ خاپا بولمىسىلا، ئاتا، قاندااق قىلىمىز، خام سۈت ئەمگەن بەندىكەنمىز! ــ دەپ قويىدۇ.

ــ قاچانغىچە چوڭ بولمايسىلە دەيمەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— تەس ئىكەن، ئاتا، بەكمۇ تەس ئىكەن...
خاپىچىلىق بىرنەچچە مىنۇتتىلا تۈگەيدۇ. ئابلا ھاجىمنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتىگە دائىر ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرنى شۇنداق چىرايلىق تىل بىلەن سۆزلەشكە باشلايدۇكى، ھاجىم بىردەمدىلا بۇ يارىماس كۈيئو ئوغلىدىن كۆڭلى سۇ ئىچىپ رازى بولۇپ قالىدۇ:
— سىلىنىڭ ئىككىلىك خەتلىرى بىلەن ئاكىمىز ئىبراھىم ئەزىز ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرۈپ، دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشنى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈپ ھۆججەت تارقىتىپتۇ. تۇردى كېرەم ئاكىمىز شەخسەن ئۆزى بىزنىڭ مەدەنىيەت يۇرتىمىزغا كىرىپ مېنى يالغۇز يەرگە تارتىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى دېسىلە. مەن بىر ئەزان ئېيتقۇچىلىك ۋاقىت ئىچىدە بۇ خەۋەرنى كىنوخانا ئالدىدىكى كوتچىلارغا، «ھاجى قۇددۇس مۇلازىمەتخانىسى»دىكى يىۋىكەشلەرگە، ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتناشقىلى كەلگەن ئوغلاقچى، چېلىشچى، چامباشچى، داستانچىلارغا، ئۇ يەردىن چىقىپ سەنئەت ئۆمىكى، كىنو شىركىتى، سىياسىي كېڭەشنىڭ قېرىلىرىغىچە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ بولدۇم دېسىلە. يائاللا، ھازىر شۇ ئاپتا پۈتۈن ناھىيە سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى سۆزلىمەكتە !
مانا بۇ ئابلا يانتاقنىڭ ھاجىم توغرىسىدا يۈز تۈرانە سۆزلىگەن بىرلا سۆزى. مۇنداق سۆزلەر بىلەن ماختاشلار غەيۋەت ـ شىكايەتتىن كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىم ئابلا يانتاق ئۈچ كۈنلا كەلمىسە زېرىكىپ ـ دۈتلىنىپ قالىدۇ.
لېكىن، ھاجىم نېمىلا بولمىسۇن بۇ كۈيئو ئوغلىنى يامان كۆرىدۇ. يامان كۆرۈشىنىڭ سەۋەبى قىرىق ياشتىن ئاشقان، بىلىملىك بىر ئادەمنىڭ تېخىچىلا ئادەتتىكى كادىر بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدا.
ھاجىم ئۆيئىچى، قوۋم ـ قېرىنداشلىرى توغرىسىدىكى

خىياللىرىدىن زېرىككەن چېغى، موللاق سوپىغا قاراپ يەنە بىر قېتىم ئالىيىپ قويدى. موللاق سوپى ئورنىدىن يېرىم ئۆرە بولۇپ يەرگە تۈكۈردى ـ دە، ھەدىس ئوقۇدى:

«ئەل كەززەبۇ لائۇممەتى (يالغانچىلار خۇدانىڭ بەندىسى ئەمەس) !»

ھاجىم ئايەتنىڭ مەنىسىنى بىلىدۇ، ئۇ موللاق سوپىنى تىللىدى:

— سەن بىغەرەز، بەچچىغەر !

سوپى كۈلۈپ قويۇپ يەنە ھەدىس ئوقۇدى:

«شەررىنناسى، مەن يەنزۇرۇنناسى !»

«ئادەملەرنىڭ يامىنى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگۈچىلەردۇر» دېگەن بۇ ھەدىسنى ئاڭلاپ ھاجىم موللاق سوپىغا تىكىلىپ قارىدى. بۇ ناھىيەدە ھاجىمنى زىيان سالغۇچى دېيەلەيدىغان ئادەم يوق ئىدى، مۇنۇ يىل بويى زۇۋان سۈرمەيدىغان، لېكىن بەش ۋاق نامىزىنى مەسچىتتىن باشقا يەردە ئوقۇمايدىغان كاج سوپى بۇ ھەدىسنى ھاجىمغا قارىتىپ ئوقۇماقتا. ئۇ ھاجىم توغرىسىدا بىرەر بولمىغۇر گەپ ئاڭلاپ قالدىمۇ قانداق؟ ھاجىم سوپىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى ۋە بايىقى ھەدىسنىڭ تەتۈرىسىنى ئوقۇدى:

«خەيرۇنناسى مەن يەن فەئۇنناسى !»

«ئادەملەرنىڭ ياخشىسى باشقىلارغا مەنپەئەت بەرگۈچىلەردۇر» دېگەن بۇ ھەدىسنى موللاق سوپى دەرھال چۈشەنگەن ئوخشايدۇ. ئۇ ئەسكى پەرىجىسىنىڭ پېشىنى قېقىپ يەرگە تۈكۈردى ۋە ھاجىمغا تەتۈر قارىۋالدى.

موللاق سوپىنىڭ بۇ قىلىقى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى، نەپرەتلەنگەنلىكى ۋە قاتتىق تىللىغانلىقى: ھاجىم زالىم بايلارنىڭ ئۈستىدىن ياش تۆكۈپ شىكايەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندە، ئۆز ئىنىسىغا پومپىشچىك قالپىقىنى كىيدۈرۈپ تۆت يانچۇقلۇق كۆك چاپان كىيىپ كەلگەندە، يەنە بىرىنچى بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ساقىلىنى قىردۇرۇۋېتىپ بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقاپ كەلگەندە، ئۇ ھازىرقىدەك يەرگە تۈكۈرۈپ تەتۈر قارىۋالغانىدى. ھاجىم ئۇ چاغدا ھاجىم ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ بۇرۇنقى بەگ، بولغۇسى رەئىس، شۇ چاغنىڭ ئاكتىپلىرىدىن ئىدى.

ئۇ چاغلاردا ئاكتىپلار باشقىلارنىڭ تىل - ئاھانىتىدىن قورقاتتىمۇ؟ ئۇ چاغدا تىل ئاڭلاش، ھەتتا تاياق يېيىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ۋە ئالقىشقا ئىگە ئىدى. چۈنكى، بۇ ھال زەربە يېگۈچىنىڭ پەزىلەت ئىگىسى، سەممىمىي - سادىق ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى بولالايتتى.

ھازىرچۇ؟ ئادەملەرنىڭ كۆزى ئېچىلدى، يۈرىكى چوڭايدى، ئەقلى ئىشلەيدىغان بولدى. ئادەملەر ھازىر تەگكۈزۈپ تىللايدۇ، قورقماي تىللايدۇ، ۋارقىراپ تىللايدۇ. مۇنۇ مۆرىمەسنىڭ تىلى، ئاۋازى مۇشۇ تەتۈر قارىۋېلىش ئوخشايدۇ. ئۇ نېمىشقا ھاجىمنى تىللىدى؟ نېمىشقا جامائەت ھۆرمەت قىلىدىغان ھاجىمنى، ھۆكۈمەت ھىمايە قىلىدىغان رەئىسنى تىللىيالىدى - ھە؟ ئۇنىڭ ھاجىمنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىدىن خەۋىرى بارمۇ يا؟

لېكىن، ھاجىم ھېچ ئىشنى يوشۇرۇن قىلمىدى. يانچۇقىدىكى ئەرزىگە ناھىيە، ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن ئون ئىككى كىشىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان. تېخى ئىمزا ئالدىغا رەھبەرلەر: «تېزدىن ئەمەلىيلەشسۇن»، «مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنسۇن»، «تولۇق قايتۇرۇلسا بولىدۇ»، «دەرھال ئېنىقلاپ چىقىپ، بىر تەرەپ قىلىنسۇن»، «يەر ۋە نەق پۇل بېرىلسە بولىدۇ»، «ئۆز ئەينى بويىچە ئىگىسىگە قايتۇرۇلسۇن» دېگەندەك ياخشى گەپلەر يېزىلغان. شۇنچە رەھبەرلەر كۆرۈپ چىققان ئەرز، تېخى پات ئارىدا ھۆججەتكە ئايلىنىدىغان ئەرز ھاجىمنىڭ مەخپىي ئىشى ئەمەس، موللاق سوپى ئەۋلىيا بولساڭمۇ بۇنى بىلەلمىگەنسەن، بىلگەن بولساڭمۇ ئەزەپلىنىشكە ھەققىڭ يوق...

## 2

هاجىم ھويلىغا كىردى. ھاجىم بىلەن بىللە بىر خىل كۆرۈنمەس سىر ــ ۋەھىمە ھەم ھويلىغا كىردى، چوڭ قورۇدا باياتىن كۇلۇپ يۈرگەن ئاياللار، چۇڭقىلدىشىۋاتقان باللار گويا بىر يوشۇرۇن ئاۋازغا قۇلاق سېلىشىۋاتقاندەك ياكى قىرائەت ئاڭلاۋاتقاندەك ۋەياكى يوشۇرۇن ئىش قىلىشىۋاتقاندەك جىمىپ كەتتى. ھويلا شۇنچىلىك جىمىپ كەتتىكى، ئۆگزىدىكى ئانا كەپتەرنىڭ بۇقۇلدىشى، پېشايۋاندا ئىمىنىدۇر مارىلاپ ئېھتىيات بىلەن كېتىۋاتقان تاغىل مۇشۇكنىڭ ئاستا پۇشقۇرۇشى ھويلا ئۇچۇن ئەنسىزچىلىك بىلىندى. ھاجىمنىڭ كالىچىنى بىر كېلىن يەردىن ئېلىپ سۇرتسە، بىر كېلىن ئات قوزۇقىدىن قىلىنغان يەلپۈگۈچ بىلەن پەلتوسىنى ئاستا قاقتى، باياتىن ئايۋاندىكى قازناقتا قات ــ قات كۆرپە ئۈستىدە ئالتۇن چىشلىرىنى يالت ــ يۇلت قىلىپ ئولتۇرغان نىساخان ھاجىمۇ ھاجىمنى كۆرۈپ ئېغىر بويىنى يېنىك قىلىپ ئاپتۇۋا بىلەن مىس چىلاپچىنى قولىغا ئالدى. نىساخان ھاجىم ھەرقانداق ۋاقىتتا مىس چىلاپچا بىلەن چۆگۈننى باشقىلارغا تۇتقۇزمايدۇ. «تەرىتىگە سۇ بېرىش» دېگەن سۆزنى بۇ ھاجىم ئانا ھەممىدىن مۇقەددەس بىلسە كېرەك، ھاجىم ئۇچۇن كۇنىگە بەش قېتىم قىلىدىغان بۇ خىزمىتىنى ھاياتىنىڭ خۇشاللىقى ۋە مەنىسى ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ھاجىم يوق چاغدا ئۆزىنى ئون ئىككى ئېغىز ئۆيگە جايلاشقان ئون سەككىز جاننىڭ خوجايىنى ھېسابلايدىغان بۇ تەكەببۇر، ھەيۋەتلىك ئايال ھاجىم ھاجىم ھويلىغا كىرىش بىلەن ئۆزىنى بۇ چوڭ ھويلىنىڭ سادىق قۇلى ھېسابلايدۇ ــ دە، كۇندىن ــ كۇنگە ئېغىرلىشىۋاتقان گەۋدىسىنى لىغىرلىتىپ كېلىنلىرى بىلەن بەسلىشىپ ھاجىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاجىم قولىنى يۇيۇپ، ئاغزىنى چايقاپ بالىخانىدىكى ئەمرۇدنىڭ ئۆيىگە قاراپ قويىدۇ ـ دە، ھاجى ئانىغا:

ــ ئۇ يېنىمغا كىرسۇن! ــ دەپ بۇيرۇق بەردى.

ھاجىمنىڭ چوڭ قورۇسىدا قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ مەخسۇس بىجىرگۈچىلىرى بار ئىدى. ھاجىم يېنىغا كىمنى چاقىرغانلىقىغا قاراپ قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ مەزمۇنىنى ئۆيىدىكىلەر بىلىپ بولىدۇ. مەسىلەن، جامائەت بىلەن پۈتىدىغان ئىش بولسا ھاجىم چوڭ ئوغلى قۇببەسنى يېنىغا چاقىرىدۇ، ئۇ جامائەتكە ئارىلىشىپ تەجرىبە توپلىغان ھەمدە بۇنداق ئىشلارغا ماھىر. پۇل بىلەن پۈتىدىغان ئىشقا ئەلۋەتتە كىچىك ئوغلى قۇددۇس تەييار. ئۇ پۇل تاپالايدۇ، خەجلىيەلەيدۇ. ھۆكۈمەت بىلەن پۈتىدىغانلىكى ئىش ئوتتۇرانچى ئوغلى ئەمرۇدقا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەمرۇد ھاجىمنىڭ ۋە كۈيئو ئوغۇللارنىڭ نامىدىن پايدىلىنىشتا تولىمۇ قابىلىيەتلىك.

بۇ ئۆيدە پات ـ پات پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ چوڭ ئۇچرىشىشىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇچرىشىشقا ناھىيەنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۇردى كېرەم، دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاسىم قۇربان، كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئوبۇلغازى، بەزىدە ۋىلايەتتىن ئىبراھىم ئەزىزلەرمۇ ئەر ـ خوتۇن كېلىپ قاتنىشىدۇ. ئەمما، بىرلا ئابلا يانتاق تەكلىپ قىلىنمايدۇ. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ ئابلا پات ـ پات تەكلىپسىزلا بۇنداق سورۇنلارغا كېلىپ قاتنىشىدۇ ۋە ھەممىدىن جىق سۆزلەيدۇ، ھەممىدىن جىق يەيدۇ ۋە ھەممىدىن كېيىن قايتىدۇ.

بۇنداق سورۇنلاردا ھاجىم ئاز، ئاقىدىغان گەپلەر بىلەن چەكلىنىدۇ ـ دە، باشقىلارنىڭ مۇھىم ئىشلاردىكى پىكىرلىرىنى كۆپرەك ئاڭلايدۇ. ئاخىرىدا ھەربىر ئوغۇل ـ قىز، كۈيئو ئوغۇللىرىغا بىر ـ بىرلەپ ئىش تاپشۇرىدۇ ۋە قەرەل بېكىتىپ بېرىدۇ. بۇ يول بىلەن ھاجىمنىڭ تاپشۇرمىلىرى

بىرمۇبىر ئەمەلگە ئېشىپ، ئۇنىڭ جامائەت ۋە يۇرت ئىچىدىكى ئىناۋەت ـ ئابرۇيى ئۆسۈپ باردۇ.

— ئولتۇرۇڭ، بالام، — دېدى ھاجىم بوسۇغىدا تىك تۇرغان قامەتلىك، ياخشى كىيىنگەن ئوغلىغا يالت قىلىپ زوق بىلەن قاراپ قويۇپ، — مۇنۇ لىپايىدىكى دەۋانى ئوبۇلغازىغا ئاپىرىپ بېرىڭ، مەن زۆرۈر بولغان ئىمزالارنىڭ ھەممىسىنى قويدۇرۇپ بولدۇم، ئەمدى بېجىرىشلا قالدى. مېنى بەردى دېمەڭ، دەۋاگەرنىڭ ئۆز ئىسمىنى ئېيتىڭ، شۇنىڭ نامىغا ھەل بولسۇن.

— خوپ، دادا، لېكىن...

— لېكىننى دېمەيراق تۇرۇڭ، ھەل بولغاندىن كېيىن قالغان گەپلەرنى دېيىشىمىز، بالام.

نەمرۇد دادىسىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ دادىسىغا قارىدى.

— ئاپىڭىز پىكرىڭىزنى ماڭا ئېيتتى، بالام. ھازىرچە جاي سېلىشقا ئالدىرىماڭ، ئۈچ ئېغىز ئۆي تارلىق قىلمۇاتقان بولسا بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۈستىگە يەنە بىر ئېغىز چوڭ ئۆي ياسىتىپ بېرەي. ئاز كۈن تەخىر قىلىڭ، ئىنىڭىز قۇددۇس ھاجىمنىڭ يېڭى ئۆي سالغىنىغا قاراپ دورامچىلىق قىلماڭ. ئۇ دېگەن تىجارەتچى، ئۆي سالىدۇ، ئۇنى ساتىدۇ، ھەرگىز بۇ ھويلىدىن كۆچۈپ چىقىپ كەتمەيدۇ.

ئوغلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھاجىم:

«ئۇھ ! — دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە، — شۇنداق، ئەمدى ۋاقتى كەلدى، قەسىر بولۇش كېرەك. ئون ئىككى مو باغ، ئوتتۇز ئالتە ئېغىز ئۆي، تۆت چوڭ لاپاس، ئىچكىرىكى ـ تاشقىرىقى ئىككى قورۇ، ئاتخانا ئورنىغا ماشىنا قويىدىغان ئۆيلەر، قوي ـ كالا، تۆگە قوتانلىرى ئورنىغا گۈللۈك، سۇنئىي تاغ... رەھمەتتى ئاتام تۆرەم ھاجىم... بوۋام ياقۇپ ھاجىم...»

ھاجىم كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ خىيالغا كەتتى: ئىنسان ئۆز سۈپىتى بىلەن ئۆلمەستۇر. پاكلىق، دىيانەت خۇدايىتائالا ئىنسانغا بەرگەن سۈپەتتۇر. لېكىن، ئاللانىڭ ئاسىيلىرى بولغىنىدەك بۇ سۈپەتلەرنىڭمۇ ئاسىيلىرى بار. مىنىڭ قەتلى شۈكۈر، مەن سەككىز ئەۋلادتىن بېرى بۇ سۈپەتكە داغ چۈشۈرمىگەن بىر ئائىلىنىڭ پۇشتىمەن. پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنى دېھلىدا ئوقۇۋاتقىنىمدا يادلىۋالغانمەن. ئاجايىپ پاك نەسەبنامە، ئاجايىپ تارىخ: ئىنسانىيەت شانۇشەۋكىتىنىڭ گۈلتاجى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز، خۇدانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولمىش ئابدۇللا، ئانىسى قۇرەيش قەبىلىسى جۇھدا ئائىلىسىدىن بولمىش ۋەھبىنىڭ قىزى ئامىنە. ئابدۇللانىڭ ئاتىسى ئابدۇمۇتتەللىب، ئانىسى قۇرەيش قەبىلە مەختۇم ئائىلىسىدىن بولمىش ئەمىرنىڭ قىزى پاتىمە. ئابدۇمۇتەللىب قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئاتىسى ئىدى. ئابدۇللا مۇتەللىبنىڭ ئاتىسى ھاشىم، ئانىسى ناجار ئەمىرىنىڭ قىزى سەلىمە، ھاشىمنىڭ ئاتىسى ئابدۇماناپ، ئانىسى ئاتىكە، ئابدۇماناپنىڭ ئاتىسى قۇسەييى، ئانىسى ھۇبالار ئىدى. بۇ بەش ئاتا، بەش ئانا ئۆز دەۋرىنىڭ ساپ، دىيانەتلىك ئاتا ـ ئانىلىرى بولغان. ئۇلار دەۋرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىچۇ؟ قۇسەييىنىڭ ئاتىسى مالىك، ئانىسى پاتىمە؛ مالىكنىڭ ئاتىسى مۇررە، ئانىسى سىندى؛ مۇررەنىڭ ئاتىسى كەيىب، ئانىسى مۇسىيە، كەيىبنىڭ ئاتىسى رۇيئى، ئانىسى مەريەم؛ رۇيئىنىڭ ئاتىسى ئالىپ، ئانىسى ئاتىكە؛ ئالىپنىڭ ئاتىسى فىھرا، ئانىسى راھىلە ئىدى. فىھرا قۇرەيشنىڭ ئۆزى شۇ. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرەيش قەبىلىسى دەپ ئاتالغان.

يۇقىرىدا ئىسمى زىكرى قىلىنغان ئالتە ئاتا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمرانلىرى، سەردارلىرى ۋە كاتتىلىرى ئىدى.

ئالته ئانىمۇ ئەمىرلەر، توپ بېشى، كاتتا ئائىلىلەرنىڭ ئەڭ پاكىز، ئەتىۋارلىق قىزلىرى ئىدى. يەنە يىراقلىساق: فېهرانىڭ ئاتىسى مالىك، ئانىسى ۋەندەيلى، مالىكنىڭ ئاتىسى نەزەر، ئانىسى ئاتىكە، نەزەرنىڭ ئاتىسى قانان، ئانىسى بەررا، قانانىنىڭ ئاتىسى كازىم، ئانىسى هاۋانى، كازىمنىڭ ئاتىسى مۇدەركا، ئانىسى سەلىمە، مۇدەركانىڭ ئاتىسى ئىلياس، ئانىسى ئاتاقلىق هەندەفە، ئىلياسنىڭ ئاتىسى موزەل، ئانىسى رەباب، موزەلنىڭ ئاتىسى نىزار، ئانىسى سەئود، نىزارنىڭ ئاتىسى مەئەد، ئانىسى مۇئانى، مەئەدنىڭ ئاتىسى ئەدنان ئىدى.

يۇقىرىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يىگىرمە بىر ئاتىسى تىلغا ئېلىندى. تارىخچىلار ۋە مۇهەددىسلەر بۇتەسەبنى ئىبراهىم خېلىلۇللانىڭ ئوغلى، ئەرەب ئاتىسى ئىسمائىل ئەلەيهىسسالامغىچە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئاتىلار پاكلىقنىڭ، دىيانەتنىڭ ئۈلگىلىرى ئىدى. بۇ ئانىلارمۇ شۇ ئۆزلىرىگە تېگىل بولغان دەۋرنىڭ پەزىلەت هامىيلىرى، مېهىر - شەپقەت ئۈلگىلىرى ئىدى. «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ نەسەبى ئېسىل نەسەب، پاك ئاتىلار، پاك ئانىلاردۇر...»، «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ زەنجىرسىمان ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ هەممىسى ئېسىل زاتلار، ئەربابلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەر چاكىنا ئادەمنى ئۇچراتمايمىز... شۈبهىسىزكى، نەسەبى ئېسىل، تېگى پاك بولۇش پەيغەمبەرلىكنىڭ شەرتلىرىدىندۇر.» تۆرەم هاجىم، ياقۇپ هاجىم، زىكرىيا هاجىم، يەهيا هاجىم، رەسۇل بەگ، خۇداقۇلى بەگ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرىبېشى بولغان چوڭ بوۋام هارۇن بەگلەر ئاتامنىڭ دېيىشىچە پاك - دىيانەتلىك ئۆتكەن يۇرت چوڭى، جامائەت ئەربابلىرى ئىمىش. مۇلايىملىق، سەۋرچانلىق، شۈكرى قىلىش، ئادىللىق، كەمتەرلىك، ئىپپەت، كەڭ قولluق، قەهرىمانلىق، نومۇسچانلىق قاتارلىق گۈزەل خىسلەتلەر بۇ نەسەبنىڭ پەزىلەت بەلگىلىرى بولغانىمىش. ئۇلار

پەيغەمبەرلەرنى ئۇلگە قىلىپ بالىلىرىغا كىچىك چېغىدا قوي باقتۇرغانىكەن. دۇنيا ـ بايلىقتا ئۆزلىرىنى ئۇرمىغانىكەن، پاھىشە ـ نەپسانىيەتتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرغانىكەن. يەتتە ئاتام ئۇلاشتۇرۇپ كەلگەن بۇ پەزىلەت نەسەبىگە مەن ئىبراھىم ھاجى ۋارىسلىق قىلالىدىممۇ؟ ئىنىم ئىسمائىل ھاجى نېمىلەرنى كۆرمىدى؟ يىگىرمە بەش يىل پومېشچىكلىك قالپىقى ئاستىدا خورلاندى. مەن ئۇنىڭغا قانچىلىك مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتەلىدىم؟ بالىلىرىمچۇ؟ ئوغۇللىرىمنى ھەتتا سۇرۇشتۇرۇپ ئۆيلىدىم. قىزلىرىمنى نەسەب ۋە پەزىلەتكە قاراپ ياتلىق قىلدىم. ھالال گەپ، ھالال ئىش ۋە ھالال نىيەت بىلەن مانا بۇ يىل ئىككى ئاي كەم يەتمىش ئالتە ياشقا كىرىپتىمەن. لېكىن، دۇنيادا ياشىماق بارغانسېرى تەسلەشمەكتە. گۈزەل نەرسىلەر بىلەن پاسىق نەرسىلەر چىقىشالمايدۇ، لېكىن شۇنىسى يامانكى، گۈزەل نەرسىلەرمۇ بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالمايۋاتىدۇ، بىر ـ بىرىنى رەت قىلىشۋاتىدۇ. مۇلايىملىق بىلەن قەھرىمانلىق، سەۋر ـ قانائەت بىلەن ئادىللىق پۈتۈشەلمايۋاتىدۇ. كەڭ قوللۇق بىلەن مېھرىبانلىقمۇ بىر ـ بىرىگە تىغ تەڭلەشمەكتە. ھەممىلا ئادەم سەندىن پايدا ئالسام دەيدۇ، سەن كىمدىن پايدا ئالىسەن؟

«پايدا» دېگەن سۆز خىيالىدىن غىل ـ پال ئۆتۈش بىلەن ھاجىمنىڭ ۋۇجۇدىدا بىئاراملىق پەيدا بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ يادىغا پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا يېزىلغان مۇنۇ سۆزلەر كەلگەنىدى: «پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇنياغا ۋە دۇنيا مەشغۇلاتلىرىغا قىزىقماسلىقى چوقۇم. چۈنكى، ئۇلار باي بولىدىغان بولسا، دۇنيا بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتتىن مەھرۇم بولغان بولاتتى... جىمى بالايىئاپەت دۇنياغا ئۆزىنى ئۇرۇش، دۇنياغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىشتىن

كېلىپ چىقىدۇ...»① نەمرۇدنىڭ ناشايان ئىش بىلەن زىيان تارتىشى ھاجىم نەسەبىنىڭ يۈزىگە چۈشكەن بىر داغ بولسا، ئۈچىنچى ئوغلى قۇددۇسنىڭ شەھەر مەركىزىگە ئىمارەت سېلىپ، پۈتۈن بىر سودا سارىيىنى ئىگىلەپ، ئوتتۇزدەك ئادەمنى ئىشقا سېلىپ بۇ چېتى شاڭخەي، گۇاڭجۇ، بېيجىڭ، ئۇ چېتى راۋالپىندى، كاراچى، جىددە، ئىستامبۇللاردىن مال ئەكىلىپ تىجارەت قىلىپ پۇل ـ دۇنياغا بېرىلىشى ھاجىمنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كەلتۈرەمدۇ ـ قانداق؟ بۇ ئىشلار ھاجىمنىڭ خەلق ئىچىدىكى نام ـ شەرىپىگە دەخلى يەتكۈزمەيتتىمۇ؟ موللاق سوپىنىڭ ئەرەبچە گەپ بىلەن ھاجىمنى ئەيىبلىشى مانا شۇلارغا قارىتىلغانمۇ ياكى باشقا...

«باشقا»دىن كېيىن ھاجىم قىمىرلاپ قويدى:

— ھەي ! — ئۇ مەقسەتسىزلا ۋارقىرىدى. بۇ خىل ۋارقىراش ھاجىمنىڭ خاپا بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى، بۇنى ئۆيدىكىلەر ياخشى بىلىدۇ. ھاجىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن نىساخان ھاجىم ئانا پەتنۇسقا چۆچۈرە ئۇسۇلغان چىنىنى سېلىپ ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۆيگە كىردى:

— تاۋىنىم يوق دېۋىدىلە، سۈيۈق ـ سەلەڭ...

— نېمە؟ قىڭغايغان تامنىڭ تۈۋىگە سۇ سېپىپ ئۇنى ئۆرۈمەكچىمۇ؟

ھاجىمنىڭ سۈيۈق تاماققا ئۆچلۈكىنى ياخشى بىلىدىغان ئايالى دەرھال قوشۇمچە قىلدى:

— چەينەك شورپىسىمۇ قىلىۋىدۇق...

— قىلغان بولساڭلار نېمىشقا بۇ يۇندىنى...

— مانا، ھاجىم، مانا ھېلى...

ھاجىم كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن كۆرسەتكەن «يۇندا»نى — قىزىق ماي چۆچۈرىنى نىساخان ھاجىم ئانا دەرھال ياندۇرۇپ

---

① «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاپىرىپ تاشقىرىقى ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا تەييارلىنىپ تۇرغان چوڭ كېلىننىڭ قولىغا دوق بىلەن تۇتقۇزدى ـ دە، ئوتتۇرانچى كېلىننىڭ قولىدىن چاشكىدا پىشقان، خۇش پۇراق چىچىپ تۇرغان چەينەك شورپىسىنى ئېلىپ ھاجىمنىڭ ئالدىغا يورغىلاپ ماڭدى.

كەچقۇرۇن ھاجىمنىڭ «دىپلوماتىيە» ئىشى تازا قىزىيدىغان چاغ. ياردەم، مەسلىھەت تىلىگۈچىلەر، مۇرىتلار، بىكارچىلىقىنى خۇشامەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن زىيانداشلار، ھاجىمنى ۋاستە قىلىپ يۇقىرىغا ئۆرلىگۈچىلەر، دىنىي ئېتىقادقا بېرىلگەن ھەمسۆھبەتلەر، ساۋابلىق ئىش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان پىدائىيلار... خىلمۇخىل نىيەتلىك، خىلمۇخىل سۈپەتلىك، خىلمۇخىل چىراي ۋە ياش قۇراملىق كىشىلەر ھاجىمنىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە كېلىدۇ. ھاجىم كەلگۈچىلەرنى ئىللىق چىراي، مەززىلىك چاي ۋە ئىلتىپات بىلەن كۈتۈۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ، بەزى ئىشلارنى كۆك تاشلىق قېلىن دەپتىرىگە ئالتۇن رەڭلىك ماي قەلىمى بىلەن يېزىپ قويىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇشال بولىدۇ، بەزىلىرىگە خاپا بولىدۇ، مەسلىھەت، ۋەدىلەرنى بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئۆزلىرىنى يەڭگىل، روھلۇق ۋە خۇشال سېزىدۇ.

لېكىن، ھاجىم كىشىلەرنى قانداق چىرايلىق ئۇزىتىپ قويغان بولسا ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىلىرىنىمۇ قەلب بوسۇغىسىدىن شۇنداق چىرايلىق ئۇزىتىپ قويىدۇ.

ھاجىم چارچىدى، خۇپتەندىن كېيىن مېھمان كۈتۈشكە ئەمدى رايى يوق. ئۇ چىرايلىق چىلاپچىغا ئاپپاق، سىلىق پۇتلىرىنى تۇتۇپ، پۇتىنى يۇيماقچى بولغان نىساخان ھاجى ئانىغا چاقچاق قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، ئىشىك چېكىلدى ۋە «دېدەك» بولۇپ ئىشلەۋاتقان يېزىلىق تۇغقىنىنىڭ قىزى چىرايلىق يۆتىلىپ قويدى. بۇ «مېھمان كەلدى» دېگەن خەۋەر.

— كەلگەن كىم، قىزىم؟— ھاجىم خۇشياقماي سورىدى.

— ئىسمائىل ھاجىم چوڭ دادام كەپتۇ.

— ئىسمائىل ھاجىم؟

ھاجىم چۆچۈگەندەك بولۇپ ئايالىغا «لاپ» قىلىپ قارىدى. نىساخان ھاجىم ئانا ھاجىمنىڭ قارىشىدىن «دالان ئۆيگە باشلا» دېگەن ئىشارىنى چۈشەندى.

ئىسمائىل ھاجىم بىزنىڭ ھاجىمنىڭ ئاتا بىر، ئانا بىر ئىنىسى. ئاتىسى تۆرىخان ھاجىم بۇ ئىككى ئارزۇلۇق ئوغۇلىنى تولىمۇ ئەتىۋارلاپ باققان. لېكىن، ئاتا بالىلىرىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك تىرىكى ئەمەس ئىكەن. بەگلەر، ھاجىملارنىڭ بۇ ئەۋلادلىرى ئۆز نەسەبىگە سادىق؛ ئىرادىلىك بولغىنى بىلەن جەمئىيەتتە بولغان چوڭ ئۆزگىرىش ئالدىدا ئۇلارنىڭ قەلبىمۇ خۇددى دەرەخ بىلەن تەڭ ئۆرۈلگەن قۇش ئۇۋىسىدەك يارامسىز، تۈزەلمەس بىر نەرسىگە ئايلاندى. بۇ بوش، يارامسىز قەلبلەردە نە ئۈمىد، نە مۇھەببەت قالمىدى. بولۇپمۇ تەربىيە كۆرۈپ كۆزى ئېچىلغان ئىبراھىم ھاجىم ئۆز نەپسىگە ئاسىيلىق قىلىشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەخت يولى بولىدىغانلىقىنى دەرھال چۈشەندى ۋە ئۆز كۆڭلىدە شان ـ شەرەپ دەپ بىلىپ كەلگەن نەسەب تارىخىنى كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھ ـ قىلمىشنىڭ جانلىق قامۇسى قىلىپ كۆرسىتىشكە بەل باغلىدى: ئۇ ئۆلكە ئازاد بولۇش بىلەنلا كاتتا ئۆي ـ جاي، مال ـ مۈلۈك، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئۆزلۈكىدىن خەلق ھۆكۈمىتىگە تەقدىم قىلىپ، تېخى سىنىپ ئايرىش باشلانماي تۇرۇپلا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن چەك ـ چېگرا ئاجراتتى. ئىككى ئاكىسى، ئىنىسى ئىسمائىل ھاجى ھەمدە ئاتىسىنىڭ كىچىك خوتۇنى بۇۋى زۆرىخانلارغا پومېشچىك قالپىقى كىيدۈرۈلگەندە ئىبراھىم ھاجىم ناھىيەدە نام ـ ئابرۇي تاپقان ئاكتىپلاردىن ئىدى. ئۇ تۆت يانچۇقلۇق كۆك خادانى چاپان ـ ئىشتان، بېشىغا كۆك رەختتىن تىكىلگەن ئالتە قىرلىق شەپكە كىيىپ يىغىنلاردا ئەزگۈچىلەرنى سۆكۈپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

سۆزلەيتتى. ئىبراھىم ھاجىمنىڭ ئىككى ئاكىسى 1953 ـ يىلى «زومىگەر ـ پومېشچىك»، «ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھنىڭ كاتتىباشلىرى» دېگەن نام بىلەن سوتلانغاندا، ئىبراھىم ھاجىم سوتلىغۇچىلار سەھنىسىدە تەمكىنلىك بىلەن ئولتۇرغان ۋە ئاكىلىرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانىدى. ئاكىلىرىنىڭ ئوق بىلەن ئېتىلغان جەسىتى تاشلىق كارىزدا تۈنەپ قالغاندا ئۇلارنى كېچىدە ئۆكۈز ھارۋىسى بىلەن ئوغرىلىقچە ئەكەلگەنلىكى ئۈچۈن ياش، كۆيۈمچان ئىنىسى ئىسمائىل ھاجى كۈرەش قىلىنغانىدىمۇ ئىبراھىم ھاجىم شىكايەتچىلەرنى قوللاپ شوئار توۋلىغان، ئاكىلىرىنىڭ بەش ـ ئالتە ئادەم قاتناشقان نامىزىغىمۇ، قاتناشمىغان. ھەتتاكى مۇشۇ يېقىنقى يىللارغىچە ئۆزىنى «تۆرەم ھاجىم پۈشتى» دېگەن ئاتاقتىن قاچۇرۇپ يۈرگەنىدى. مانا يېشى ئەمدى سەكسەنگە قاراپ ماڭغاندا ھاجىم يۇقىرىقى ئىشلىرى ئۈچۈن ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلىنىدىغان، كېچىلىرى ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ بىئەجەل ئۆلگەن ئاكىلىرى ئۈچۈن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ روھىدىن ئەپۇ سورايدىغان بولۇۋالغانىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىسمائىل ھاجىم ئۇكا! — دېدى ئىبراھىم ھاجىم ئىنىسىنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇپ، ئىنىسىنىڭ يېرىك قوللىرىنى يۇمشاق ئالىقانلىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، — نېمانچىلا قېرىپ كەتتىڭ؟ ھەممە كەلگۈلۈك ساڭىلا كەلدى. تۆرەم ھاجىم بايلىقىنىڭ ھېچ راھىتىنى كۆرمىدىڭ، ئۇكام، دەرد ـ ئەلەمنى يەتكۈچە تارتتىڭ، قارىغىنا، سېنىڭ قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكىنىڭنى.

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، تېنىم ساق، — دېدى ئىسمائىل ھاجى چىشسىز ئاغزىدىن ھەربىر گەپنى تىترەك ئارىلاش چىقىرىپ، — راھەت بىلەن ئازابنىڭ تەمى ئوخشاش بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى، ئاكا. ئاتام ساڭا دۇئا قىلغانىكەن، قارىغىنا، چىرايىڭ بەلەن، تازا. سېنى چوڭ ئوغلۇم دېسەم

ھەرقانداق دانامۇ چىنىپۇتىدۇ. تېخىلا بولسا سەن بولساڭمۇ بەگدەك ياشىدىڭ. مەن ھەر قېتىم ئىغىرچىلىققا يولۇققاندا، ئاكام بۇ كۈننى كۆرمىدىغۇ، شۈكۈر، دەپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ كەلدىم.

— بىلىمەن، ئۇكام، بىلمەيدۇ دەمسەن؟— دېدى ھاجىم قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، — سىلەر بىلەن باقىي دۇنيادا دىدارلىشىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىغان، ئاللاتائالا ئارىمىزدىكى ئاچچىقلىق بولمايدىغان ھېلىقى كۆرۈنمەس تاغنى يۆتكەپ، ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭنى تۈزلىۋەتتى. سەنمۇ ئەمدى دۈشمەن ئەمەسسەن، ئازاد پۇقراسەن. بىلمىدىم، نېمىشقا پات - پات كەلمەيدىكەنسەنكىتاڭ؟

— كۈرۈكى يېشىلمەس توخۇغا ئوخشىشىپ قاپتىمەن، ئاكا، ھېچكىمنىڭ ئۆيىنى كۆڭلۈم تارتمايدۇ. كۆڭلۈمنى زورلىسام ئاياغلىرىم ئۇنىمايدۇ. نېمىشقىكىن، بامداتتىن يېنىپلا قولۇمغا كەتمەن ئالىمەن. يىگىرمە بەش يىل بىر خىل ئىش قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغان ئوخشايمەن. كەتمەن بىلەن ھەپىلىشىمەن، كەتمەن بىلەن مۇڭدىشىمەن، خۇددى دۇنيادا كەتمەن بىلەن مەنلا قالغاندەك، بولۇپمۇ ئوغلۇم زېمىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ دۇنيا يات تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

— ئۇنى بىر دېمە، ئۇكام. سەن بىلمەيسەن، زېمىننىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ تاغ ئارقىسىغا نەچچە قېتىم يوشۇرۇنچە ئادەم ئەۋەتتىم، ئۇنى ئالتايدىن، غۇلجىدىن، ئۈرۈمچىدىن، قۇمۇلدىن ئىزدەتتىم. لېكىن، دېرىكىنى ئالالمىدىم. دۇرۇس، سەن ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيدۇڭ، مەن تېشىدا كۆيدۇم. بىز بىر ئوتتا كۆيدۇق، بىر قازاندا قورۇلدۇق، ئۇكام. يادىڭدىمۇ بىز قىرىق ئۇچىنچى يىلى پەدەر بىلەن بىللە كەشمىرگە بارغاندا دادامنىڭ يول بويى ئورۇس تەرەپنى كۆرسىتىپ دېگەن گېپى؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ بىللە كىرىگەنلار دېۋىدى رەھمىتى پەدەر.

— دۇرۇس، يەنە ئورۇسلار تەرەپتىن سوغۇق ھاۋا كېلىدىغاندەك، شۇنداق بولسا كەشمىرگە، ھىندىستانغا، تۈركىيە، ئەرەبىستانغا كېتىڭلار. مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك ئادەملەرنى تونۇشتۇرۇپ قويىمەن دېگەنىدى. لېكىن. ئۆلگۈرەلمىدۇق!

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى چاي ئىچكەچ يىرىم كېچىگىچە ئۆتكەن ئىشلار، بالىلىق، ياشلىق چاغلىرى، بايلىق ـ ئامەتلىرى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ شان ـ شەرىپى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرى توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەشتى. ئاخىر ئىسمائىل ھاجى ئۆز مەقسىتىگە كۆچتى:

— ئاكا، — دېدى ئۇ تەستە ئېغىز ئېچىپ، — مەن ھېلىقى ئەرزنى قايتۇرۇۋالايمىكىن دەيمەن؟

— نېمىشقا، ئۇكام، مېنىڭ مەقسىتىم سېنىڭ تارتقان زىيانلىرىڭنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش. سەن زور بايلىقىڭ، ياخشى ئۆي ـ جايغا ئىگە بولىسەن، ئۇكام. قىرىغاندا بولسىمۇ ياخشى كۈن كۆرگىن.

— ياخشى كۈن بىلەن يامان كۈننىڭ پەرقىنى ھېچ بىلەلمىدىم، ئاكا؟

— قوي بۇ گېپىڭنى، بۇ ھېلىقى زېمىن دېگەن تەرسانىڭ گېپىمۇ؟ ئۇنى ماڭا قويۇپ بەرگىن، ئۇكام.

ئىسمائىل ھاجىم ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ئىبراھىم ھاجىم ئىنىسىغا زەن سېلىپ قارىدى: يۈزلىرى شۇنچىلىك قورۇلۇپ كەتكەنكى، ئىبراھىم ھاجىم كىچىككىدە پات ـ پات زوق بىلەن سىلاپ قويىدىغان، سىلىق، چىرايلىق يۈز مانا مۇشۇ دېگەن سۆزنى ئاڭلىسا چۆچۈپ كەتكەن بولاتتى. ئىبراھىم ھاجىم ئاتمىش نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىلايدىغان بۇ يۈز بىر گۈزەل نەرسىگە — پورەكلىگەن گۈلگە، يېڭىلا پىشقان

چىلگىگە. تونۇردىن هازىرلا سوۋۇلغان سىڭىپ، قىزىرىپ پىشقان مايلىق توقاچقا، كۆڭگە قاقلىنىپ قىزارغان ئالمىغا ياكى ئانارغا ئوخشايتتى. هازىر ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان قورۇق باسقان، رەڭسىز چىراي بولسا تاشلاندۇق ياغاچ تېرىگە، چۈمۈلە ئولاشقان ئەسكى قېرىنغا ياكى قىغ ئارىسىدىن تىتىلىپ چىققان تاغار پارچىسىغا ئوخشايتتى. ئىسمائىل هاجىمنىڭ دادىسىنىڭكىگە تارتقان قىڭراق بۇرنى بىلەن ئاقارغان، قويۇق ساقال - بۇرۇتىلا ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ بالىسى — ئىسمائىل هاجى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرمىغىنىدا ئىبراهىم هاجىم بۇ يىرگىنچلىك چىرايغا قايتا قارىمىغان بولاتتى. هاجىم ئىنىسىغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇ گۈزەل چىراي ئىگىسىنى يىرگىنچلىك بەتبەشىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان رەهىمسىز يىللارنى ئىچىدە قارغىدى: بۇ يىللار ئىنىسىنىڭ چىراي، مىجەزىنى ئۆزگەرتىپ مۇشۇنداق هالغا كەلتۈرۈپ قويغان، ئىسمائىل هاجىم هازىر ئۆز ۋاقتىمدىكىدەك ئاكىسى بىلەن ئىلىم توغرىسىدا، ئىنسان ۋە ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىدىغان، دۇنيا كېزىش، پۇلدار بولۇش، راهەت - پاراغەتكە ئېرىشىش توغرىسىدا شېرىن خىياللارنى قىلىدىغان غۇرۇرى ئۈستۈن، تەكەببۇر يىگىت ئەمەس؛ ئۇ هازىر ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا «كەتمەندىن باشقىنى بىلمەيدىغان، سۆزلىمەيدىغان هايۋان». ئۇ ئادەمنى هايۋانغا ئۆزگەرتىۋەتكەن يىللارنى — ئىنسانىي بەلگىلەرنى بىرمۇبىر ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ماڭالايدىغان، ئىشلىيەلەيدىغان بىر خىل قابىلىيەتنى يېتىلدۈرگەن يىللارنى قارغىدى. بۇ يىللار ئىبراهىم هاجىمنىمۇ غۇرۇر، ئىرادىدىن مەهرۇم قىلدى: ئىبراهىم هاجىم خورلانماسلىق ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدىغان، يالغان كۈلۈپ، يالغان يىغلايدىغان، دۈشمەن هېسابلىغان ئادەملەرگە خۇشامەت قىلىدىغان، يۈرەك - باغرى هېسابلىنىدىغانلارغا ئالىيدىغان، بىكۆيۈملۈك قىلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولالىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئۆزگىرىش ئاز بولغىنى بىلەن روھىدا، ۋىجدانىدا ئاجايىپ چوڭ ئۆزگىرىش بولدى: ھەربىر دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن سېغىزخاندەك سەزگۈر، تۈلكىدەك چاققان بولۇشنى ئۆگەندى. كىمگە، قەيەردە، قانداق گەپ قىلىش زۆرۈرلۈكىنى بىلىشتە كەمەك ھەيياردىن قېلىشمىدى. ھاجىم ھازىرغىچە تۇرمۇشتا ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئەمەس، ئۆزى رول ئېلىۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى بويىچە ياشاپ كەلمەكتە. مانا ھازىرلا — سۆيۈملۈك ئىنىسىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئۇ ئۆز ماھىيىتىگە قايتىپ دىراما سەھنىسىدىن قايتىپ چۈشتى: ئۇ ئەسلىي تۆرەم ھاجىمنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى ئىدى. تۆرەم ھاجىم ئۆز نەسەبىنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇسىنى مۇشۇ ئىككى ئوغلىغا بېغىشلىغانىدى. لېكىن، ئىبراھىم ھاجىم «ئەتىۋارلىق ئوغلى» دېگەن سۆزدىن «ئەتىۋارلىق»نى تاللىۋالدى، مۇنۇ ئىنىسى بولسا «ئوغلى»نى تاللىۋالدى. ئىسمى بىلەن سۈپەتنىڭ بىر ـ بىرىگە بۇنچىلىك قارىمۇقارشى ئىكەنلىكىنى، بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ھاجىمغا نە بىلىملىك ئاتىسى، نە ئۇستازلىرى ئېيتمىغانىكەن، نە ئۇنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىغا يېزىلمىغانىكەن.

ئىبراھىم ھاجىم ئىنىسىغا قايتا ـ قايتا قارىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن قوشماقتەك خۇشال ـ خۇرام، جۇشقۇن ـ غەمسىز يۈرۈشكەن، تولىمۇ يىراقتا قالغان چاغلارنىڭ بەلگە ـ ئىزنالىرىنى ئىزدىدى. لېكىن، «ئىسمائىل» دېگەن ئۇلۇغ ئىسىمدىن باشقا ھېچ نەرسە تاپالمىدى. ئۇ ئەلەم بىلەن كۆزىنى يۇمدى. ئۇ ئەمدى خىيال ئېكرانىدىن بۇ گۈزەل چاغلارنىڭ ئۇنتۇلماس كۆرۈنۈشلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى...

... ئىچكىرىكى قورۇنىڭ ئارقا تەرىپى ئاجايىپ چوڭ مېۋىلىك باغ، ئۇ باغنىڭ قورۇق تېمى ئېگىز، ئەنجان تېمى، ئۈستى جىگدە شېخىدا چىتلانغان، تامنىڭ ئىككى چېتى قويۇق

جىگدە، ئۆرۈك، سۆگەت ـ تېرەكلىك. تامىلاردىن ئادەم تۈگۈل ئىتلارمۇ كىرەلمەيدۇ. باغقا بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ كىرىدۇ. ئۆستەڭ چوڭ، بۈك دەرەخلەر ئارىسىدىكى كۆلنى تولدۇرۇپ باغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ. باغدا ئەنجۈر، ياڭاق، ئۆرۈك، ئالما، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئەينۇلا، ئالىگرات، قارىئۆرۈك، چىلان، ئۈجمە مېۋىلىرى بەكمۇ تولا. يۇمشاق چىمەنلىكلەر، پۇراقلىق گۈللۈكلەر، كۆكتات ـ كۆچەتلىكلەر، قىشۇياز كەتمەيدىغان ئاۋازى يېقىملىق قۇشلار، مېھرىبان، ئىشچان باغۋەنلەر بار ئىدى. ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل بۇ باغدا خۇددى كېپىنەك بالىسىدەك قىيغىتىپ، سۇغا چۆمۈلۈپ، دەرەخلەرگە يامىشىپ ئوينىشاتتى، بۇ چاغلاردا ئوماق ئىسمائىل ئىبراھىمغا قارىغاندا بەكمۇ شوخ ۋە ئەقىللىق ئىدى. ئۇ دائىم قاقاقلاپ كۈلۈپ يۈگۈرۈپلا يۈرەتتى.

ئىچكىرىكى قورۇنىڭ پېشايۋانلىق، سىرلانغان دېرىزە قاپقىلىرى ئاجايىپ نەقىشلىك، تاملىرىمۇ گەج بىلەن نەقىشلەنگەن، تېگى تاختايلىق، ئۈستى ۋاساجۇپ قىلىنغان، ئېگىز تورۇسلۇق ئۆيلىرى بار ئىدى. ئۆيلەرنىڭ قانچە ئېغىز ئىكەنلىكىنى ئۇ چاغدا ئىبراھىم ھاجىم بىلمەيتتى. كېيىنچە ئۆيلەر ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمەت ئىدارىسى بىلەن پارتىيە كومىتېت ئىدارىسى بولۇپ ئۆزگەرگەندىن كېيىن بىلدى: ئىچكىرىكى قورۇ ئون ئالتە ئېغىز، مالايلار، خىزمەتچىلەر ۋە تۆرىخان ھاجىمنىڭ توقاللىرى ئولتۇرىدىغان تاشقىرىقى قورۇ بولسا ئون سەككىز ئېغىز ئۆي، تۆت چوڭ لاپاس، يىگىرمە ئىككى ھەرخىل قوتان، ئىسكىلات، ئىككى قۇدۇق، بىر مەسچىت، كوچا دەرۋازىسىغا يانداش ئون ئىككى دۇكاندىن قۇرۇلغان چوڭ قورۇ ئىكەنلىكىنى بىلەلىدى. تۆرەم ھاجىم ئەۋلادلىرىنىڭ بۆشۈكى، راھەتبەخش ماكانى بولغان بۇ قورۇ مانا ھازىرمۇ بار، لېكىن ئۇ مۇنۇ ئىسمائىل ھاجىمغا ئوخشىشىپ قالغان: مۆكچەك، غەمكىن ۋە كۆرۈمسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتا ـ بوۋىسى ــ يەتتە ئەۋلادىنىڭ كىمىدىك قېنى تۆكۈلگەن، ئانا تىلى چىققان، ئانا بۆشۈكى، شادلىق ـ بەخت بۆشۈكى بولغان ئاشۇ ھەيۋەتلىك، ئىللىق، مېھرىبان ماكان مۇشۇ ئىبراھىم، ئىسمائىللار دەۋرىگە كەلگەندىلا قولدىن كەتتى. ئاكىلىرىدەك ئۆلدى، ئىنىسى ئىسمائىلدەك خارلاندى، ھەممە سۆيەتلىرىدىن ئايرىلدى. بۇلارنى ئويلىسا ئىبراھىم ھاجىمنىڭ يۈرىكى مۇجۇلىدۇ، ۋۇجۇدى تىترەيدۇ، خۇددى قانلىرى قېتىپ قالغاندەك بەدەنلىرى كۆيۈشىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى ئاتا ـ بوۋىلىرى ئالدىدا گۇناھكار، قارا يۈز ھېسابلايتتى. لېكىن، ئۇ يەنە: «شىئىبىدە ① قامال قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ تارتقان ئازابلىرىنىڭمۇ چېكى بولغان، ھەرقانداق ئازابنىڭ چېكى بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى ـ دە، تەسەللى، ئارام تاپاتتى؛ ئەمما، بۇ ئازاب تولىمۇ ئۇزاق داۋاملاشتى. ھاجىم ھەتتا ئىنىسىنى يىگىرمە نەچچە يىل كۆرەلمىدى. ئىنىسىنىڭ بۇنچىۋالا قېرىپ، قورۇلۇپ كەتكىنىنى بىر شەھەردە ياشاۋېتىپمۇ بىلەلمىدى. ئۇ ھازىر ئىنىسىنىڭ نەچچە بالىسى بار، بالىلىرىنىڭ ئىسمى نېمە، بۇلارنى تېخى بىلمەيدۇ. ئىنىسىنىڭ بالىلىرى ھاجىمغا يات، مانا يېقىندىلا زېمىن ئىسمىلىك ھېلىقى ئىز ـ دېرىكى يوقالغان بالىسىلا ھاجىمغا باشقىدىن تونۇلۇشقا باشلىدى. خىزمىتى، پارتىيە ئەزالىقى ئەسلىگە كېلىپتۇدەك دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ھاجىم بۇ خەۋەرگە ئىشەنمىگەنىدى. چۈنكى، ھاجىمنىڭ نەزەرىدە جەمئىيەتتە بولغان ئۆزگىرىش ئۇنچىلىك چوڭ، چوڭقۇر ئەمەس ئىدى. زېمىنىنىڭ بىر رايونغا پارتىيە كومىتېت شۇجىسى بولۇپ بەلگىلەنگىنى بولسا ھاجىمنىڭ نەزەرىدە بىر ئۇقۇشماسلىق ھېسابلىناتتى. ئاز كۈندە ئۇ

---

① شىئىب ــ مەككىدىكى يەنى ھاشىم مەھەللىسىنىڭ ئىسمى(«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»دىن).

ئەلۋەتتە ئۆز ئورنىنى تاپماي قالمايتتى. لېكىن، ۋاقىت ھاجىمغا ھەممىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئىنىسىنىڭ قالپاقتىن قۇتۇلغىنىمۇ، زېمىنىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىدىغان بىر كادىر بولۇپ قالغانلىقى راست بولۇپ چىقتى.

شۇنداق بىر ئىشەنچ پەيدا بولغاندىن كېيىن ھاجىم ئاتا ـ بوۋىسى بىلەن «يۈز كۆرۈشۈش»نىڭ ئالدىدا ئىنىسىنى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن بىر «ساۋابلىق ئىش» قىلماقچى بولغان. بۇ ئىشقا ئۆزى بىۋاسىتە يول ماڭغان، كۆيۈ ئوغۇللىرى ئۆز ھوقۇق دائىرىلىرىدە ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەك بولۇشقان، يۇقىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك باشلىقلارمۇ ناھىيەنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆججىتىگە قول قويغان، ئەمدى ئىجرا قىلىشلا قالغان بىر پەيتتە مۇنۇ ئىنىسى ئىسمائىلنىڭ بوششىپ قالغىنى نېمىسى ـ ھە؟ ئۇ نېمىشقا «ئەرزىمىنى قايتۇرۇۋالىمەن» دەيدىغاندۇر؟ بۇ ھېلىقى زېمىنىنىڭ ئەتەي ھاجىم بىلەن قېرىشىۋاتقىنىمۇيا؟

ھاجىم ئىنىسىنىڭ قورۇق باسقان پېشانىسىنى يۇمشاق ئالقىنى بىلەن سىيپىدى:

— چۈشەندىم، ئۇكام، سىنىڭمۇ، بالاڭنىڭمۇ نېمە دېمەكچى بولغىنىڭلارنى چۈشەندىم. لېكىن، تەييار تاماقنى تۆكۈۋېتىدىغان ئاچ ئادەم ئۆزىنى ساق دېيەلەمدۇ؟ ناۋادا ئالجىغان بولساڭلارمۇ داۋا تېپىلىدۇ. ئۇكام، تېخى بىلمەيدىكەنسەن، داۋاسىز كېسەل ئازلاۋاتىدۇ...

## 3

— شۇنداق دېدىمۇ، دادا؟— دېدى زېمىن دادىسىنىڭ ئۇزاق سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇن ئىككى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېغىر ئۆي، قىرىق بەش مىڭ كوي نەق پۇل ئاز بايلىق ئەمەس. دادا، بۇنچە بايلىقنىڭ مېھرىدىن كەچمەك سىلىگە قىيىن، ئەمما بۇ بايلىققا قول سوزماق تېخىمۇ قىيىن !

ئۇ دادىسىنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى. ئېنىقكى، دادا ئوغلىنىڭ بۇ سۆزىدىن ھېچنېمە چۈشەنمىدى. «مېھرىدىن كەچمەك»، «قول سوزماق» ھەر ئىككىلىسىلا قىيىن بولسا ئاسان ئىش زادى قايسى؟ تۆرەم ھاجىنىڭ پۈتۈن بايلىقىنى مۇسادىرە قىلماق ئاسان بولغانىدى، ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسىنى ملىتىق بىلەن ئاتماق، بىر يىلدىن كېيىن «خاتا ئېتىلغان» دەپ ئۇقتۇرۇپ قويماقمۇ ئاسان بولغانىدى. بۈگۈن نېمە ئۈچۈن ئىسمائىل ھاجىنىڭ ئۆز پۇلى بىلەن ئۆز ئۆيىنى قايتۇرۇۋالمىقى ئاسان ئەمەس ـ ھە؟ ئاكىسى ئىبراھىم ھاجىم سىياسەتكىمۇ، رەسمىيەتكىمۇ توغرىلاپ قويغان، نۇرغۇن رەھبەرلەر ئىسمائىل ھاجىم نامىدىن يېزىلغان «ئەرز»گە ئىمزا قويغان، پەقەت بۇنى ئىجرا قىلىشقىلا ئوغلى زېمىن مەسئۇل بولغان تۇرسا يەنە نېمىشقا ئاسان ئەمەس ـ ھە؟ مانا بۇلارنى ئىسمائىل ھاجى چۈشەنمىدى.

ــ دادا، گېپىمنى چۈشەنمىدىڭىز ـ ھە؟ دۇرۇس، ــ دېدى قامەتلىك، چىرايلىق، قارا بۇرۇت ئادەم ــ ئىسمائىل ھاجىنىڭ ئوغلى زېمىن كۈلۈپ قويۇپ، ــ ئېيتىڭا دادا، پۈتۈن ناھىيەدە پومېشچىك قالپىقى كىيگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆي ـ زېمىنىنى قايتۇرۇپ بەردىمۇ؟ ياق، ئۇنداق بولمىدى.

ــ ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن بالام، ماڭا قالپاق خاتا كىيدۈرۈلگەن. ئەسلى ئىككى ئاكامغا كىيدۈرۈلسە بولاتتىكەن، مەن ئاكام ئىبراھىم ھاجىغا ئوخشاش ئوقۇغان، بىلىم، ئەمەل بىلەن ھەپىلەشكەن، يەر، مال ـ مۈلۈك، سودا بىلەن ھەپىلەشمىگەن.

ــ بۇ ھاجىمنىڭ گېپىمۇ، دادا؟

ــ ھەئە، بالام، چوڭ ئاتاڭنىڭ گېپى.

— ئۇنداق بولسا مەن چوڭ ئاتام بىلەن سۆزلىشەي، سىلى بىر جان، بىر تەن، مەنمۇ ھەم شۇنداق. بىزگە مىنىڭ ئۈچ ئېغىز ئۆيۈم، تاپاۋىتىم يېتىپ ئاشىدۇ، دادا.

— ئاكام بىچارىنىڭ ياخشىلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ئوغلۇم. ئۇ كىشى قىنىغا سىغمايدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. بازار ئىچىدە ئورۇق - پۇشتىنىڭمۇ ئۆيى بولمىغان كادىرلارمۇ دادامنىڭ ئۆيى پالانى كوچا، پالانىكامنىڭ ئۆيىگە ياندىشى دەپ دەۋا قىلىپ، ئىسپات تېپىپ ئۆي - جايلىق يەر، پۇل ئالدىيا، بالام!

— ماقۇل، دادا، مەن سىلىگە جاي ئېلىپ بېرەي، ماقۇل، دادا.

ئوغۇل ئاتىسى بىلەن تالىشىشنى خالىمىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشىگىلا ياردەم قىلسام دەيتتى. ئاتىسى تارتقۇلۇقنى كۆپ تارتقان، ئەمدى ئۇنىڭ تارتقۇچىلىكى قالمىدى - دە.

ئۇ ئاخىر دادىسىنىڭ ئاكىسى، ئەجدادىنىڭ ئەڭ چوڭى، يۇرت ئاتىسى، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ نەزەرىدە «ئىلغار پىكىرلىك پېشۋا» ھېسابلانغان كىشى بىلەن يۈزمۇيۈز سۆزلىششكە بەل باغلىدى. ئۇ بۇ يۇرت ئاتىسى بىلەن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن بۇيان تېخى كۆرۈشمىگەنىدى. بوۋاي نەچچە قېتىم ئېيتىپ بەرگەن، ئوغۇللىرىنى ئەۋەتكەن، ھەتتا ئارىغا ناھىيە شۇجىسى تۇردى كېرەمنى سالغان بولسىمۇ زىيمىن ھەر خىل باھانىلەر بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلدى. شۇ يۇرت ئاتىسى يادىغا كەلسىلا ئۇنىڭ ئىچىدە بىر خىل تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان نەپرەت پەيدا بولاتتى. پارلاق ئارىلىرىدا ھاجىمنىڭ ئىسمى چىقسىلا ئۇنىڭ ئىختىيارسىز قوشۇمىسى تۈرۈلەتتى. ئۇ: «ئۆتكەن ئىشلارنىمۇ سورۇشتۇرمەسلىك، چىشىنى چىشلەپ ئۇ زاتنىڭ ۋاپاتىنى كۈتۈش» قارارىغا كەلگەنىدى، لېكىن تۇرمۇش ئۇنىڭ قارارىغا

يول بەرمىدى. ھەممىلا ئىشتا، ھەممىلا يەردە ھاجىمنىڭ سۆزى، قولى ۋە نامى ئۇچراۋەردى. ناھىيەدە بولغان ھەربىر ياخشى ئىش ھاجىمسىز ئۆتمەيتتى، ھەربىر سورۇن، ھەربىر سەھنە، ھەربىر قارار، ھەربىر ئادەم ھاجىمسىز ھاسىل بولمايتتى. ھاجىم گويا بۇ ناھىيەنىڭ ۋەكىلى، ئەقلى، پەخرى، سۈپىتى ۋە سىمۋولى بولۇپ قالغان... بەلكى، بۇ ناھىيەدە ھاجىمغا نەپرىتى بار يالغۇز مۇشۇ زېمىنلا بولسا كېرەك. بەلكى، بۇ زېمىن خاتالاشقاندۇر، بەلكى ئۇ تولىمۇ قىساسخور، ھېسسىياتقا بېرىلگۈچى، شەخسىيەتچى، ئىچى تار ئادەمدۇر ياكى ھامىلىتتەك[1]، ئۇ قىساس ئۇچۇن ياشاشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان شەخسىي قەھرىمان، مودىدىن قالغان ئەنئەنىۋى ئىدىيەنىڭ ھىمايىچىسىدۇر. شۇنداق بولسا ئۇ ئەلۋەتتە ھاجىمغا قاراتقان نەپرەت تىغىنى يوشۇرۇشى، ئۇنىڭ ئورنىغا خۇشامەت، ھۆرمەت ۋە مېھرىبانلىق كۆلكىسى بىلەن چىرايىنى بېزىشى، قەلبىگە تەسەللى بېرىشى لازىم ـ دە!

لېكىن، زېمىن بۇنداق قىلالمايدۇ، ئۇ ئۆز نەپرىتىنىمۇ يوشۇرالمايدۇ، ئۆزىگە تەسەللى ۋە نەسىھەتمۇ ئىزدىمەيدۇ. ئۇ قانداق ئويلىغان بولسا شۇنداق قىلىدۇ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلمايدۇ. قىرىق نەچچە ياشقا كىرگەن ئەقىل ئىگىسىگە خاس جۈرئەت، ئاددىي سۈپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ «چوڭ ئاتىسى» بىلەن يۈزمۇيۈز سۆزلىشىدۇ.

ئۇ ھاياجان، ھودۇقۇش ۋە ئىرادە بىلەن بىر قارارغا كېلىپ ئىشخانىسىغا ماڭغاندا تالادا دەرەخلەر سىلكىنىپ ھاۋادا توپا ـ چاڭ پەيدا بولۇپ، يامغۇرنىڭ شەپىسى كەلمەكتە ئىدى.

ئۇ چىرايلىق ياسىنىپ، ساقال ـ بۇرۇتنى پاكىز قىرىپ ھاجىمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشكەن،

---

① ھامىلىت ــ ئەنگلىيەلىك مەشھۇر دراماتورگ شېكسپىرنىڭ شۇ ناملىق دراممىسىدىكى باش قەھرىمان، قىساسخورنىڭ ئوبرازى.

يامغۇر باھار قويىنىغا تۈنجى ياپراقلىرىنى ھەدىيە قىلغان دەرەخلەرنى يۇيۇپ شارقىراپ ياغماقتا ئىدى.

زېمىن ئىشىكنى قاقتى، ئىشىكنى بىر چىرايلىق جۇۋان ئاچتى. ئىشىك بېشىدىكى چىراغ يانغاندا جۇۋان مېھمانغا قارىدى: ئۇ گويا توك سوقۇۋەتكەندەك كەينىگە داجىدى. جۇۋان لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى، سۆزلىيەلمىدى؛ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ يەنە ئاستا يۇمدى. ئۇ بىر قولى بىلەن ئىشىككە تايىنىپ بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى ۋە: «زېمىن...» دەپ ئىڭرىدى.

يىگىت گويا ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك، ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغاندەك ئۈنلۈك:

— كەچتە ئاۋارە قىلدىم، رەھمەت، سىڭلىم! — دېدى.

«گۈلناز» دېيىشنىڭ ئورنىغا «سىڭلىم» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ ئۆزىنى بۇ قىزغا يات قىلىپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قىز ئۇنىڭ ئاۋازىدىن، چىرايىنىڭ تاتىرىشىدىن، كۆزلىرىدىكى ئۇچقۇندىن ئۇنىڭ قەلبىنى كۆردى: يىگىرمە ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى يالقۇنلۇق يۈرەك ھېلىھەم يانماقتا؛ لېكىن، ئۇ داغلانغان، ياشلىق چېغىدىكى ئاشۇ ئىككىلا كىشىگە تەئەللۇق بولغان قايناق ھېسسىيات ھېلىھەم قوزغالغان. لېكىن، ئۇ نەپرەت خالتىسىدا، گۈلنازغا تېگىل بولغان، مۇھەببەت گۈلخانلىرىدا پۇچىلانغان سەممىي بىر ۋۇجۇد قىزنىڭ ئالدىدا يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك پاكىز، تەمكىن تۇرماقتا. لېكىن، ئۇ ئەمدى گۈلنازغا يات. ئۇ ئەمدى ھەرگىزمۇ گۈلنازنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى ئويىنمايدۇ، يىگىتنىڭ قاپقارا، قويۇق بۇرۇت ئاستىدىكى ھىم يۇمۇلغان لەۋلىرى قىز لېۋىدىن ھېچ نەرسە تەمە قىلمايدۇ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ جۇشقۇن ئۇرۇشىنى گۈلناز ئەمدى كۆكرىكىگە قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشىيالمايدۇ. قىز ئەمدى ئۆزىنىڭ ئىپپەتلىك بەدىنى بىلەن بەختلىك قىلالىغان، ئۆزى ئۇچۇن ھەممىدىن كېچەلەيدىغان، ئۆزىنى قۇربان بېرىشكە بېغىشلىغان يىگىتتىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلالمايدۇ. ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمدى پۈتۈنلەي بىر - بىرىگە يات، بىر - بىرىنى چۈشەنمەيدىغان، بىر - بىرىنى چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدىغان ئىككى ئادەم. لېكىن، بۇ چۈشەنچە ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشكىلا مەنسۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبى بىر كۆرۈشۈش بىلەنلا بىر - بىرىنى چۈشىنىشتى: يىگىت پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا قىرىق نەچچە ياشقىچە ئۆيلەنمىدى. قىزمۇ ھازىرغىچە ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈنلا ھەسرەتلىك ۋە بەختسىز...

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، زىبەن شياڭجاڭ، مۇبارەك قەدىمىڭىزگە مەرھابا !

غۇلىچىنى كەڭ ئېچىپ، پۈتۈن بەدىنىدىن خۇشاللىق ياغدۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئابلا يانتاق پەيدا بولۇش بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەبىئىي ھېسسىيات دەرھال سۈنئىي رەسمىيەت بىلەن ئورۇن ئالماشتۇردى:

— ئەسسالام، شائىر دوستۇم، سىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرگىنىمگە خۇشالمەن !

— كۆردىڭىزمۇ، ئابلا، زىبەن ئاكام بىلەن تېخى ئەمدى كۆرۈشۈۋاتىمەن. يىگىرمە ئىككى يىلدىن كېيىن دەڭا !...

— شۇنداق، شۇنداق، ئەمما، گۈلناز، شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشمىگەن ئاكىڭىز بىلەن يە يىغلاشماي، يە قۇچاقلاشماي مۇشۇنداق ئاددىيلا كۆرۈشەمسىز؟ ھېلىھەم بولسىمۇ قۇچاقلاڭ، بوينىغا ئېسىلىڭ !

ئۇ گۈلنازنى بىر قولىدا، زىبەننى بىر قولىدا قۇچاقلاپ بىر - بىرىگە قۇچاقلاتتى. گۈلناز بېشىنى ئىختىيارسىز زىبەننىڭ كۆكرىكىگە قويدى، زىبەن تامدەك تاتىرىپ ئۆزىنى قاچۇردى ۋە قىزنىڭ ئۆزىگە تونۇش پۇرىقىدىن مەست بولۇپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يالاڭباش بېشىنى ئاستا سىلاپ قويدى. ئابلا يانتاق ئۇلارنى چىڭ قۇچاقلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ شېئىر ئوقۇدى:

يۇرەكتىن ـ يۇرەككە يول بارمىش پىنھان،
سۆزلىشەر شاۋقۇنسىز شۇڭلاشقا ئىنسان.
ۋارقىراپ سۆزلەيمىز يالغاننى دائىم،
ھەقىقەت دىللاردا ياتار جىم ھامان.

— ئۆھۇ ! — ھاجىم پېشايۋاندا تۇرۇپ مەنىلىك يۆتەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى باشقىلارغا كۆڭۈللۈك تۇيۇلغان مەنزىرىدىن نەپرەتلەنگەنلىكى ھەممىگە چۈشىنىشلىك.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھاجىم ئاتا !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋابەرىكەتە ! مەرھابا ئوغلۇم، ماشائاللا، دىدار غەنىيمەت دىگەن مانا مۇشۇ، كەل، جېنىم بالام !

ھاجىم پېشايۋان پەلەمپىيىدىن ئالدىراپ چۈشمەكتە، نىساخان ھاجىم ئانا ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىمەكتە ئىدى. زىمىن ھاجىمنىڭ ئاياغلىرى ئىككىنچى پەلەمپەيگە چۈشكۈچە ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى ۋە ھاجىمنىڭ يۇمشاق، سىلىق قوللىرىنى چىڭ قىسىپ كۆرۈشتى. ھاجىم ئۇنى يېرىم قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى يۆلەشكىنىچە ھاجىمنىڭ يوپيورۇق، گىلەم، يېكەندازلار بىلەن بېزەلگەن قىزغۇچ نۇر بىلەن تولغان ئۆيىگە كىرىشتى.

ئۆيدە مېھمانلار بار ئىكەن، زىمىن يېكەندازلار ئالدىدا ئېگىشىپ مېڭىپ يۇرۇپ ھۆرمەتلىك مېھمانلار بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار ھاجىمنىڭ كۈيئوغۇل، ئوغۇللىرى: ئاھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۇردى كېرەم — بۇ ئاق يۇزلۇك، كۆزلىرى يوغان، بادام دوپپا بىلەن يۇرىدىغان ئېگىز ئادەمنى زىمىن ھەممىدىن ياخشى بىلىدۇ، ئۇ ئاز سۆزلەيدۇ، قارىماققا تولىمۇ ئېھتىياتچان ئادەم، ھەرقانداق ھۆججەتكە: «مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر ياقلىق

www.uyghurkitap.com

قىلىنسۇن» دەپ ئىمزا قويۇشقا تولىمۇ ئامراق ۋە شۇ قىلىقى بىلەن نامى چىققان، ھېچقاچان تەنقىدكە ئۇچرىمىغان، مۇئامىلىسى يۇمشاق ئادەم. مانا بۇ ھاجىمنىڭ چوڭ كۈيو ئوغلى، ئۇ ئەللىك يەتتە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ يېشىنى ئەللىك ئىككى دەپ مەلۇم قىلىپ يۈرۈپتۇ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن يېقىندا ئارقا سەپكە چېكىنمەكچى. ئۇنىڭ يېنىدىكى سېمىز، تەرلەپلا تۇرىدىغان، تەستە كۆلىدىغان ئادەم بولسا دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاسىم قۇربان. بۇ ئادەم ئۆز ۋاقتىدا زېمىن ئوتتۇرا مەكتەپ مۇئەللىمى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئىدى. ئۇنى باشقىلار «خا كوجاڭ» دېيىشەتتى. بۇ ئادەم تولىمۇ تەلەپچان، پرىنسىپال، «قىلنى قىرىق يارىمەن» دەيدىغان كادىر بولغاچقا، ئۆمرىنىڭ تولىسى گۆڭشى، دادۇيلەردە نۇقتىدا ئىشلەش بىلەن ئۆتكەن، پەقەتلا بىرىنچى قول بولۇپ باقمىغان، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىر، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن ھاكىم دېگەن ناملاردىن بىزار بولۇپ ئاخىرىدا ھازىرقى بىرىنچى مۇئاۋىن مۇدىر دېگەن نامغا رازى بولغان، سەممىي، ئىشچان ئادەم. ئۇ نىساخان ھاجىم ئانىنىڭ ئىنىسى بولغىنى بىلەن ئۆزىنى ھاجىمنىڭ بېقىۋالغان بالىسى دەيدۇ، ھەممىدىن تولا گەپ قىلىدىغان ئوبۇلغازى بولسا زېمىن بىلەن تەڭ دېمەتلىك، ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئىشلىگەن. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىسمى لەقىمى بىلەن قوشۇلۇپ «ئوبۇل غالتەك» دېيىلەتتى. بۇ ئادەم ئۈچىنچى كۈيو ئوغۇل بولغىنى بىلەن ئۆزىنى مۇشۇ ئۆينىڭ مۇھىم ئادىمى ھېسابلايدۇ. ئۇ ھاجىمنىڭ ئاتاقلىق ناتىق — چوڭ ئوغلى قۇببەس ئەپەندىم، ئاتاقلىق پۇلدار — ئىككىنچى ئوغلى، قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈك، ئاغزىدىكى ئالتۇن چىشلىرى بىلەن يالت - يۇلت قىلىپ قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇرغان كىچىك ئوغلى قۇددۇس ھاجىم، ناھىيەدە داڭقى بار «دىپلومات» ناھىيەلىك خەلق

ھۆكۈمىتى مېھمانخانىسىنىڭ مال سېتىۋالغۇچىسىدىن ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆسۈپ، يەنە تۆۋەنلەپ كەتكەن ھاجىمنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى ئوغلى نەمرۇدلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدۇ. ئوبۇلغازى بۇنداق سورۇنلاردا بىرلا ئابلا يانتاقتىن ئەيمىنىدۇ. سەۋەبى يانتاق سۆزگە ئوبۇلغازىدىن ئۇستا، ئۇ ئوبۇلغازى ئاڭلاپ باقمىغان كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرەلەيدۇ. كىتابلاردىكى ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىنى باشقىلارغا لەقەم قىلىپ قويالايدۇ: گىراسىم، چىچىكوپ، بىلىكوپ، دونكىخوت، ئاكىيۇ، شوكار①... دېگەنلىرى كىمكىنتاڭ، يانتاق دائىم تىلغا ئالىدىغان بۇ ئادەملەرنى ئوبۇلغازى تېخىچە بىلەلمىدى.

زېمىن ھەممە مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇۋېدى، ئوبۇلغازى ئۇنىڭغا ئۆزىدىن يۇقىرى ئورۇننى تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى:

— ماقۇل دېسىلە دەيمەن، زى شۇجى! — دېدى ئۇ قاچاندىن باشلاپ «سىز»لىگىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەستىن، — ھۆرمەتكىمۇ، ياشقىمۇ سىلى چوڭ.

— شۇنداق، — دېدى زېمىن كۈلۈپ قويۇپ، — سىلى چاغلىق ئادەم، چوڭ - كىچىك بولماقلىرى بەك ئاسان، غىرلا قىلىپ...

— ھا - ھا - ھا!... — قاتتىق كۈلكىدىن كېيىن ھاجىم دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— بىرلا ئىبراھىم ئەزىز ئوغلىمىز كەم بولۇپ قالدى، — دېدى ھاجىم دۇئادىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — قېنى داستىخانغا، — دېدى ئۇ مېۋە - چىۋە — جەنۇبىي شىنجاڭ مېۋىلىرىنىڭ ئەڭ خىللىرى بىلەن تولغان داستىخاننى

① تۇرگېنېۋ، گوگول، چېخوف، سېرۋانتېس، لۇشۈن، گوركىيلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلار.

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىپ، — ئىبراھىم جورىن بىيجىڭغا — ئالىي پارتىيە مەكتىپىگە ئۈچ ئايلىق ئوقۇشقا ماڭدى. قايتىپ كېلىپ ۋالىي بولارئىمىش، شۇنداقتىمۇ، تۇ شۇجى؟

— شۇنداق، شۇنداق، ھاجىم ئاتا!

— سىلىمۇ ئاڭلىغانلا، خا جورىن؟

— ئاڭلىدىم، ئاڭلىدىم، دادا.

— ئەڭ بۇرۇن مەن ئاڭلىدىم، ھاجىم ئاتا، — دېدى ئوبۇلغازى ئانارنى شوراۋېتىپ، — تۇ شۇجىغا مەن يەتكۈزدۈم.

— مۇنداق دېسىلە، — دېدى ئابلا يانتاق پەگاھتىن پېشىنى كۆتۈرۈپ، — قۇلاقلىرىدىمۇ غالتەك بار دېسىلە...

— قويسىلا سىلىنىزە... — ئوبۇلغازى ئابلا يانتاقتا ئالىيىپ قارىدى، — چاقچاقنىڭمۇ يولى بولىدۇ.

— چاقچاق دېگەننىڭ غالتىكى يوق دەيمەن، ئۇ جۇيجاڭ، — دېدى ئابلا يانتاق ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ، — نېمىگە تە بولىلا، ھازىر دېگەن ئۈچۈر، خەۋەر دەۋرىيا!

زېمىن كۈلىۋىدى، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن باشقىلارمۇ كۈلۈشتى. بۇ سورۇننىڭ ئەزىز مېھمىنى زېمىن ئىكەنلىكى مۇشۇنىڭدىلا ئابلا يانتاق بىلەن ئوبۇلغازىغا چۈشىنىشلىك بولدى. دېمەك، ھەممە گەپ زېمىننى مەدھىيەلەشكە، ھاجىمنى ماختاشقا مەركەزلىشىشى كېرەك.

مېۋە - چېۋە بىلەن چاي، ئاندىن قىرقىلمىغان ئوغلاق گۆشىدىن ھەر كىشىگە بىر كىشىلىكتىن «ئۇچا» تارتىش، ئاندىن كېيىن تىرناقتەك تۈگۈلگەن جۇۋاۋا، ئاخىرىدا ئۇگرە... تەرلەپ - پىشىپ، «بېقىلىڭ - ئىلىڭ» بىلەن غىزالىنىش، غىزا ئارىلىقىدا بولىدىغان قىزغىن سۆھبەت، شېرىن غەيۋەت، تەملىك خۇشامەت بىلەن سۇنئىي ئىلتىپاتلار بۇ خىل سورۇنلارنىڭ مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە سورۇنلاردا پەقەت ئەقىلسىز ساھىبخانىلار ئۆز مەقسىتىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتالايدۇ. لېكىن، ئىش كۆرگەن ساھىبخانىلار بىلەن

مېھمانلار ئومۇمىي كەيپىيات بىلەن مەقسەتلىرىنى ئۇقتۇرۇشىدۇ، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىدۇ. ھاجىمغا بولغان ھۆرمەت، خۇشامەت ۋە غەمخورلۇق بىلەنلا ھاجىمنىڭ زېمىن توغرىسىدىكى قىسقا ـ قىسقا سۆزلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن سورۇن ئەھلى بۇگۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ مەقسىتى زېمىننى يۆمشىتىش، يەنى ھېلىقى ئەرز توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشتى. زېمىنمۇ بۇ ناھىيەنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىنى قارار قىلالايدىغان ئادەملەرنىڭ جەم بولۇپ قىلىشىۋاتقان گەپلىرىدىن ئۆزىنىڭ نېمىنى قىلىشى زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاقلىقى بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ئىناق ياكى ئىختىلاپلىق بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. ئۆتكەن ئىشلارنى تامامەن ئۇنتۇپ قېرىلارنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دېگىنىچە قىلىش كېرەكمۇ ياكى قەلبىدىكى غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئاشكارىلاپ نۇرغۇن ئادەم ئىمزا قويغان ئەرزنى كېرەكسىز قەغەزگە ئايلاندۇرۇشى لازىممۇ؟ ئۇ جىم ئولتۇرغىنى بىلەن ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئۆزى مۇنازىرىلەشمەكتە ئىدى. ياخشىچاق بولۇشمۇ ياخشى سۈپەت، بۇ سۈپەت بىلەن ئۇ پايدىغا، ئابرۇيغا ۋە ھىمايىگە ئىگە بولالايدۇ. لېكىن، ئۇ ھېلىغىچە بۇ خىل سۈنئىي سۈپەتنى ئۆزىگە يۇقتۇرماي كەلگەن. راستىنى ئېيتقاندا، چوڭ ئاتىسىنىڭ غەرىزىمۇ چۈشىنىشلىك، ئۇ ئۆز نەسەبىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئاشۇرىمەن دەيدۇ. ئىنسانغا ياخشىلىق قىلىمەن دەيدۇ. شۇ يول بىلەن ئۇ دۇنيادا يۈزىنى ئوچۇق قىلىپ ئەجدادلىرى بىلەن دىدارلىشىمەن دەيدۇ. بوۋاينىڭ ئۆزىنى «قارا يۈز» ھېسابلاپ يۈرگىنىنى زېمىن چۈشەنگەن، مانا ئەمدى، ئۇ ئۆزىنى ئاقلىماقچى. لېكىن، زېمىن بۇ خىل ئىلتىپاتنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدىكى مۇز بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز ئېرىمەيدۇ. «ھەممە دەۋرنىڭ ئادىمى» بولغۇچىلارغا بولغان نەپرىتىنى ئۇ زادىلا يوشۇرالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاجىمچۇ؟ ھاجىممۇ مۇنۇ ئالدىدا ئولتۇرغان كەم سۆز، خىيالچان جىيەنىگە ھېلىھەم شۇنچە ئۆچ، شۇ ئىنىسىنىڭ بالىسى بولۇۋالغان «ھاراملىق» بولمىغىنىدا، ھاجىم ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ماكانى بولغان قەدىمىي جايىنى ئوڭايلا ئېلىۋالغان بولماسمىدى (ئەلۋەتتە ئىبراھىم ھاجىم كۆپ قىسمىنى، ئىسمائىل ھاجىم ئاز قىسمىنى ئالاتتى). ئۇ ئۆزى چوڭ بولغان ئۆيلىرىدە ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزسە، ئەجدادلىرىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئۆز ئۆيىدە باقىي ئالەمگە ئۇزىسا ئۇنىڭ قەلبىدە ئارمان قالمايتتى ـ دە!

ئون ئىككى ئېغىز ئۆي، قىرىق بەش مىڭ يۈەن نەق پۇل قانچىلىك بايلىق ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ھاجىملاردىن ئېلىۋالغان بايلىقنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ تەڭ ئەمەس. قىرىق نەچچە ئېغىز ئۆي، ئىككى جايدىكى كۆزلەك (جەمئىي ئون ئېغىز ئۆي)، ئالتە باغ... ماقۇل، سەكسەن خو يەر، بەش مىڭ تۇياق قوي، ئالتە يۈز يىگىرمە كالا، يۈز ئون ئات، ئوتتۇز تۆگە، ئەللىك ئېشەك، توققۇز ھارۋا، سوقا ـ ساپان، جۇۋاز، تۈگمەن، كۆللەرچۇ تېخى؟ ئۆي ـ جابدۇق، ئەسۋاب ـ قوراللارنىڭ سانى يوق. توققۇز دۇكان، ساڭ ـ ساڭدا ئاشلىق، بېسىلىپ كەتكەن يۇڭ ـ تېرە... ئون ئىككى ئېغىز ئۆي بىلەن قىرىق بەش مىڭ يۈەن پۇل قولدىن كەتكەن ئومۇمىي بايلىقنىڭ يۈزدىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ. ھاجىمنىڭ قولىدا قالغان ئاز ـ تولا ئالتۇن بىلەن تۆرەم ھاجىمنىڭ توقلىغا سېلىپ بەرگەن مۇنۇ كىچىككىنە جايى ھاجىمنىڭ يۈرىكىدىكى جاراھەتنى ساقايتالايتتىمۇ؟ شۇنچە دۇنيانى ئۇنىڭ ئاتىسى ھالال كۈچ بىلەن تاپقان: مالايلارغا يېتەرلىك ھەق بەرگەن، بىرمۇ ئادەمنى توختام ـ كېلىشىمسىز ئىشلەتمىگەن، مەسچىت جامائىتى ئالدىدا ئىشلىگۈچىمۇ، ھاجىمنىڭ ئاتىسىمۇ، توختامغا ئۆز رازىلىقى بىلەن قول قويغان ياكى بارماق باسقان. مالايلاردىن ھاجىملاردىن نارازى بولغان، دىلى ئازار يېگەن ئادەم كۆرۈلگەن

ئەمەس. هاجىملارنىڭ ئۆشرە ـ زاكاتلىرى بىلەن كۆكلىگەن ئادەملەر هازىرمۇ ھەقداغۇ؟

ئۆز ۋاقتىدا بۇ گەپلەرنى قىلىشقا تىل بارمايتتى، ئەنزە ئاغدۇردى، تەتۈر ھېساب ئالدى دېيىشەتتى. لېكىن، هازىر ھەممە راست گەپ دېيىلىۋاتىدۇ، ھەر ـ ھەر چوڭ ئىشلارنىڭ راستى ئېيتىلىۋاتىدۇ. ئېمىشقا ھاجىمنىڭ ئىنىسى مۇنۇ زېمىننىڭ دادىسى ئىسمائىل ھاجىنىڭ ناھەق قالپاق كىيىپ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىشقا بولمايدىكەن. ئىسمائىل ھاجىنىڭ دېھقانچىلىق ياكى چارۋىچىلىق، سودا تىجارىتى بىلەن كارى يوق بىر زىيالىي ئىكەنلىكىگە ئۇن نەچچە يۇرت چوڭى گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ ئىسپات بەردىغۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا يېزا خىزمەت ئەترىتىگە مەسئۇل بولغان غوپۇرۇپمۇ ئىسمائىل ھاجىغا خاتا قالپاق كىيدۈرۈلگەنلىكىگە ئىسپات بەردىغۇ، ھاجىم ئىسمائىلنى ئاقلاش ئۇچۇن ئاز يول ماڭدىمۇ؟ ئۇنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى ئۇچۇن ناھىيە، ۋىلايەتنىڭ نۇرغۇن مەسئۇللىرى بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلدى، بۇ ئىشنى قوللىدى. بۇگۈن قىرىق بەش مىڭ يۇەننى بېرىدىغان ئورۇننىڭ مەسئۇلى بولغان مۇنۇ زېمىنلا بۇ ئىشنىڭ كۆشەندىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا، ئۇنىڭ مۇددىئاسى زادى نېمىكىنتاڭ؟...

مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىن ھاجىم زېمىننىڭ يېڭىدىن تارتىپ:

— سەن نەگە بارسەن، بۇمۇ سېنىڭ ئۆز ئۆيۈڭ، قونۇپ قال، بالام، مەن تېخى سەن بىلەن جىق مۇڭدىشىمەن، — دېدى. باشقىلارمۇ سالا قىلىشىپ بەردى. زېمىن قونۇپ قېلىشقا رازى بولدى.

— بالام، — دېدى ھاجىم ئاپپاق ئىچ كىيىم بىلەن يۇمشاق كۆرپە ئۇستىگە يېنىچە يېتىپ، — ئېيتقىنا زادى، داداڭنىڭ ئەرزىسىنىڭ قايسى يېرى، قايسى سىياسەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاقىشىدىكەن؟ دۇرۇس، سەنمۇ ئۆزۈڭنى ئويلايسەن، باشقىلارنىڭ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتتى دېيىشىدىن ئەنسىرەيسەن. لېكىن، بالام، دۇنيادا نەپسى يوق ئىنسان بولمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ سەئىب ئىبنى ئەبۇسائىپ بىلەن شېرىك تىجارەت قىلغان. داھىيلىرىمىزمۇ ئايلىق ئالغان. يامىنى كىشىنىڭ ھەققى. ئۆز ھەققىڭنى تەلەپ قىلساڭ بۇنىڭ ھېچبىر گۇناھلىق يېرى يوق. بىزنىڭ ئالماقچى بولغىنىمىز بەرگىنىمىزنىڭ يۈزدىن بىرى. بۇنى ھەممىلا ئادەم چۈشىنىدۇ. داداڭنىڭ ئەرزىسىنىڭ نېمىسى ساڭا ياقمىدى، بالام؟

— دادامنىڭ ئەرزىمۇ؟ — زېمىن خېلى جىملىقتىن كېيىن تەستە بېشىنى كۆتۈرۈپ چوڭ دادىسىدىن سورىدى، — نېمىشقا بىز ئۆزىمىزگىمۇ يالغان سۆزلەيمىز، تاغا، بۇ ئەرز سىلىنىڭ، دادام ئەرز يازمايدۇ.

— ماقۇل، — دېدى ھاجىم بىردىنلا ئۆرە بولۇپ، تامدەك تاتىرىپ، — راست گەپ قىلايلى، ئۇنداق بولسا بىلىپ قوي، راست، ئەرزنى مەن يازدىم، ئەمما داداڭ ئۈچۈن يازدىم. بىلەمسەن، سېنى دەپ ئەقىل - ھوشىدىن ئايرىلغان داداڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ ياخشى كۈن كۆرسۇن دېدىم شۇ.

— نىيەتلىرى چۈشىنىشلىك تاغا، — دېدى زېمىن ئەمدى ھەممە گەپنى دېيىش زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىپ، لېكىن ئەرزگە تەستىق سالدۇرۇش بىر گەپ، بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش باشقا بىر گەپ. ئون ئىككى ئېغىز ئۆينى، تۈت مو باغنى بوشىتىش ئۈچۈن بىزنىڭ رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىگە باشقا يەردىن جاي تېپىش كېرەك. قىرىق بەش مىڭ يۈەن پۇلنى بىر كىچىككىنە رايون مالىيەسىدىن ھەل قىلماق تېخىمۇ تەس. بۇ ئەرز رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن پارتكومنى تولىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، مەن دادامنى ئەرزىسىنى ياندۇرۇۋېلىشقا كۆندۈرىمەن. تاغا، ناۋادا دادامغا ياردەم قىلغۇلىرى كەلگەن بولسا باشقا ئامال تېپىلار ئىدى. مەسىلەن،

ئۆزلىرى ساقلىغان ئالتۇندىن، قۇددۇس ھاجىمنىڭ تىجارىتىدىن دادام رازى بولغۇدەك پۇل ئاجراتماق تولىمۇ ئوڭاي.

— مۇنداق دە، بالام! — دېدى ھاجىم چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، — سېنىڭ كۆرسەتكەن باھانىلىرىڭ يالغان، بالام. رايون ئىشخانىسى، مالىيە قىيىنچىلىقى دېگەنلىرىڭ كارى چاغلىق. ئۇنىڭ يولىنى مەن ماڭاتتىم ئەمەسمۇ، ئېيتقىنا، راست سۆزلىگىنە، زادى بۇ ئەرزىنىڭ نېمىسى ساڭا ياقمىدى؟

— بولىدۇ ئەمىسە، تاغا، راستىنى ئېيتاي، دادامغا يومېشچىك قالپىقى خاتا كىيدۈرۈلگەن ئەمەس. دادامنى ئاقلىساق ھەممە يومېشچىك، باي دېھقانلارنى ئاقلىساق بولىدۇ. يەر ئىسلاھاتىنى ئىنكار قىلساق بولىدۇ. بۇ جايىنى ئۆزلىرى يەر ئىسلاھاتىدىن بۇرۇن ھۆكۈمەتكە ھەدىيە قىلغانىكەنلا، شۇنداق بولغاندا ئۆزلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى «ئىلغار زات» ئىكەنلىكلىرىنى ئىنكار قىلساق بولىدۇ. ئۇنداق بولغاندا سىلىنىڭ ئىگە بولغان ھەممە ئىمتىيازلىرى ئىنكار بولىدۇ!

— بۇ دېگەنلىرىڭ سېنىڭ مەقسىتىڭمۇ، زېمىن؟ — ھاجىم ئەمدى «ئوغلۇم»نى تاشلىدى، — سەن دېمەكچى، مەن داداڭنى تۇتۇپ بېرىش ھېسابىغا پاناھلانغان، ئىمتىيازغا ئىگە بولغان، شۇنداقمۇ؟

— ...

— بۇگۈن يەنە داداڭنى ساتماقچىمەن، شۇنداقمۇ؟

— ...

— گەپ قىلمايسەنغۇ، زېمىن؟

— شۇنداق، دادام بىچارىگە رەھىم قىلسىلا، بىر قېتىم ساتتىلا، تەكرار ساتمىسىلا...

زېمىنىنىڭ ئاۋازى تىترىدى. ھاجىم ئەمدى گەپ يورغىلىتىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بېشىنى چاڭگاللاپ يىغلاشقا باشلىدى:

— راست، بالام، ئىلاجسىزلىقتىن قېرىنداشلىرىمنى

ساتقانمەن، — دېدى ئۆپكىدەپ يىغلاپ تۇرۇپ، — ساتمىسام ئۆزۈمنى ساقلىيالمايتتىم. راست گەپنى قىلسام، ئۆينىڭ ئاساسلىق ھوقۇقدارى مەن ئىدىم. ئىقتىساد، باشقۇرۇش ھوقۇقى مەندە ئىدى. ئېتىلىپ كەتكەن ئىككى ئاكام مالايلار بىلەن بىللە ئىشلەشنىلا بىلەتتى. دادام ھايات چېغىدىلا مېنى بۇ چوڭ ئۆينىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ قويغان. لېكىن، مەن ساقلانمىسام بولمايتتى. ئۆزۈمنى ساقلىمىسام بىزنىڭ نەسەبنى ساقلىغىلى بولمايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل ئىشلىتىشكە توغرا كەلدى: پۈتۈن بايلىقنى پارتىيە كېلىش بىلەنلا ئۆز قولۇم بىلەن ھۆكۈمەتكە سۇندۇم، ئۆزۈم ئاقىدىغان سۆزلەرنى ئۆگەندىم، ئاتام، ئاكىلىرىمنى قارىلاپ شىكايەت قىلدىم. قانداق قىلىمەن، بالام، شۇنداق قىلمىسام بىزنىڭ ئائىلە، بىزنىڭ نەسەب قۇرۇپ تۈگەيتتى. لېكىن، مەن بىر كۈنمۇ تۈۋىسىز يۈرمىدىم. كېچىلىرى يىغلىدىم. ئوغرىلىقچە ئاتامنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ ياش تۆكتۈم. بىز تۇغۇلغان، كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئۆيىمىز، ئويناپ چوڭ بولغان باغلار چۈشۈمگە كىرمىگەن بىرمۇ كېچە يوق. بىلەمسەن، ئۆيىمىزگە ئوغرىلىقچە كىرىپ دۇئا قىلىپ، قۇرئان - تىلاۋەت قىلىپ چىققان چاغلىرىم كۆپ بولدى. ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيگەندىن تېشىدا كۆيمەك تەس ئىكەن. ماڭا خۇددى ئاتام گۆرىدە تىك تۇرغاندەك بىلىنىپ تۇردى. قارىماققا مەن راھەتتە، لېكىن مەن ئازابلانمىغان بىرمۇ كۈن يوق، ياش تۆكمىگەن بىرمۇ كېچە يوق، بالام. ئىچىمدىكى ئوت بىر مىنۇتمۇ ئۆچمىدى. ئارمانلىرىم زادىلا ئۆلمىدى. ئىمكان بولسىلا قېرىنداشلىرىمنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىغا ياخشىلىق قىلدىم. لېكىن، ئىمكان ئاز بولدى!

ھاجىم جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ئۇزاق ۋە تەسىرلىك گەپلىرى زېمىنغا قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى ھاجىم بىلمەيتتى. زېمىن بوۋاينىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ يالغان

ئىكەنلىكىنى ھەتتا كۆز يېشى بىلەن تىترەڭگۈ ئاۋازىنىڭمۇ يالغان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى: «مەن راھەتنى ھازىرلا كۆرۈۋاتىمەن، — دەپ ئويلىدى زېمىن، — مەن بۇ نەسەبنىڭ جازاسىنى تارتقۇچىنىڭ پۈشتى. ئەمدى يەنە جازاسىنى تارتمىشنى خالىمايمەن!» ئۇ تاغىسىغا قارىدى. ھاجىم كۆز يېشىنى سۈرتۈپ بولۇپ «ئۇھ» تارتتى.

— بالام، — دېدى ھاجىم تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ئالدىدىكى قىران يىگىتكە قاراپ قويۇپ، — بىلىسەن، داداڭ بىچارە ئۇ يىللاردا سەن ئۈچۈن يىغلىدى، ئەمما ھېچ ئىش قىلالمىدى، ئۇ نېمىمۇ قىلالايتتى؟ سەن توغرۇلۇق مەن نۇرغۇن يول ماڭدىم، ساڭا تۆھمەت قىلغان ھېلىقى داۋىجاڭنى جازالاتتىم. ئۇرۇمچىگە، غۇلجىغا، قۇمۇلغا سېنى ئىزدىتىپ ئادەم ئەۋەتتىم. سېنى سەرسان قىلغان ئۇ يىللارنى مەندەك بىر ئادەم ئۆزگەرتەلەيتتىمۇ؟ سېنىڭ ئامانلىقىڭ ئۈچۈن ھەر ۋاق نامىزىمدا دۇئا قىلدىم شۇ. ئاخىر جاھان يورۇدى. پارتىيەمىزنىڭ ئون بىرىنچى قۇرۇلتاي ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ناھەقچىلىكلەر سۈرۈشتۈرۈلگەندە ناھىيەدە بىرىنچى بولۇپ سېنىڭ ئۈچۈن مەن ئەرز يازدىم، يول ماڭدىم، ئاخىر ئۆزۈڭ بىلىسەن، ھەممە ئىشىڭ جايىدا بولدى.

زېمىننىڭ ياخشى كۆڭگە ئىگە بولۇشىمۇ تاغىسىنىڭ تۆھپىسى ئىكەن، ئۇنىڭ تارتقان جەبىر - جاپاسىچۇ؟ بۇ جەبىر - جاپانىڭ سەۋەبچىسى كىم ئەمەسە؟ ئۇنىڭ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەس بولۇپ يىراقلاشقان ياشلىقى، ئائىلە بەختى، ئازاب بىلەن ئۆتكەن ئۆمرىچۇ؟ بۇنىڭ ھېسابى بولمامدىكەن؟

زېمىننىڭ خىيال ئېكرانىدىن ۋۇجۇدىدا كامال تاپالمىغان ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ خاڭلاردا، مەدىكارچىلىق قىلىپ، كېسەك قۇيۇپ كىشىلەر ئىشىكىدە قارا نوپۇس بولۇپ يۈرگەن چاغلىرى؛ يۈرەك ئالىسىنى ناخشا - قوشاق بىلەن بايان قىلىپ ماڭغان تاشلىق - توپىلىق يېزا يوللىرى بىرمۇبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتتى. ئۇنىڭ قولىقىغا تاغىسىنىڭ نىمىلەرنى دېگەنلىكى كىرمىدى. ئۇ ھەر - ھەر قىيىن شارائىتلاردىمۇ يالغان سۆزلىمىگەن، بىرىنى ئالدىمىغان، بىرىنىڭ تۆھپىسىنى تارتىۋالمىغان، بىرىگە يامانلىق قىلمىغان. ھالال ئەمگىكى، پاكىز قەلبى بىلەن ھاياتىنىڭ قىرىق نەچچە يىلىنى ئۆتكۈزگەن، بۇ قىرىق نەچچە يىلنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا كۆپنى كۆرۈپ، كۆپ ئۆگىنىپ، ئادەملەر توغرىسىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغان — پىشقان ئادەم ئىكەنلىكى ھاجىمنىڭ خىيالىغا نېمىشقا كەلمىگەنلىكى چۈشىنىشلىك. ھاجىم ئادەملەرنى ئۆز ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەيدۇ؛ ئۇنىڭچە، ئىنسان راھەت - پاراغەت ئۈچۈن ياشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىمنىڭ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغۇچى «ھالال» ئادەملىكىدىن ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇ. ھاجىم نېمىلا دېسە باشقىلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. چۈنكى، ھاجىم پاكلىق، مېھرىبانلىق ۋە توغرىلىقنىڭ ۋەكىلى...

زېمىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، دادىسىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ «ئاتا»نىڭ دىلىغا ئازار بەرمەسلىكى، نېمىلا بولسۇن بۇ ئۆيدىن تىنچ، ماجىراسىز چىقىپ كېتىشى كېرەك. بەلكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تاغىسىنىڭ بۇ ھەشەمەتلىك ھويلىسىغا ئاياغ باسماس، بەلكى تاغىسى بىلەن يەنە بىر قېتىم بۇنداق يۈزمۇيۈز سۆزلەشمەس...

— ھازىرمۇ، بالام، مېنىڭ غېمىم سېنىڭدە، — دېدى ھاجىم ئەسنەپ تۇرۇپ، — سېنىڭ بېشىڭنى ئوڭشاش، بالىچاقىلىرىڭنىڭ مەركىلىرىگە ئاتا بولۇپ تۇرۇپ بېرىش مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم، بالام. مەن قېرىدىم، تۆت كۇنلۇكۇم قالدى. كۆزۈم يۇمۇلماستا سېنىڭ بەختىڭنى كۆرسەم دەپ ئارمان قىلىمەن !..

— مەن ھازىرمۇ بەختلىك تاغا !

— ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن ئائىلەڭ — ئۆزۈڭگە تېگىل

بەختنىڭ بولۇشى كېرەكيا، بالام.

— تاغا، بۇ مېنىڭ ئىچكى ئىشىم، — دېدى زېمىن بىئارام بولۇپ، لەۋلىرى تىترەپ، — ھازىر ماڭا تېگىل ھېچنېمە قالمىغان، ھەممىدىن مەھرۇم بولغانمەن، مۇسادىرە قىلىنغانمەن!

بوۋاي زېمىننىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپ - نەپرەت ئۇچقۇنلىرىدىن چۆچۈدى. ئەمدى ئۇنىڭ تېخىمۇ قاتتىق گەپ قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇ زېمىننىڭ كەنجى قىزى گۈلناز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى خاتا بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، ئۆزىنىڭ ئۇ چاغدا ئوينىغان رولىنى خۇددى ئۆزى ئۇنتۇمىغاندەك باشقىلارنىڭمۇ ئۇنتۇمىغانلىقىنى بىلدى. شۇ چاغدا «ئىككى ياشنىڭ بەختىنىڭ قاتىلىسەن!» دەپ تېما قويۇپ ھاجىمنىڭ نامىغا بىر نامسىز خەتمۇ كەلگەنىدى. ھاجىم ھازىرغىچە بۇ خەتنىڭ ئىگىسىنى تاپالماي يۈرەتتى. مانا ئەمدى زېمىننىڭ كۆزلىرىدىكى نەپرەت بۇ «ئىگە» كىم ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرمەكتە. ھاجىم ئىختىيارسىز يەرگە قارىدى.

— بالام، — دېدى ھاجىم ئېغىر جىمجىتلىقتىن كېيىن تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — ئۆتكەن ئىشلارنى كۆڭۈلدىن چىقىرىۋەتكىنىمىز تۈزۈك. كىمنىڭ كۆڭۈلسىز تارىخى يوق دەيسەن؟ كەچۈرمەك، كەچۈرۈلمەك، ياشىماق - ياشاتماق، بۇ بىزنىڭ پەلسەپىمىزنىڭ مېغىزى. ھەر كۈنى خاتا قىلىسەن، شۇڭا ھەر كۈنى كەچۈرۈم سورايسەن. باشقىلارمۇ سەندىن كەچۈرۈم سورايدۇ. كەچۈرۈلۈشنى خالىغان ئادەم ئاۋۋال كەچۈرگۈچى بولۇشى كېرەك. دىنىمىزدا كەچۈرگۈچىنى تولىمۇ يەزىلەتلىك ھېسابلايدۇ. توقسان توققۇز ئادەم ئۆلتۈرگەن بىر قاتىل بىر ئۆلىمانىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— مەن تۆۋە قىلماقچى، خۇدا مېنى كەچۈرەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۆلىما:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— توقسان توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىلسەن، خۇدا سېنى كەچۈرمەيدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا يۈز ئادەمنىڭ قاتىلى بولاي، — قاتىل شۇنداق دەپتۇ - دە، ئۆلىمانىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

قاتىل كېتىپ بارسا بىر دەرۋىش ئۇنىڭغا:

— ئاۋۇ ياقتا بىر ئۆلىما بار. شۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۆۋە قىلساڭ، تۆۋەڭ قوبۇل قىلىدۇ، — دەپتۇ.

قاتىل شۇ ياققا كېتىپ بېرىپ تۇيۇقسىزدىن يىقىلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. دوزاخ پەرىشتىلىرى ئۇنى دوزاخقا تارتىپتۇ، جەننەت پەرىشتىلىرى كېلىپ:

— ياق، ئۇ جەننىتى، تۆۋە قىلغىلى ماڭغان ئەمەسمىدى، — دەپ ئۇلار بىلەن تالىشىپتۇ.

ئاخىر خۇدادىن ۋەھىي كەپتۇ. ۋەھىيدە:

«مېڭىپ بولغان يولى بىلەن ماڭماقچى بولغان يولىنى ئۆلچەڭلار. ئالدىدىكى يول ئۇزۇن بولسا ئۇ دوزىخى، ئارقىسىدىكى ئۇزۇن بولسا ئۇ جەننىتى» دەپتۇ.

پەرىشتىلەر يولنى ئۆلچىسە، ئارقىدا قالغان يول ئالدىدىكى يولدىن بىر ماڭدام ئۇزۇن چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل جەننىتى بوپتۇ، بالام، كەچۈرمەك بىر مەردنىڭ ئىشى، كەچۈرۈلمەك بىر سەمىمىي بەندىنىڭ ئىشى، بەندىدە مەردلىك بىلەن سەمىمىيلىك باراۋەر يېتىلگەن بولسا خۇدايىم ئۇ بەندىسىنى ئەزىزلەيدۇ. ئۇنداق ئادەم بەختلىك ياشىيالايدۇ، باشقىلارنىمۇ ياشىتالايدۇ.

ھاجىمنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن زىيمىن خۇددى بىرى قولىدىن تارتقاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

— تاغا، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، — مەندەك بىر ئاسىي پۇشتىڭىزنى كەچۈرۈڭ، مېنىڭ بەدىنىمدە مەردلىك بىلەن سەمىمىيلىك سىلى دېگەندەك يېتىلمىگەن، بۇ ئىككى گۈزەل نەرسىنىڭ بەدىنىمدە ياشاش ھوقۇقىنىمۇ مۇسادىرە

قىلىنغان ئوخشايدۇ!
ئۇ تالاغا قانداق چىقىپ كەتكىنىنى سەزمىدى. «ئاھ بىزنىڭ ئۇلۇغلىرىمىز — دېدى ئۇ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، يامغۇرلۇق كېچە ئاسمىنىغا قاراپ قويۇپ، — باشقىلاردىن گۈزەل نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىسىلەرۇ، ئۆزۈڭلارغا ئۇ نەرسىلەرنى قوندۇرمايسىلەر، باشقىلارنىڭ كەچۈرۈشىنىلا تەلەپ قىلىسىلەر، لېكىن سىلەر كەچۈرمەيسىلەر. ھۆرمەتلىك تاغا، ئۆز ۋاقتىدا قىزىڭىزنى، مېنى نېمىشقا كەچۈرمىگەنسىز. بىز سىزنىڭ ئىناۋىتىڭىزنى ھېسابقا ئالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىدۇق؟ ياشلىقىمىز، بەختىمىز، ئەڭ گۈزەل ھېسسىيات - ئارزۇلىرىمىز بەربات بولدى. ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان بۇ زىيانلىرىمىزنى ھېچكىم، ھېچقانداق يول بىلەن تۆلەپ بېرەلمەيدۇ. بۇ زىياننى ئۇنتۇش مەن ئۈچۈن ئوڭايمۇ؟... ماقۇل، ئۇنتۇشقا تىرىشاي، لېكىن ئۇنتۇيالمىسامچۇ...»

4

ھاجىم بىر كېچىدىلا خۇددى ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك تۇيۇقسىزلا ھاسىغا چۈشۈپ قالدى. ساقاللىرىمۇ بىر كېچىدىلا ئاققا مايىل بولۇپ، يۇزىدىكى قورۇقلىرى كۆپىيىپ كەتكەندەك، قەددىمۇ «ئېلىپ» تىن «ياي»غا ئۆزگىرىپ قالدى. ھاجىمدا بىرلا كېچىدە پەيدا بولغان بۇ جىددىي ئۆزگىرىشنى بىرىنچى بولۇپ نىساخان ھاجىم ئانا بايقىدى:
— نېمە بولدىلا، ھاجىم؟ — دېدى ھاجىم ئانا ئەتىگەنلىكى بامدات نامىزىغا تۇنجى قېتىم مەسچىتكە بارالمىغان ھاجىمنىڭ تەرەت سۈيىنى ئەكىرگەندە ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن قولتۇقىدىن يۆلەۋېتىپ، — دېمىسىمۇ ئەجەب كەچ ياتتىلا، ئۇيقۇسىزلىق يامانىيا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— جاھىل بەتبەخت، — دېدى ھاجىم كىمنىڭدۇر ئىچىدە تىللاپ، ئاخىرىدا ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، — خەپ توختا، سېنى!

— ئاشۇ زېمىن دېگەن ئوغرى خاپا قىلغاندۇ ھەقىچان؟

— بەس، نېمانداق تولا گەپ قىلىدىكىنە!

ھاجىم ئائىلە كىشىلىرىدىن سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرگەندىن باشقا گەپ قىلماسلىقنى تەلەپ قىلاتتى. ئائىلىدىكىلەرمۇ شۇنىڭغا كۆنگەن. بىرەر - يېرىم ئېغىز سۆزنىمۇ بىھۇدە قىلىشمايتتى، لېكىن نىساخان ھاجىم ئانا ئۆز «مۇرەببە»سىنى تۇنجى قېتىم «بوۋاي» ھالىتىدە كۆرۈپ ئائىلە قائىدىسىنى بۇزغانىدى.

— زېمىنمىش! — دېدى ھاجىم ئۆزىچە غودۇڭشىپ، — مېنىڭ ھېلىقى گومۇش ئىنىمنىڭ قويغان ئىسمىغا لەنەت! زېمىن بولسا نېمەت بەرمەسمىدى؟ ئۇ گەدەنكەش مۆرتەت ئىبلىسنىڭ قوۋمىغا كىرگەن ئوخشايدۇ. ھېچكىم، ھېچقاچان مېنىڭ سۆزۈمنى يەردە قويمىغان، مەن ھېچكىمدىن مۇنداق دىل ئازارى يېمىگەن، ھۇ، ئىززىتىنى بىلمىگەن گەدەنكەش!

ھاجىمدا تۇيۇقسىز كۆرۈلگەن بۇ ئۆزگىرىش بۇ چوڭ ھويلىغا چوڭ پاراكەندىچىلىك، غەم - ئەندىشە ۋە ئوپۇر - توپۇرچىلىق ئەكەلدى. ئاياللار يىغلاشتى. ئەرلەر تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. كۆيۈ ئوغۇللار، چوڭ - كىچىك، يىراق - يېقىن، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا، مەھەللە - جامائەت ئەتىگەندىن باشلاپ ھاجىمنى بەس - بەس بىلەن يوقلاشتى، ھاجىم ماموق تەكىيەلەرگە يۆلىنىپ چىرايى سولغۇن، روھىي چۈشكۈن، ئاۋازى تىترەڭگۈ ھالەتتە يوقلىغۇچىلارغا تەستە قول بېرەتتى، تەستە گەپ قىلاتتى، تەستە رەھمەت ئېيتاتتى. ئۇ ھال سورىغۇچىلارغا قىسقىلا قىلىپ:

— تاۋىم يوق! — دەپلا قوياتتى.

ئۇ پۈتۈن بىر تۈن ئۇخلىمىغان، ھازىرمۇ ئۇيقۇسى

قاچقان، تېخىچە ئاغزىغا بۇردا نان سالمىغان بولغاچقا بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ، بارغانسېرى خاپا بولماقتا ئىدى. ئۇ يالغۇز خىيال سۇرۇشنى، يالغۇز پىكىر قىلىشنى تولىمۇ خالايتتى. چۈنكى، ئۇ تېخىچىلا زېمىنىنىڭ ئۆزىنى بۇنچە يامان كۆرۈپ قالغانلىقىنىڭ نەق سەۋەبىنى بىلەلمىگەنىدى. زېمىنىنىڭ ئېھتىياتچانلىقىمۇ ياكى مەسئۇلىيەت ـ پاكلىق تۇيغۇسىمۇ، ياكى بولمىسا ھاجىم ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقالمىدىمۇ؟ نېمىلا بولسۇن سەۋەب ئوچۇق بولغان بولسا ھاجىم بۇنچە ئازاب چەكمىگەن، خورلۇق ھېس قىلمىغان بولاتتى. ۋاھالەنكى، زېمىن زەھەردەك گەپلەرنى قىلىپ كېچىدە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ «ئويلىشىپ باقاي»، «قېنى كۆرەيلى» ياكى «مەن بىر ئۇقۇشۇپ باقاي» دېگەندەك تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىشقىمۇ تىلى بارمىدى. ھاجىمنىڭ شۇنچە يېقىملىق مۇئامىلىسىگە، تەسىرلىك سۆزلىرىگە بىر ئېغىز رەھمەتمۇ ئېيتماستىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ: «ھەممە نېمەم مۇسادىرە قىلىنغان» دەپ تەنە گەپ قىلىپ پېشىنى قېقىپ چىقىپلا كەتتى. ھاجىم بۇ خىل قوپاللىقنى ئۆمرىدە تۇنجى رەت كۆرمەكتە، بۇنداق ھاقارەتلىك سۆزنىمۇ تۇنجى قېتىم ئاڭلىماقتا ئىدى. ئۇ زەربىنىڭ تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىدى، روھىي ئازابنىڭ بۇسىنى تۇنجى قېتىم پۇرىدى. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈن ئەتىگەندىلا ياشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى.

ناھىيەلىك پارتكومدا كۈندىلىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ ئالدىراپ ئىشلەۋاتقان تۇردى كېرەم، ئايالىدىن ھاجىمنىڭ بىتاپ بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەممە ئىشنى يىغىشتۇرۇپ «چوڭ ئۆي»گە يېتىپ كەلدى ـ دە، دەرھال ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ناھىيەنىڭ ئەڭ داڭلىق دوختۇرىغا ئادەم ئەۋەتتى. قاسىم قۇربان بولسا ئايالىنىڭ ئاچچىق بىلەن ئېيتقان:

ـــ دادام ئاغرىپ قالغان تۇرسا يەنە نېمە تۆۋەنگە چۈشۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىكەن بۇ؟ — دېگەن سۆزگە پىسەنت قىلماستىن چۇشكىچە بىر رايوننىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، چۇشتىن كېيىن «ئاتىسى»نى يوقلاپ كەلدى. ئۇ سورلۇك، تەمكىن هالدا:

— دەرهال ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەك. ياشانغانلارنىڭ ئاغرىقىغا هەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ، — دېدى ۋە ناهىيەلىك پارتكوم شۇجىسى، دائىمىي كومىتېت مۇدىرى، ناهىيە هاكىمىغا هاجىمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى مۇھىم بىر ۋەقە قىلىپ «شەخسەن ئۆزى» يەتكۈزدى...

ئوبۇلغازى هاجىمنىڭ ئوغۇللىرىنى نەمرۇدنىڭ رېستورانىغا يىغىپ هەر ئېھتىمالغا قارشى ئاخىرەتلىك ئىشلارنى مەسلىھەت قىلىپمۇ قويدى. هەتتا قەبرىستانلىققا ئۆزى بېرىپ «تۆرىخان هاجىم گۇمبىزى» يېنىدىن يەر تاللاپ بىناكارلارغا ياسىلىدىغان گۇمبەزنىڭ نۇسخىسىنى سىزىپ چىقىشنى تاپشۇرۇپمۇ ئۈلگۈردى. هەتتا ئۇ هازا ئاچقان كۈنى نېمىلەرنى دەپ، قانداق يىغلاش لازىملىقىنىمۇ ئويلىشىپ قويدى.

نەمرۇد دەرهال ئىبراهىم ئەلى بىلەن ئاچچىسىغا جىددىي تېلېگرامما بەردى. يالغۇز ئىنىسى ئىسمائىل هاجىم ئاكىسىنى يوقلاپ كەلدى ۋە ئۆيدىن چىقىشتا ئاكىسىدىن:

— ئەمدى ھېلىقى ئەرزنى قايتۇرۇۋالارمىز ـ هە، ئاكا؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيسەن، ئۇكام؟

— ئەمدى قازارەن !...

— مەندىن كېيىن بىزنىڭ نەسەبنىڭ چىرىغى ئۆچىدىكەن ـ هە؟

هاجىمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئۇمچىيىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئاكىسىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ئىسمائىل هاجىم چۆچۈپ كەتتى:

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، ئاكا، نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ — دەپ ئاكىسىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى. هاجىم تىترەپ تۇرغان قوللىرى

بىلەن ئىنىسىنىڭ يىرىك قوللىرىنى تۇتۇپ:

— قەسەم ئىچ، ئاتا مىراسى جايىمىزنى چوقۇم قايتۇرۇۋالىمەن دەپ قەسەم ئىچ! — دېدى.

— بولىدۇ ئاكا!

— ھېلىقى زېمىن دېگەن بالاڭغا ئەگەشمە، سۆزۈمگە كىرمىسەڭ بالام ئەمەسسەن دېگىن، قارغىغىن، جېنىم ئۇكام، شۇنداق قىلىمەن دەپ ۋەدە بەرگىن!

— ئاكا، ئاكا ... — ئىسمائىل ھاجى پېشانە تەرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ ئاكىسىغا جاۋاب بەردى، — زېمىن، زېمىننى شۇنچە يىل كۈتۈپ تېخى يېڭىلا كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن، ھەر ئىش بولسا...

— قارغىمامسەن، بالىلىقتىن كېچىمەن دېيەلمەمسەن؟

— ياق... ياق، ئاكا... ئۇنداق قىلالمايمەن، — ئىسمائىل ھاجىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى، — تىلىم بارمايدۇ، ئاكا. بىچارە بالام ئېمىلەرنى كۆرمىدى، ئېمىلەرنى تارتمىدى؟ ئۇنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە ئەمدى ئازار بېرەلمەيمەن، ئاكا!

— ماڭىچۇ؟ ئازار بېرەلەيسەن ـ ھە؟ مەندىن كېچەلەيسەن ـ ھە؟

— ئۆزلىرىمۇ مەندىن كېچەلىگەن، ماڭا، بالامغا ئازار بېرەلىگەن ئەمەسمىدىلە؟ مەن سىلى قىلغانىنىڭ يۈزدىن بىرىنىمۇ قىلالمايمەن، مەن توغرا گەپنى قىلالايمەن، ئاكا، زېمىن ماڭا ھەممىنى چۈشەندۈردى. مەن ئۇ ئەرزىمىگە ئىگە بولالمايمەن. ماڭا ئۆي ـ جايمۇ، پۇلمۇ لازىم ئەمەس!

— شۇنداقمۇ؟ مۇنداق دېگىن تېخى ئەقلىدىن ئازغان ئاسىي! — ھاجىم كەڭ ئاق كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىدىن قولىنى قىلىچتەك چىقاردى ـ دە، ئىشىكنى كۆرسىتىپ كۆكرىكى كەتكەن لەۋلىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، — ئۇنداق بولسا يوقال، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بىغەرەز. ھازىردىن باشلاپ سەندەك قېرىندىشىم يوق، نېمىشقا ھېلىقى ئىككى ئاكاڭ بىلەن بىللە يوقالمىدىڭكىنتاڭ؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— شۇنداق، — دېدى ئىسمائىل ھاجى تەستە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، كۆز ياشلىرىنى توختىماي سۈرتۈپ، — نېمىشقا شۇلار بىلەن بىللە تۇتۇپ بەرمىدىلە، ئاكا، قىيناپ ئوينىغىلى ساقلاپ قويغانمىدىلە، ئىبراھىم ھاجىم؟

— يوقال !...

ئىبراھىم ھاجىم قاتتىق بىر ۋارقىرىدى ـ دە، ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ كەتتى.

— ھاجىم زۇۋانىدىن قاپتۇ، — دېدى ئورۇق، ئېگىز ئادەم، يەنى ھاجىمنىڭ ئىككىنچى كۈيئو ئوغلى ئوبۇلغازى ناھىيەنىڭ ئىككىنچى سەپكە چېكىنگەن رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان قاسىم قۇربانىڭ ئۆيىگە كىرىپ بوسۇغىدىلا ئۆرە تۇرۇپ، — بىر سوتكىدىن بېرى ئۇسسۇزلۇقمۇ ئىچمىدى دېسىلە.

— ھىم ! — دەپ سۆز باشلىدى ھەرقانداق ۋاقىتتا سالماق بولۇشنى ئۇنتۇمايدىغان قاسىم قۇربان پولۇ يۇقى بارماقلىرىنى يالاپ قويۇپ، ئورنىدىن يېرىم قوزغىلىپ، — قېنى ئاۋۋال قوللىرىنى چايقاپ لېگەنگە كەلسىلە، ئاندىن ئۆزى ئالدىرىماي، ھودۇقماي سۆزلىسىلە، ھە ئەمدى كەلسىلە، مانا، مانا، ھەي باللا، گۆش توغراپ ئەكىرىڭلار، گۆش، گۆش !

— يائاللا قۇجۇرىن، — دېدى ئوبۇلغازى كونا باشلىقنىڭ يېنىدا ئەيمىنىپ ئولتۇرۇپ، — گۆش، گۆش دېسىلىرى ئادەمنىڭ ئېسىگە ھېلىقى يىللار كېلىدۇ، كۆندە تونۇر كاۋىپى، كۆندە ئۈچا، يائاللا ! قېنى قول سالدۇق ئەمىسە، قۇ جۇرىن !

— ھىم، — دېدى قاسىم قۇربان سېمىز گەۋدىسىنى تەستە مىدىرلىتىپ، قات ـ قات بويىندىكى تەرنى ھۆل لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ، — ئاتىمىز زۇۋانىدىن قاپتۇمۇ؟

— شۇنداق، جۇرىن.

— دەيدىغانلىرىنى دەپ بوپتۇمۇ ئاتىمىز؟

— ئۇنى ئىگىسى بىلىدۇ، جۇرىن.

ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى. قالغان سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قىلىشتى. ئوبۇلغازى ئوچۇق چۈشەندى: قاسىم قۇربان خۇشال. قاسىم قۇربانمۇ چۈشەندى: ئوبۇلغازىمۇ خۇشال. لېكىن، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى تۇتۇلغان، گەپلىرى ئاز، گويا ئۇلار قاتتىق ئازاب ئىچىدە، ئۇلار ئۇچۇن ماتەملىك كۈن باشلانغان.

— ناھىيەمىزنىڭ كۆزى ئىدى.

— ئەقلى، مېڭىسى ئىدى.

— راست، ئەقلى، مېڭىسى ئىدى.

— تىلى، ئاۋازى ئىدى، ئۇ زاتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق يۈرەك ئوتنى كۆرگەن ئۆچكە مېيىدەك ئېرىيتتى.

— ئەمدى قانداق قىلارمىز؟

— ئەمدى باش قېتىنچىلىقتىن قۇتۇلماق تەس، جاۋ شۇجى، بەي ھاكىملارمۇ يوقلاپ كىرىپتۇمىش!

— رازىلىق ئالمىغان ئادەم قالمىدى.

— موللاق سوپىمۇ كىردى دەيدا؟

— شۇنى دېمەمدىغان، قىرىق يىلدىن بېرى گەپ قىلمىغان گاچىنىڭ زۇۋانغا كېلىپ دېگەن گېپىنى قارىمامدىلا؟

ئوبۇلغازى موللاق سوپىنىڭ ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ناھىيە دوختۇرخانىسىنىڭ ئايرىمخانىسىدا ياتقان ھاجىمنىڭ يېنىغا كىرگەنلىكى، ھەدىس ئوقۇپ دۇئا قىلغانلىقى، ئاخىرىدا ئەرەبچە بىرنېمىلەرنى دەپ خىرىلداپ كۆلگەنلىكى، ھاجىم ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچقانلىقى ۋە ئاغزىنى ئۇمچەيتكەنلىكىنى ئەزۋەيلەپ سۆزلەپ بەردى. ئاخىرىدا:

— پۈتۈن ناھىيەمىزدە ماتەم باشلاندى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— پۈتۈن ۋىلايەتتە دېسىلە.

— ھە راست پۈتۈن ۋىلايەتتە. ئۆمرىدە كىشىلەرگە ياخشىلىقتىن باشقىنى قىلمىغان، مۇلايىم كۆلكىسى بىلەن

ھەرقانداق دىلنى يورۇتىدىغان مۇنداق زات ۋىلايىتىمىزدە ئەمدى پەيدا بولمىقى تەس.

— راست دېدىلە، ئەمدى بۇنداق ئەرنى تۇغىدىغان ئايالمۇ تۇغۇلمايدۇ. نەسلى قۇرۇغان قىممەتلىك جانىۋارلاردەك ـ ھە...

— بۇ ئوخشىتىشلىرى قاملاشمىدى، ئىنىم ئوبۇلغازى جۇيجاڭ، مۇرەببىمىز، ئاتىمىز سەكراتتا، لېكىن ئۇ زات تېخى ھايات!

— راست، راست، ئوخشىتىش ئەپلەشمىدى، لېكىن بۇ گەپ مەشەدىلا قالسۇن، جۇرېن، مەن دېمىگەن، سىلى ئاڭلىمىغان بولسىلا!

— ئېغىزدىن چىقارغىلى بولامدىغان، يائاللا، نەپرەتكە كۆمۈلىمىز دېسىلە.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە يەنە قارىشىپ قويۇشتى، بىر سېمىز، بىر ئورۇق چىراي بىر ـ بىرىنى يەنە چۈشىنىشتى. ئۇلارنىڭ قورسىقىدا زادىلا گەپ ياتقان ئەمەس، ئۇلار ھېلىقى رىۋايەتتىكى ساتىراشتەك بېشىنى قۇدۇققا تىقىپ «سۇلايماننىڭ مۈڭگۈزى بار» دەپ ۋارقىرايدىغانلاردىن ئىدى. ئۇلار ئاساسىي تېمىغا يۆتكەلگۈچە بىر ـ بىرىدىن ئېھتىيات قىلىشىپ يۇقىرىقىدەك «سىناق»لاردىن ئۆتۈشتى. ئاخىر تاقىتى قالمىغان ئوبۇلغازى گەپنىڭ بولار يېرىنى قىلدى:

— ناۋادا ئاتىمىز مۇشۇ پېتى زوۋالغا كەلمىسە ھېلىقى ئۆي ـ جاي دەۋاسى سوغا چىلىشامدۇ، جۇرېن؟

— نېمىشقا؟

— ئىسمائىل پوم يەل قويۇۋېتىپتەك. ئاتىمىز مۇشۇ ۋەجىدىن زېمىن بىلەن قاتتىق ـ يىرىك گەپ تالىشىپ يىقىلغان چېغى.

— بەللى ئۆزى، مۇنداق دەڭ.

— قا جۇرېن، نىساخان ھاجىم ئانام ئۆزلىرىنىڭ بىر قېرىن ئاچىلىرى. ھاجىمنىڭ يىغقان ـ تۇگكىنى

ئاچىلىرىنىڭ. ئوغۇللار ئۆگەي بولغىنى بىلەن تۆت قىز ئاچىلىرىغا ئۆز. بىز تۆت كۈيۈ ئوغۇل ھاجىمنىڭ ئۆز بالىلىرىدەك شۇ چوڭ ئۆيگە سادىق. مەن ھېسابلىدىم. ئۈچ ئوغۇل، تۆت كۈيۈ ئوغۇل، تۆت قىز، ھاجىم ئانام، سىلى بولۇپ بىز ئون ئۈچ ئادەم ھاجىم ئاتىمىزنىڭ يۈرەك ـ باغرى، جانجىگەرلىرى بولۇپ كەلگەن. بۈگۈن ھاجىم ئاتىمىزنىڭ قولىدا مەن بىلىدىغان مال ـ دۇنيادىن نەق پۇل ھېسابىغا بىر مىليون كويدىن جىقراق ۋەج بار ئىكەن. ئەمەلىيلىشىپ بولغان ھېلىقى جاي، نەق پۇللارنى قوشقاندا...

— ئۇنى قوشسىلىرى ئىسمائىل پومنىمۇ قوشىدىلا...

— شۇنداق، ئون تۆت بولىمىز، پۇل ۋەجىمۇ بىر مىليون ئىككى يۈزمىڭ بولىدۇ. گۈلجامال خېنىم ھېسابقا ئۇستا دېسىلە، قۇددۇس بەگنىڭ شىركىتى، ھاجىم ئانامنىڭ ساندۇقلىرىدىكى تىللالارمۇ خېنىمنىڭ ھېسابىدىن چەتتە قالمىغان گەپ.

— بەللى ئۆزى، مۇنداق دېسىلە، ياپىر، شۇنچە ۋەج ـ ھە! — قاسىم قۇربان تەستە ئوڭ يانپىشىغا ئۆرۈلدى ۋە يېڭىدىن تەپچىرەپ چىقىۋاتقان بويۇن تەرىنى سۈرتۈپ بولۇپ، — ئۆزى گۈلجامال خېنىم پېقىرنى تىزىمنىڭ نەرىگە يازدىكى، مەن ئاچامغا ئەگىشىپ شۇ ئۆيگە كەلگەن. مەن شۇ ئۆينىڭ ئوتىدا پىشىپ، سۈيىدە كۆكەرگەن. مەن ئۆزى ھاجىمنىڭ قېيىنئىنىسى ئەمەس، بېقىۋالغان ئوغلى. قانۇندا بېقىۋالغان بالىلار بىلەن ئۆز بالىلىرىنىڭ ھوقۇقى باراۋەر دېيىلگەن.

— شۇنداق، جۆرىبىن، شۇنداق بولىمادىكى، ئەلۋەتتە سىلىنىڭ ئىسمىلىرى قۇببەس ئەپەندىمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە.

— بەللى ئالدىدىمۇ، كەينىدىمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئالدى ـ كەينىدە يېزىقلىقيا.

— يېشىمىزنى ھېسابقا ئالسا مەن ئۇنىڭدىن ئۈچ ئايلىق چوڭ. قوشكېزەكلەرنىڭمۇ بىر مىنۇت ئالدىدا تۇغۇلغىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاكىسى بولىدۇيا ئۆزى، ئالدى ـ كەينى دىگەنلىرى نىمىسى دەيمىنا؟

ــ شۇنداق قىلىپ...

بىردىنلا تېلېفون جىرىڭلىدى. قاسىم قۇربان دىۋانغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرغۇچە ئوبۇلغازى تېلېفوننى ئېلىپ:

ــ ھە، مانا، مانا، گۇلشەرىخان خېنىممۇ ئۆزلىرى، ناھايىتى بەلەن، ۋىلايەتكە مەخسۇس ماشىنا بىلەن، ئاندىن ئۈرۈمچىگە مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن دېدىلىما، مانا بىز قا جۇرېن بىلەن ماشىنىدا بارىمىز، ــ ئوبۇلغازى تېلېفوننى قويۇپ قاسىم قۇربانغا بۇرۇلدى ـ دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ئاتىمىزنى ئۈرۈمچىگە يۆتكىگۈدەك. بۈگۈن ۋىلايەتتىن ئىبراھىم ئەزىز جۇجاڭ مەخسۇس بىر ماشىنا ئەۋەتىپتەك. گۈلئايشەم خېنىم ئۆزى كېلىپتۇدەك، ئىلاھىم ئاتىمىزنىڭ كېسىلى شىپا تاپقاي.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى، ئۇلار بىر ـ بىرىنى تېخىمۇ چۈشىنىشتى. بايىقى سۆھبەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا ئۇلار نارازى ئىدى. «ھامان بولىدىغان ئىش بولغاندىكى نېمىشقا ۋاقتىدا بولمايدىغاندۇ!» مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئورتاق گېپى.

لېكىن، پىچىقى كېسىدىغان تۇردى كېرەم شۇجى بۇ ئىشقا تولىمۇ ئەستايىدىل قارىدى. ئۇ ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى جاۋ خۇي، ھاكىم بەختى يۇنۇسلار بىلەن ھاجىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش توغرىسىدا ئۇزاق مەسلىھەت قىلىشتى. باش ۋىراچىنىڭ دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. بوۋاينىڭ مېڭە تومۇرىدىن بىرى يېرىلغان، سول مېڭە تورمۇزلانغان، لېكىن يۇلۇن، چوڭ مېڭە ئىشتىن چىقمىغان. يۈرەكنىڭ سوقۇشى، قان ئايلىنىشى ئاساسەن نورمال. قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئىمكانىيىتى بار ئىكەن.

تۇردى كېرەم ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ بوغالتىرلىقىدىن مۇنۇ ئەستايىدىللىقى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ ھازىرقى ئورۇنغا

چىققان. يەنە شۇ ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن ھازىرقى قېيىنئاتىسى ئىبراھىم ھاجىمنىڭ نەزەرىگە، ھاجىمنىڭ قىزى گۈلشەرىخاننىڭ دىققىتىگە چۈشەلىگەن. يىگىت تاللاپ، ئۆزىنىڭ چىرايى، قابىلىيەت ـ ئەخلاقى بىلەن گىدىيىپ يۈرگەن گۈلشەرىخان ئىسىملىك يىگىرمە ئىككى ياشلىق گۈزەل قىز يېڭىدىن گۇڭشې پارتكوم شۇجىلىقىغا بەلگىلەنگەن خۇش چىراي، قامەتلىك، مۇلايىم يىگىت تۇردى كېرەم بىلەن نەمۇنىچى ئىتتىپاق ئەزالىرى يىغىنىدا تونۇشۇپ قالغان ۋە ناھايىتى تېزلا تۇردى كېرەم دېھقان ئائىلىدىن، گۈلشەرىخان تېخى قارارلاشمىغان چىرايلىق يىگىتتىن ئايرىلىپ يېرىم يىلغا قالمايلا توي قىلىشقانىدى.

— خەق نېمىلەرنى دېمەيدۇ، — دېگەنىدى تۇردى كېرەم قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە ئەستايىدىللىق بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ، — بىزنى ئىستىقبال بىرلەشتۇردى. قۇربانسىز ئىستىقبال نەدىكەن؟

تۇردى كېرەم چوڭ ـ كىچىك ئىشلارغا «ئەستايىدىل» قارىغانلىقى ئۈچۈن تېزلا ھۆرمەت تاپتى. ئۇنىڭ ئەستايىدىللىقى كىشىلەرگە پايدا كەلتۈردى دېسەك، بۇ پايدىنىڭ چوڭىنى ھاجىم ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئائىلىسى كۆردى. ھاجىم ئۇنىڭ بۇ ئەستايىدىللىقىدىن ئەپچىل پايدىلىناتتى. ھاجىم ھېچقاچان پرىنسىپ، بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ كېلىدىغان تەلەپلەر بىلەن كۈيۈ ئوغلىنى خىجىل قىلمايتتى. بىراق پرىنسىپقا توغرىلانغان ئىش تۇردى كېرەمنىڭ قولىغا كىرىش بىلەن تېز ھەل بولاتتى، ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل بولاتتى. ھاجىم مانا تۇردى كېرەمنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى ياقتۇراتتى. ئىسمائىل ھاجىمنىڭ ئۆي ـ مۈلۈك دەۋاسى «يالغان، ئۇۋال، خاتا» ئەنزىلەرنى تۈزەش دولقۇنىدا ئوتتۇرىغا چىققاچقا، يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا تولغان يىگىتكە پومېشچىك دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈش تۈزەشكە تېگىشلىك خاتالىق دەپ قارالغانىدى. شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاغدا تۇردى كېرەم گەرچە ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى بولمىسىمۇ بۇ ئىش ئۆزىگە تاپشۇرۇلغاندا مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتا چوڭ كۈچ چىقىرالىغان، چۈنكى ئۇ بۇ «خاتالىق»نى تۈزەشكە ئەستايىدىل قارىغان. لېكىن، كۈتۈلمىگەندە زېمىن ئىسىملىك كونا ساۋاقدىشىنىڭ پەيدا بولۇشى، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بىلە ئۇنىڭ پارتىيەۋىلىكى ئەسلىگە كېلىپ ئۆي دەۋاسى ئەمەلىيلىشىدىغان نۇقتىغا پارتكوم شۇجىسى بولۇپ بەلگىلىنىشى بۇ ئىشتا يېڭى توسالغۇ پەيدا قىلىپ دەۋا چىگىشلەشكەن. ناھىيە رەھبەرلىرى ئىچىدە زېمىننى قوللايدىغان ئادەملەرنىڭ پەيدا بولۇشى بۇ ئىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ قويىمىغاندا، ھاجىمنىڭ كۆزى يۇمۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ تەلىپى ئورۇنلانغان بولاتتى. لېكىن، ئەپسۇس!

گۈلشەرىخان خېنىمنىڭ كۆز يېشى بىلەن مەلۇم قىلىشىچە ھاجىمنىڭ يىقىلىشىغا زېمىن سەۋەبچى بولغان. ھاجىم بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدا بولغان ماجىرادىن ھېچكىم خەۋەردار ئەمەس. لېكىن، شۇ سۆھبەتنىڭ ئاخىرى ھاجىمنىڭ يىقىلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان. شۇ يېرى كىشىنى غەزەپلەندۈرىدۇ: ھاجىم زۇۋانىدىن قاپتۇ دېگەن خەۋەر پۈتۈن ناھىيەگە تارقالغاندىن كېيىنمۇ زېمىن ھاجىمنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە كېلىپمۇ قويمىغان. ئۇ ناھىيە شۇجىسى، ھاكىملىرىدىنمۇ چوڭمۇ؟ بىر رەھبەر سۈپىتىدە كەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ چوڭ ئاتىسى، يەنى دادىسىنىڭ ئاكىسىنى قەدىرلىگۈچى سۈپىتىدە بولسىمۇ كېلىشى، ھېچبولمىغاندا ناھىيەدە تۆھپىسى چوڭ بىر پېشقەدەمنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن بولسىمۇ يوقلاپ كېلىشى لازىم ئىدى ـ دە!

ــ كۆڭلى قارا ئىكەن ئۇ ئوغرىنىڭ! ــ دېدى تۇردى كېرەم ئايالى گۈلشەرىخاننىڭ كۆز يېشى بىلەن قىلغان شىكايىتىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ــ يىغلىماڭلار، خوتۇن، بولدى.

يامانغا يىغلىغان ئىسىت يېشىم دېگەن سۆز بار. بۇ بىر رەھبەرنىڭ ئەخلاق ــ پەزىلىتىگە ياتىدىغان مەسىلە. پارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيەۋىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. زېمىن بىلەن ئەستايىدىل سۆزلىشىمەن.

تۇردى كېرەم بۇ ئىشتا ۋىلايەتتىكى ياجىسى ئىبراھىم ئەزىز بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتى. ئىبراھىم ئەزىز زېمىننىڭ بۇ قىلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ تېلېفوندا:

ــ قانۇنىي جاۋابكارلىقىقا تارتساقمۇ خاتالاشمايمىز، تۇشۇجى، بۇ ئىشتا ئۆزلىرى پۈت تىرەپ تۇرۇپ بەرسىلە ــ ھە! ــ دېۋىدى، تۇردى كېرەم ئىزاھات بېرىپ:

ــ مەن كۆيۈ ئوغۇللارنىڭ چوڭى، ناھىيەنىڭ بىر رەھبىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ئىشقا ئەستايىدىل قارايمەن. بۇ ھەرگىزمۇ ئائىلە ماجىراسى ئەمەس. پارتىيىمىزنىڭ سىياسەت ــ بەلگىلىمىلىرىگە، پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئەخلاق ــ پەزىلىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. سىلىمۇ ئۇكام ئىبراھىم جۇيجاڭ، ۋىلايەتتىكى ئاساسىي رەھبەرلەرگە بۇ ئىشنى ئەسكەرتىپ قويسىلا ــ ھە! ــ دەپ قوشۇپ قويدى.

نەمرۇد بىلەن قۇببەس ھەممىلا سورۇندا زېمىننىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: «پەدەرگە بىر ئىش بولسا زېمىننىمۇ بىللە ئۆزىتىمىز!» دەپ تەھدىت سېلىشتى. قۇددۇس بولسا موتوسىكلىت بىلەن ئالتە ــ يەتتە جېدەلخورنى باشلاپ زېمىننىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ:

ــ تىپ ــ تالاس قىلىۋېتىمىز!

ــ پۇت ــ قولۇڭنى چېقىپ تاشلايمىز!

ــ ئىدارە ــ پىدارەڭگە ئوت قويۇۋېتىمىز! ــ دەپ پوپوزا قىلدى.

پۈتۈن ناھىيەنىڭ ھەممىلا يېرىدە «زېمىن تاغىسىنى ئىتتىرىپ ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ!» دېگەن گەپ كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدەك ئۇشقىرتىپ، قىدىرىپ يۈردى.

زېمىن غەم، غەزەپ، ئازاب ئىچىدە ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەي، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئۆزىنىڭ يالغۇز، گۆڭگا ئۆيىدە كېچىنى؛ ئالدىراش خىزمەت، مەجلىستىن قول بوشىتالمايدىغان بۆلۈمىدە كۈندۈزنى ئۆتكۈزدى.

يازنىڭ ئۇزاق، تىنچىق كۈنلىرىنى ئۈنسىز ياتقان ئادەمنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزمەك تولىمۇ زېرىكىشلىك ئىش. لېكىن، ھاجىمنىڭ تۆت قىزى بۇ زېرىكىشلىك كۈنلەرنى بىرى - بىرىدىن تالىشىپ - قىزغىنىشىپ ئۆتكۈزۈشتى. چىرايلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان: قاڭشارلىق، خۇمار كۆز، يۈزى سوزۇنچاقراق، لەۋلىرى نېپىز، ئاغزى كىچىك، قاش - كۆزى قاپقارا، يۈزلىرى ئاپپاق تۆت ئايال سېمىز - ئورۇقلۇقى، ياش - قېرىلىقى، كىيىنىشى بىلەنلا بىر - بىرىدىن پەرقلەنسە چىرايلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى: گۈلشەرىخان تولىمۇ سېمىز — ئۆزىنىڭ دېيىشىچە توقسان تۆت كىلوگرام، تۇردى كېرەمنىڭ دېيىشىچە بىر يۈز ئون ئىككى كىلوگرام كېلەتتى. ئۇ يەرگە ئېڭىشسە قولىنى يەرگە تەگكۈزەلمىگەچكە ئۆي ئىشىنى بىر چاققان جۇۋانغا قىلدۇراتتى. پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ياۋسەنلىك① ماشىنىسىدىن بىرىگە خوجايىنلىق قىلاتتى. ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا ئۆزىدىن باشقا ئادەمنىڭ ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، سەيلە - زىيارەتلەرگە بارغاندىمۇ ئۇ خېنىم تۇردى كېرەمنىڭ ماشىنىسىغا چۈشمەستىن ئۆزىنىڭ «مەخسۇس» ماشىنىسىدا باراتتى.

گۈلشەرىخان ئۆزىنى كۆرسىتىش، ماختىنىش ۋە چىرايلىق كىيىنىش بىلەن چوڭ سورۇنلاردا ئۇسسۇل ئوينىۋېلىشنى

① ياۋسەنلىك — ئالدىدا يەش ئادەم ئولتۇرىدىغان كەينىدىكى كوزۇپىغا بىر توننا يۈك باسقىلى بولىدىغان تۇرمۇش ماشىنىسى.

ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئايال بولغاچقا، تۇردى كېرەم ئايالىنىڭ بۇ مىجەزىگە ئېتىبار بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆتۈرۈشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن، چوڭ سورۇنلاردا تۇردى كېرەم ساز چېلىنىشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينىۋېتىپ گۈلشەرىخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بەدەن ۋە قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ قاتتىق چاۋاك چېلىنغۇچە ئايالىنى «خۇش كەتتى» قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. گۈلشەرىخان كەڭ ۋە جۇلالىق ئەتلەس كۆڭلىكىنى غىلدىرلىتىپ ئورنىدىن تۇرغاندىلا، ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئايالىنىڭ ئۇسسۇلىدىن ھۇزۇرلىناتتى. يەنە مەسىلەن، گۈلشەرىخان ماختىنىپ:

— جاۋ شۇجى، بىزنىڭ ئۆينىڭ تامىقىغا ئامراق، — دېسە، تۇردى كېرەم قوشۇمچىلاپ:

— بولۇپمۇ گۈلشەرىخان ئۆز قولى بىلەن ئەتكەن تاماقنى، — دەپ قويىدۇ.

كۈنلىرىنى ئويۇن - تاماشا، زىياپەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقان گۈلشەرىخان بوگۈن قولىغا يەلپۈگۈچ بىلەن لۆڭگە تۇتۇپ پىخىلداپ، تەرلەپ ئاتىسىنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا توختىماي كۆز يېشىنى ئېرتىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇنىڭ سىڭلىسى گۈلئايشەم سەمرىشتە ئاچىسىدىن يېڭىلگەن بىلەن ياسىنىش ۋە ئاتاق - ئابروي تالىشىشتا تېخى ئاچىسىدىن يېڭىلگەن ئەمەس.

ئۇ ئاچىسىنىڭ تەتۈرىسىچە ئىش قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ھەرقانداق يەرگە ئىبراھىم ئەزىزنىڭ «شاڭخەي» ماشىنىسىدا ئېرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ بارىدۇ. ئۇ جامائەت سورۇنلىرىدا ئۆزىنى كەمتەر، مېھرىبان، ئاددىي - ساددا قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. مانا مۇشۇ پەزىلەت شەكلىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ماختىنىش ۋە مەغرۇرلۇقنى كۆزى ئۆتكۈر ئادەملەرلا بايقىمىسا ئادەتتىكى ئادەملەر ھەرگىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بايقىيالمايدۇ. ئۇ سودا ئىدارىسىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ ئىشلىگەن يىللاردا مالنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش، بىۋاسىتە ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ ئىشىكىگە يەتكۈزۈش قاتارلىق سەييارە مال سېتىش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلىپ كۆپ قېتىم «ئىلغار شەخس» بولۇپ ئۇرۇمچىگە، ھەتتا بېيجىڭغا بارغان «ئايال قەھرىمان» بولغاچقا، ئۆزىگە قانداق پەزىلەتنىڭ يارىشىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە گۈلئايشەم ھاجىمنىڭ قىزلىرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق، ئۆتكۈر، ئەقىللىقى ھېسابلانغاچقا (بۇ ھاجىمنىڭ باھاسى)، ئۆزىنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇشقا كۆپرەك بېرىلىدۇ. ئۇ سۆزلىگەندە ھەر ئۈچ جۈملە سۆزىنىڭ بىرىدە كىتابىي ئەقلىلەرنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ تىلىمۇ گېزىت ـ ژۇرنال تىلىغا ئوخشىشىدۇ. شۇڭا، ھاجىم بۇ قىزى توغرىسىدا:

— گۈلئايشەم بىلەن سۆزلەشسەم گېزىت ئوقۇغاندەك، رادىيو ئاڭلىغاندەك بولۇپ قالىمەن، — دەپ ماختىنىپ سۆزلەيدۇ.

لېكىن، گۈلجامال ھەدىلىرىنىڭ تەتۈرىسى. ئۇ زىلۋا، ئورۇق، گېپى بىلەن ھەرىكىتى ئىنتايىن تولا ئايال. ئالتە ئوغۇللۇق بولغىنىغا قارىماي ھازىرمۇ ۋېلىسىپىت بىلەن ھەر كۈنى ناھىيە بازىرىنى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ. ناھىيەلىك كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئوبۇلغازى بولغىنى بىلەن بۇ ئىدارىنىڭ ھوقۇقىنى ئىشلەتكۈچىمۇ، ھۆزۈر ـ ھالاۋىتىنى كۆرگۈچىمۇ مۇشۇ گۈلجامال. كادىرلارنى يۆتكەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشتات ھەل قىلىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلاردىكى ھاجەتمەنلەر سوۋغا ـ سالاملىرى بىلەن گۈلجامالنى ئىزدىسىلا ئىشى تېز ھەل بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. گۈلجامال ئوبۇلغازىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي تۇرۇپمۇ بىرلىرىگە ۋەدە بېرىدۇ. بىرلىرىگە يولىيورۇق بېرىدۇ ۋە ھەتتا باشقا ئىدارىلەرگە كادىرلار خىزمىتى توغرىسىدا تېلېفونمۇ،

يولىيورۇقمۇ بېرىۋېرىدۇ. لېكىن، ئۇ قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئوبۇلغازىغا دېيىشتىن بۇرۇن ئاتىسىغا مەلۇم قىلىدۇ. ئاتىسىنىڭ يولىيورۇقىنى بولسا ئوبۇلغازىغا بۇيرۇق مەنىسىدە مەلۇم قىلىدۇ.

«گۈلجامال يەلتاپان»، «گۈلجامال ساچىر» دېگەن لەقەملەرگە ئىگە بولغان بۇ ئايال ئۆيىگە قارىغاندا كوچىدا، ئۆز ئىدارىسىگە قارىغاندا باشقا چوڭ ـ چوڭ ئىدارىلەردە كۆپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەچكە، ئۇنىڭغا مائاش بېرىدىغان ئورۇن — ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش ئىدارىسىنىڭ رەئىسى چوڭ سورۇنلاردا چاقچاق قىلىپ: «بىزنىڭ ئىشخانا مۇدىرىمىزنىڭ مائاشىنى ھەممە ئىدارىدىن يىغىش قىلىپ بەرسەك بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ قويىدۇ.

كەنجى قىز گۈلناز چىرايلىق، ياش، ئەۋرىشىم، ۋە خۇشخۇيلۇقى، ئوچۇق سۆزلۈكى بىلەن ھەدىلىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ئۇنىڭ قولى ئىشقا تەگسىلا غىڭشىپ ئېيتىدىغان ناخشىسى باشلىنىدۇ. ئېرىنىڭ ۋېلسىپىتىغا مىنگىشىپ بازار ئارىلاشنى تولىمۇ خۇشاللىق بىلىدۇ. كۆرگەن ئادەم ئۇنى ئېرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئايال ئىكەن دەپ قېلىشى شۈبھىسىز بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىدىغانلار بۇ ئائىلىنىڭ ئۆيىدە ئېرى بىلەن يات بىر كىشى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقاندەك كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ ئېرىنى سىلكىمەيدۇ، تىللىمايدۇ، خورلىمايدۇ. لېكىن، زادىلا ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇ باشقىلارغا ئائىلىلاردا بولىدىغان مېھرىبانلىقنى ئابلا يانتاقتىن ئەتەي قاچۇرۇۋاتقاندەك تەسىرات بېرىدۇ.

چىرايلىرى ئوخشاش، مىجەزلىرى ھەرخىل تۆت ئايال ھاجىمنى يۆتكەپ كېتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، چۈشتىن كېيىنكى تىنچىقتا ھاجىم ياتقان كەڭ ئۆيگە جەم بولۇشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ دادىسىنى يەلپۈشتى. دادىسىنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇشتى، پېشانە ـ يۈزلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياغلىقلىرى بىلەن سۈرتۈشتى.

— تۈردى كېرەم شۇجى دادام بىلەن ئۇرۇمچىگە بارمىسىڭىز بولمايدۇ دەپ مېنى دادام بىلەن بىللە يولغا سېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ، — دېدى گۈلشەرىخان كەڭ ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن يەلپۈنۈپ، ئالتۇن چىشلىرىنى يالت - يۇلت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئورۇق گۈلجامال سۆز باشلىدى:

— ئاچا، سىلى ئۆزلىرىنى ئارانلا كۆتىمدىلا، دادامنى كۆتەلمەيدىلا، بىز ئوبۇلغازى ئىككىمىز بىللە بارىدىغان بولدۇق، سىلى بارمىسىلىمۇ بولىدۇ، — دېيىشتى، گۈلشەرىخان ئىككىنچى سىڭلىسىغا ئالىيىپ قويۇپ:

— بۇ ئىشتا كادىرلار ئىدارىسىنىڭ ئەمەس، ناھىيەلىك پارتكومنىڭ گېپى ئاقىدۇ، ئۇكام! — دېدى.

— پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئىشىمىدى بۇ، نېمە دەيدا!

— ھە، سىياسىي كېڭەشنىڭ مەجلىسىمىتى ئەمىسە!

— نېمانداق تالىشىدىغاندۇ بۇلار، ئادەمنىڭ ئۇياتقىسىنى كەلتۈرۈپ، — دېدى گۈلئايشەم ھەدىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ دائىم قىلىدىغان ماجىراسىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ئەنسىرەپ، — كىم بارسا مەيلى ئەمەسمۇ، ئابرۇيىمىتى، ئانامنىڭ دېگىنى ھېساب، ئانام كىم بارسۇن دېسە شۇ بارىدۇ.

— ئانامنىڭ بارغۇسى بار ئىكەن دېسىلە تېخى! — دېدى گۈلجامال قاشلىرىنى ئوينىتىپ، — ئانامنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدىغان چاغلار ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ دېگەن ئۆي خوتۇنى، بىز دېگەن دۆلەت كادىرى. بىز ئۆزىمىز بەلگىلەيمىز ئەمىسە!

— ياق، پارتكوم بەلگىلەيدۇ!

— ئارانلا ماڭىلا، خېنىم، دادامنى قانداق كۆتىدىلا؟

— پۇل كۆتىدۇ، ھوقۇق كۆتىدۇ. ئۆزۈم بىلەن ئىككى خىزمەتچى ئېلىپ بېرىشنى بىلمەمتىميا؟

— شۇمۇ گەپمۇ، دادىمىزنى خىزمەتچىگە قاراتمايمىز،

ئۆزىمىز قارايمىز، مانا مەن قارايمەن — گۈلجامال دىرامىدا رولغا چىققاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

هاجىم تىنچ، چىرايى تاتارغان هالدا باش تەرىپى سەل كۆتۈرۈلگەن كارىۋاتتا، ماموق تەكىيەلەرگە بېشىنى قويۇپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئوڭدا ياتماقتا. ئۇ قىزلىرىنىڭ تالاشلىرىنى ئاڭلىدىمۇ بېشىنى ئاستا مىدىرلىتىپ قويدى. شۇ چاغدىلا تالاش - تارتىش قىلىۋاتقان ئاياللار ئاتىسىنىڭ ئېغىر هالەتتە ئىكەنلىكىنى يادىغا ئېلىشتى - دە، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشىپ جىم بولۇپ قېلىشتى.

— ئۇسسۇزلۇق ئىچەملا، دادا؟

— ئۆرۈپ قويايلىمۇ، دادا؟

— ئىسسىپ كەتتىلىمۇ، دادا؟

— دوختۇر چاقىرايلىمۇيا؟

بوۋاي جاۋاب بەرمىدى نە باش ئىشارىسى قىلمىدى. دادىسىنىڭ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرغىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن ئاياللار دەرهال كۆزلىرىگە ياش ئېلىشىپ دادىسىنىڭ بېشىغا ئولاشتى.

لېكىن، ئۇلار دادىسىنىڭ دەردىنى يېنىكلىتەلمەيتتى، دادىسىغا هېچقانداق يول بىلەن ئارام بېرەلمەيتتى، شۇنداقلا دادىسىنىڭ جىم يېتىپ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى هەم بىلمەيتتى.

ئىنسان ئەنە شۇنداق، زۆرۈر بولغاندا بىر - بىرىگە لازىم بولغان نەرسىنى بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. تىل بىلەن ئىپادە قىلىنغان ۋەدىلەر ئەنە شۇنداق يالغانغا چىقىدۇ. هاجىم قىزلىرىنى دېگىنىنى قىلىدىغان، ئاتىسىنىڭ گېپىنى هەممىدىن مۇقەددەس بىلىدىغان قىلىپ تەربىيەلىگەن. لېكىن، هالقىلىق پەيتتە بۇ ئاتا سۆزىنى قانۇن بىلىدىغان قىزلىرى ئاتىسىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى «ئۆلۈم»دىن كېيىن پەيدا بولىدىغان يىراقلىشىشنىڭ مەزگىلسىز يېتىپ كەلگەن

سوغۇق شاملى بىلەن مۇزلىغان. ئۇلار ئاتىسىغا بولغان بالىلىق مېھرىنى قانداق ئىپادىلەش، نەلەپچان ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن نېمىلەرنى قىلىش لازىملىقى ئۈستىدىلا پىكىر قىلالايدۇ، ھەرگىزمۇ ئاتىسىنى «ئۆلۈم» خەۋپىدىن ساقلاپ قېلىش، ئۇنى «قۇتۇلدۇرۇش»نىڭ ئامالى ئۈستىدە ئويلانمايدۇ. مانا بۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بولىدىغان تەبىئىي خاھىش، تەبىئىي يۈزلىنىش. بۇ خاھىش بىلەن يۈزلىنىشكە خىلاپلىق قىلالايدىغان ئەخلاقلىق كىشىلەر تولىمۇ ئاز، تولىمۇ ئاز.

تەبىئىيلىك ئىنسان ۋۇجۇدىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغاندا ئىنسان ئۇنى سۈنئىي مەنئى كۈچلەر بىلەن يىمىرىۋېتىشكە ئالدىرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەدىنىدە بولمىغان گۈزەللىكنى ئاشكارىلاشقا ئۆزىنى زورلايدۇ، «ئاتام ئۆلسە مەنمۇ ياشىمايمەن» دېگۈچىلەر ئاتىسىدىن كېيىن يېرىم ئەسىرلەپ خۇشال ـ خۇرام ياشايدۇ. «ساڭا كەلگەن دەردنى مەن تارتىشقا تەييار» دەپ قەسەم بەرگۈچىلەر دەرد تارتقۇچىغا تىرناقچە ئارام ھەدىيە قىلالمايدۇ.

نېمىشقا بىز ئۆز خاھىشىمىزنى ئەينەن ئىپادە قىلىشقا ئادەتلەنمىدۇق ـ ھە؟ نېمىشقا ئۆزىمىزدە يوق نەرسىلەر بىلەن ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى ئالدايمىز؟...

يۇقىرىقىلار ئابلا يانتاقنىڭ مۇلاھىزىسى. نەچچە يىل خىزمەت قىلىپ نە پۇللۇق، نە يۈزلۈك، نە مەرتىۋە ـ مەنسەپلىك بولالمىغان ناھىيە شائىرى قېينئاتىسىنىڭ يېتىپ قېلىشى بىلەن پەيدا بولغان ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ يۇقىرىقىلارنى ئويلىدى ـ دە، دوختۇرخانىدىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئويلىغانلىرىنى بىر رېئالىست سۈپىتىدە مىسرالارغا تىزماقچى بولدى. ئۇ ھاجىم ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشتىن بۇرۇن ياخشى ئويلاندى. بۇ كەنجى كۈيئوغۇل ئۆز مىجەزىگە زادىلا ئاسىيلىق قىلالمىدى. ئۇ ھاجىمنىڭ بۇ ھاياتلىق بىلەن بۈگۈن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېچىلا خوشلىشىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەندى ۋە خۇددى بايرامغا ئالدىرىغان بالىدەك ئەتىكى كۈنگە تەقەززا بولدى. ئۇ ھاياجان، خاپىلىق، خۇشاللىق دېگەنلەرنى مىسرالارغا تىزىشقا ئادەتلەنگەن بولغاچقا، ئۇغرىلىقچە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ شېئىر يېزىشقا باشلىدى.

— مانا شۇنداق باشلاش كېرەك. نەۋائى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئايالىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلغىنىدەك ئۇستىلىق بىلەن ھاجىمىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىنى خەلققە بىلدۈرۈش كېرەك. قانداق ئىدى ـ ھە. ھە مانا مۇنداق. نەۋائى مۇنداق باشلىغان:

سەرۋىنىڭ سايىسىدە سولدى گۈل نېيتماق كېرەك؟

ھۈسەيىن بايقارا مۇنداق جاۋاب يازغان:

سەرۋىدىن تاۋۇت ياساپ، گۈلدىن كېپەن پىچماق كېرەك،
مۇشۇ رادىف، مۇشۇ قاپىيە بويىچە يېزىش كېرەك، مانا باشلىدىم ئەمىسە.

بولغۇسى بۇ شۇم خەۋەرنى ھەممىگە ئېيتماق كېرەك.
خەسە، داكا، ئاق تاۋاردىن ھەممىگە يىرتماق كېرەك.
مەيلى سەنكى تاجىدار ياكى كەلگۈندى گادا.
قارا يەر ئاستىدا تەڭسەن، توپىدا ياتماق كېرەك.
ئۇندا يوق زەللە، خۇشامەت ياكى يوق ھېچ مەرتىۋە،
باشقا كەلگەن مۇشكۈلاتنى يەكمۇيەك تارتماق كېرەك.
يىل ئۆتەر، جىسمىڭ قارا ياكى سېرىق زاغ بولار،
يۇرتقا پاتماس شىر سۈپەتلەر كاسىغا پاتماق كېرەك.
شۇڭا سىز ھاجىم ئاتا تاغ ئەمەس، يۇلتۇز ئەمەس،
سىزنى قايسى ناخشىغا، نە ئۇچۇن قاتماق كېرەك؟

ئابلا يانتاق شېئىرنى يېزىپ بولۇپ ئوقۇپ چىقتى ــ دە، ئاق قەغەزگە قايتىدىن كۆچۈردى، ئەمدى كەچقۇرۇن ھېلىقى «قەلەمكەشلەر» يىغىلىدىغان چايخانىغا بېرىپ بىرلا ئوقۇسا بۇ شېئىر پۈتۈن ناھىيەگە تارقىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ ئەلۋەتتە زېمىنغا تىكىلگەن مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ دىققىتى ئابلا يانتاقتا يۈتكىلىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئابلانى ئەيىبلەش، تىللاش، ھاقارەتلەشلەر بىلەن ئۆتىدۇ ــ دە، ئاڭغىچە ئۇنىڭغا ھاجىم توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر ئۇلىشىدۇ.

شۇنداق، ئۇلۇغلار بىلەن ئاددىي ئادەملەرنىڭ خۇشاللىقى ئوخشاش بولمىغىنى بىلەن كۈلپىتى ئوخشاش، يالاڭتۆش دېھقانىنىڭ كىرلەشكەن بېشى ئۈمۈر بويى خان تاجىنى كۆرمىگىنى بىلەن پاشا ئۇچۇن ھەر ئىككىلا باش ئوخشاش، ئۇ ئوخشاشلا بۇ باشلارنى چېقىۋېرىدۇ. ھاجىم يىقىلغاندا بولۇۋاتقان بۇ داغدۇغا بەلكى ئابلا يانتاقنىڭ تويىدىمۇ بولمىغان. كۈلپەت، غەم ــ غۇسسە بىلەن خۇشاللىق، تەقەززالىق ئارىلاشقان بۇ ماتەم ھارپىسىدا بەلكى پۈتۈن ناھىيەدە مىدىرلىمىغان جان قالمىغاندۇر، ھاجىمنى ئۈرۈمچىگە داۋالاتقىلى ئېلىپ ماڭارئىمىش دېگەن گەپنى ئاڭلاپ مەسچىت ــ مەسچىتلەرنىڭ جامائەتلىرى خۇددى قۇربان ھېيت نامىزىغا ماڭغاندەك سەپ ــ سەپ بولۇشۇپ ھاجىم تۇرۇشلۇق كوچىغا ئاقتى.

ـــ ھاجىمنى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ ماڭغانىمىش!

ـــ ياق، ئاپاق غوجام مازىرىغا دەپنە قىلغۇدەك!

ـــ بۇ يەرگە قويسا بىزدىمۇ مازار پەيدا بولماسمىدى...

ـــ ھاجىم ھەجدىن قايتقاندا قانچە ماشىنا بىلەن ئالدىغا چىققان بولساق ھېلىھەم شۇنچە ماشىنا بىلەن ئۇزىتىمىز.

ـــ ھاجىم ھەجگە ماڭغاندا جامائەتنىڭ ئالدى بەش مىڭ، ئاخىرى بەش يۈز كويدىن بولۇپ ئىككى يۈز سەكسەن مىڭ يۈەن

يولـلۇق تۇتقـانـدۇق، بـۇ قـېتـمـمـۇ سـىيـاسـىي كـېـڭـەشـنـىـڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ شۇنچىلىكتىن يىغىش قىلىمىز.

ــ ھاجىم ئاتىمـىزنىڭ سـالامەتلىـكى ئۈچۈن پـۇل ئىئانـە قىلىش قۇربانلىق قىلغانغا باراۋەرئىمىش.

ــ بۇ ھارپىدا يۈز ئەلـلىكتـەك ئەر ـ ئايال ھـازىچىلارمـۇ تەييارلانغان چېغى، ئۇستا ھازىچىلارنىڭ ھـاجىمنىـڭ تۆھپـە ۋە سـۆيىتىـگە بېغىشلانغـان مەرسىيـە سۆز ـ قوشاقلىرى خەلـق ئىچىگە تارقالغىنى بىكار ئەمەس ئىكەن...

ئابلا يانتاق شېئىرىـنى ئوقۇۋېتىپ يۇقـىرىقى ئـاڭلىغـان، كۆرگەنلىرىنى ئەسلەپ چىقىپ شېئىـرنىڭ يېلىنىڭ ۋە قـۇرۇق بـولۇپ قالغـىنىنـى ھېس قـىلدى، لېكـىن شۇنـداق بـولسـىمـۇ چايخانىدا ئوقۇش كېرەك.

ئۇ كۆڭـۈلسىز تـۇتۇلغان ئـۆيىدىكـى كىتـاب ـ ژۇرنـال ۋە نـان، قاچا ـ قومـۇچلار تولـغـان ئۇستـەلـنىڭ بـۇرجـىكىـدىـن قەغەزلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ تاقىرلاشقان بېشىنى سـلاپ قويدى ـ دە، يوغـان ئاغزىنـى قاپلىـغان ئۆسكـىلەڭ سـاقـال ـ بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ تامغا يۆلەكلىك تۇرغان خىرە ئەينەككـە قارىدى، ئـۇنـىڭ يـوغـان، قـوڭۇر كـۆزلـىـرى ئـۆزىـگـە قـاراپ كۈلۈمسىرىدى:

پاستىرناخنىڭ كۆزلىرى، شېكسپىرنىڭ بېشى، پۇشكىنچـە ساقال ـ بۇرۇت، لېكىن ئۇيغۇرلارغا خاس «ساددا پىكىر!» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ۋە ئۆزىچە شېئىر ئوقۇدى:

يات ئۆلكىنى تەرك ئېتەر ئىكەنسەن،
ئۇزاق قىرغاقلارنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن.

مانا بۇ پۇشكىنىنـىڭ مىسرالـىرى، بۇنـىڭ ئاخىرىغا نېمـە ئۈچۈن ئابلا يانتاقنىڭ پىكىرلىرى ئۇلىشالمايدىكەن، «دوختـۇر

رېۋاگو[1]»نىڭ ئاخىرىمۇ شېئىرلار بىلەن ئاخىرلاشقانغۇ؟ نېمە ئۈچۈن «هازا هارپىسى»نىڭ ئاخىرى شېئىرلىشالمايدىكەن؟ هارپىنىڭ ئاخىرى پۇشكىن مىسرالىرى بىلەن باشلىنىپ يانتاق تەنتەنىسى بىلەن ئاخىرلاشسۇن. قايتىدىن ئولتۇردۇم ئەمسە:

خىيال ئالىمىدىن قىلارسەن سەپەر،
قەدىر دانلىرىڭنىڭ قايغۇسى ئۈچۈن.
دانالىق، سەزگۈرلۈك سەن بىلەن كېتەر،
تۇغۇلمىش ئەۋلادلار ئارزۇسى ئۈچۈن.
تۆهپەڭنى يازارمىز قايسى كىتابقا،
نامدارلار - ئۆلمەسلەر بەلگىسى ئۈچۈن.
ئىزىڭنى باسايمۇ ياكى كۆمەيمۇ،
قايسىسى لازىمكىن كەلگۈسى ئۈچۈن.

ئۇ يازغانلىرىنى ئاق قەغەزگە كۆچۈرۈش ئۈچۈن شادلىنىپ تاماكا ئوراۋاتقاندا ئىشىك غىچىرلاپ، ۋېلسىپىت شىلدىرلىدى، ئۇ ئايالىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى - دە، گۈڭگا ئۆيدىن يورۇق هويلىغا چىقىپ كېرىلدى:

— خوش، نېمانداق بالدۇر يىغلىغانسەن، خوتۇن؟ — دەپ سورىدى ئۇ گۈلنازنىڭ ئىششىغان كۆزلىرىدە غىلدىرلاپ تۇرغان ياشقا قاراپ، — بىرەر شۇم خەۋەر بارمۇيا؟

— بولمامدىكى، — دېدى گۈلناز ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ پەس ئاۋازدا — ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئوخشايدۇ!

— كىمنى؟

— زېمىن ئاكامنى بولماتتىكى ... — گۈلناز قايتىدىن يىغلاشقا باشلىدى، — ئۇنىڭ هىمايىچىسى يوق. ئۇنىڭ هېچ گۇناهى يوق، شۇنداق دېمەي ئۇنىڭ ئىلاجىمۇ يوق!

---

[1] دوختۇر رېۋاگو — رۇسىيە يازغۇچىسى پاستېرناكنىڭ رومانى.

— نېمانداق قايىيەلىك سۆزلەيدىغانسەن جېنىم، بېشىمغا چىقىلغان چۈشسىمۇ ئىگەكىم دېگىنە، زېمىننى كىم ئۆلتۈرمەكچىكەن؟

— كىم بولاتتى، قۇددۇس ئاكامنىڭ چوماقچىلىرى بولمامتىكى...

ئابلا يانتاق ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ ئايالىنىڭ نازۇك بېلىدىن تۇتۇپ چىڭ قۇچاقلىدى. ئايالى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ ئۆپكىدەپ يىغلاپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن ساڭا توي كۈنى ھەممىنى يوشۇرماي دېگەنتىمغۇ ـ ھە؟

— ھەئە.

— شۇنداق، ئۇنىڭ بۇ يەردىن قوغلىنىشىغا مەن سەۋەبچى. شۇ چاغدا دادامنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولسام زېمىن ئاكام ھازىر ناھىيەنىڭ كۆزى، بەختلىك ئائىلىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالاتتى. دادامنىڭ مېنى توسۇغانلىقىمۇ شۇ چاغدا توغرا ئىدى.

— لېكىن، ئىنسانىنىڭ بەختى بىلەن ئويناشقانلىقىنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ، گۈلناز، سەن بىلىسەن، مەنمۇ كۈنچى، لېكىن كۈنچىلىكنى يەڭگۈچى، رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا ئادەتلەنگەنمەن. سېنىڭ جىسمىڭ مېنىڭ، لېكىن روھىڭ مېنىڭ ئەمەس، سەن يىگىرمە يىلدىن بېرى زېمىننى كۈتۈپ كەلدىڭ، ئۇنى ئويلىمىغان، ئۇنىڭ نامىنى يادلىمىغان بىرمۇ كۈنۈڭ يوق، بۇنى مەن سېزىمەن، شۇڭا سەن تارتقان دەردنىڭ بىر ھەسسە ئېغىرىنى مەن تارتىپ كەلدىم. مەن بىر ۋىجدانلىق ئەرمەن، ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بىر ئايالنىڭ ئېرى بولۇش ۋىجدانسىزلار ئۈچۈن راھەت، ۋىجدان ئىگىسىگە چوڭ ئازاب. لېكىن، مەن ئازابلىق ھاياتنى ئەتەي تاللىۋالغان ئادەممەن، مەن سېنىڭ ئۆزگىرىپ مېنى ياخشى كۆرۈشۈڭنى كۈتكۈچى ئەمەسمەن. مەن بۇنى ئارزۇ قىلمىغان ھەم مەڭگۈ ئارزۇ قىلمايمەن، سەن ماڭا ھېسداشلىق قىلغۇچى، تۇرمۇش تىراگېدىيەسىنىڭ قىزغىن تاماشىبىنى، ماڭا خالىماي تەقدىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغان جىسمىڭ بىرگە كۆڭۈل شادلىقىمىز ئۇچۇن پەرزەنت سوۋغا قىلدى، مەن بۇ ئائىلىدە ئاشۇ سوۋغىلىرىڭ بىلەن بەختلىكمەن، جېنىم، مەن سېنىڭ قەلبىڭنىڭ يېرىمى بولۇشنى، سېنىڭدىن ھېسسىيات، روھىڭنى ماڭا بېغىشلاشنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق مېنى مازاق قىلدۇ، مەندىن كۈلدۇ، مېنى كۆزگە ئىلمايدۇ، لېكىن مەن بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قېتىممۇ ئازابلانغان ئەمەسمەن. بۇنىڭ سەۋەبى ساڭا چۈشىنىشلىك، سەن رېئاللىقنى باتۇرلۇق بىلەن قوبۇل قىلغۇچى !

— بولدى، ئابلا، بولدى سۆزلىمە ! — دەپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلىدى گۈلناز ئېرىنى تېخىمۇ قاتتىق قۇچاقلاپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سېنى قەدىرلەيمەن، سېنى ھىمايە قىلىمەن ئەمەسمۇ !

ئۇ «سۆيىمەن» دېگەن سۆزنى زادىلا ئېغىزىدىن چىقارغان ئەمەس. ئابلامۇ بۇ سۆزنى ئارزۇ قىلغان ئەمەس، مانا بۈگۈنمۇ ھاياجان، ئازاب ۋە ئىلھام بىلەن بىھوش بولغان ئايالىنىڭ ئېغىزىدىن بۇ سۆز چىقمىدى، ئابلا ئايالىنىڭ چاچلىرىنى سۆيدى، بويۇنلىرىنى سۆيدى، يۈزلىرىنى سۆيدى:

— مېنى سۆيمىگەنلىكىڭ سېنىڭ پاكلىقىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى جېنىمدەك ياخشى كۆرىمەن، گۈلناز. مەن باشقا بىرىنىڭ مەشۇقىنىڭ ئاشىقى، بۇ خىل مۇناسىۋەت كىتابلاردىلا ئەمەس ھاياتتىمۇ كۆپ، كىتابلاردا ئاشكارا، تۇرمۇشتا مەخپىي، ئىنسانىنىڭ ھېسسىياتى ئەركىن قۇشقا ئوخشىشىدۇ، بۇ قۇشنىڭ قونار جايىنى ھېچكىم بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ، گۈلناز !

— بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ھەممىسى سەندەك ئاڭلىق، سەندەك ئۇچۇق پىكىرلىك بولسىدى، ئابلا، — دېدى گۈلناز ئېرىنىڭ قوينىدىن ئاستا چىقىۋېتىپ، — ئۇ چاغدا ھېچكىم گۆھەرنى تاش، تاشنى گۆھەر دېمىگەن بولاتتى.

يازنىڭ كەچكى مەنزىرىسى ئابلا ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك،

جىگدە، قارىياغاچ بىلەن چىتلانغان كىچىك ـ كىچىك باغلاردىن كېلىدىغان ئىزغىرىن شامال، شامالغا سىڭگەن مېۋە پۇرىقى، تار ـ قۇملۇق كوچىلاردىن ئاستا ئۆتۈۋاتقان دېھقان ھارۋىسى، ئىشىكلەرنىڭ غىچىرلىشى، توپا تۇزۇتۇپ كىنوغا ماڭغان باللارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى... ئابلا ئۇچۇن ئىلھام ۋە ئارام مەنبەسى. ئۇ كىتابلاردىكى خىيالىي ھاياتتىن ئۆزى ياشاۋاتقان رېئال ھاياتقا قايتقاندا شەھەر سىرتىدىكى بۇ قۇرغاق، تار كوچىلار ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. ئۇستىنى يوپيۇرماق ۋە لەش باسقان كۆل بويىدا تۇرۇپ قولۇم ـ قوشنىلىرىغا چاقچاق قىلىش، ناخشا ئاڭلاش، ئۇسسۇل كۆرۈش ئۇنىڭغا كىتابلاردىن كەم لەززەت بەرمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرەك يارىسىنى مانا شۇنداق يول بىلەن ئارام تاپقۇزۇشقا كۆنۈككەن. كىچىكىدىكى ئارمانلىرى بەربات بولغىنىدا ئۇ چىرايلىق قىزغا ئۆيلىنىپ ھۆرمەتلىك ئائىلىنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ كۆڭلىگە تەسەللىي تاپقانىدى. لېكىن، توي ئاخشىمى چىرايلىق قىزنىڭ ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ قىلغان گەپلىرى ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلىغانىدى:

— سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز، ئابدۇللا كادىر؟

— مەن سىزگە ئاشىق!

— قاچاندىن بېرى؟

— بىرىنچى قېتىم مەدەنىيەت يۇرتىدىكى ھېلىقى چوڭ مەشرەپتە، بېقىشىپ ئوينىغاندىن بېرى.

— راستمۇ؟

— يۈز پىرسەنت راست.

— ئانداق بولسا مەندىنمۇ يۈز پىرسەنت راست گەپ ئاڭلاشنى خالامسىز؟

— قېنى ئەمىسە، ناۋاتتەك گەپلىرىڭىزگە تەشنامەن.

— ئۇنداق بولسا مەن سىزنى زادىلا ياخشى كۆرمەيمەن.

— نېمىشقا توي قىلدىلا ئەمىسە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— دادامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن.

— بەللى، بەللى ... — دېگەنىدى ئابلا ئۇ چاغدا جالاقلاپ تىترەپ، — بۇ قانداق دېگەن ئەخلاقسىزلىق، مۇھەببەتسىزمۇ ئۆي بولامدۇ؟ بولۇپمۇ مەندەك بىر... شائىر ئۈچۈن؟

— مۇھەببەت باشقا، ئۆي باشقا! — دېگەنىدى قىز ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — كېيىن بىلگىنىڭىزدىن ھازىر بىلگىنىڭىز ياخشى، بىز مۇھەببەتسىز ئۆي تۇتىمىز، بەدىنىم سىزنىڭ، روھىم ئۆزۈمنىڭ!

ئابلا ئەرلىك غۇرۇرى خورلانغان ئۇ كېچىنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدى، ئۇلار كېچىنى ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزۈشتى. قىز ئابلاغا ئىز - دېرەكسىز يوقالغان ئاشىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى، لېكىن ئابلا گۈلنازنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانمىدى، كۈنلەر ئۇنىڭ سۇنغان قەلبىگە تەسەللى بەردى، ئايلار غەش كۆڭلىنى قۇۋاندۇردى. يىللار ئۇنىڭغا يېڭىچە مۇھەببەت ماۋزۇلىرىنى قويۇپ بەردى. ئۇ «مۇھەببەتسىز ئائىلە»دىن يېڭىچە مۇھەببەت تاپتى: باللىرىنىڭ يىغىسى، كۈلكىسى ۋە ۋاڭ - چۇڭ، جېدەل - غەلۋىلىرى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كۆڭۈلسىزلىككە بېغىشلانغان بەتلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. لېكىن، بۈگۈن قايسى شامال يەنە بۇ بەتلەرنى ئۇنىڭ جوزىسىغا ئەكەلدى - ھە؟

تۈن جىمجىت، تىنچىق، قاراڭغۇ تۈن.

ئابلا ئەنجۈر، ياڭاق، ئالمىلار بىلەن خىرە ئاي يورۇقىدا خۇددى رەسىمدەك گۈزەل كۆرۈنىدىغان بېغىنى مەقسەتسىز ئۇزاق ئايلاندى، ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجان، يېڭىچە پىكىرلەر بىلەن تېپچەكلەشكە باشلىغاندىلا ئۇ جىمجىت كېچىدە شېئىر يېزىشقا ئولتۇراتتى. مانا ھازىر شۇ پەيت كەلگەنىدى. ئۇ ئالدىراپ ئۆيىگە كىردى، ئىككى بالىسى سۇپىدا ئۇيقۇدا، گۈلناز يوق، ئۇ ئاستا ھويلىغا چىقتى ۋە:

— گۈلناز! — دەپ تۇۋلىدى، جاۋاب ئاڭلانمىدى، ئۇ

كوچىغا چىقتى. گۈلناز ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. ئۇنىڭ خىيال ئاسمىنىدا بىردىنلا قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، چاقماق چاقتى. ئۇ ئىختىيارسىز شىمالغا — شەھەرنىڭ شۇ تەرىپىدىكى قەدىمىي ئاتا ـ بوۋا مەھەللىسىگە قارىدى، ئۇ ياقتا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن رەقىبى، ئاشكارا دوستى زېمىنىنىڭ تۇرار جايى بار، گۈلناز بايىلا زېمىندىن ئەنسىرەپ يىغلىغان ئەمەسمىدى، بىر غەيرىي، تەلۋە، ئەسەبىي كۈچ ئۇنى سۆرەپ ئەكەتكەن بولسىچۇ؟ ئىنسان بىقارارلىق سەۋدايىلىقى بىلەن مەست بولغاندا نېمىلەرنى قىلمايدۇ ـ ھە؟

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆز ئايالى بىلەن چىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرغان يات بىر ئەر كېلىشى بىلەن ئۆزىمۇ بىر تەلۋە، ئەسەبىي كۈچنىڭ تارتىشى بىلەن شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ئېغىر توپىلىق يوللار بىلەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭدى، جىمجىت كېچىدە ئۇنىڭ يۇمشاق توپىدا ماڭغان ئاياغ ئاۋازى كوپۇرلايتتى، مانا ئۇ ئىسمائىل پومېشچىكنىڭ توقۇلما تاملىق سۈۋاقلىرى قوپال ئۆيىگە يېتىپ كەلدى ۋە جىگدىلەرنى قايرىپ باغقا كىردى، زېمىنىنىڭ ياتىقى غۇۋا يورۇق ئىدى، ئۇ تامنى ياقىلاپ دېرىزىگە قاراپ سىلجىدى، توختاپ تىڭشىدى. گويا ئۆي ئىچىدە بىرلىرى گۇدۇڭلاشماقتا. «قانداق قىلاي؟» ئۇيغۇرلارغا خاس ئەرلىك بىلەن پىچاقنى ئىشقا سالايمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن. ئۇنداق بولسا نېمىشقا كەلدىم؟ ئەرلىك كۈندەشلىكىمنىڭ ئەسىرى بولدۇممۇ ياكى دىل ئازابىمنى يەڭگىللەتمەكچى بولدۇممۇ؟ نېمىشقا ئۆزۈم قوبۇل قىلالىغان رېئاللىقنىڭ ئىسيانكارى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتىم؟ نېمە ئۇچۇن مېنى سۆيمەيدىغان ئايالنىڭ سۆيگۈسىنىڭ دۈشمىنى بولۇپ چىقتىم؟ ئەركىن ئاڭنىڭ، كىشەنسىز پىكىرنىڭ ئىگىسى بولماق شۇنداق تەسمۇ ـ ھە؟...» ئۆز سوئاللىرىغا ئۆزى جاۋاب بېرەتتى، ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى، بۇنداق چاغدا كەينىگە

چېكىنەتتى، لېكىن ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئەرلىك غۇرۇر ئۇنىڭ چېكىنىشىگە يول قويمايتتى؛ «قانۇنىي ئايالىم، ئىككى بالامنىڭ ئانىسى، مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم، — دەپ ئويلايتتى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — كونا ئوتنى ئۆچۈرۈشكە، يوشۇرۇشقا تىگىشلىك بىر ئايال بۇ يەرگە كېچىدە كەلمەسلىكى كېرەك. مېنىڭ ئايالىمنىڭ كېچىدە بىر بويتاقنىڭ ئۆيىگە كېلىشى مىللىي ئەخلاقنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقى، ئاياغ ئاستى قىلىنغان ئەخلاقنى قوغداش ئۈچۈن، چەيلەنگەن ئەرلىك سالاھىيىتىمنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئىنتىقام تىغىنى كۆتۈرۈپ چىقىشىم مېنىڭ ئىنسانىي بۇرچۇم... ئىنسان، ئۇنىڭ قەلبى ئەركىن، ئەقلى ئەركىن، ھېسسىياتى ئەركىن بولۇشى كېرەك. ئىنساننىڭ سۆيۈش، سۆيۈلۈش، تەلپۈنۈش، تەلپۈندۈرۈش ئەركىنلىكى بولۇشى كېرەك. بۇ ئەركىنلىككە دۈشمەنلىك قىلغۇچى ئىنسانىي بۇرچىنى ئۇنتۇغۇچى. مەن بىر قەبىھ ئۇقۇمنىڭ ھىمايىچىسى بولۇپ قالدىمۇ ـ نېمە؟...» ئۇ ئىككى خىل ئاڭ، ئىككى خىل ئىستەك ئۈستىدە ئويلىنىپ روھىي كۈرەش قايىنىمىدا بىر چۆكەتتى، بىر چىقاتتى. چۆككەندە ئالغا چامدايتتى، چىققاندا چېكىنەتتى. مانا ئاخىر دېرىزىگە ئۇن چامدامال قالدى. مۇنۇ قېرى تالدىن ئۆتسىلا دېرىزە، ئۇ كەلگەنىكەن ئەمدى پەسكەشلىك بىلەن دېرىزە ئاستىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆيىئىچىدىكى ئىككى يۈرەكنىڭ دۈپۈلدىشىنى ئاڭلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن...

ئۇ ئەمدىلا ئالدىغا قاراپ چامدىۋىدى، ئۇنىڭ بېشىغا دەھشەتلىك بىر قاتتىق نەرسە كېلىپ ئۇرۇلدى. ئۇ بىر سىلكىنىپ يەرگە دۈم چۈشتى.

ئۇ دەسسەلدى، پېتىقدالدى، لېكىن ئۇ ھېچكىمنى كۆرمىدى، ھېچنېمىنى سەزمىدى...

## 5

«ھاجى قۇددۇس مۇلازىمەتخانىسى» بۇ گۈللىنىۋاتقان كىچىك شەھەرنىڭ بازار مەركىزىگە جايلاشقان. بۇ ئۈچ قەۋەت بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتى ماگىزىن. بۇ تۆت چوڭ ئىشىكى بار «L» شەكىللىك ئايلانما ماگىزىننىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، تۈرلۈك ماللار، رەخت، كىيىم ـ كېچەك دەپ ئايرىلغان ئۈچ قانىتىدا جەمئىي يىگىرمە تۆت پىرىكازچىك ئالدىراپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ يەردىن دۆلىتىمىزنىڭ ھەممە تاۋارلىرى تېپىلغاندىن باشقا ياپونىيەنىڭ ئېلېكتىر مىكرو تۈرمۈش بۇيۇملىرى، جەنۇبىي چاۋشيەننىڭ جۇلالىق چېكەن، توقۇلما ماللىرى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرخىل ئەر ـ ئايالچە، يازلىق ـ قىشلىق كىيىم ـ كېچەكلىرى، ئەڭ يېڭى مودا ھېسابلىنىدىغان يىگىت ـ قىزلارنىڭ قىممەت باھالىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ھەرقاندىقى تېپىلىدۇ.

بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئۈچ پەلەمپەي بىلەن چىقىدىغان ئۈچ ئاشخانىسىدا مىللىيچە غىزانىڭ تونۇر كاۋىپى، چەينەك شورپىسىدىن، چۆچۈرە، سامسىغىچە بولغان ھەممە خىلى؛ ياۋروپاچە سوغۇق يېمەكلىكلەردىن كاتلېت، قېزا، قۇش گۆشى كاۋاپلىرى بىلەن كوفى، شەربەت، ھەرخىل چەت ئەل ۋە جۇڭگو ئىچىملىكلىرى؛ ياشلار ئۈچۈن ئېچىلغان «كارائوك» ۋە تانسىخانىسىدا يۇرۇشلەشكەن مۇزىكا، خۇش كەيپ ئىچىملىكلەر باياشات تېپىلىدۇ. كۇتكۇچىلىرى خۇشخۇي، مۇلايىم، قىزغىن.

ئۈچىنچى قەۋىتىدە يىگىرمە ئىككى ئېغىزلىق ئۆي مېھمانخانا قىلىنغان. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەر كارىۋىتى يىگىرمە بەش كويلۇق ئىككى كارىۋاتلىق زامانىۋىلاشقان خانىلىرى، ھەر كارىۋىتى سەككىز كويلۇق تۆت كارىۋاتلىق ئۆيلىرى ۋە ھەر كارىۋىتى تۆت كويلۇق سەككىز كارىۋاتلىق چوڭ ئۆيلىرى بار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆيلەردە تىلپۈنزور، مەززىلىك چايلىرى بار. كۆتكۈچىلىرىمۇ ئەدەبلىك، سىلىق.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شەھەر ئىچىنىڭ مېھمان كۈتۈش، كۆڭۈل ئېچىش، ئارام ئېلىش، سودا ـ سېتىق، ھۇزۇرلىنىش ئىشلىرى مۇشۇ مۇلازىمەتخانىنى مەركەز قىلىدۇ.

ۋىلايەتكە يۆتكەلگەن، لېكىن قايسى ئىدارىدە ئىكەنلىكى تېخى ئېنىق بولمىغان نەمرۇد ناھىيەگە «سانتانا»دا ئۈچ مېھمان بىلەن كەلدى. ئۇلار «ھاجى قۇددۇس مۇلازىمەتخانىسى»نىڭ ئەڭ ياخشى ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتى. ھاۋا ئىسسىق بولغىنىغا قارىماي «زامانىۋى» ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئۈچۈن شىياڭگاڭدا تىكىلگەن قىممەت باھالىق تۇم قارا كاستۇم ـ بۇرۇلكا، ئاق كۆڭلەك كىيىپ، قارا گالستۇك، قارا كۆزەينەك تاقىغان، ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغانلىقى ئۆزىنى تۇتۇشلىرىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان مېھمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىچە ئاق كاستۇم ـ بۇرۇلكا، قارا كۆڭلەك كىيىپ، ئاق گالستۇك تاقىۋالغان قاپقارا، بۇدۇر چاچلىرى ئۇزۇن ياستىلغان، كاپكازچە بۇرۇتى ئاق پىشماق سوزۇنچاق يۈزىگە تولىمۇ ياراشقان نەمرۇدنىڭ ھەمراھلىقىدا ناھىيەنىڭ داڭلىق يەرلىرى بولغان تەكلىماكان ئىچىدىكى تەبىئىي ئورمانلىقلار، قۇم دۆۋىلىرى ئۈستىدە ئۆسكەن توغراقلار، توغراقتا ئۇلانغان تېرەكلەر، دەريا بويلىرىدىكى گۈزەللىكلەرنى تاماشا قىلىپ ئاخىرىدا بېلىق كاۋاپلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشتى.

ئەمدى ئۇلار «مۇلازىمەتخانا»نىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئالاھىدە مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان مەخسۇس ئۆيدە كەچلىك غىزاغا ئولتۇرۇشتى. بۇ مېھمانلار ئۈچۈن مۇلازىمەتخانىنىڭ باش خوجايىنى ھاجى قۇددۇسنىڭ ئۆزى يۇقىرى ـ تۆۋەن يۈگۈرۈپ يۈردى ـ دە، مانا كەپتەر يۈگۈزلاۋاتقانلارغا يولىيورۇق بەردى:

— قانتى پەي چىقارمىغان باچكىلارنى ئىشلىتىڭلار ! —

دېدى ئۇ كۆڭلەكچان، زىلۋا، قاملاشقان قامىتىنى سەل ئېگىپ، بارماقلىرى بىلەن بىر نېمىلەرنى كۆرسىتىپ، — توخۇلارمۇ چۈجە بولسۇن !

«قۇددۇس لاۋبەن» دېسە ئۇنى بىلمەيدىغان ھېچكىم يوق. ئۇنى ھەتتا ئابلا يانتاق چېغىدا ماختاپ «روكفىللىر①چە شەخس» دېگەنىكەن. ھاجىم بولسا بۇ كەنجى ئوغلى بىلەن ماختىنىپ:

— شۇ ئەقلى بىلەن ئوقۇغان بولسا بۇ بالام زاھىرىددىن بابىردەك دانا، ئىش بىلەر بولۇپ چىقاتتى. شۈكرى ھېلىھەم بولسىمۇ زامانىنىڭ بالىسى بولۇپ يېتىلدى. زامانىنى چۈشىنىشتە ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ، — دەيتتى.

باشقىلار تېخى ناھىيەدىن ئەمدىلا ۋىلايەتكە ئوقەت ئۈچۈن قەدەم باسقاندا قۇددۇس ئاللىقاچان پاكىستانغا بېرىپ كەلگەن. بۇ يەرنىڭ ئوقەتچىلىرى تاپقان ـ تەرگىنىنى يانغا چىگىپ «ھۇ» دەپ شاڭخەي، گۇاڭجۇغا ماڭغاندا قۇددۇس ئاللىقاچان سەئۇدى ئەرەبىستاندىن ئايروپىلان بىلەن ئىسلامئاباتقا مال توشۇپ نەچچە يۈز مىڭ كويلۇق چوڭ ئوقەتچىلەردىن بولۇپ تونۇلغان، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەتتا ياپونىيەگىچە قەدەم باستى. ئۇنىڭ نەچچىلىك ۋە قەيەرلەردە دۇكان، مال ـ دۇنياسى بارلىقىنى ھېچكىم ھەتتا ھاجىممۇ بىلمەيدۇ. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ مۇشۇ «مۇلازىمەتخانىسى»نىلا بىلىدۇ شۇ.

لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ ئاتىسى بىلەن بىللە چوڭ قورۇدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى — چىرايلىق، نومۇسچان ياش كېلىن ھاجىمغا ھەر كۈنى ئېگىلىپ سالام بېرىپ ھاجىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. نەمرۇدنىڭ ھاكاۋۇر، ئىچى تار ماگىزىنچى ئايالى بىلەن ھەرگىزمۇ ئۇستۇنلۇك تالاشماستىن

① روكفىللىر — ئامېرىكىلىق دۇنياغا مەشھۇر مىليونېر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ چوڭ ئۆينىڭ خىزمەتكارى ئورنىدا پۈتۈن كۈنبويى ئۆي ئىشىنى قىلىدۇ.

هاجى قۇددۇس ئاكىسى نەمرۇدنى يامان كۆرىدۇ. چۈنكى، نەمرۇد چوڭ سۆزلەش، يولىيورۇق بېرىش، ئەيىبلەشتىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلالمايدۇ.

— ئاكام ئالىي مەلۇماتلىق، — دەيدۇ قۇددۇس ئاكىسى توغرىسىدا گەپ بولغاندا مازاق قىلىپ، — لېكىن ئۇ پۇل تېپىش بىلەن مەنسەپ تۇتۇش داشۆسىنى ئەمەس، گەپ سېتىش داشۆسىنى پۈتكۈزگەن.

— ئۇكام قۇددۇس، — دېدى نەمرۇد چىرايلىق ئىنىسىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — كەچكى تاماق ئالاھىدە ئالىي بولسۇن جۇما!

— بىر گەپنى دەۋېرەمسەن ئاكا، ئۇلار كىم، نېمىشقا دېمەيسەن؟

— ۋاقتى كەلگەندە بىلىسەن دەيمەن.

— ئۈرۈمچىدىن تېلېفون كەلدى جۇما. دادامنى دوختۇرخانىغا جايلاشتۇرۇپ بوپتۇ.

— بەلەن بوپتۇ. مەنمۇ ئۆگۈنلۈككە ئۈرۈمچىگە ئۇچىمەن.

— گۈلشەرىخان ئاچامنۇ، گۈلجامال ئاچامنۇ ئۇچارئىمىش. ھەممىڭلار بېرىپ نېمە قىلىسىلەر ئۇ يەردە؟

— ماۋۇنىڭ دەۋاتقان گېپىنى! — دېدى نەمرۇد ئىنىسىغا ئالىيىپ قويۇپ، — پەدەرنىڭ كەينىدىن ئۇچماي كىمنىڭ كەينىدىن ئۇچاتتۇق ئەمىسە؟

— ئابلانى قانداق قىلىمىز ئەمىسە؟

— نېمىسىنى قانداق قىلاتتۇق. ئۇنىڭغا زېمىن دېگەن ئوغرىنىڭ كالتىكى تەگكەن تۇرسا، بىزگە نېمە جاۋابكارلىق؟

— جاۋابكارلىق بولمىسا ئادەمگەرچىلىكمۇ بولمامدۇ، ئاكا؟ ئۇ يا گۆش ئەمەس، يا بەز، گۈلنازنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغانسەن؟

ئاڭلىسام قانداق قىلاتتىم.

— ئاكا، ئۇياقتا دادام سەكراتتا، ماۋۇ يەردە بىر كۈيۈ ئوغۇل جان تالاشماقتا. سەن قېتىمغا ئالماي تاماشاڭنى قىلىپ يۈرۈسىنا؟

— تاماشا قىلىۋاتىمەنمۇ، ئىش پۈتتۈرۈۋاتىمەنمۇ سەن نېمە بىلەتتىڭ، ماڭە يۈگۈر، مېھمانلارنى كۈتۈشنىڭ يولىنى قىلە!

نەمرۇد كەتتى، قۇددۇس بېلىنى تۇتۇپ ئاكىسىنىڭ كەينىدىن ئالىيىپ غودۇڭشىدى:

— ئادەم دېگەن جىق ئوقۇۋۇەرسە رەھىمسىز بولۇپ قالىدىغان ئوخشىمامدا؟ پۇلنى مەن تېپىڭ، مېغىزىنى بۇ ئوغرى چېقىڭ تېخى!

ئۇ «ئوغرى» دېگەن ئادەت سۆزىنى قوللاندى ـ دە، ئۆزى كۈلۈپ كەتتى. چۈنكى، قۇددۇس «ھاجىم» بولۇپ قايتقاندىن كېيىن كەلسە ـ كەلمەس «يامان» ئىش ۋە يامان تىللاردىن ئۆزىنى تارتىدىغان كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا ئىنتىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. «ئۇنىڭغا زېمىن دېگەن ئوغرىنىڭ كالتىكى تەگكەن» دېگەن سۆز بايىلا ئاكىسىنىڭ ئاغزىدىن چىققاندا ئۇنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالغانىدى. مانا ئەمدى بۇ سۆز ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن چىقتى.

ئۇنىڭ خىيالى بىردىنلا سىڭلىسىغا، سىڭلىسىنىڭ يولدىشى ئابلا يانتاققا كۆچتى. ئەتىگەن ئۇ: «ئابلا يانتاق تاياق يەپ دوختۇردا يېتىپتەك» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ دوختۇرخانىغا ئۇنى كۆرگىلى باردى. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، ئۆزى بىلەن قۇرداش كۈيۈ ئوغلىنىڭ كۆكىرىپ، قارىداپ كەتكەن يۈزىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئابلانىڭ بېشى تېڭىلغان، كۆزلىرى كۆكەرگەن، كالپۇكلىرى قارىداپ دوردايغان، تونۇغۇسىز ھالدا ئارانلا نەپەس ئېلىپ ئاسما ئوكۇلدا ياتاتتى. قۇددۇس دائىم ئۇنىڭ ھىجىيىپ تۇرىدىغان يوغان ئېغىز، يوغان كۆز، يوغان بۇرۇتلۇق يۈزىنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتەتتى.

بۇگۇن مانا بىرىنچى قېتىم ئۇ ئابلانىڭ قورقۇنچلۇق چىرايىنى كۆرۈپ كەينىگە داجىدى ۋە يىغىدىن لەۋلىرى كۆپچۈپ، كۆزلىرى ئىششىغان سىڭلىسىغا قاراپ:

— كىم، نېمىشقا ئۇرۇپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچكىم بىلمەيدۇ، — دېدى گۈلناز لەۋلىرىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ، — مەن، ھەممىنى قىلغان مەن.

— سەن نېمە قىلغانتىڭ، ئۇكام؟

— كېچىدە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدىم.

— نەگە بارغانتىڭ؟

— ... ھېچ يەرگە...

— نېمە دەۋاتىسەن، ئۇكام، ئېسىڭ جايىدىمۇ زادى؟

— ... بىلمەيمەن !

قۇددۇسنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. ئوغۇللارنىڭ كىچىكى بىلەن قىزلارنىڭ كىچىكى ھاجىمنىڭ ئەتىۋارلىقلىرى ئىدى. بۇ ئاكا - سىڭىللارمۇ بىر - بىرىگە ئېجىل، بىر - بىرىگە ئامراق ئىدى. گۈلناز ھېچكىمگە ئېيتمىغان گەپلىرىنى مۇشۇ كەنجى ئاكىسىغا ئېيتاتتى. قۇددۇسمۇ ھەرقېتىم سىرتتىن كەلگەنىدە ئەڭ ياخشى سوۋغاتلىرىنى مۇشۇ سىڭلىسىغا ئاتاپ ئەكىلەتتى. شۇنداق يېقىن بىلىدىغان سىڭلىسىمۇ بۇگۇن تۇنجى بولۇپ ئاكىسىدىن سىر يوشۇرغانىدى.

«زېمىنىنىڭ كالتىكى تەگكەن؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ئاكىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ گەپلىرىدىن مەلۇم مەنىگە ئىگە بولۇپ، — كېچىدە سىڭلىم زېمىنىنىڭ ئۆيىگە بارغان، ئابلا كەينىدىن بېرىپ زېمىندىن تاياق يېگەن بولسىچۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولسا گۈلنازنىمۇ، زېمىنىنىمۇ ئۆز قولۇم بىلەن سويىمەن !»

لېكىن، ئۇ زېمىنىنىڭ ناشايان ئىش قىلىشىغا ئىشەنمەيتتى. زېمىن ئۆزىنىڭ ئەخلاقى، ئادىللىقى ۋە كەڭ قورساقلىقى بىلەن ناھىيەدە ئابرۇي تاپقان ئادەم. «زېمىننى ھاكىم قىلىش كېرەك» دېگەن غوۋغا بولتۇر بىكاردىنلا

كۆتۈرۈلگەن ئەمەس. قۇددۇسنىڭ ئۆزىمۇ زېمىندىن كۆپ ياخشىلىق كۆرگەن. ئۇنىڭغا مۇشۇ بىنانىڭ ئورنىنى ئەرزان باھادا ئېلىپ بېرىشكە، بىنا قۇرۇلۇشىغا ئۇستا، ئەرزانچى بىناكارلارنى تېپىپ بېرىشتە، خىش، ھاك، سېمونتلارنى ئەرزان باھادا سېتىپ ئېلىپ بېرىشتە زېمىنىنىڭ چىقارغان كۈچى ھەممىدىن كۆپ.

«زېمىن شۇجى بىزنىڭ مۇلازىمەت شىركىتىمىز ئۈچۈن بەش يۈز مىڭ يۈەن پايدا كەلتۈردى» دېگەنىدى قۇددۇس بىر قېتىملىق زىياپەتتە راست گەپ قىلىپ.

«شۇنداق بىر ئابرۇيلۇق ئادەم بۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلارمۇ ـ ھە؟» دېدى قۇددۇس زېمىن توغرىسىدا ئەتراپلىق ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئاكىلىرى بىلەن كۈيۈ ئوغۇللىرى «ھاجىم ئاتىمىزنىڭ يېقىلىشىغا زېمىن سەۋەبچى» دەپ غوۋغا كۆتۈرگەندە دەسلەپ ئىشىنىپ زېمىننى جازالاشقا تۇتۇنغان. لېكىن، ئۇ بەختى ھاكىمنىڭ زېمىننىڭ تەرىپىنى ئېلىپ قىلغان نەسىھەتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆي دەۋاسى ئىشىدا زېمىننىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ جازالاش نىيىتىدىن يانغانىدى. بۈگۈن مانا كۈتۈلمىگەندە ئابلا زەربە يېگەن. بۇنىڭدىمۇ زېمىننىڭ قولى بار دېيىشمەكتە. ئۇ سىڭلىسى بىلەن زېمىننىڭ ياشلىقىدىكى سەرگۈزەشتىسىنىمۇ ئەسلىدى. سىڭلىسىنىڭ زېمىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئابلادىن تېخىمۇ سوۋۇپ يۈرگىنىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىچىك سىڭلىسىغا ھەممىدىنمۇ كۆپرەك ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ زېمىننىڭمۇ قىرىق ياشتىن ئاشقۇچە ئۆي ـ ئوچاقلىق بولماي يۈرۈشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ قىياس قىلغان، لېكىن ئۇ سىڭلىسى بىلەن زېمىننىڭ كۆل ئاستىدا قالغان چوغنى پۇۋلىشىنى خالىمايتتى. بىر كىشى ئاز ـ تولا ئازاب ۋە پۇشايمان بىلەنمۇ كۆڭۈللۈك ياشىيالايدىغۇ، ئۆتكەن ئىشنى ئۇنتۇپ يېڭىچە مۇناسىۋەت پەيدا قىلىش زۆرۈر دەپ ئويلايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مانا بۈگۈن سىڭلىسى تىلىنى چاينىماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابلا نەق زېمىننىڭ دېرىزىسى يېنىدا تاياق يەپ يىقىلغان. بۇ ئەھۋالنى قانداق چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ئاكىسى نەمرۇد جايلاشقان مەخسۇس خانىدىن كۆلكە، سىلىق مۇزىكا ئاڭلانماقتا. ئۇ يەرگە مەززىلىك يېمەكلىكلەر توشۇلماقتا. قۇددۇس بولسا ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىرىنىڭ قوللىرىدا گۈللەر چېكىلگەن سالاسۇنلۇق چۆرىدىمە بالكوندا ئورۇندۇقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىز ئىشلار ئۈستىدە ئويلانماقتا.

«توغرا، ـــ دېدى ئۇ ئۇزاق خىيالدىن كېيىن، ـــ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش كېرەك.»

ئۇ هويلىغا قارىدى. «شاڭخەي» ئورنىدا ئىدى. ئۇ شوپۇرنى تۇۋلىدى.

ـــ ئەركىن، ماڭ يۈگۈر، بىرىنچى يېزىغا بېرىپ زېمىن شۇجىنى تېپىپ كەلگىن. ئۇنىڭغا قۇددۇس لاۋبەن جىددىي بىر ئىش بىلەن سۆزلەشمەكچى دېگىن.

ئۇ شوپۇرنى ئىشقا بۇيرۇۋېتىپ ئۆزى بىرىنچى قەۋەتتىكى ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

«باش مۇدىر ئىشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا پېشانىسىگە چاپلانغان ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق ئۆي «مۇدىر»غا لايىق بېزەلگەن: تاشقىرىقى ئۆي قوبۇلخانا، ئىچكىرىدىكىسى ئىشخانا، ئۆيلەر گىلەم، دىۋان، تېلېفون ۋە يېزىق ئۈستەللىرى بىلەن زامانىۋى بېزەلگەن.

ـــ مېنى ئىزدەپ كەلگۈچىلەر بولسا بۈگۈن كۆرۈشەلمەيمەن، ـــ دېدى هاجى قۇددۇس كاتىپ يىگىتكە سوغۇقلا قىلىپ، ـــ زېمىن شۇجى كەلسە ئىشخانىغا باشلاپ كىر!

ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ قوبۇلخانىسىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ

ئىشخانىسىغا توخۇ گۆشى، تونۇر كاۋىپى، مېۋە ـ چېۋە، هاراقلارنى تەييارلاتقۇزدى. ئاندىن خىزمەتچىلەرنى چىقىرىۋېتىپ بىخەتەر ساندۇقنى ئاچتى ـ دە، غىلىپىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، ساپلىرىغا قىممەتلىك تاشلاردىن گۇل چېكىلگەن خەنجىرىنى ئالدى. ئۇ خەنجىرىنىڭ بىسىنى تىرنىقى بىلەن سىناپ كۆردى ۋە ئۇنى غىلىپىغا قايتىدىن سېلىپ ئۆزى ئولتۇرىدىغان ئايلانما ئورۇندۇق ئالدىدىكى چاي شىرەسىنىڭ داستىخىنى تېگىگە يوشۇرۇپ قويدى. ئۇ خاپا، جىددىيلەشكەن ۋە تەمتىرىگەن ھالدا ئىشخانا ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئاخىر گوللاندىيە ۋىسكىسىدىن بىر رومكا قۇيدى ـ دە، ئۇنى ئىچىۋەتتى. لەززەتلىك ئىچىملىك ئۇنىڭ بەدىنىدە بىر خىل كۆچ، خۇشاللىق بولۇپ ئاقماقتا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىر خىل شېرىن تۇيغۇ بىلەن جانلىنىشقا باشلىدى. ئۇ يەنە بىر رومكا ئىچتى ـ دە، ئىشكاپنىڭ ئەينىكىگە قارىدى. قىزارغان، كۆزلىرى ئويناق، قارا كۆتمەك بۇرۇت ئاستىدىكى لەۋلىرى چىڭ يۇمۇلغان قىران يىگىت ئەينەكتە نامەلۇم بىرىگە خىرىس قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئويلىدى: «دۇرۇس، ئۇنى مانا مۇشۇنداق سۇر بىلەن كۆتۈۋېلىش كېرەك. قول ئېلىشامدىمەن؟ ياق، قوللىرىم كەينىمدە، مەن تورۇسقا قارىغان ھالدا ئۆرە تۇرۇشۇم خۇددى مۇستافا كامال ئۆز قول ئاستىدىكىلىرىنى قوبۇل قىلغاندىكىدەك بىر خىل خوجايىن بىلەن بېقىنغۇچى ئېنىق پەرقلىنىدىغان مەنزىرە شەكىللەندۈرۈشۈم كېرەك.»

نەق شۇ چاغدا ئىشىك قېقىلدى. ئۇ يەڭگىل يۆتىلىپ قويدى. ئۆيگە كاتىپ يىگىت، ئۇنىڭ كەينىدىن زېمىن بىلەن يېزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى — قۇددۇسنىڭ يېقىن ئاغىنىسى تۇراق ئىسىملىك يىگىت كىرىپ كەلدى.

— سالام، — دېدى زېمىن تەمكىن خۇشخۇي ھالدا قولىنى سوزۇپ.

— تىنچمۇ سەن، قۇددۇس جىگلى ! — دېدى تۇراق سوزۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋارقىراپ، قۇددۇس ئۇلارغا ئىختىيارسىز قول سوزدى. «بىرىنچى تەسلىمچىلىك، — دېدى ئۇ ئىچىدە رەللە بولۇپ، — بۇ مۇنۇ تۇراق دوكانىڭ يۈز - خاتىرىسى، ئىككىنچى تەسلىمچىلىككە ئەمدى يول يوق!»

مېھمانلار تەكەللۇپسىزلا دىۋانلاردىن ئورۇن ئالدى. گەپنى تۇراق باشلىدى:

— قېنى، قۇددۇس سولاش، — دېدى تۇراق بالا ۋاقىتلىرىدىكى قوپال تىل بىلەن سۆزىنى باشلاپ، — ئاۋۋال ئاۋۇ ۋىسكاڭدىن بىر رومكىدىن قوي، ئاندىن كېيىن گەپنى ئەگىتمەي قىل: يەر لازىممۇ، ئەمگەك كۈچى لازىممۇ ياكى خام ئەشيا لازىممۇ؟

قۇددۇس ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدى. رومكىلار بوشىغاندىن كېيىن قۇددۇس كۆكىرىپ، قارىداپ ياتقان ئابلا يانتاقنى يادىغا ئالدى - دە، تۇراققا قاراپ قويۇپ:

— بۇگۈن مەن زېمىن شۇجى بىلەن ئەمەس، ئۆز قېرىندىشىم زېمىن ئىسمائىل بىلەن سۆزلەشمەكچى! — دېدى.

— مەن ئارتۇق ئادەم، چىقىپ تۇرىمەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق بولىدۇيا، ئەمدى.

تۇراق ئورنىدىن تۇرۇپ ۋىسكىدىن يەنە بىر رومكا قۇيدى - دە، قۇددۇسقا سۇرلۇك قاراپ قويدى. ئۇ رومكىنى بوشاتتى.

— ئۇنداق بولسا، قۇددۇس جىگلى، ئاڭلاپ قوي: زېمىن شۇجىنى بۇ يەرگە ئۇن يىگىت مۇھاپىزەت قىلىپ ئەكەلدى. ناۋادا شۇجىنىڭ بىر تال چېچى زىيانغا ئۇچرىسا بىرىنچى يېزا خەلقى سېنىڭ مۇنۇ ئۇچ قەۋەت مولازىمەتخانائنى بىر سائەتتە تۈزلەپ تاشلايدۇ!

ئۇ ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى. قۇددۇس شۇ چاغدىلا قارشىسىدا ئولتۇرغان ئادەمگە قارىدى: زېمىن جۇدىگەن، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، بۇرۇنلىرى ئىنچىكە بولۇپ ئىككى قوۋۇزى چىشسىز ئادەمدەك چۆكۈپ، ساقال - بۇرۇتى

ئۆسكەن، روھى سۇنغان ھالدا يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— خوش، قۇددۇس، — دېدى ئۇ، — گەپ بولسا ئوچۇق - يورۇق قىل. سېنىڭ نېمە توغرىدا سۆزلىشىدىغىنىڭنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. ئاۋۋال شۇنى دەپ قوياي: ئابلا مېنىڭ قولۇمدا يارىلانمىدى، مەن پۈتۈنلەي بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتسىز. ئۇن يىگىت مېنىڭ تۇنۇگۇن كېچە ئالتىنچى كەنتتە تويدا بولغىنىمغا گۇۋاھ بولۇش ئۈچۈن كەلگەن. ئۆيدە دادام يالغۇز قالغان. دادام ئاكىسىنىڭ ئاغرىپ قالغىنىنى ئاڭلاپ ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، كېچىچە چىراغ غۇۋا يورۇق تۇرغان. ئابلانىڭ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ دېرىزەمگە كەلگەنلىكى، ئۇنى كىمنىڭ ئۇرغانلىقى ماڭا قاراڭغۇ، مەن ئارقىدىن يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ماڭا كېلىپ چېتىلىپ قالغىنىغا ھەيرانمەن. دۇرۇس، چوڭ دادام بىلەن ئۆي - جاي دەۋاسى توغرىسىدا سۆزلەشكەندە ئېغىر - بېسىق بولمىغىنىم راست. لېكىن، بۇۋايغا قول تەگكۈزمىدىم. داداممۇ قول تەگكۈزمىدى. بۇۋاينىڭ يىقىلىشىنى بىزدىن كۆرگىنىڭلار پۈتۈنلەي يولسىزلىق. مېنىڭ كەينىمگە چوماقچىلارنى سالغىنىڭلار بىر خىل جىنايەت. بەلكى ئابلانى يېزىمىزدىكى بىر قىينى قىزىق يىگىت مېنىڭ يېيىمگە چۈشكەن چوماقچى دەپ گۇمان قىلىپ ئۇرغاندۇ، بۇنى ئەلۋەتتە ئېنىقلايمىز. ئابلاغا قاتتىق ئېچىندىم...

— خۇشال بولغانسەن، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلغان قارا باتۇر يوقالدى دەپ خۇشال بولغانسەن!

— گەپنى يولىدا قىل، ئاۋازىڭمۇ چەكتىن ئاشمىسۇن - ھە؟

— نېمە دېدىڭ، چەك دەمسىنا، سەن بىلەن مەن ئەمەس، مانا مۇنۇ سۆزلىشىدۇ.

قۇددۇس خەنجەرنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ يېنىدىكى دىۋانغا سانجىپ قويدى.

زېمىن چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن كولۇپ قويدى ۋە

دېۋاندا لىڭشىلداپ تۇرغان خەنجەرگە قاراپ قويۇپ:

— يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ قەھرىمانلىرى خەنجەرگە ئەمەس، ھەقىقەتكە تايىنىدۇ. ئەگەر ساڭا جاۋاب قايتۇرۇش زۆرۈر بولسا تالاغا قاراپلا قويسام بىر خەنجىرىڭگە قارشى يۈز خەنجەر كېلىپ ئالدىڭغا سانجىلىدۇ. بايىقى تۇراقنىڭ گېپىنى ئۇنتۇما. بىلەمسەن، ئۇلار سېنىڭ بۇ ئەلپازىڭغا ئالىلىقاچان جاۋاب تاييارلاپ قويغان، — دېدى.

قۇددۇس خاتىرجەم ئولتۇرغان زىمىننىڭ تىزىدىكى تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىققان قوپال قوللىرىغا قاراپ قويۇپ:

— ھوقۇقۇڭغا تايىنىپ بىر يېزا خەلقىنى بىزگە قارشى قويالايسەن، يالغان گەپلەرگە گۇۋاھچىلارنى تويلاپ ئۆزۈڭنى ۋاقتىنچە ھىمايە قىلالايسەن. بىلەمسەن، بۇ قىلىقلىرىڭ مۇستافا كامالنىڭ قىلىچىدىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلغان جاھىل دىندارلارنىڭ قىلمىشىغا ئوخشاشلا بىر ئىش! — دېدى.

قۇددۇس بۇ ئۇزاق ئويلىنىپ تاپقان سۆزىدىن ھوزۇرلىنىپ ئىتتىك چەت ئەل پاپىروسىدىن بىرنى ئالدى - دە، ئۇنى قىممەت باھالىق چاقماق بىلەن ياندۇرۇپ توغرا چىشلىدى ۋە قاتتىق بىر شوراۋېتىپ زىمىنغا يالت قىلىپ قاراپ قويدى. زىمىن يەنىلا خاتىرجەم كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى.

— كۈلىسەنغۇ؟

— كىچىككىنە بىر شىركەتنىڭ جىڭلىسى ئۆزىنى تۈركىيەنىڭ دۆلەت ئاتىسىغا ئوخشاتسا، مېنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياشاۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەل ھەققىدە نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولغان بىر قېرىنداشىم ئوتتۇرا ئەسىر ئىسپان رىتسارى دونكىخوتنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ شامال تۈگمىنىگە ھۇجۇم قىلىۋاتسا، خەلقىمنىڭ نادانلىقىدىن كۈلمەي قانداق قىلالاتتىم!

قۇددۇس بۇ ئۇزۇن جۈملىنىڭ ھەممە مەنىسىنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ «دونكىخوت» دېگەن سۆزنى چۈشەندى.

زېمىن ئۇنى مازاق قىلىپ شامال تۇگمىنىنى كۇچلۇك دۇشمەن ھېسابلاپ ئۇنىڭغا مۇشت ئاتقان دونكىخوتقا ئوخشاتماقتا ئىدى. قۇددۇس كىچىكىدىن شۇنداق تەربىيەلەنگەن: ئۇ ئۆز غورۇرىنى جېنى بىلەن باراۋەر كۆرىدۇ، غورۇرىنىڭ ھاقارەتلىنىشىگە ھەرگىز يول قويمايدۇ!

— نېمە دەيسىنا؟ يەنە بىر دېگىنە؟ — ئۇ غالىلداپ تىترەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنىڭ ئوڭ قولى خەنجەرگە سۇنۇلدى، — سەن جاھانكەزدى لۈكچەك، خالق تېگىدە كۆمۈر ئاستىدا مىجىلىپ ئۆلۈشكە تېگىشلىك ھاراملىق ئىدىڭ، قارىغۇ ئامەت سېنى شۇجى قىلىپ قويدى، بايىقى گېپىڭنى يەنە بىر دېگىنە؟

— گەپنى تەكرارلاشقا تولىمۇ ئۆچمەن، قۇددۇس جىڭلى، گەپلىرىڭ «ھاجى قۇددۇس» دېگەن نامغا لايىق بولمىدى. ھاجى نېمە، قۇددۇس نېمە؟ سەن كىمنىڭ بالىسى، قانداق نەسەبنىڭ پۇشتىسەن؟

قۇددۇس دەرھال دادىسىنىڭ: «ھەرقانداق جايدا مېنىڭ تۆرىخان ھاجىم نەسەبنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلا!» دېگەن تەلىمىنى يادىغا ئالدى. زېمىن بۇ «قالقان»نى نەدىن تاپتىكىن؟ ئۇ يەنە ئورنىغا ئولتۇردى. قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ بېشىنى دۇان يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ تورۇسقا قاراپ كۆچەپ تاماكا تارتىپ جىم بولۇپ قالدى. ئەمدى ھۇجۇم قىلىش نۆۋىتى زېمىنغا كەلگەنىدى.

— توغرا، مەن كۆمۈر خالق ئاستىدا ئۆلۈشۈم كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ تارىخىغا داغ چۈشمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆز ئىززەت - ئابرۇيى ئۈچۈن بالىلىرىغا قىلغان رەھىمسىزلىكى ئالىيجانابلىق ھېسابلانغان بولاتتى. ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكى بىلەن بىر ئۆمۈر بەختسىز بولۇشقانلارنىڭ تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى «ھەقىقەت»نىڭ جازاسى دېيىلگەن بولاتتى. يەنە...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بولدى دەيمەن، دادامغا تىل تەگكۈزمە!
— داداڭنى دەۋاتقىنىمنى نەدىن بىلدىڭ؟
— سېنىڭ يالغان شىكايىتىڭنى كىم بىلمەيدۇ؟
— يالغان دېيىشكە ئىسپاتلىرىڭ تولۇقتۇر ـ ھە؟ سەن ۋىجدانلىق، ھەق سۆزلۈك يىگىتسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ، باشقىلارمۇ سېنى ھۆرمەتلەيمىز! — ھەي ئىنسان، ھەي باشقىلارنىڭ ماختىشىغا تەشنا جان ئىگىسى، «ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ» دېگەن سۆز بەلكى دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر پىسخولوگىيە ئالىمى دالى كارنېگىنىڭ پۈتۈن پەلسەپەسىنىڭ ئاساسىدۇر، لېكىن بىزنىڭ مىللىتىمىز بۇ سۆزنى ياراتقان بىلەن قەدىرلىمىگەن ھەم ئۇنى ھاياتتا ياخشى ياشاشنىڭ دەستۇرى قىلالمىغان.

مۇنۇ كىچىككىنە بىر يېزىنىڭ كۆرۈمسىز رەھبىرى بۇ سۆزنى نەلەردە يۈرۈپ سىناقتىن ئۆتكۈزگەن، نەلەردە يۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈنۈم مېۋىسىنىڭ تەمىنى تېتىغان ـ ھە؟

زېمىننىڭ سەۋرچانلىقى، ئېغىر ـ بېسىقلىقى ۋە مۇز بولۇپ توڭلىغان يۈرەككە مېھىر ـ مۇھەببەت، ھايات قانۇنىيەتلىرىدىن ھارارەت بېرىشى بىلەن قۇددۇس ئاخىر ئەسلىگە: مۇڭداشقاق، رەھىمدىللىككە قايتتى.

خېلى ئۇزاق سۈكۈت ـ جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇ زېمىنغا ئالايماستىن قارىدى ۋە بىر رومكا «ۋىسكى» قۇيدى. زېمىن ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سېنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك مېھمانخانا قۇرماقچى بولۇۋاتقىنىڭ، ئۇنىڭ يېنىغا زامانىۋى مۇنچىدىن بىرنى پىلانلىغىنىڭ تولىمۇ ياخشى بولۇپتۇ، — دېدى زېمىن ئويلىمىغان يەردە گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ، — ئاڭلىسام ئاز ـ تولا قەرز پۇل، خىش بىلەن ياغاچقا موھتاج ئىكەنسەن. بىزدە ئالتە خومدان بار، ياغاچمۇ يېتەرلىك، شەھەر خەلقى ئۈچۈن

پايدىلىق بولغاچقا، بىز ساڭا ئەرزان باھادا خىش ـ ياغاچ سېتىپ بېرىشنى قارار قىلدۇق. مەن بانكا بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم. ساڭا ئەللىك تۈمەن قەرز بېرىدىغان بولدى.

قۇددۇس ھاڭ ـ تاڭ قالدى، ئۇ جىددىيلىكتىن قۇتۇلۇش، بىچارىلىكنىڭ ئەسىرلىكىدىن ئازاد بولۇشنىڭ يولىنى ئىزدەۋاتقاندا ئۇنىڭغا بۇ يولنى زېمىن كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ دەرھال زېمىننىڭ يېڭى تېمىدىكى گېپىگە جاۋاب بەردى:

ــ تولا بەلەن، زېمىن شۈجى، تولا بەلەن!

زېمىن بىلەن قۇددۇس بىردىنلا باشقا تېمىدا، يەنى ئۆزلىرىگە كۆڭۈللۈك بولغان تىجارەت، قۇرۇلۇش ۋە شەھەرنى گۈللەندۈرۈش تېمىسىدا كۆڭۈللۈك سۆزلىشىشكە باشلىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ۋەدىلەرنى بەردى. بىر ـ بىرىگە بېرىدىغان پايدا ـ مەنپەئەت ئۇچۇن ئالدىنئالا رەھمەتلەرنىمۇ ئېيتىشتى.

بىراق، ئۇلارنىڭ يېڭىدىن باشلانغان دوستلۇقى ئۇزاققا بارمىدى. ئۇ خۇددى ئۇششۇككە يولۇققان كەچ كۈز مايسىلىرىدەك تېزلا سولاشتى.

بۇ زەربە ھاجىمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى نەمرۇدنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشى بىلەن باشلاندى.

نەمرۇد مەست، غەزەپلەنگەن ھالدا ئۆيگە ئۇسۇپ كىردى ـ دە:

ــ چىق، زېمىن ئىسىملىك مەخلۇق، ئۆيدىن چىق! ــ دەپ ۋارقىرىدى، ئارقىدىنلا، ــ مەن كىم بىلەمسەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلىغان ۋەھشىي نەمرۇدمەن. سەن زېمىن ئايىغىمدا چەيلىنىسەن. مېنىڭ غەزىپىمدە كۆل بولىسەن، سەن ئىككى ئادەمنى يىقىتتىڭ، ئەمدى مېنىڭ قولۇمدا يىقىلىسەن! ــ دەپ گۈركىرەپ كېلىپ زېمىننىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ تۇتتى ۋە زېمىننى تامغا نىقتاپ بېشىنى تامغا ئۇستۇردى. زېمىن ئۇنىڭ ھېچ يېرىنى تۇتمىدى. كۆلۈمسىرىگەن پېتى نەمرۇدنىڭ كۆزىگە تىك قاراپ، قوللىرىنى تۆۋەن سېلىپ تىك تۇرۇۋەردى. ۋەھشىيلىك بىلەن ئاق

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈللۈك، ھەققانىيەت بىلەن ئۆكتەملىك ئەنە شۇنداق كۈچ سىناشتى. ئۇلارنىڭ بىرى بوران، بىرى ئىللىق يېزا جىمجىتلىقى، بىرى چاقماق ـ گۈلدۈرماما، بىرى كۆڭۈللۈك ئائىلە، بىرى مېھرىبان ئانا قەلبى، بىرى ئاچ بۆرە ۋەھشىيلىكى... ئۇلارغا زىغزىق بولغان قۇددۇس ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى لازىم. چۈنكى، ئۇلاردىن بىرىنىڭ يىلتىزى ئاتىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئۇزاقلاپ ماڭغان نەسەبكە سىڭگەن. يەنە بىرىنىڭ يىلتىزى بولسا قۇددۇسنىڭ ئىنسانىي پەزىلەتتىن ئۇزۇقلىنىشقا باشلىغان قەلبىگە چوڭقۇرلاپ كىرمەكتە.

ئۇ ئالدىدىكى مۇنۇ ئېلىشىشتا بىرىگە يان بېسىشى، يەنە بىرىنى بېسىشى، بىرىگە ھېسداشلىق قىلىشى، بىرىنى ئەيىبلىشى كېرەك. مانا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئۇ زېمىننى ئەيىبلىمىسە پۈتۈن بىر ئەمەلىي كۈچنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قېلىشى ــ ئاتىسى، كۆيۈ ئوغۇللار (يەنى ناھىيە رەھبەرلىرى) ئۇنىڭ بۇ ئەيىبىنى كەچۈرمەسلىكى مۇمكىن. بۇ مۇقەددەس كۈچنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇشنىڭ قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا مەلۇم: بۇ بىر ئېتىلىۋاتقان ئوققا قارشى ماڭغانلىق، بىر تەلۋە شىرنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى قاچۇرمىغانلىق. لېكىن، زېمىننى ئەيىبلەپ ئاكىسىغا بولۇشسىچۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئورنىنى يوقاتقان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىلدى: زېمىن ئەيىبلىك ئەمەس ئىكەن. ئاتىسىنىڭ، ئابلانىڭ يېگەن زەربىسىنى ئەتەيلەپ زېمىنغا تېڭىش ئادالەتسىزلىك، ناھەقچىلىك ئىكەن.

بۇ قەلب بىلەن بەدەننىڭ ئېلىشىشى، روھ بىلەن جىسمنىڭ كۆرىشى. بۇ ئىككى نەرسە ھەم بىر، ھەم باشقا ـ باشقا. بىز ھامان بۇ نەرسىلەرنى بىر دەپ چۈشىنىشكە ئادەتلەنگەن ھەم بۇ ئادىتىمىزنى مۇقەددەس بىلىمىز. ئىنسان ئۆز قەلبىنىڭ ھەم قۇلى، ھەم خوجايىنى. قەلبنىڭ بۇيرۇغىنىنى جىسمىڭ ئورۇندايدۇ، بۇ چاغدا قۇلىسەن. جىسمىڭ خالىغىنىنى

قەلبىڭ راۋا كۆرىدۇ، بۇ چاغدا خوجايىنسەن. ئەپسۇسكى، بۇ خىل خوجايىنلىق كۆپ ھاللاردا سېنى ئاۋارىچىلىككە سالىدۇ، ھەتتا سېنى جىنايەتچى قىلىپمۇ قويىدۇ.

«كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ، كۆڭۈل ھەر جايغا باشلايدۇ» دېگەن سۆزنى تۇزىتىپ ئوقۇش كېرەك. چۈنكى، بۇ جۈملىدىكى خاتالىق شۇ: كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىم كىرمەيدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب ئېنىق ئەمەس، يەنى «بەدەننىڭ مەيلىگە باقما، سېنى ھەرجايغا باشلايدۇ» دەپ ئوقۇش كېرەك. ئىنسان بەدىنى سەككىز خىل ئېھتىياج بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى تەمە ـ راھەتلىنىش ئېھتىياجى ھەممىدىن خەتەرلىك. ئۇ ئاسانلا سېنى كاردىن چىقىرىدۇ. مانا شۇ چاغدا «قەلب» دېيىلىدىغان «روھ»نىڭ بۇيرۇقى، يەنى ئىرادىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزۈڭنى كونترول قىلىشىڭ كېرەك. بۇ خىل كونترول قىلىش سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭنى پاكلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ...

ھاجى قۇددۇس بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملىلەرنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇ ئادەت كۈچى بىلەن ئىستەكنى چۈشىنەلەيدۇ. ئەنە ئۇ ئاخىر ئادەت كۈچىنىڭ قولىغا ئايلاندى. ئاكىسىغا بولۇشۇپ جىم تۇرغان زېمىنىنىڭ ئېگىكىدىن مۇشت بىلەن تۇرتتى، بۇ ئاكىسىنى قوللىغانلىقى، بۇنىڭ بەدىلىگە نەمرۇد غالجىرلاشتى، زېمىنىنىڭ بۇرنى قانىدى. زېمىنىنىڭ قېنى قۇددۇسنىڭ ئاپپاق كۆڭلىكىنى بويىدى. زېمىن ئوڭ قولى بىلەن بۇرنىنى تۇتتى ۋە قۇددۇسنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى. بۇ كۆزلەردىن قۇددۇس شۇنداق بىر نەپرەتنى كۆردى: قۇددۇس ئۆزىنى باغلاقتىن بوشانغان تەلۋە ئىت ھېسابلىدى ـ دە، بىر غايىب كۈچنىڭ تۇرتكىسى بىلەن ئاكىسى نەمرۇدنىڭ زېمىننىڭ ياقىسىنى چىڭ قاماللىۋالغان قوللىرىنى سىلكىپ ئاجراتتى ۋە:

— چىق، ئۆيدىن چىق دەيمەن. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مازىرى بولساڭمۇ ئۆيدىن چىق ! — دېدى كۆزىدىن قويۇلۇۋاتقان ياشلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى ئىسيانى، ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ كۆڭۈلسىزلىك ئىدى. بۇ بىر ئېغىز سۆز ئۇنىڭغا قانداق بالايى ـ ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرەركىن؟ ...

نەمرۇد سىلكىنگەن قوللىرىنى زېمىننىڭ كانىيىغا قايتا سۇنۇشنىڭ ئورنىغا ئىنىسىنىڭ كانىيىغا سۇندى ۋە ئۇنىڭ قان بىلەن بويالغان كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن مۇجۇپ تۇتۇپ سىلكىدى:

— ۋوي ئاسىي، پۇشتىدىن تانغان ئاسىي !

— سېنىڭ پۇشتۇڭ ئىنسابسىز ئەمەس، ئاكا !

— مەن ئىنسابسىزما؟ ئۇنداقتا سەنچۇ مۇناپىق ! — نەمرۇد ئىنىسىنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ ئۇنى تامغا ئاپىرىپ نىقتىدى، — ئاتاڭغا قول كۆتۈرگەن، سىڭلىڭنى بۇزغان، كويۇ ئوغلۇڭنى ھوشسىزلاندۇرغان دۈشمەننىڭ ئىنسابلىقما ئەمەسمە؟ ئۇنىڭ ئاز ـ تولا مەنپەئەت بەرگىنىگە ئېرىپ كەتكەن ساڭا ئوخشاش نائەھلىنى پۈتۈن ئۇرۇق ـ پۇشتۇڭ جازالايدۇ.

— ئۇرۇق پۇشتۇم ناھەقچىلىككە يول قويمايدۇ، تارت دەيمەن قولۇڭنى ! — قۇددۇس ئاكىسىنىڭ ياقىسىدىكى قوللىرىنى قاتتىق سىلكىدى، — ئىززىتىڭ بىلەن ئۆيدىن چىق، بولمىسا ھېلى...

— نېمە؟ — نەمرۇد ئىنىسىغا بىر مۇشت ئاتتى. قۇددۇس چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى ـ دە، مۇشت ئۇلارنى ئاجرىتىشقا كىرىشكەن زېمىننىڭ قۇلاق تۈۋىگە تەگدى. زېمىن سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئۈستەلگە تايىنىپ قالدى. شۇ چاغدا قۇددۇس غەزەپ بىلەن ئاكىسىغا مۇشت ئېتتۇيدى، بۇ مۇشتمۇ ئورنىدىن ئەمدىلا تۇرۇپ ئاجرىتىشقا كىرىشكەن زېمىننىڭ ياڭىقىغا تەگدى. زېمىن بۇ قېتىم دىۋانغا يېنىچە يىقىلدى. ئۆيگە كاتىپ ۋە زېمىننىڭ ئەگىشىپ كەلگەن ئادەملىرى بېسىپ

كىرىشتى. ئۇلار ئاق - قارىنى سورۇشتۇرمەيلا قۇددۇس بىلەن نەمرۇدنى ئۇر - ئۇر قىلىشىپ هويلىغا سۆرەپ چىقىشتى. قۇددۇسنىڭ خىزمەتچى، ئاشپەز، شوپۇرلىرى قىڭراق - كالتەكلەر بىلەن تۇشمۇتۇشتىن چىقىشىپ بىرىنچى يېزىنىڭ يىگىتلىرىگە ئېتىلدى. زېمىن سەنتۇرۇلۇپ يۇرۇپ ئۆز ئادەملىرىنى تۈمۈر دەرۋازىنىڭ سىرتىغا ئىتتىرىپ چوڭ ماجىرانىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشتى. باش - كۆزى قان، كىيىملىرى يىرتىلغان قۇددۇسمۇ ئۆز ئادەملىرىنى توسۇپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. شۇ ئارىلىقتا قۇددۇسنىڭ بىر هاراقكەش كۆزەتچىسى كالتەك بىلەن زېمىننىڭ بېشىغا ئۇرۇۋەتتى. زېمىن يەردىن قاڭقىپ بىرىپ نېرىدىكى ماشىنىنىڭ چاقى ئاستىغا يىقىلدى. بىرىنچى يېزىنىڭ يىگىتلىرى كۆزەتچىنى هەش - پەش دېگۈچە ئۇرۇپ - چەيلەپ قاتتىق هۇجۇمغا ئۆتكەندە قۇددۇس زېمىننى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قاراپ ماڭدى ۋە ۋارقىراپ:

— ئۇرۇڭلار، مېنى ئۇرۇڭلار، مەن زېمىن بىلەن بىللە ئۆلەي، ئۇرۇڭلار! — دېدى. يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ باشلامچىسى بولغان تۇراق ئۇنىڭ گۇناهسىزلىقى، ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن بىكارلا ئۇر - ئۇر بولۇۋاتقانلىقىنى دەرهال چۈشەندى - دە، غولىچىنى كەڭ كېرىپ ئۆز يىگىتلىرىنى توسۇدى:

— ئاغىنىلەر، كۈچنى ئەمەس، ئەقىلنى ئىشقا سالايلى! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ زېمىن شۇجى دائىم تەكرارلايدىغان بىر جۈملە سۆزنى ئىشلىتىپ، يىگىتلەر چېكىندى. قانغا مىلەنگەن قۇددۇس، قانغا مىلەنگەن زېمىننى چىڭ باغرىغا بېسىپ ۋارقىرىدى:

— شوپۇر بول!

ئۇلار ماشىنا بىلەن دوختۇرخانىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ

كېيىندىن «سانتانا»مۇ دوختۇرخانىغا چاپتى. بۇ ماشىنىدا چىرايلىق قارا كاستۇم ـ بۇرۇلكا بىلەن بىر خىل ياسانغان يىگىتلەر نەمرۇدنىمۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىشتى.

«ھاجى قۇددۇس مۇلازىمەتخانىسى»دا يۈز بەرگەن بۇ جېدەل ناھىيە تارىخىدىكى مەشھۇر ئىشلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىغا ھەممە ئادەم ئىشىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقە دەرھال ناھىيەگە تارقالدى. تۇردى كېرەم شۇجى بۇ ئىشنى ئاڭلاپ دەرھال تېلېفون بىلەن قاسىم قۇربان، ئوبۇلغازى، قۇببەس مۇدىرلارنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. ئۇ ئەھۋالنى ئەينەن پېتى ۋىلايەتتىكى باجىسى ئىبراھىم ئەزىزگىمۇ خەۋەر قىلىپ ئۈلگۈردى.

قاسىم قۇربان بىلەن ئوبۇلغازى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دەرھال چۈشىنىشتى، ئۇلار خۇشال ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ قاپاقلىرى چۈشكەن، ھەتتا چىشلىرى بەزىدە غۇچۇرلاپمۇ قوياتتى.

— مانا ئەمدى زېمىن بىلەن جىددىي سۆزلىشىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، — دېدى تۇردى كېرەم بۇ ئىشقا تولىمۇ ئەستايىدىل قاراپ، — ئۇ بىرىنچى يېزىنىڭ چوماقچىلىرىنى ئەكەلمىگەن بولسا بۇنچىلىك ماجىرا بولمايتتى. ئىككى كۈن ئىچىدە ئاتىمىز بىلەن بەش ئادەم دوختۇرغا كىردى. بۇ جاۋابكارلىق مېنىڭچە ئەلۋەتتە زېمىننىڭ ئۈستىدە. مەن جاۋ شۇجى بىلەن بەختى ھاكىمغا بۇ ئىشنى رەسمىي مەسىلە قىلىپ دوكلات قىلىمەن!

— شۇنداق قىلىدىغان يېرى كېلىپ قالدى، — دېدى ئوبۇلغازى دەرھاللا، — بۇ ئوغرىنىڭ نوخلىسى ئۆسۈپ قالدى، ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولارئىمىش دېگەن شامال چىقىش بىلەن ئۇ كېرىلىپ ناھىيەگە پاتماي قالدى.

— بىزنىڭ ناھىيەگە ھېلىقى، ھېلىقى نېمىدا، ھە

ھولمېستەك[1] رازۋېدكىچى لازىم بولۇپ قالدى. بولمىسا بۇ زېمىنغا ئەيىب قويماق تەس جۇمۇ !

— نېمانداق مۇجمەل گەپ قىلىلا، قا جۇرېن ! — دېدى تۇردى كېرەم ھاجىم ئەڭ يېقىن كۆرىدىغان ئادەمنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان ئىڭەكلىرىگە تىكىلىپ ئەستايىدىللىق بىلەن، — نېمىشقا ئەيىب قويماق تەس دەيلا، پىكىردە بىرلىككە كېلەيلى دەپ بۇ يەرگە يىغىلغاندىمىز، گەپ بولسا ئوچۇق دېسىلە.

— ھېلىلا ھاجى قۇددۇس بىلەن پاراڭلاشتىم، — دېدى قاسىم قۇربان ھەربىر سۆزنى قېلىن لەۋلىرى ئاستىدىن تەستە چىقىرىپ، — ئۇ كىچىك ھاجىم زېمىننى ئاقلاپ، نەمرۇد بەگنى ئەيىبلەپ سۆزلىدىيا !

— سېتىلغان گەپ ! — دېدى ئوبۇلغازى دەرھاللا، — بۇ بالا پۇل، مەنپەئەتكە ئادەمنى ساتىدۇ جۇمۇ !

— ھۇم، — دېدى تۇردى كېرەم يەرگە قاراپ، — ئەستا، ماۋۇ خوتۇنلارنىڭ ئۇرۇمچىگە كېتىشكىنىنى دېيىشمەملا، شۇ خەق خېلى توغرا گەپلەرنى تېپىشاتتى. بۇ ياققا قاچسا ھارۋا سۇنىدۇ، ئۇ ياققا تارتسا ئۆكۈز ئۆلىدۇ. راستىنىلا زېمىندا گۇناھ بولمىسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇ ناھىيەگە بىر دوملاپلا شۇجى بولۇۋالسا مانا كۆرۈڭ. نەمرۇدجان ئاتىمىزنىڭ جېنى دېسىلە. ئىبراھىم ئەزىزىمۇ ۋىلايەتتىن بەرگەن تېلېفوندا زېمىننى قاتتىق جازالىماي بولمايدۇ دېدىيا، ئۇ باجىمىز ئاتىمىزنىڭ كۈچى بىلەن ۋىلايەتكە ئۆستى، مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ مالىيەگە مەسئۇل بولارئىمىش. ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلمىساق يەنە بولماس ! …

ئۇ تىرناقلىرى بىلەن شىرە ئۈستىگە سوئال بەلگىسىنى سىزدى.

— دېدىمغۇ، ھولمېس كېرەك دەپ. ئەڭ ياخشىسى سالماق

[1] ھولمېس — «ھولمېسنىڭ رازۋېدكا خاتىرىسى» دېگەن كىتوەنكى باش قەھرىمان.

www.uyghurkitap.com

بولايلى، ئىلاج بار كەينىگە سوزايلى، ئۆكۈزنىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشىنى كۆرىمىزغۇ ھەرقايسىمىز. ھارۋىكەش قانچە دۈمبالىسىمۇ ئۇ ھەربىر تۈشۈكنى بىردىن پۇراپ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەيدۇ. ھىم، مانا شۇنداق، ھازىر مۇھىمى ئاتىمىزنىڭ سالامەتلىكى. شۇ كىشى ساقايسىلا ھەممە ئىش ئاسانلىشىدۇ.

— ئالىمادىس، — دېدى ئوبۇلغازى ئىككى باشلىقتا ئېھتىيات بىلەن قاراپ قويۇپ، — گۈلشەرىخان خېنىم بىلەن گۈلجامال خېنىملار بېشىغا داكا ياغلىق تاڭىدىغان كۈن بولۇپ قالسا...

— شۇم ئېغىزلىق قىلمىسىلا، — دېدى قاسىم قۇربان ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — سىلىنىڭ مۇشۇ ئېغىزلىرى...

— يەنە خاتا گەپ قىلدىمىيا، — دېدى ئوبۇلغازى دەرھال كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ئالىمادىس !...

— بۇ ئېھتىماللىقنىمۇ كۆزدە تۇتماي بولمايدۇ، — دېدى تۇردى كېرەم ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاشتۇرۇپلا، — شۇنداق بولۇپ قالسا بىزگە ھولمېسنىڭ لازىمى قالمايدۇ، ئۆزىمىز دېرىك[1]، ئۆزىمىز كاۋلى[2] بولالايمىز ! ...

— بەللى، بەللى !

— بەلەن، بەلەن !

ئۇلار خىرىلداپ كۈلۈشتى. كۈلكە تۈگىمەيلا تېلېفون جىرىڭلىدى. ئوبۇلغازى تېلېفوننى ئېلىپ:

— سىلىمۇ، ئانا، يائاللا، بىز مانا تۇ شۇجى، قاجۇرېنلار بىلەن پارتكومدا خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرۇشقاندۇق ! — ئوبۇلغازى ئولتۇرغانلارغا قاراپ قويدى. بىردىنلا ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى . ھە، ئۇ، — مانا، مانا، تۇ شۇجى ئۆزى ئاڭلىسۇن ئەمىسە.

---

① دېرىك — گېرمانىيە رازۋېدكا كىنوسى «دېرىك»نىڭ باش قەھرىمانى.

② كاۋلى — ئەنگلىيە رازۋېدكا كىنوسى «5 ـ باشقارما ھەرىكەتتە»نىڭ باش قەھرىمانى.

تۇردى كېرەم تېلېفوننى ئۇن - تىنسىز ئۇزاق ئاڭلىدى - دە، تېلېفوننى قويۇپ قويۇپ ھەمراھلىرىغا قاراپ:

— ئەھۋال يامان، قۇببەس ئاكا بىلەن قۇددۇس ھاجىمنى چاقىرىپ مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش چىقتى ئەمدى، — دېدى.

قۇببەس ئەپەندىم ئۇزاق يىل مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن شاگىرت يېتىلدۈرگەن ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بۇ ئادەم ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايە - چۆچەكلەرنى جەمئىيەتكە تارقاتقان. بۇ ھېكايە - چۆچەكلەر قۇببەس ئەپەندىمنىڭ ئىناۋەت - ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغاچقا ئەپەندىم شاگىرتلىرىدىن مىننەتدار.

— مەن ئوغرىلىق بىلەن تۇتۇلۇپ قالدىم، — دېدى بىر قېتىم ھازىرقى نەق ئاشۇ بىرىنچى يېزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇراق كۆپچىلىككە، — ئوغرىلىغىنىم ۋېلىسىپىت، قېرىشقاندەك بۇ ۋېلىسىپىت بىزنىڭ ئىلمىي مۇدىر قۇببەس ئەپەندىمنىڭ ئىكەن. ئەپەندىم مېنى تۇتۇۋالغان ساقچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئويناشقان گەپ، بالىلار ئۇقۇشماستىن ئوغرىلىدى دەپتۇ. تۇراق بايا مەندىن سورىغان! — دېمەسمۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوغرىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالدىم. مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئوغرىلىق قىلمىدىم. مانا ھازىر باشلىقمەن.

— ئىمتىھاندا راسا كۆچۈرۈۋاتسام قۇببەس مۇئەللىم كۆرۈپ قالدى. ئەمما، كۆرمەسكە سالدى. ئەلا ئۆتۈپ يۈز نومۇر ئالىدىغان بولدۇم دەپ خۇش بوپتىمەن، قارىسام ئىمتىھان قەغىزىمگە نۆل قويۇپ ئاخىرىغا «پالاق تۇخۇمسەن» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ... مەن كېيىن دېگەندەك پالاق بولدۇم. ئوقۇشتىن ھەيدىلىپ مەدىكارچىلىق قىلدىم. مانا ھازىر ياماقچىمەن، ھا - ھا - ھا...

— قۇببەس مۇئەللىم بىزگە مۇدىر بولغان يىللار تازا ھېلىقى ئۇزۇندە يادلايدىغان يىللار ئىدى. ماتېماتىكا دەرسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تازا ئۆزۈندە يادلاۋاتساق، مۇدىر بىزنىڭ سىنىپقا كىرىپ كەلدى. مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ:

— ئېيتقىنا، بالام، ئا كىۋادرات ب نىڭ تەڭلىمىسى نېمە؟

— چۈشەنمىدىم.

— ئا كىۋادرات ب نېمىگە تەڭ؟

— ئىشچى - دېھقانلارغا! — دەپ جاۋابىمدىن خۇشال بولۇپ مۇدىرغا قارىدىم. مۇدىر كۈلۈپ قويۇپ:

— ماڭ، ئۇنداق بولسا ھازىرلا سىنىپتىن چىقىپ ئىشچى - دېھقان بول! — دېدى. سىنىپ تەربىيەچىسى بۇ گەپنى ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتىگە توشۇپ كىرىپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن قوببەسكام مۇدىرلىقتىن قۇرۇق قالدى...

شۇنداق ھېكايە - چۆچەكلەرنىڭ قەھرىمانى بولغان بۇ ئادەم ھازىر پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ھەم مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى. بۇ ئادەم پارتىيە تەشكىلى بىلەن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىپ، «يۇقىرى تەبىقىنىڭ پۇشتى» دەپ چەتكە قاقمىسۇن دېگەن ئېھتىيات بىلەن ھەربىر قەدىمىنى ئاۋايلاپ دەسسەپ ئەللىك سەككىز ياشقا كىردى. ھازىر ئۇ پېنسىيەگە چىقىش ئۈچۈن ئىلتىماس بەرگەن. ئىلتىماسى تەستىقلانسىلا ئۆيىگە بېكىنىدۇ - دە، ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان توققۇز قىزىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

ئەگەر بۇ ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى بار دېيىلسە، بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ ئىتائەتچانلىقى. ئاتىسى ئۇنى شۇنداق تەربىيەلىگەن، ئۇ ھېچكىمگە قارشى چىقمايدۇ، ھېچكىمنى رەنجىتمەيدۇ، ھېچكىمگە زىيان سالمايدۇ. ھەتتا ئۇ دادىسى ئېلىپ بەرگەن «كەپتەر» ماركىلىق ۋېلسىپىتنىمۇ «رەنجىتمەي» ئوتتۇز يىل مىندى. ئەگەر ئۇنىڭ بايلىقى بار دېيىلسە بۇ بايلىقى ئۇنىڭ توققۇز قىزى. «ئوغۇل يۈزى كۆرمەن، ئوغلۇمنىڭ ئىسمىنى قۇدرەت قويىمەن» دەپ سۆزلەپ يۈرۈپ

توققۇز قىزنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالغىنىنى ئۇ ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. ئۇنىڭ بىر ياكى بىر يېرىم ياشتىن پەرقلىنىدىغان قىزلىرى بىر ـ بىرىدىن ئوماق، بىرى ـ بىرىدىن تاتلىق ئىدى. بىر كۈنى، ئاتىسى ئىبراھىم ھاجىم ئۇنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كەلدى. بوۋاي نەۋرىلىرىگە ھېيتلىق پۇل بېرىشكە ئامراق.

— قىزلار نەچچە بالام قۇۋبەس؟

— باللا نەچچە، ئاتىسى؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئايالىدىن، — يەتتىمۇ دەيمەن؟

— نېمە دەيدىغانلا، پۇچقاقلىرىغا يامىشىۋالغان گۈلزەيتۇن بىلەن زەينەپنى قانداق قىلىلا؟ — دەپ خىرىلداپ كۈلدى، ئۇنىڭ كۈلۈپلا تۇرىدىغان چىنە چىراي ئايالى قېيىنئاتىسىغا ھۆرمەت بىلەن تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ قويۇپ.

— مانا ئەمىسە توقسەن كوي، ئوغلۇم قۇۋبەس، ئەمدى يېتەر بەس! — دەپ كۈلدى قاپىيەلىك سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغان ھاجىم كەمدىن ـ كەم قىلىدىغان چاقچىقى بىلەن ئوغلىنى خۇشال قىلىپ.

ئاتىسى «چېكىت» قويمىغان بولسا، بۇ قىزلار تىزىملىكى نەچچە بىلەن توختايتتىكىن، ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. مانا ھازىر قۇۋبەسنىڭ توققۇز قىزىدىن تۆتى ئانا بولدى. تۆت قىزىدىن بۇ ئائىلىنىڭ «بايلىقى» ھېسابىغا تۆت ئوغۇل، ئالتە قىز قوشۇلدى. «تۆت قىز چىقتى، ئون نەۋرە كىردى» دەپ كۈلىدۇ ئۇنىڭ بالىغا تويمايدىغان ئايالى كۈلۈپ تۇرۇپ كىشىلەرگە.

— قۇۋبەس ئاكىمىزنى چاقىرامدىمىز، — دېدى قاسىم قۇربان ئوبۇلغازىغا قاراپ قويۇپ، — ئۇ كىشى بىز تۇگكەن تۇگۈشنى ھەرگىزمۇ يەشمەيدۇ دېسىلە.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ئاتىمىز ھەممىدىن مۇشۇ ئوغۇلنى كۆپرەك ھۆرمەت قىلاتتىيا.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ھۆرمەت قىلمامتى ئەمەسە، ئاتىمىز ئۇنى بىر يەرگە قوزۇق قىلىپ قاقماقچى بولسا، ئاكىمىز دېگەن يېرىگە توقماق يېمەيلا كىرىپ كېتىدۇ دېسىلە ! — دېدى ئوبۇلغازى.

— يەنە تىلىلىرىدىن كەتتىلە، — دېدى قاسىم قۇربان گەدەن تەرىنى ھۆل لۆڭگىسى بىلەن سۈرتۈپ، — پەدەر قاقىمەن دېسە سىلىمۇ تاشلىق يەرگە مىختەك ماڭاتتىلا !

— راست دېدىلە، قا جۇرېن، پەدەر بۇيرۇق قىلسا يوتقان پاختىسىمۇ تۆمۈر قوزۇق بولالايتتى، ھا ـ ھا ـ ھا...

ئۇلار يەنە خىرىلدىشىپ كۈلۈشتى.

پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسىنىڭ ئىشخانىسىغا ئاۋۋال بىر ئېگىلگەن باش، ئاندىن تىزىغا ساڭگىلىغان قوللىرىنى قوشتۇرۇپ سالام بىلەن قۇببەس ئەپەندىم كىرىپ كەلدى. ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشتى. ئوتتۇرابوي، ئورۇق، مەڭزى قىزىل، بېشى تاقىر بولغاچقا، بېشىدىن كەپكىسىنى ئالالمايدىغان، تۆت يانچۇقلۇق چاپىنىنى ئىسسىقتىمۇ كانايغىچە تۈگمىلەپ، قولىغا كىرلەشكەن ئاق پەلەي كىيىپ يۈرىدىغان نە چىرايىدا، نە كىيىنىشىدە ھاجىم بالىلىرىنىڭ سىياق ـ تەكەببۇرلۇقى يوق بۇ ئادەم زورلىسىمۇ يۇقىرى چىقماي ئىشىك تۈۋىدىكى دىۋاندا ئېھتىيات بىلەن ئولتۇردى.

خېلىدىن كېيىن ئىشخانىغا ھاجى قۇددۇسمۇ كىردى. تۇردى كېرەم رەسمىي پارتكوم يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندىكىدەك ئەستايىدىللىق بىلەن سۆزىنى باشلىدى:

— يولداشلار، — دېدى ئۇ ئادەتلەنگەن تىل بىلەن، — مەلۇمكى، ئاتىمىز كېلىشمەسلىككە يولۇقۇپ داۋالانغىلى ئۈرۈمچىگە كەتكىلى بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى. ئۈچ كۈندىن بېرى بىزنىڭ كۆزىمىز، قۇلىقىمىز...

— ھەممە پىكىر ـ خىيالىمىز، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئوبۇلغازى.

— ھەببەللى، — دەپ تەستىقلىدى قاسىم قۇربانوۋ.
— شۇنداق كۆز، قۇلاق، ئەس ـ يادىمىز شۇ ياقتا بولدى.
— ئۇرۇمچىدە دېسىلە، ئېنىقراق بولسۇن.
— ھەببەللى...
— ھە، شۇنداق ئۇرۇمچىدە بولدى. مانا ھېلى بىز تەقەززا بولغان خەۋەرمۇ ئاخىر كەلدى. خەۋەرنى ھاجى ئانىمىزنىڭ ئۆزى ئۆزۈن يوللۇق تېلېفوندا يەتكۈزدى. ئەمدى خەۋەرنىڭ مەزمۇنىغا كېلەيلى ... — تۇردى كېرەم قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ كۆزىنى، بۇرنىنى ئۇۋۇلاپ قويدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇم خەۋەر دېيىشكە تېخى بالدۇر. ئەمما، پەدەرنىڭ ھالى ياماناشقان ئوخشايدۇ. ئەڭ يامان ئېھتىمالغا تەييارلىنىشىمىزنى جېكىلىدى. بىرىنچىدىن، پەدەرنىڭ ئورۇنلىيالمىغان ئىشلىرىنى ئورۇنلىشىمىز زۆرۈر ئىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ بىرىنچىسى، ھېلىقى قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئۆي ـ جاي بىلەن پۇل. زېمىن دېگەن تەرسا توسالغۇ بولمىغان بولسا بۇ ئىش بۇ كەمگىچە سوزۇلمايتتى. ھۆججەتمۇ تەييارلانغان، قارارمۇ قىلىنغان. لېكىن، زېمىن بۇ ئىش توغرىسىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىغا ئەرز سۇنغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ ئىش ۋاقتىنچە ئەمەلىيلەشمىدى. بۇ يەردىن يۆتكىلىپ كەتكەن زېڭ شۇجىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بار. ئۇ ئوغرى زېمىن بىلەن قانداقلارچە دوستلىشىپ قېلىۋېدىكىن، ھەدېسىلا زېمىنغا چاپان يېپىپ بىزنى ئوسال قىلىپ قويدى. ئاخىر ئۇ ئوغرىمۇ كېتىپ يېڭى شۇجى كەلدى. ھاكىممۇ يېڭىلاندى. يېڭى رەھبەرلىرىمىز بىزنىڭ يۆلەنچۈكىمىز ئىبراھىم ئەزىز مۇئاۋىن ۋالىينىڭ يېقىنلىرى ئىكەن. ئەمدى توسقۇنلۇق قالمىدى دېگەن گەپ. زېمىننىڭ كەشىنى توغرىلىماق ئاسان. ئۇنى يا تۆۋەنگە، يا يۇقىرىغا يىقىتارمىز. بۇ ئىشنى ھەل قىلمىساق پەدەرگە يۈز كېلەلمەيمىز.
— ھەببەللى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— شۇنى دېمەمدىغان، يۇز كەلگىلى بولامدىغان!
— ئىككىنچىدىن، — دېدى تۇردى كېرەم يوغان گەۋدىسىنى مىدىرلىتىپ چەتكە قاراپ تۇرۇپ، — پەدەرنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر ئىكەن. مازىرىنى ئاپاق خوجامنىڭكىدەك قىلالمىساقمۇ «ھەزرىتى موللا» مازىرىدىن ھەيۋەترەك قىلمىساق بولمايدۇ. ناھىيەمىزدىلا ئەمەس، پۈتۈن ۋىلايەتتە ئەڭ چوڭ، ئەڭ كۆركەم مازار بىزنىڭ پەدەرنىڭ قەبرىسى بولۇشى كېرەك. ئۇكام قۇددۇس ھاجىم، بىناكارلار بىلەن ھازىرلا سۆزلەشسىلە. كېتىدىغان ھەشەمنى ھېسابلاپ كۆرسىلە، ھۆكۈمەت قانچىلىك چىقىرىدۇ، بىز قانچىلىك، بۇنى سۆزلىشىپ ھەل قىلىشنى قا جۇرېن بىلەن ئىككىمىز ئۈستىمىزگە ئالايلى. قالغان يىرتىدىغان لاتا - پاتا، نەزىر - چىراغ تەييارلىقلىرىنى بەش مەسچىتنىڭ چوڭلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تەييارلاشقا ئوبۇلغازى جۇيجاڭ بىلەن قۇببەس شياۋجاڭ ئاكىمىز مەسئۇل بولۇپ بېجىرسە ياخشى بولارمىكىن دەيمەن.
— بەلەن، تولا بەلەن، — دېدى قاسىم قۇربان كۆزلىرىنى سىمىز بارماقلىرى بىلەن ئۇۋۇلاپ، — ئوبدان ئويلاپلا تۇ شۇجى، بىرىنچى ئىشقا ئىبراھىم ئەزىز ۋالىي بىلەن نەمرۇد چۇجاڭ؛ ئىككىنچىسىگە بىز، ئۈچىنچىسىگە بۇ ئىككىيلەن مەسئۇل. تۆتىنچىسى... ھە دۇرۇس، بۇ كېيىنكى گەپ.
— قانداق گەپنى دەيلا؟
— زېمىنىنىڭ تۆت ئادەمنى يىقىتقانلىقى بىر قانۇنىي مەسىلە، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز تۇتۇشچۇ؟...
— بۇ ئىش قولغا ئېلىنىدى، قا جۇرېن، — دېدى ئوبۇلغازى دەرھال جاۋاب بېرىپ، — نەمرۇد چۇجاڭ ئاللىقاچان بۇ ئىشتى تېگىشلىك جايغا يەتكۈزۈپ بولدى.
— دېگەنلىرىدەك قىلىلى، — دېدى قۇببەس شياۋجاڭ تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — پەدەرنىڭ تېنى سالامەت بولغاي،

سالامەت قايتىپ كەلگەي.

ھاجى قۇددۇس لام ـ جىم دېمىدى...

تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ غەم ـ قايغۇسى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ھاجىم ئەۋلادلىرى بولغۇسى مۇسىبەتنىڭ غەم ـ قايغۇسى بىلەن ئۇخلىيالمايۋاتقان بۇ تىنچىق ياز كېچىسىدە باغلار ئۆز شادلىقى بىلەن مەست ئىدى. چاڭ قونغان يوپۇرماقلار ئاستا پىلدىرلاپ غۇۋا ئاي نۇرىغا ئەركىلەيتتى. مېۋىلەر ئۆز پۇراقلىرىنى باغ ھاۋاسىغا توختىماي پۇركۇپ قۇشلارنى شادلاندۇراتتى. كۆلگە ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى ئاستا شىۋىرلاپ تىنىق ئاسماندىكى چەرخ يۇلتۇزلارنى چىللايتتى...

تىنچىق ئۆيدىن سالقىن باغقا، كۆل بويىغا كارىۋىتىنى ئاچىقىۋالغان زېمىن كارىۋىتىدا ئوڭدا يېتىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل كۆرۈنۈشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بىلەن لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. ئۇ كىتابقا يېزىلغاندىكىدەك ئازابتىن قۇتۇلۇش مەشقى ئېلىپ بېرىپ: «مەن تەبىئەتنىڭ بالىسى، ئۈستۈمدە ئىللىق قۇياش مېنى پەپىلىمەكتە، زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسمان مېنى قۇچاقلىماقتا، سالقىن شامال گۈللەرنىڭ ئەڭ مەززىلىك پۇراقلىرى بىلەن مېنى پەپىلىمەكتە. مەن دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم!...» دەپ پىچىرلايتتى.

ئۇ كىتابلاردىن ئۆگىنىۋالغان بۇ «ئاۋۇندۇرۇش» ئۇسۇلىنى سىناق قىلىپ يۇقىرىقى سۆزلەرنى تەكرارلىغاندا كۆز ئالدىغا ئىللىق قۇياش نۇرى، كۆپكۆك ئاسمان، ياپيېشىل، پۇراقلىق باغلار كېلەتتى ـ دە، ئۇنىڭ كۆڭلى يايراپ، ئازاب ئۇنتۇلاتتى. ئىنسان شادلىقىنى قوبۇل قىلغاندا ئازاب ئۆزلۈكىدىن نېرى قاچىدىغانلىقىنى سىناقتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن زېمىن كۆڭۈل يارىسىنىمۇ مانا مۇشۇنداق شادلىق بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لېكىن، ئۇ شادلىق نەدە؟

ئۇنىڭ خىيالىغا شۇئان دەريا بويى، توغراقلىق، ئىللىق شامال، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ قۇچىقىدا، يېشىللىق ئۇستىدە سۇنايلىنىپ ياتقان گۇلناز كەلدى. شۇ چاغدىمۇ ئاي نۇرى ئۇ بىر جۇپ ئىسىيانكارنىڭ يۈزىنى ئالا كۆلەڭگىسى بىلەن يورۇتقان. بۇ ئالا كۆلەڭگە گۇلنازنىڭ جۇپىلەشكەن ئۇزۇن كىرپىكلىرىدىن، چىرايلىق لەۋلىرى، ياشلىق گۈزەللىكى بىلەن پورەكتەك ئۇماق بىلىنگەن چىرايىنى زېمىننىڭ چوغ يۈرىكىگە ئۆچمەس نەقىش قىلىپ ئويغانىدى...

«ئۇنتۇلغۇسىز ياشلىق سەرگۈزەشتلىرىم ئىچىدە بىرلا سەن يۈرىكىمنى تىترىتىسەن، ھەرقاچان سېنى ئەسلىسەم مېنىڭ يۈرىكىم تېرەك ئۇچىدا يالغۇز قالغان ياپراقتەك تىترەيدۇ. ئىستىقبال نەدە؟ ئالدىمدا بولسا ياشلىق سەرگۈزەشتلىرىم تەكرارلىنامدۇ؟ ياق، ياق، ئۇ ھەرگىز تەكرارلانمايدۇ...» ئۇنىڭ كۆزلىرى شېرىن تۇيغۇ تەسەللىسى بىلەن يۇمۇلغاندا ئۇنىڭ بېشىدا گۇلناز پەيدا بولدى.

... قىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى جالاقلاپ تىترەيتتى، كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى قويۇلاتتى، لەۋلىرى شېرىن گەپلەرگە ئۆمەللىنەتتى ـ يۇ، ئاۋاز چىقىرالمايتتى...

بىر شېرىن ئىستەك بوگۈن چۈشتىن كېيىن زېمىن ئېغىر يارىلانغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم كۆزىنى ئېچىپ گۇلنازغا قارىغاندا قىز قەلبىدە پەيدا بولغانىدى. لېكىن، زېمىننىڭ يېنىدىكى كارىۋاتتا باش ـ كۆزى تېڭىلغان، چىرايى تونۇغۇسىز ھالدا قارا ـ بېغىررەڭ تۇسكە كىرگەن ئابلا ياتاتى ـــ گۇلنازنىڭ قانۇنىي ھەمراھى، يەنى ئىككى ئوغلىنىڭ ئاتىسى بىھوش ھالدا ياتاتتى. بۇ گۇناھسىز، ۋاپادار، پاك ئادەم گۇلنازنىڭ سۆيگۈسىگە ھېلىھەم ئېرىشەلمىگەنلىكىگە گۇلنازنىڭ ئۆزىمۇ ئاچچىقلىناتتى. ئىنسان سەزگۈسى، ئىنسان قەلبى نېمانچە جاھىل، نېمانچە نازۇك ـ ھە؟ ئۇ پاكىتنى،

رىئاللىقنى رەت قىلالايدۇ. گۈلنازنىڭ ئابلا ياتتاق بىلەن بىر ئۆيدە ئون يىل ياشىغانلىقى، بالىلىق بولغانلىقى، بىللە يېتىپ - قوپۇپ، ئۇرۇشماي - تىللاشماي، خۇشال - خۇرام بىللە ياشىغانلىقى پاكىت، رىئاللىق ئەمەسمۇ؟ بۇ رىئاللىقنى بۇگۈن قەلب قاتلىمىغا يوشۇرۇنۇپ قالغان كىچىككىنە سۆيگۈ چوغى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. قىز، ياق ئايال قەلبى گويا يىللار ئۆتمىگەندەك، ھايات ئۆزگەرمىگەندەك، ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكىدەك تېپچەكلىمەكتە، تەلپۈنمەكتە، ئەسەبىي، قارام ئىنتىلىش بىلەن ئالدىدا ياتقان ئەر گەۋدىسىگە تاشلىنىشقا ئۇنى قىستىماقتا. مانا ئۇ تىترەپ تۇرۇپ ئىككى قولى بىلەن كارىۋاتقا تاياندى. ئاندىن لەۋلىرىنى زېمىنىنىڭ مەڭزىگە، ئاندىن كېيىن يىرىك ساقاللىق ئېڭەكلىرىگە تەگكۈزدى...

— گۈلناز، قانداق بولىدۇ ئەمدى؟— دېدى تونۇش، ئۆزىنى ئىنتىزار قىلغان نازۇك قىز گەۋدىسىنى قاتتىق قۇچاقلىغان زېمىن بىر ھازادىن كېيىن ئىككى ئالىقىنى بىلەن قىزنىڭ ئىككى مەڭزىدىن تۇتقان ھالدا كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ، — سەن ھېلىقى گۈلناز ئەمەسسەن، سەن ھازىر ئابلانىڭ، ئابلانىڭ...

— ياق، بولدى، گەپ قىلماڭ، — دېدى قىز ئالىقانلىرى بىلەن زېمىنىنىڭ ئاغزىنى توسۇپ، — بەدىنىم ئۇنىڭ، لېكىن مەن سىزنىڭ... مەن سىزنى سېغىنىمىغان بىر كۈنمۇ يوق...

قىزنىڭ كۆزلىرىدىن سەكرەپ - سەكرەپ چىققان تۇزلۇق مەرۋايىت زېمىنىنىڭ مەڭزىگە، لەۋلىرىگە تىنماي چۈشۈپ تۇراتتى. زېمىن ئۈستىدىن ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان قىزنىڭ ئىككى ئالىقان ئارىسىدا دۈگىلەك شەكىلگە كىرگەن يۈزىگە قارىدى. گەرچە بۇ يۈزنىڭ كۆز قۇيرۇقلىرى، جاۋغاي ئەتراپلىرى ھايات زەربىسىنىڭ ئىنچىكە سىزىقلىرى بىلەن بېزەلگەن بولسىمۇ، بۇ يۇمىلاق يۈز، مۇنۇ تاتلىق لەۋلەر بىلەن ئوت چاقنىتىپ تۇرغان كۆزلەر ئاشۇ گۈلنازنىڭ ئۆزى ئىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بەدىنىڭ ئۇنىڭ، روھىڭ مېنىڭ، — دېدى زېمىن ئۇنىڭ بېشىنى كۆكرىكىگە چىڭ بېسىپ، — مانا فىرانسۇزچە مۇھەببەتنىڭ ئۇلگىسى !

زېمىننىڭ كۆزلىرى غۇۋالاشتى. ئۇنىڭ كۆز يېشىدىن كېلىپ چىققان تەمە، ئىلتىجانى چەرخ يۇلتۇزلار ئوبدان چۈشەندى...

مۇسىبەت ئىگىسى ۋە ئازابلانغۇچىلارغا كۆز يېشى ۋە كۆڭۈل زارى بىلەن مەدەت بەرگۈچىنىڭ قەلبىگە بېردىنلا ھايات لەززىتىنىڭ كەلكۈنى ئاقتى. گۈلناز ئاتىسىنىڭ بولغۇسى مۇسىبىتى، ئېرىنىڭ بېشىدىكى خېيىم - خەتەر ۋە ئۆزى توغرىسىدىكى زەھەرلىك گەپلەرنىڭ ئازابلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ، ھايات بەخش ئەتكەن بۇ لەززەت كەلكۈنىگە غەرق بولدى.

مانا بۇ ساپ مۇھەببەتنىڭ تەڭداشسىز كۈچى. ئابلا يانتاق بۇ كۈچنى سەزگەن بولسىدى، ھايات ھەققىدە ئاجايىپ ئۆلمەس رۇبائىيلارنى يازغان بولاتتى.

## ئىككىنچى باب

# يەنە شۇ زات توغرىسىدا

### 1

ھاجىم ئورۇنلاشقان بۇ يالغۇز كىشىلىك ئۆي ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئورۇنغا ئايلاندى. سېستىرالار بۇ مالىمانچىلىقتىن بىزار ئىدى. زالدا ۋە دوختۇرخانا ھويلىسىدا ئۆچرەت كۈتۈپ تۇرۇشقانلارچۇ تېخى.

نىساخان ھاجىم ئانا بېشى كۆتۈرۈلگەن دوختۇر كارىۋىتى يېنىدىكى دىۋاندىن تەستە، توختىماي قوپاتتى. مومىسىنىڭ خىزمىتىگە كەلگەن قىز نەۋرە (قۇببەسىنىڭ قىزى) كىرگۈچىلەرنىڭ قولىدىن يېمەك - ئىچمەك قوبۇل قىلىۋېرىپمۇ زېرىكتى. مېۋە - چىۋە كىرسىغۇ مەيلى، پىششىق گۆش (تونۇر كاۋىپى، پاقلان گۆشلىرى)، سامسا - مانتىلارنى قانداق بېسىقتۇرماقچى؟ يىراق ناھىيەدىن ھاجىمغا ئەگىشىپ كەلگەن «قەدىردان قېرىلار»نىڭ باش - ئايىغى يوق ئايەت - دۇئالىرىمۇ ھاجىم ئانىنى زېرىكتۈردى. ئۇنىڭغا ۋاڭ - چۇڭسىز، كۆز يېشى يوق تىنچ ھايات قانچىلىك زۆرۈر - ھە، بۇنى چۈشىنىدىغان ئادەم يوق.

ھاجىمنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان، لەۋلىرى جۈپلەشكەن، ئۇنىڭ بۇ كۆز، لەۋلىرى بىلەن ئاقارغان شالاڭ، قىسقا، ئىخچام ساقىلى، چىرايلىق چېكىلگەن ئۈچى قايرىما بۆرۈتى، ئاقارغان قويۇق قاشلار بىلەن قاڭشارلىق ئۇزۇن بۇرنى ۋە يىللاردىن

سوۋغا بولۇپ قالغان سانسىز چوڭقۇر قورۇقلىرى نىساخان ھاجىم ئانا ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتلىك ۋە ئۆز ـ ھە؟ بىر چاغلاردا نىساخان ھاجىم ئانا ئون ئالتە ياشتىن ئون يەتتە ياشقا ماڭغان ئۇزۇن چاچ، جادۇ كۆز، ئاي يۈزلۈك بەرنا قىز چىغىدا ھاجىمنىڭ ھۆجرىسىغا چۈمپەردە بىلەن ئىككى يەڭگىنىڭ ھامىيلىقىدا ئۆپكىدەپ كىرگەن چېغىدىلا ھاجىمدىن قورقۇش بىلەن ئائىلە ھاياتىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسقان ئەمەسمىدى؟ شۇ كۈنى نىساگۈل ئىسىملىك توشقان يۈرەك قىز بەگ توندا پاكىز ياسالغان، يانچۇق سائىتىنىڭ زەنجىرى كۆكرىكىدە يالتىراپ تۇرغان قارا بۇرۇت، كۆركەم ئادەمنىڭ ئاپئاق چىشلىرىنى يالتىرىتىپ كۈلۈپ تۇرغان چىرايىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ۋە بۇ ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك قول ـ پۇتى بولۇشنى نىيەت قىلغانىدى. ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك خۇشاللىقى، ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە قىلىدىغان ئىشىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئىبراھىم بەگنىڭ ئايالى بولغانلىقىنى ھېس قىلغان ئاشۇ ئاخشام بۇ بەرنا قىز ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تولۇق يوقاتقانلىقىنى چۈشەنگەن ۋە بۇنىڭغا ئۆكۈنمىگەن. «سەن كىمسەن؟ ئىبراھىم بەگنىڭ خېنىمى.» بۇ نېمىدېگەن يېقىملىق، پەخىرلىنەرلىك جاۋاب ـ ھە؟ كېيىنچۇ؟ نىساخان ئۆيىدىن زادىلا خورلۇق كۆرمىدى، دەشنەم ئاڭلىمىدى، غۇربەتچىلىك تارتمىدى. بىر ئايال ئۈچۈن مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك بەخت ئەمەسمۇ؟... يىللار نىساخان ئانىنى شۇنداق بىر مىجەزگە كۆندۈردى: يالغۇز ئۆيدە ئېرىنىڭ پۇتىنى يۇيۇۋېتىپمۇ، قاپاق تۇرۇپ سىلكىشلىرىنى ئاڭلاۋېتىپمۇ ئۇ راھەتلىنىدىغان بولدى. ھەتتا ئېرىنىڭ سەللىسى ياكى كۆڭلىكىنى يۇيۇپ قاتلاشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك ئەرمەك تۇيۇلىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنى ئەر بەدىنىنىڭ بىر قىسمى، «ئەر قوۋۇرغىسىدىن يارالغان گەۋدە» دەپ ھېس قىلىدىغان بولدى...

مانا شۇ ئادەم بوۋغۇن نىساخان ھاجىم ئانا بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشماقچى. ئايرىلىپ ئازاب ئىچىدە ياشىغاندىن بىللە كەتكىنى تۈزۈك. ھاجىم مۇشۇ پىتى كۆزىنى ئاچمىسا ئۇنىڭ زەھەر ئىچىۋالغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىم ئانا ھەربىر كۈننى، ھەربىر سائەتنى، ھەربىر مىنۇتنى چەكسىز ئازاب بىلەن ئۆتكۈزۈپ، بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ، ئاجىزلاپ بارماقتا. ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ھېچقانداق گېپى خۇشياقمايتتى. ئۇ تىنچ، خىيال ئالىمى ئىچىدە ياشاشنى خالايتتى. ياشلىقىدا ھاجىم بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەن مىنۇتلار، ھاجىمغا ئەركىلىگەن چاغلار، ھاجىمنىڭ ئەركىلەتكەن چاغلىرىنى ئەسلەش ھالسىراۋاتقان موماي ئۈچۈن تولىمۇ ئارام - راھەت ئىدى...

ھاجىم ئانا خىيال بىلەن لەززەتلىنىپ ھاجىمنى يەلپۈپ، ھارغىنلىق بىلەن ئەسنەپ ئولتۇرغاندا دوختۇرخانىغا يىغا - زار قىلىشىپ گۈلشەرىخان بىلەن گۈلجامال كىرىپ كېلىشتى.

— ۋاي ئاتام !

— ۋاي ئانام !

بىرى سىېمىز، بىرى ئورۇق؛ بىرى چاققان، بىرى كېلەڭسىز ئىككى ئايال بىر خىل ياتقان ھاجىمنىڭ كارىۋىتىغا تاشلاندى:

— ۋاي ئاتام، بارمۇ سىلىرى !

— ۋاي ئاتام، كۆرىدىكەنمىزيا !

— ۋاي ئاتام، قىزلىرىنى كەچۈرسىلە !

— خىزمەتلىرىنى قىلالمىدۇق !

— بالىلىقنى يەتكۈزەلمىدۇق !

ئۇلار ئاتىسىنىڭ يۈزلىرىنى سىيپاشتى، ئاياغلىرىنى، قوللىرىنى سۆيۈشتى. بىر - بىرىدىن تالىشىپ، بىر - بىرىگە يول بەرمەي ئاتىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشتى. لېكىن، ھاجىم جاۋابەن قىمىرلاپمۇ قويمىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆزىنىمۇ ئاچمىدى. ئۇ بىزار ئىككەنلىكىنى ئىپادىلەپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ يۆتىلىپ قويدى.

— تىنچ كەلدىڭلىما؟ ئاتاڭلار بىئارام بولۇۋاتىدۇ، ئەمدى جىمراق بولىلى! — دېدى ئانا قىزلىرىغا قاراپ قويۇپ. لېكىن، ئۇلار، بولۇپمۇ گۈلجامال زادىلا تىنچىيالمىدى. قورساقتا پاتمايۋاتقان خاپىلىقلارنى دەپ بولماي قانداق تىنچىغۇلۇق!

— ئابلانى ھېلىقى زېمىن دېگەن ئوغرى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى، ئانا!

— تېخى جېنى چىقمىدى، ئۇكام.

— ھە، راست، تېخى جېنى چىقمىدى. جېنى چىقمىغان بىلەن ئۆلدى، ئانا. مېڭىسىنى چۇۋۇپ تاشلاپتۇ، پالتا بىلەن ئۇرۇپ. ئېمىشقا بولاتتى، ئاشۇ گۈلنازنى تالىشىپ بولمامدۇ، ئانا!

— ئىككى بالىلىق بولغان خوتۇننى تالىشىپ قانداق قىلماقچىتىكى، توۋا! — نىساخان ئانا كۆزلىرىنى سۈرتتى.

— زېمىن دېگەن ئوغرى قۇددۇس ئاكامنىمۇ ياربدار قىلدى تېخى، ئانا!

قۇددۇسنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ھاجىم كۆزىنى لاپ قىلىپ ئاچتى ۋە ئۇمچىيىپ يېنىغا ئۆرۈلمەك بولدى. قىزلار ھاجىمنى دەرھال يۆلەشتى.

ھاجىمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ بىئارام بولۇۋاتقاندا بۇ كۆڭۈلسىزلىك ئۈستىگە نەمرۇد كىرىپ كەلدى.

نەمرۇدنىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھاجىم كۆزىنى ئاچتى ۋە ئاياللارغا چىقىپ كېتىشنى ئىشارە قىلدى. ئاياللار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن:

— قانداق، ئوغلۇم؟ — دېدى ھاجىم قۇرۇغان لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ، زەئىپ، نىمجان ئاۋازدا، — ئىشلار قانداق؟

— ئىشلار ياخشى بولمايۋاتىدۇ، دادا، — دېدى نەمرۇد

يەرگە قاراپ، — يامىنى، قۇددۇسنىڭ بىلى بوشىشىپ قالدى. ئىبراھىم ئەزىزىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتى... تۇردى كېرەم بىلەن قاسىم قۇربان، ئوبۇلغازىلارنىڭ نېمىگە كۈچى يېتىدۇ؟ يۇقىرىدا ئىبراھىم ئەزىز، تۆۋەندە ئۇكىمىز قۇددۇسنىڭ كۈچى بولمىسا زىمىننى جاۋابكارلىققا تارتماق تەس ئوخشايدۇ.

— باشقىسى چاغلىق، بالام، — دېدى ھاجىم تەستە گەپ قىلىپ، — ئىسمائىل ئەرزىنى ئىقرار قىلمىسا مەيلى، شۇنىڭ نامىدىن ئەرز سۇنۇۋېرىڭلار. جايىنى قايتۇرۇۋېلىپ رېمونت قىلدۇرۇڭلار. ئىلاج بولسىلا باغنىمۇ قايتۇرۇۋېلىش كېرەك. بالام نەمرۇد، مەن ئاتا - بوۋىلارنىڭ ماكانىدا بىر كۈن بولسىمۇ پۇت - قولۇمنى سۇنۇپ يېتىۋالسام دەيمەن. ماڭا ئاياللارنىڭ كۆز يېشى لازىم ئەمەس. مۇنۇ ئىككى شەقىقىنى يولغا سېلىۋېتىڭلار. سەن ئىبراھىم ئەزىزگە تېلېفون بەرگىن. ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلسۇن. ئۇكاڭ ئېغىر يارىلاندىمۇ؟

— ياق، ئانچە ئەمەس. ئېغىر يارىلانغىنى ئابلا. ئۇ تېخىچە ھوشىغا كەلمىدى. ئاندىن قالسا زىمىن.

— زىمىن؟ ئۇنى كىم ئۇردى؟

— بىلمىدۇق. بەلكى خۇدا ئۇرغاندۇ، دادا؟

— خۇدا ئۇرغاندۇ؟ تەھقىق شۇنداق. كېچىكىپ ئۇردى، تولىمۇ كېچىكىپ؟ ھە، ئۇنى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟

— مەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن سۆزلەشتىم. جاۋ شۇجىمۇ ئۇنى يۆتكىۋېتىشكە قوشۇلدى. بەختى شىيەنجاڭ تېخى ئىپادە بىلدۈرمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى.

— ۋىلايەتتىكى زىمىننى قوللايدىغانلارچۇ؟

— ئۇلار، ھازىرمۇ زىمىننى ناھىيەگە مۇئاۋىن شۇجى قىلىپ، تۇردى كېرەمنى ۋىلايەتلىك دائىمىي كومىتېتقا يۆتكەشنىڭ كويىدا.

— بۇ كويدىكىلەرنىڭ بېشى كىمكەن؟

— ۋالىي ئوخشايدۇ. ئۇلار ساۋاقداش، پىكىرداش،

www.uyghurkitap.com

سىرداش، «ئۈچ داش» ئوخشايدۇ.

— ھىم. ئۈچ داش ئەمەس، تۆت داش «يولداش»نىمۇ قوشۇپ قويۇڭلار. ئۇلار يېڭىچە يول تۇتۇشقان، ھېلىقىدەك ئىسلاھاتچىلار ئوخشايدۇ.

ئاتا بىلەن بالا نۇرغۇن ئىشلار توغرىسىدا: ناھىيە ۋە ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ئەھۋاللار، زىددىيەتلەر، ئىچكى پىلان ۋە تالاش - تارتىشلار، ھەتتا بۇ قاتلامدىكى ئايرىم ئادەملەرنىڭ ئائىلە، شەخسىي ئىشلىرى ۋە ھاجىم ئۈچۈن جان كۆيەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ يوشۇرۇن پىلان - سىرلىرى قاتارلىق ئىشلىرى ھەققىدە خېلى ئۇزاق سۆزلەشتى. ئاخىر ھاجىم بۇ ئەقىللىق، قارام ۋە يول تېپىشقا ماھىر ئوغلىغا ئۈرۈمچىدە كىملەرگە يولۇقۇش، كىملەرگە نېمىلەرنى دېيىش زۆرۈرلۈكىنى بىرمۇبىر جېكىپ، ئاخىرىدا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى.

«پىكرى شۇنچە روشەن، — دېدى نەمرۇد ئىچىدە دادىسىنىڭ چىرايىغا زوق بىلەن قاراپ تۇرۇپ، — تېخى ناھىيەدە ھازا تەييارلىقى، قەبرە قاتۇرۇش ئالدىراشلىقى. ياق، ئاتامنىڭ تېخى ھاياتى ئاخىرلاشقىنى يوق. مەن ئۇنىڭ دۆلىتىدە بىر ۋىلايەتنىڭ، ھېچبولمىسا ئاشۇ ناھىيەنىڭ گۇل تاجىغا ئايلىنالايمەن. مېنىڭ بەختىم ئۈچۈن بولسىمۇ يۈز ياشقا كىرىڭ، ئاتا!»

— بالام نەمرۇد، — دېدى ھاجىم ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن كۆزىنى ئاچماي تۇرۇپ، — سېنىڭ ئىسمىڭنى بوۋاڭ قويغان. بوۋاڭ رەھمەتتى ماڭا: بىر بالام نەمرۇد بولسۇن، سەن نارازى بولما. پەيغەمبەرنى ئوتقا تاشلىغان ۋەھشىينىڭ ئىسمىنى بالاڭغا ئات قىلىپ قويغىنىمغا مەيۇسلەنمە، زامان ئۆزگىرىدۇ. مۆمىنلەر خار، ياۋۇزلار ئەزىز بولىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. شۇنداق چاغلاردا نەمرۇدنىڭ ئامىتى كېلىدۇ بالام، دېگەنىدى. چۈشەنگەنسەن؟ قىرىق - ئەللىك مىڭ كويىچەننىڭ كارى چاغلىق، قىرىق نەچچە ئېغىزلىق ئۆي بىلەن باغنىمۇ پۇلغا

سېتىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، نام ـ ئابرۇيىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. «ئىبراھىم ھاجىم دەۋادا زېمىندەك بىر سولتەككە ئۇتتۇرۇپ قويدى» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن ماشىنا چاقى ئاستىدا جان ئۈزگىنىمىز تۈزۈك. مەن ھېلىغىچە بىرىدىن يېڭىلگەن ئەمەسمەن. مەن بىلەن ئېتىشقان ئادەملەر چىشىمنىڭ ئېقىنى كۆرگەن، لېكىن يەر چىشلىگىنىمنى كۆرمىگەن. بىرلىرىنى كۈچ بىلەن، بىرلىرىنى ئەقىل ـ پەم بىلەن، بىرلىرىنى تەقدىر ـ پېشانە، قىسمەت بىلەن يەڭگەنمەن. لېكىن، يېڭىلىپ باقمىغانمەن. ئىنىمنىڭ ئوغلى، ئۆز ئاتامنىڭ نەۋرىسى بۈگۈن ماڭا قارشى تىغ كۆتۈردى. ئۇنى ئوتقا تاشلاش سېنىڭ ئىشىڭ. نەمرۇدنىڭ ئىشلەيدىغان ۋاقتى مۇشۇ. بىزنىڭ نەسەبىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى، ئاتاڭنىڭ نام ـ ئاتىقى سېنىڭ پاراستىڭگە باغلىنىپ قالدى. مەن سېنىڭ ھەرقانداق ئىشككە كىرەلىشىڭگە، ھەرقانداق تۇگۇچنى يېشەلىشىڭگە ئىشىنىمەن. قېنى ئەمىسە، ئاقىۋوللۇق بول.

ئوغلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھاجىم كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۆزىنىڭ كېرەكسىز بىر گەۋدە بولۇپ قالغىنى، ئوغۇللىرى بىلەن كۈيۈ ئوغۇللىرىنىڭ ئۇنىڭ تېزرەك ئۇ ـ دۇنياغا سەپەر قىلىشىنى تىلەۋاتقانلىقىنى ئۇ سەزگەن. پەقەت بىرلا ئىساخان — ئۇنىڭ قىرىق نەچچە يىللىق ھەمراھىنىڭلا ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگىنىنى، مۇنۇ ئوغلىنىڭمۇ «ئاتا» دېگەن چوڭ دەرەخنىڭ سايىسى ئۈچۈنلا ئاتىسىغا ھاياتلىق تىلەۋاتقانلىقىنى بۇ ئادەم چۈشەنگەن. بىرلا ئايالىدىن باشقىغا نە ھاجىمنىڭ جىسمى، نە روھى كېرەك ئەمەس، پەقەتلا ئۇنىڭ سايىسى، نام ـ شەرىپى، مەرتىۋە ـ ئىناۋىتىلا كېرەك. بۇنداق دۇنيادىن بۇرۇنراق كەتكەننىڭ پايدىسى باركىن، زىيىنى يوق...

ئۇ كۆزىنى ئېچىپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. دوختۇرخانا باغچىسىدىكى دەرەخلەر يازنىڭ ئىسسىق ھاۋاسىدىن شادلىنىپ ئاستا قىمىرلايتتى. قېنىق يېشىل ياپراقلىق بىر شاخقا بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جۈپ قۇشقاچ كېلىپ قوندى. قۇشقاچلار باشلىرىنى ئوينىتىپ بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق قىلىشىپ ۋىچىرلاشتى. نېرىدىكى قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئورۇندۇقتا بىر جۈپ قىز ـ يىگىت ئولتۇرۇپتۇ. قىز يىگىتنىڭ بېشىغا ئاستا نوقۇپ قويۇپ بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى. بىر يىگىت قول ھارۋىسىدا دوختۇر كىيىمى بىلەن ئولتۇرغان بوۋاينى ئاستا ئىتتىرىپ بارماقتا. بوۋاي ھالسىز قوللىرى بىلەن ئاسماننى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دېمەكتە...

«قايتا تۇغۇلغىلى بولمايدۇ، بۇ مېھرى ئىسسىق دۇنيادىن كەتمەك ئاسان ئەمەس. ئىنسان ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە بۇ دۇنيادىن كەتمەيمەن دەپ تىرمىشىدۇ. ئاھ، مېنىڭ بىلمىسىزلىكىم... موللاق سوپى چېغىدا پۈتۈن كۈنىبويى بىر يەردە ئولتۇرۇپ بۇ دۇنيادىن تىرىكلىك تاپىدۇ ـ يۇ، مەن تېخى بىزار بولىمەن. ھاي نىساخان، بول، مېنى يۆلە، ئولتۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ...»

ھاجىم ئۈمىدسىزلىك قىلغىنىدىن ئۇيىلىپ، قايتا ئەقىل تاپقىنىدىن روھلىنىپ قەددىنى رۇسلاپ تۇرماق بولۇۋاتقىنىدا سىرتتا نىساخان ھاجىمنىڭ، ئاندىن كېيىن ناتونۇش كىشىلەرنىڭ تەكەللۇپ سۆزلىرى ئاڭلاندى.

ــ ئىبراھىم ۋالىي تېلېفوندا ھېلىلا شۇنداق دېدى، ئاڭلىدىم ـ دە، مۇھىم يىغىنىدىن رۇخسەت سوراپ سالام بەرگىلى كېلىشىم...

ــ ئىنشائاللا، ھاجىم ياخشى بولۇپ قالدى، غىزاغىمۇ كىرىشتى، ئۇيقۇسىمۇ ياخشى، خۇدا بۇيرۇسا يۇرتىنىڭ دۇئاسى بىلەن...

ــ شۇنداق بولمامدىغان، ھاجىم يۇرتىنىڭ تۈۋرۈكى، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ بۇلىقى...

ــ ھاجىمسىز توي بولمايدۇ، ھازىر پۈتۈن يۇرتنىڭ كۆزى، قۇلىقى ئۇرۇمچىدە. توي ـ تۆكۈن، ئويۇن ـ تاماشا

دېگەن ئۈچ كۈن بولدى، خۇددى قىشنىڭ كۈنى توختىغان دەريا سۈيىدەك...

بۇ ئاۋازلار قانداق يېقىملىق، تاتلىق ۋە لەززەتلىك ـ ھە... مۇشۇنداق مەدھىيە، ماختاشلارنى ئاڭلاپ ئازغىنا كەم بىر ئەسىر ياشىغان ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىن كەتمىكى شۇنچە ئاسانمۇ؟ لوقمان ھەكىم مىڭ يىل ياشىغانىكەن، ئۇ زات ئۆمرىنىڭ ئوندىن بىرى ھاجىمغا نېسىپ بولماسمۇ ـ ھە؟

دوختۇر كىرىپ كەلدى. ئۇ كۈندىكىدەك ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتتى، قان بېسىمىنى ئۆلچىدى، تىلىنى، كۆزىنى كۆرۈپ باقتى، ئۇيقۇ، تاماق، تەرەتلىرىنى سورىدى:

ــ ئەمدى ئاسما ئوكۇلدا بىر ـ ئىككى كۈن ياتسىلىرى قانىنىڭ يۇرۇشۇش ئەھۋالىمۇ نورماللىشىدۇ. يۈرەكتىكى زاۋبۇمۇ ئازلايدۇ. خەتەر ئۆتۈپ كەتتى. قان ئايلىنىش، نېرۋىلار، ئۆپكە، ئاشقازان ۋە چوڭ مېڭىنىڭ پائالىيىتى نورماللىشىشقا قاراپ مېڭىپتۇ. كۆپرەك ياخشى ئىشلارنى ئويلىسىلا، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۇنتۇشقا تىرىشسىلا، روھىي كەيپىيات مۇھىم. خاپىلىق، جىددىيلىك، غەم ـ ئەندىشە، تەشۋىشلەردىن ئۆزلىرىنى خالىي تۇتسىلا، كىتابتا يېزىلغاندەك ئۆزلىرىنى ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئۇخلاۋاتقان مۈشۈكتەك ئازادە تۇتسىلا، كۆڭۈللىرىگە تىرناقچىلىك بولسىمۇ غەم يولاتمىسىلا!

سېمىز، ئىككى قوۋۇزىغا چوڭقۇر سىزىق چۈشكەن باش دوختۇر مۇلايىملىق بىلەن يۇقىرىقىلارنى دەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيگە نىساخان ھاجىم ئانىغا ئەگىشىپ بىر ناتونۇش كىشى كىردى. ئۇ كىشى ساغلام: يۈزلىرى قىپقىزىل، چاچلىرى قويۇق، يالتىراق، قاپقارا، قورساق سېلىشقا باشلىغان، ئەللىك ياشتىن ئاشقان ئادەم ئىدى.

ــ خا جۇرىبىن، ــ دېدى نىساخان ھاجىم ئانا مېھمانىنى ھاجىمغا تونۇشتۇرۇپ، ــ بايىلا گېپىنى قىلىشقاندۇق ئەمەسمۇ، ھاجىم، مانا ئۆزىمۇ كېلىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئوبدان بولۇپ قاپلا، ھاجىم، — دېدى مېھمان ھاجىمنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ قىزغىنلىق، مېھرىبانلىقنىڭ ئۆلگىسىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك ھاجىمغا ئېگىشىپ، سىلىق ئاۋازدا سۆزلەپ، — ئىبراھىم ۋالىي ھەممە ئەھۋالنى ماڭا دېدى. مەن ۋىلايەت ۋالىيسى بىلەن پارتكوم شۇجىسىغا تېلېفون بىلەن ئەھۋالنى مەلۇم قىلدىم. بۇ يەردىكى مۇھىم رەھبەرلەرگىمۇ سىلى توغرۇلۇق گەپ قىلدىم. خاتىرجەم بولسىلا، ھەممە ئىش كۆڭۈللىرىدىكىدەك ھەل بولىدۇ. بىر ناھىيە ئۈچۈن چوڭ بىلىنگەن ئىش بىزنىڭ بۇ يەردە ئەرزىمەس ئىش ھېسابلىنىدۇ. بىزگە لازىمى ئادەم. ئادەم بولغاندىمۇ تارىخنىڭ، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، ئىناۋەت تاپقان، تۆھپىسى زور ئادەملەر كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭدا ھاجىمدەك ھۆرمەت - ئىناۋەت ئىگىسىدىن نەچچىسى بار دەيلا !

— رەھمەت، بالام، ئىنشائاللا ئەل بەختى ئۈچۈن ئىشلەشكە ھېلىھەم يارايمىز، بالام.

— سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرى توغرىسىدا بۇ يەردە نۇرغۇن گەپلەر بولۇندى. سىلىنىڭ تەكلىپلىرى، مەسلىھەتلىرى بىلەن ناھىيەنىڭ قانچىلىغان ئىشلىرى ياخشى ھەل بولدى، ھەتتا ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىمۇ ئۇ ياققا بارغاندا سىلى بىلەن سۆزلىشىپ ئاجايىپ ياخشى تەسىراتلارغا ئىگە بولغانلىقىنى ئېيتىشتى.

— رەھمەت، بالام، رەھمەت !...

مېھمان ئىبراھىم ئەزىزنىڭ دوستى ئىكەن. بۇ كىشى ئىبراھىم ئەزىزنىڭ تېلېفوندا قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ زېمىن، ھېلىقى ئۆي - جاي دەۋاسى توغرىسىدا ھاجىم بىلەن ئوبدانراق سۆزلىشىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن. بۇ كىشى زېمىننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا يازغان ئەرزىسىدىنمۇ خەۋەردار ئىكەن. بۇ كىشى ھاجىمنىڭ ئالدىدا زېمىننىڭ «سول ئىدىيە»لىك ئادەم ئىكەنلىكى، يېڭى ۋەزىيەتتىن ئارقىدا

قالغانلىقى، «سىنىپىي كۆرەش كۆزقارىشى»نىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغانلىقى، بۇ خىل ئادەملەر رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدىن تازىلانمىسا، ئىشلارنىڭ يۈرۈشمەيدىغانلىقى... قاتارلىق ئىشلارنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردى.

مېھمان كەتكەندىن كېيىن ھاجىم خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى. ئۇ ھەتتا نىساخان ھاجىمنىڭ قولىنى مۇجۇپ تۇتۇپ كۆلۈمسىرەپمۇ قويدى...

لېكىن، نەمرۇد ھاجىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلمىدى. ئۇ ئاۋۋال تېلېفوندا كېلىشىپ قويغىنى بويىچە شەھەر مەركىزىدىكى مېھمانخانىدىن ئايرىم ياتاق ئېلىپ ئورۇنلاشتى ـ دە، ھەنىپە ئىسىملىك ئالىي مېھمانخانا كۈتكۈچىسىگە ياتىقىنىڭ نومۇرىنى مەلۇم قىلدى. ئاندىن كېيىن ھەرقېتىم ئۇرۇمچىگە كەلسە قىلىدىغان ئادىتى بويىچە ئىككى كىشىلىك زىياپەت تەييارلىدى، مېھمانخانا باشلىقى ۋە كۈتكۈچىلەرگە «يېزا سوۋغىلىرى» تەقدىم قىلدى. ئۇ «بۇ شەھەرگە كەلگەن بىرىنچى ئاخشامنى ئەلۋەتتە مانا شۇنداق ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك» دەپ ئويلىدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا نە ئاتىسى، نە قېرىنداشلىرى، نە ئەتىكى ئىشلار كىرمەيتتى، ئۇ تەقەززالىق بىلەن ئۆزىگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئاتا قىلغۇچىنى كۈتەتتى. ئەمما، كۈتكىنى كەلمەيتتى. ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا تېلېفون بېرەتتى، تېلېفوندىن «ھەنىپە چىقىپ كەتتى» دېگەن جاۋاب كېلەتتى. ئۇ رەسلە بولۇپ ھاراق ئىچتى، يەنە ئىچتى، ئاخىر مانا ئاغزىنى بۇزۇپ كەلمىگۈچىنى تىللاشقا باشلىدى:

«ۋۇي پۇلغا دۇم چۈشكەن جالاپ، ھەقچان بىرى چوڭراق دو چىققان گەپ، ساڭا ئۈچ يىلدىن بېرى ئون مىڭ كويدەك پۇل خەجلىدىم، بوگۇنزە تېخى مېنى ئالدىماقچى بولسەن، مەن ساڭا تېتىمىسام نەمرۇد ئەمەسمەن. ئالداشنىڭ نېمىلىكىنى ساڭا بىر ئۆگىتىپ قويمىسام!»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ كەچ سائەت سەككىزگىچە كۈتتى. قىز كەلمىدى، ئۇ يەنە ئىككى رومكا ئىچتى ـ دە، كوچىغا چىقتى. كەچكى چىراغلار بىلەن يورۇغان سالقىن كوچىلار ئۇنىڭغا ئارام بەردى. ئۇ ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئەتراپقا قاراپ ئۆزىگە ئارامبەخش ئېتىدىغانلارنى ئىزدىدى. لېكىن، ئۇنداقلار ئۇچرىمىدى. «شىنجىن، خەيكۇلاردا قانداق ياخشى، ئۆزلىرى كېلىپ ساڭا گەپ قىلىدۇ. تېخى يېنىدا كىچىككىنە تېلېفوندەك بەلگىسىمۇ بولىدۇ تېخى. ئۇرۇمچى قۇرۇسۇن، نېمىشقا ماڭا مېهرى بىلەن قارايدىغان ئايال ئۇچرىمايدۇ...». ئۇ خىيالىنى ئاخىرلاشتۇرمايلا ئۇنىڭ مۇرادى هاسىل بولدى.

ــ ياخشىمۇ سىز؟ ــ دەرەخ كەينىدىن ياش، چىرايلىق بىر قىز چىقتى. ئۇ كونا تونۇشىدەكلا نەمرۇدنىڭ يېنىغا كېلىپ تىنچلىق سورىدى، ــ مېنى تونۇغانسىز هە؟

ــ تونۇمامدىغان، سىز نەق مەن ئىزدەپ يۈرگەن قىزنىڭ ئۆزى

ــ ها ـ ها ـ ها...

ــ پاھ، پاھ، پاھ، نەق سىز شۇ، ئىسمىڭىز نېمىدا؟

ــ ئىسمىمنى نېمە قىلارسىز. كوچىدا تۇرۇۋېرىمىزمۇ؟

ــ نەگە، قايسى رېستورانغا باشلاي ياكى ياتاققا كېتىمىزمۇ؟

ــ ياتىقىڭىز خالىيمۇ؟

ــ خۇددى گۆردەك جىم...

ــ قورقۇتمىسىلا ئادەمنى...

قىز ئۇنى دەرهال قولتۇقلىدى.

لېكىن، ئۇنىڭ شادلىقى مول مېۋە بېرەلمىدى. ئۇ كارىۋىتىدا ئاندىن تۇغما هالدا هېلىقى قىز بىلەن چىرمىشىپ ياتقاندا ياتاق ئىشىكى تۇيۇقسىز ئېچىلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئېلېكتىر يورۇقىدا رەسۋالاشقان يالىڭاچ بەدىنىنى تاماشا قىلغۇچى ــ ھەنپە ئىسىملىك چوكان پەيدا بولدى.

— ۋۇ رەسۋا! — دېدى چوكان نەمرۇدنىڭ تەستىكىگە شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ، — سەن رەسۋانىڭ مانا ئالىمەن، ئەنە ئالىمەن دېگەن سۆزۈڭگە ئىشىنىپ مانا ئوتتۇز ئۈچ ياشقا كىردىم، ئەمدى نېمە دەيسەن؟

— ھە... ھە... ھەنىپە ... — دېدى ئارانلا ئىچ كىيىملىرىنى كىيىپ ئۈلگۈرگەن نەمرۇد كېكەچلەپ، — سەن نېمشقا مېنى ئالدايسەن، سەندىن قىساس ئالىمەن دەپ...

— ۋۇي رەسۋا! — دەپ تەستەككە بىرنى ئۇردى ھېلىقى بىللە ياتقان قىزمۇ كىيىملىرىنى كىيىۋېلىپ، — مېنىمۇ ئالىمەن، سۆيىمەن دەپ ئالداپ ئەكىردىڭا ئەمىسە، تېخى باشقا بىرىدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن مېنى ئەكىرگەنىمىدىڭ؟

نەمرۇد ئىشنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن، مېھمانخانا ساقچىسىنىڭ كىرىپ كېلىشىدىن قورقۇپ بىللە ياتقان قىزنىڭ ئالدىغا ئەللىك يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى تاشلىدى.

— رازى بولۇڭ، قىزچاق، ئەمدى...

— نېمە؟ مۇشۇنىڭغىما؟

— مانا يەنە بىرنىمۇ ئېلىڭ!

قىز يۈز يۈەننى چاققانلىق بىلەن ئالدى ـ دە، تالاغا قاراپ ماڭدى. ھەنىپە قىزنىڭ ئالدىنى توسىدى:

— نەگە؟ — دېدى ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ قىزغا ئېسىلىپ، — ئەكەل پۇلنى!

— ئۆتەپ بارە شاپاقچى!

قىز ھەنىپەنى كۈچ بىلەن ئىتتىردى ـ دە، سىرتقا قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

نەمرۇدنىڭ قالغان كېچىسى ھەنىپەگە يالۋۇرۇش، ئۇنى بەزلەش بىلەن ئۆتتى...

ئىككى تەستەك بىلەن يېلىنىش ئىنئام قىلغان ئاشۇ ئاخشام بۇ ئامەتلىك ئادەمگە بىر يېڭى ئىنئام — يېڭى مەنسەپمۇ سوۋغا قىلدى: شۇ ئاخشىمى ۋىلايەتنىڭ قارارى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ناھىيەگە يەتكۈزۈلدى: نەمرۇد بىرنەچچە ئايلىق تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سىياسىي قانۇن شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. قاراردا يەنە نەمرۇد ئىبراھىمنىڭ بەزى كەمچىلىك، خاتالىقلىرى بولسىمۇ بۇ مەسىلىلەر ئۇششاق - چۈششەك تۇرمۇش مەسىلىلىرى. نەمرۇد سىياسىي - ئىدىيە جەھەتتە ساغلام، يىگىرمە ئىككى يىللىق پارتىيە تارىخى بار ياخشى يولداش دېيىلگەن، بۇ يېڭى قارار شۇ كېچىسىلا ئۈرۈمچىدە داۋالىنىۋاتقان ھاجىمغا يەتكۈزۈلدى.

«شۇجى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ھاجىم خۇشاللىقىدىن كېسەل ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ ھاياجان بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرماق بولدى. لېكىن، خۇشاللىق، ھاياجانمۇ يۈرەك كېسىلى ئۈچۈن ئاپەت ئىكەن. ھاجىم ئورنىدىن تۇردى - دە، بېشىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتقىنىچە ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ كەتتى... ھاجىم يەنە ئوكسىگېن بىلەن نەپەسلىنىش، ئاسما ئوكۇل بىلەن ئوزۇقلىنىش، ئالىي دەرىجىلىك كۈتۈلۈش دېگەنگە ئوخشاش خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ھاجىمنىڭ ئايالى بىلەن ئىككى قىزى يەنە ھازا باشلاش ئۈچۈن تەييارلاندى. ھاجىمنىڭ يېقىنلىرى تەرەپ - تەرەپكە تېلېفون بېرىپ، ھاجىمنىڭ ئەھۋالىدىن ھەممە يەرگە خەۋەر يەتكۈزدى...

لېكىن، ئاتا ئۈمىدنى كۆكرىكىگە تېڭىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئوغلى نەمرۇد بۇ چاغدا ھەببە ئىسىملىك ئايالغا ۋەدە بېرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— يېزىڭ ! — دېدى ئايال، — خەنزۇچىمۇ يېزىڭ، مەن چوقۇم مۇشۇ 1989 - يىلى ئىچىدە ھەببە بىلەن توي قىلىمەن، سەھرالىق ئايالىمنى ئىككى ئاي ئىچىدە قويۇپ بېرىمەن دەپ يېزىڭ !

نەمرۇد ئۇنىڭ دېگىنىنى يازدى. خەنزۇچىسىنى ھەببە يازدى. ئاخىرىغا نەمرۇد قول قويۇۋىدى، ئايال ئۆكتەملىك قىلىپ:

— قولىڭىزنى ئەكىلىڭ! — دېدى. نەمرۇد قولىنى تۇتقۇزدى. ئايال نەمرۇدنىڭ بارماق قولىنىڭ ئۆپكىسىگە يىڭنىنىڭ ئۇچىنى سانجىدى ـ دە، قان چىقاردى ۋە قان چىققان بارمىقىنى ئىمزا ئۇستىگە باستى. ئاندىن نەمرۇدنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. نەمرۇد قايتىدىن خۇشاللىق كۆلچىكىگە چۆمۈلۈش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتقان ئاشۇ شېرىن مىنۇتتا ئۇنىڭ هاياتىدا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە چوڭ خۇشاللىق بىلەن چوڭ قايغۇ بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولماقتا ئىدى: بىر ياقتا ئىللىق قۇياش يېشىل دالاغا گۈزەل نۇرىنى چاچماقتا، بىر ياقتا قارا بۇلۇتلار تۇرۇلۇپ چىقىپ مۆلدۈر بىلەن يەر بېتىنى ئۇچۇقىداشقا هازىرلانماقتا. هاياتلىق قانۇنىيىتىنىڭ ئىككى قۇتۇپى كۈچ سىناشماقتا ئىدى. نەمرۇد ھەممىدىن بىخەۋەر. ئۇ نېپىز ئەدىيال ئىچىدە ھەيبەنىڭ جىمىلەشلىرىگە جاۋاب تاپالماي لەززەت بىلەن خىجالەتچىلىك ئارىلاشقان بىر خىل هاۋادىن بىئارام بولماقتا ئىدى:

— هالىڭىز شۇمىدى، شۇنچىلىكمىدى؟ — دەيتتى ئايال ئۇنى غىدىقلاپ ئەركىلەپ، — مەن تېخى سىزنى بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر قىلىپ قويىمەن...

نەمرۇد ۋاقىچە ئويغاندى. ئۇ ئويغانغاندا كارىۋاتتا ئۆزى يالغۇز ياتاتتى. ئۇنىڭ بېشى ئېغىرلاشقان، پۇت ـ قولى هالسىز، ئاغزى بەتتەم. ئۇ ئۆتكەن تۈنىنىڭ قالدۇرغان خاتىرىلىرىنى ئەسلىدى: بىرنەچچە يۈز كويچەنىڭ كارى چاغلىق، مۇنۇ ئايالغا تىلخەت بەرگىنى يامان بولدى. ئايال بۇ خەتنى كۆرگەنلا بىرىگە كۆرسىتىشى، ھەتتا كۆپەيتىپ بېسىپ ھەممە يەرگە تارقىتىشى مۇمكىن. نەمرۇددەك ئەيش ـ ئىشرەت ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىدىغان ئادەملەر مانا مۇشۇ خىل ئاياللار ئۈچۈن ياخشى يەم. بۇنى نەمرۇد بىلىدۇ. ئۇ قانچە ئايالغا باغلاندى؟ بۇنى سانىماقمۇ تەس. تۈنجى قېتىم ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا ماڭغاندا قۇم، تاشلىق چۆللەردە ماشىنا ئەللىيىدە

مۇگدەپ تونۇشقان ھېلىقى ئايال بىلەن تۇنجى قېتىم قۇملۇقتىكى يولغۇن دالدىسىدا تۇرمۇشنىڭ بۇ لەززىتىنى تېتىغاندىن تارتىپ مۇشۇ ئەللىك ئالتە يېشىغىچە بولغان قىرىق يىل ئىچىدە قانچە ئايال بىلەن بىللە بولۇپ، قانچىسىغا ۋەدە بەردى؟ بۇنى سانىماق تېخىمۇ تەس. بەلكى يۈز يىگىرمە ياكى يۈز ئەللىك چىقار، بۇنىڭ كارى چاغلىق. بۇ ھاياتنىڭ داغدام يولى، كاتاڭلىق يوللىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ئوخشايدۇ.

ئۇ «ۋەدىنامە»نىڭ كۆتىكى يېزىلغان خاتىرە دەپتىرىنى ئېلىپ ئوڭدا يېتىپ ۋاراقلىدى: ھەربىر بەتتە بىرنەچچە ۋەدە. بەزىلىرى يوغان، بەزىلىرى كىچىك يېزىلغان. بۇ ۋەدىلەرنىڭ ئىگىلىرى نە ـ نەلەردە جاۋاب كۈتۈپ تۇرۇشقاندۇر؟

«زۇنۇن جۇرۇننىڭ نەۋرىسى تۇرنىسا قىزغا بىر ئىشتات كېرەك. بۇنى بىر ئاي ئىچىدە چوقۇم ھەل قىلىپ بېرىمەن!»

«تۇرسۇن بارات ناھىيەدىن ۋىلايەتكە يۆتكەلمەكچى. بۇنىڭ ئۈچۈن گاۋ جۇرېن باش لىڭشتىنى كېرەك. يەتتىنچى ئايدىن بۇرۇن گاۋنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ بېرىمەن.»

«ئالتىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ قورۇلۇشى ئۈچۈن يۈز ئەللىك مىڭ يۈەن سورايدۇ. بۇنى ئىبراھىم ئەزىز ئارقىلىق...»

«گۈلسۈمخان مۇئەللىمنىڭ ئوغلى يالقۇن بىر يىل بولدى تەقسىم قىلىنمىدى، كەسپى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، نەتىجىسى ياخشى، پارتىيە ئەزاسى، تەلىپى ناھىيە ئىچىدە ئىشلەش، چۈنكى ئۇ تۇل خوتۇننىڭ بالىسى...»

«يار بېشى مەسچىتىنىڭ سىرچىلىقى ئۈچۈن ئۈچ مىڭ كوي لازىم. ھاجىم ئاتام بىرەر بايغا دەپ قويسا...»

«ئالتە مىڭ سەككىز يۈز يۈەن تاپشۇرۇۋالدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن (ھاجى قۇددۇس مۇلازىمەتخانىسى)نىڭ نامىدىن گۇاڭجۇدىكى چى لاۋبەنگە × × × يەتكۈزۈپ بېرىمەن...»

... ھەربىر بەتتە بىرنەچچە ۋەدە. نەمرۇدنى ھەرخىل ئىشلار بىلەن ئىزدىگۈچىلەر، مەسىلەن، يۆتكىلىش،

ئورۇنلىنىش، ھەتتا ئۆسۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلار ھوقۇقلۇق كۈيۈ ئوغۇللارنىڭ ياردىمىگە موھتاج، پۇل تېپىش ھەلەكچىلىكىدىكىلەر «ھاجى قۇددۇس مۇلازىمەتخانىسى»نىڭ ياردىمىگە موھتاج. جامائەت ئورۇنلىرى: مەسچىت، مەكتەپ، يەسلى، ئاممىۋى تەشكىلات، ئاساسىي قاتلام ئىدارە ئورۇنلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە موھتاج. يەنە بىر قىسىم چىقىش يولى لازىم بولغان ئەيىبكارلار نەمرۇدنىڭ ياكى ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ شاپائىتىگە موھتاج... موھتاجلاردىن ئۇنى ئىزدىمەيدىغانلىرى يوق. چۈنكى، ئۇنىڭ قولى ئۇزۇن، يولى كۆپ. مۇناسىۋەت دەۋرى، ئالاقىلىشىش دەۋرى، نەمرۇدلارنىڭ دەۋرى. ئۇ ئاتىسىنىڭ نامى ياكى كۈيۈ ئوغۇللارنىڭ ھۆرمىتى ھېسابىغا شۇنداق بىر مۇناسىۋەت تورى يايغانكى، بۇ تورنىڭ بىر ئۇچى ئۈرۈمچىدىكى خېلى چوڭ ـ چوڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلارغا باغلانغان بولسا، يەنە بىر ئۇچلىرى ناھىيە، ۋىلايەت ھەتتا يېزا ـ كەنت، ئىدارىلەردىكى «پىچىقى ئىتتىك»لەرنىڭ ماھىر قوللىرىغا باغلانغان، بۇ تور كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن توختىماي ئىشلەيدۇ، بۇ تورغا كۆپلىگەن، تولىمۇ كۆپلىگەن ئادەملەر بىلىپ ياكى بىلمەي ئىلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئۆزىنى ئوڭايلىقچە توردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ، بۇ تور قارىماققا ساخاۋەتلىك ئادەمگە ئوخشىشىدۇ، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىلىنغۇچىلار ئۈچۈن ئەمەس، تورنى يايغۇچىلار ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

نەمرۇدنىڭ خاتىرىسى مانا شۇ تورنىڭ سىگنالى. نەمرۇد ھەرقانداق ھاجەتمەنگە مۇلايىملىق بىلەن:

— «چوقۇم، چوقۇم، توختاڭ، دەپتىرىمگە يېزىۋالاي، ھە بولدى، ئىككى ئاي، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ تېزرەك جاۋابىنى بېرىمەن !» دېگەن سۆز بىلەن يولغا سالىدۇ. ھاجەتمەن ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشقاندا خىجىل بولغان قىياپەتتە: «مانا قاراڭ، ئۇنتۇغاقلىقىم !» دەپ پېشانىسىگە ئۇرۇپ قىزغىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆلكە بىلەن كۆتۈۋالىدۇ ۋە يېڭى، قىسقا مۇددەت ۋەدە قىلىدۇ. بۇ خىل ۋەدە تەكرارلىنىدۇ، ئاخىر ھاجەتمەن ئۈمىدسىزلەنگۈچە تەكرارلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەل بولىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. لېكىن، بۇ خىل ھەل بولۇش كۆتكۈچى سەرپ قىلغان خىراجەتنىڭ ئون ھەسسىسى ھېسابىغا توختايدۇ.

نەمرۇدنىڭ خاتىرىسى مانا مۇشۇنداق ھەرخىل لازىملىق قوي، ماي، ئاشلىق، ياغاچ، تۆمۈر، ئوغۇت، رەخت، ھاراق... ئاخىرىدا نۇرغۇن پۇللارنى كۆلكە ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تاپالايدىغان ۋەدىلەر تويلىمى...

نەمرۇد مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ خاتىرىسىنى ئۈستەلگە تاشلىدى:

«ھەببىبە چۆچۈرىنى خام سانايدۇ، ئەخمەق ئايال. سەن مەندىن ۋەدە ئالغان ئايالنىڭ نەچچىنچىسى، بىلەمسەن؟ ئۆيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىق بىلەن مېنى قورقۇتارمىش تېخى... بىر تامچە قان نېمىگە يارايدۇ، چاشقاننىڭمۇ قېنى بار، خېنىم، تۆھمەتخورنى جازالايدىغان قانۇنمۇ بار تېخى. خېنىم، سىز ھازىرقى دۇنيانى چۈشەنمەيدىكەنسىز، بۇ زاماننىڭ قەھرىمانلىرى مۇتتەھەم كۆكەرمىلەر ئەمەس، بەلكى ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان پۇلدارلار بىلەن ھوقۇقدارلار.»

ئۇ ئورنىدىن كېرىلىپ تەستە تۇردى ــ دە، دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ تالاغا قارىدى. قۇياش كۆتۈرۈلگەن. ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭى قۇياشنىڭ نۇرى ئاستىدا يېڭى بىر كۈننى باشلىغان:

«سالام قۇياش! — دېدى ئۇ شادلىنىپ، — يېڭى كۈنۈمگە مۇبارەك بولسۇن. ئىلاھىم بۇ كۈنۈم خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق ھەر سائەتتە ئالمىشىدىغان ئالتاغىل كۈنۈم بولمىسۇن. كەچكى ئۆيقۇغا غەمسىز ــ خاتىرجەم سەپەر قىلىش نېسىپ بولسۇن! ئىسىت شائىر بولۇپ قالمىغىنىم. ھېچبولمىسا ھېلىقى چۈپرەندە ئابلا يانتاقچىلىك!»

ئۇنىڭ يېڭى كۈنى باشلاندى.
هاجىمنىڭ هالى خاراب، خەتەرلىك.
يۈرەك سوقۇشى مىنۇتىغا بىر يۈز توقسان ئىككى، قان بېسىمى تۆۋىنى بىر يۈز ئوتتۇز، يۇقىرىسى ئىككى يۈز ئون. شۇنىڭ ئۈچۈن نەپەس ئېلىش قىيىن، ھەرىكەت قىلىش خەتەرلىك.
ئاسما ئوكۇل يىڭنىسى ئوڭ بىلىكىگە سانجىلغان، بۇرنىغا ئوكسىگېن يەتكۈزۈش نەيچىسىنىڭ توپچىسى كىرگۈزۈلگەن، ئۇ ئۈستىدىن بېنتلانغان. هاجىم ئوڭدا، تۈپتۈز، جىم ياتماقتا. چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى يۇمۇلغان. لېكىن، ئۇنىڭ خىيالى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندىكىدەك خىرە، ئېنىقسىز، تەرتىپسىز سەكرەتمە هالەتتە، ئۇ بىردەمدىلا ئاتىسى تۆرىخان هاجىم بىلەن تۆگە ئۈستىدە ئۇستى سايىغۇەنلىك سېۋەتلەردە ئولتۇرۇشۇپ ئەرەب سەهراسىدا مەككە ـ مەدىنە يولىدا ماڭاتتى. يىراقتا خورما دەرەخلىرى كۆرۈنمەكتە، ئۇلار خۇددى ئۈچى ئاسمانغا قارىغان ئېشەك قۇيرۇقلىرىدەك، چەكسىز قىزغۇچ قۇملۇقتىن كېلىدىغان، گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان تىنجىق هاۋا ئۇنى ئازابلىماقتا:
ـــ بالام ئىبراهىم، ئاز قالدۇق. پەيغەمبىرىمىز سەلبى جېڭى قىلغان جايغا يېتەي دېدۇق. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام مەدىنە شەهىرىگە تۇنجى قەدىمىنى بېسىپ ناماز ئوقۇغان جامە ئانچە يىراق ئەمەس. چىدا، ئوغلۇم، بۇ يولدا تارتقان ئازاب جەننەت بوسۇغىسىنىڭ ئۆزى، بالام، غەيرەت قىل، ئوغلۇم!
ئاتا ئىلتىجاسى غەيرەت مەنبەسى، ئىبراهىم خېلىلۇللانىڭ مۇبارەك نامى بىلەن ئاتالغان ئوغۇلمۇ زارلامدۇ؟ ياش ئىبراهىم ئاتىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى...
بىردىنلا قانغا مىلەنگەن ئىككى جەسەت ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئوق ئۇلارنىڭ كۆكرىكىگە تەگكەن، ئاق

كۆڭلەكلىرى قارامتۇل قان بىلەن قېتىشقان، ئۇلارنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى كەينىگە تارتىلغان، ئۇلار نېمىگىدۇر چەكچەيمەكتە. مانا موللاق سوپى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇمدۇردى:

— بۇلار ھەسەن – ھۈسەن، ئىبراھىم ھاجى، بۇلار سېنىڭ ئاكىلىرىڭ. قارىغىنا، ساقاللىرى تۆرىخان ھاجىمنىڭكىدەك، بۇرۇنلىرى سېنىڭكىدەك، شۇغىنىسى بۇلارنىڭ بۇرۇنلىرى سېنىڭكىدەك سەزگۈر ئەمەس!...

موللاق سوپى نېمە دەيدىغاندۇر. قىرىق نەچچە يىل بۇرۇنقى جەسەتلەر نېمىشقا ھېلىغىچە چىرىمىغاندۇر؟

— ئۇلار سەن بىلەن تەڭ چىرىيدۇ. ئۇلار سېنى كۈتۈۋاتىدۇ. تۆرىخان ھاجىم ئىنىڭلارنى ئالغاچ كېلىڭلار دېگەن. ئىبراھىم ھاجىم تۆرىخان ھاجىمنىڭ ئازلىق بالىسى. ئۇ ئاكىلىرىدىن ئايرىلىپ قالماي، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بىللە كەلسۇن دەۋاتىدۇ.

— ياھەننان، يامەننان!

— ئىسمائىلچۇ، ئۇنى نېمىشقا باشلاپ كەلمەيمىز؟

— ياق، ئۇ ھەممىگە كۆنۈك، ئۇ شياۋدۇينىڭ ئېرىقلىرىنى ھەقسىز چاپسۇن. ئۆشنىسى بىلەن تاغاردا ئەسكى تامنىڭ توپىسىنى توشۇپ گۇناھىنى يۇسۇن. نېمىشقا بولاتتى؟ ئۇ ياۋاش، قۇۋلۇق – شۇملۇقنى ئۆگەنمىگەن، شۇڭا ئۇ گۇناھلىق، دوزاخ ئازابىنى پانىي دۇنيادا تۈگىتىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا پاكلىنىپ كەلسۇن!

— بۇ گەپلەر تاپا – تەنىمۇ ياكى ھەقىقەتمۇ؟

— بەرھەق!

— موللاق سوپى نېمە دەيدۇ، ياق، ئۇ گەپ قىلماي تۇرسا بولاتتى. لاداق يولىدا نېمىشقا ئات چاپتۇردۇق؟ موللاق سوپى ساۋۇت داموللىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولغان. ئىبراھىم ھاجى ساۋۇت داموللىغا ئاتىسى تۆرىخان ھاجىنىڭ خېتىنى ئاپىرىپ

بەرگەن. مۇشۇ كىچىككىنە ئىش ئۇچۇن لاداق يولىدا كەشمىرگە قاراپ ئات چاپتىش زۆرۈرمىدى؟ ياق، ياق، شۇنچە دۇنيانى، چىرايلىق خوتۇنلىرىنى تاشلىسۇنمۇ، ياڭاق، چىلان، ئەنجۈر، نەشپۈتلۈك باغ، سۇپسۇزۇك كۆل، كۆكتۈللۈك ھويلا، ساناقسىز ياسىداق ئۆيلەر كىملەرگە قالىدۇ؟ بۇ دۇنيا كىمنىڭ؟ ئىبراھىم بەگنىڭ! بىرىنىڭ دۇمبىسىگە دەسسەپ ئات مىنسەڭ، ئىتىڭنى بىرى ئىغىزدۇرۇق يېنىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭسا، سەن ئەتراپتىكى ئىگىلىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ تۆپىسىدىن كۆلۈپ قارىساڭ، ئەتلەس كۆرپىلەر ئۈستىدە قات ـ قات ماۋۇقلارغا يۆلىنىپ چىشىڭنى قىيىن كولىغۇچ بىلەن كولاپ يانپاشلاپ ياتساڭ، سېنى چىرايلىق، نومۇسچان ئايالىڭ قوتاز قۇيرۇقىدىن قىلىنغان يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈسە... كىم بۇ ھالاۋەت قاچىسىنى چاقمەن دېگەن؟

— بۇنى ئىككى ئاكاڭنىڭ جەسىتىدىن سورا!؟

— يەنە شۇ موللاق سوپىنىڭ ئاۋازىمۇ؟ ئۇ دېگەن جاھىل مۇرتەت. ساۋۇت داموللا كىم دەپ سورىساڭ ئۇنىڭغا تىل كىرىدۇ: «يەتمىش كۇنلۇك ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت باشلىقى. جۇمھۇرىيەتچى ئادەم ئىدى». مانا بۇ موللاق سوپىنىڭ جاۋابى، موللاق سوپى بىكارلا كېكەچ بولۇۋالغىنى يوق. ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ. شۇڭا، كېكەچ. مېنىڭ گىلەم خۇرجۇنۇمغا قانچە تىللا، قانچە يامبۇ قاچىلانغان، بىزگە كەشمىرگە كېتىشنى كىم ئۆگەتكەن؟ ئۇ يەردە ماھمۇت سىجاڭ بىزنى كۈتىدىغان ئادەم قالدۇرغانمۇ يوق؟ ئۇ بۇلارنىمۇ بىلىدۇ. موللاق سوپى زۇۋانغا كىرمىسە بولاتتى. ئۇنىڭ زۇۋانغا كىرىشى قىيامەتنىڭ چىنلىققا ئايلانغىنىدەكلا بىر ئىش. ياق، ياق، ياق، بۇ دۇنيانىڭ ئۆمرى ئۇنچىلىك قىسقا ئەمەس...

ئىسمائىل نېمىگە جاھىللىق قىلدى، نېمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى؟ شياۋدۇينىڭ ئىككى ئىشىكى نېمىشقا بىر كۈندە ئۆلىدۇ. بۇنى ئىسمائىل پومبىشچىك بىلمەي قالاتتىمۇ؟ نېمىشقا

دېگەندە، پۈتۈن شىياۋدۇيدە شۇ بىرلا پومىشچىك تۇرسا ئۇ بىلمەي كىم بىلەتتى ئەمىسە؟ خامانغا مەدەك دۆۋىلەپ ئوت قويسا كۆيۈپ كەتكۈدەك ئاشلىق يوق. ئاشلىق بولمىغان بىلەن ئۇ دېگەن خامان ـ دە. ئاشلىق بار بولغان بولسا قانداق بولاتتى. مانا مۇشۇ ئېھتىمال ئىسمائىل پومېشچىكنىڭ جىنايىتىنى ئېغىرلاشتۇرمامدۇ؟ ئۇنى دادۇي بويىچە كۈرەش قىلىش، بۇ كۈرەش يىغىنىدا چوقۇم ئىبراھىم ھاجىم «سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايلى!» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىشى كېرەك. نېمىشقا دەمسىلەر؟ جاۋاب ئاددىي، ئۇ كىشى لى دېمىڭ ئەپەندىدەك ئىلغار ئەرباب. لى زوڭرېن ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەن بولسا ھاجىم ئۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل بۇرۇنلا قايتىپ كەلگەن، نەدىن دەمسىنا؟ ئەلۋەتتە ئۆز ئۆيىدىن. ... بەللى، كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچى پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارغا قارىتىلىشى كېرەك دەپ «خەلق گېزىتى»نىڭ باش ماقالىسىدە ئوپئوچۇق كۆرسىتىلگەن تۇرسا، بىز تۇردى كېرەم بىلەن قاسىم قۇربانلارنى كۈرەش قىلماي ھاجىمنى كۈرەش قىلامتۇق. خۇڭۋېيبىڭ دېگەن ھەقىقەتكە ئەگىشىدۇ، يۇرۇڭلار ئىبراھىم ھاجىمنى دەرھال پىڭفەن قىلىپ ھېلىقى ئىككىسىنى تارتىپ چىقايلى. شەرت شۇ سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى بولغان بۇ ئىلغار زات چوقۇم كۈيۈ ئوغۇللىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇلاردىن چەك ـ چېگرانى ئېنىق ئايرىتىشى، ئىنقىلابىي ئامما بىلەن بىرلىكتە پرولېتارىيات قوماندانلىق ئىشتابىنى قوغداش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ ئىلغار دېموكراتىك زاتقا گومورو، ماۋدۇنلارغا قاراتقان سىياسەتنى قوللىنىش كېرەك. ياق، ئىنقىلاب قىلىشنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى يوق، بۇ كىشىنىڭ بىلىكىگە ئىسيانچىلارنىڭ يەڭ بەلگىسىنى ئىككىلەنمەي تاقاش كېرەك. راست تاقاش كېرەك. بۇ كىشى قۇرئان كۆيدۈرۈش، مەسچىت

پىچەتلەش، ساقال ـ بۇرۇت چۈشۈرۈشنى ئەڭ ئاكتىپ قوللىغان ئادەم. قاراڭلار، پىشقەدەم سەككىزىنچى ئارمىيە جەڭچىسىدەك بىر كويلۇق شەپكە بىلەن كونا ـ ياماق چۈشكەن ھەربىيچە كىيىم كىيىپ تۇرۇشلىرىنى. بۇ ئادەم بەگ ئەمەس، رەئىس ئەمەس، سىپى ئۆزىدىن پىرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى... ھاجىم ئازاب بىلەن ئىڭرىدى، ئۇنىڭ ئايالى بىلەن قىزلىرى ھازا باشلىدى.

تەمرۇد نەدىكىن؟

بۇ چاغدا تەمرۇد ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ داشىزى كوچىسىدىكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيە مېھمانخانىسىنىڭ مەخسۇس، دۆگىلەك جوزىلىق ئۆيىدە بىر جوزا ئادەمگە زىياپەت بېرىپ، قەدەھ سۆزى سۆزلىمەكتە ئىدى:

— دوستلىرىم، — دېدى ئۇ چىرايلىق قاشلىرىنى ئۈينىتىپ، قاپقارا چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ، — بىز بۈگۈن بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل بۇرۇن بىللە مەكتەپ پۈتكۈزگەن قەدىناس دوستلار جەم بولۇپ بالىلىق، ياشلىق خاتىرىلىرى بىلەن شادلانماقچى بولۇۋاتىمىز. ئۇ چاغدىكى گۈزەل خاتىرىلەرنىڭ ئىگىلىرى مانا بۈگۈن دەۋرىمىزنىڭ گۈل تاجى، ھەرقايسى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى، بىز ھازىر ياراتقۇچىلار، كۆچلۈكلەر، قەيسەرلەر سىپىدە كۆكرەك كېرىپ تۇرۇۋاتىمىز. مانا بۇ بىزنىڭ بەختىمىز، غۇرۇرىمىز، چەكسىز خۇشاللىقىمىزنىڭ ئىسپاتى. قېنى ئەمىسە، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىسپاتلىرىمىزنى تارىخ بېتىگە ئالتۇن ھەل بىلەن مەڭگۈ ئۆچمەس قىلىپ يېزىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرەيلى!

ئۇ سۆزگە، كۆڭۈل ئېلىشقا ئۇستىلىقى بىلەن بۇ سورۇندا تېز لا ھۆرمەت ـ ئىناۋەت تاپتى ـ دە، بۈگۈن ئاخشامدىن باشلاپ ئۆيمۇئۆي مېھمان بولۇشنىڭ يولىنى ئاچتى. ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا بىر داڭلىق پىروفېسسور ئاغىنىسى ئۇنى دوستلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆيىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلدى.

نەمرۇد بىلىدۇ: ئەمدى ئۇنىڭ ئويلىغان پىلانلىرى ئەمەلگە ئېشىشقا باشلايدۇ. چۈنكى، مۇناسىۋەت دەۋرى ـــ ئاغىنىدارچىلىق قىممەت تاپىدىغان ئاجايىپ دەۋر. ئۇ بۇ دەۋردە دوستلۇقنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە ياخشى يېتەلەيدۇ: دوستلۇقنى قاچان، قانداق يەردە ئەتىۋارلاش، قانداق يەردە ئۇنى چۆرۈۋېتىش لازىملىقىنىمۇ؛ كىملەرگە يېپىشىۋېلىپ قويۇپ بەرمەسلىك، كىملەرگە خائىنلىق قىلىش لازىملىقىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن دوستلۇق مودا كىيىم، يېڭى مال، پۇللۇق ياكى كاسات تاۋار، ياكى بالداق پەلەمپەي، ياكى ئۆزى ئىسمىنى بىلمەيدىغان بىر خىل قورال. بۇ قورال بىلەن يۇقىرىغا يامىشىشقا، يامىشىپ چىقىۋېلىپ بۇ قورالنى تاشلىۋېتىشكە بولىدۇ: زېمىنمۇ بىر چاغلاردا ئۇنىڭ دوستلىرى ئىچىدە ئىدىغۇ؟ ئۇنى نېمىشقا چۆرۈدى، ئۇ نېمە زىيان سالدى، بۇلارنى نەمرۇد ئويلاپمۇ قويمىدى. لېكىن، تۇيۇقسىزدىنلا تونۇشۇپ قالغان ئىبراھىم ئەزىزگە بولسا نېمە ئۈچۈن ئۆز سىڭلىسىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇنىڭ «ئاغىنە»لىكتىن كويۇ ئوغۇللۇققا ئۆزگىرىپ قېلىشىغا نېمىلەر سەۋەب بولغانلىقىنى ئەسلەپ قويۇش نەمرۇد ئۈچۈن ھېلىمۇ كۆڭۈللۈك:

ـــ دادام كىم بولىدۇ دېدىڭىزا، ھە، بولدى بىلدىم، دادام دائىم سىزنىڭ دادىڭىزنىڭ گېپىنى قىلاتتى، ـــ دېدى نەمرۇد يېڭىلا ئىچكىرىدە ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ۋىلايەتلىك پارتكوم شۆجىسىغا تەرجىمان بولۇپ بۇ ناھىيەگە كەلگەن ئىبراھىم بىلەن زىياپەتتە تونۇشۇپ قېلىپ، ـــ ئەكىلىڭ قولىڭىزنى، بىز ھازىردىن باشلاپ جان دوست!

ئۇ بۇ سۆز بىلەن دوستلۇقنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتىنى شۇنداق ئىپادىلىدى: ئۇلارنىڭ پىكرى، مىجەزى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى تامامەن بىر، مانا بۇ بىرلىك ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە مەڭگۈ ئايرىلماس قىلىپ باغلىغان. نەمرۇد ئۇزاقتىن بېرى مانا مۇشۇنداق بىرى بىلەن دوست بولۇش ئارزۇسىدا ئىدى. ئۇ

بۇگۈن ئارزۇسىغا يەتتى. ئۇ يېڭى دوست بىلەن بەختلىك!
ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك «كالا ئوك» ياكى رېستورانلار يوق، تانسا ئويناشمۇ ئومۇملاشمىغانىدى. نەمرۇد دوستلىرىنى يىغىپ چاي بەردى، ئۇلار ئوغرىلىقچە ھاراقمۇ ئىچىشتى، كېچىسى ھاجىمنىڭ قەدىمكى قورۇ ـ جايىنىڭ ئىسكىلاتىدا گازۋاي لامپا يورۇقىدا گارمون چېلىشىپ، تانسا ئويناشتى. مانا، شۇ تانسىدا نەمرۇد ئۇچىنچى سىڭلىسى گۈلئايشەمنى ئىبراھىمغا تونۇشتۇردى. ئۇ چاغدا گۈلئايشەم ناھىيەدە توققۇزىنچى سىنىپتا ئوقۇيتتى. لېكىن، ئۇ ئون ئالتە ياشتا بولغىنى بىلەن نۇرغۇن رومانلارنى ئوقۇغان، شېئىرلارنى يادلىغان، ئۇسسۇل بىلەن ناخشىغا ئامراق، ھېسسىياتچان قىز ئىدى. نەمرۇدنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن باشلانغان دوستلۇق ئۇلارنىڭ كەلگۈسى بەختىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۈچ يىلدىن كېيىن توي قىلىشتى. بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ئىبراھىم نەمرۇد پەرەز قىلغاندىمۇ تېز ئۇسۇپ ئاۋۋال ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كېيىن ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۇجاڭى بولۇپ ئۆستى. بۇ چاغلاردا نەمرۇدنىڭ قەلبىدە دوستىغا نىسبەتەن زوقلىنىشتىن كۆرە ھەسەت ئوتى كۆچلۈك بولدى. لېكىن، ئۇ ئىبراھىم ئەزىز بىلەن بولغان دوستلۇقىنى چوڭ ـ چوڭ سورۇنلاردا يەنىلا ئاجايىپ سۆپەتلەر بىلەن شەرھلەيتتى.
شۇنداق، «دوستلۇق مېھرى» دېگەن سۆز ئۇنىڭغا ياد، ئۇ بۇ خىل سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ ـ يۇ، چۈشەنمەيدۇ؛ باشقىلاردىن تەلەپ قىلىدۇ ـ يۇ، باشقىلارغا بەرمەيدۇ: ئۇ بۇ سۆزنى ئىشلەتكەندە قارشى تەرەپنىڭ قەلبىدىن بۇ سۆزگە جاۋاب ئىزدىمەيدۇ، ئۇنىڭغا لازىمى دوست بولغۇچىنىڭ «مېھرى» ئەمەس، بەلكى «ئىستىقبالى». يەنى ئۇنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە قانداق ئورۇنغا ئىگە بولالايدىغانلىقى. نەمرۇد ئادەملەردىكى بۇ

«ئىستىقبال» بەلگىسىنى ئالدىن كۆرۈشكە ماھىر. ئۇ قارشى تەرەپ بىلەن بىرلا قېتىم سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى بىلىۋالالايدۇ، بۇ ئارزۇ ـ ئىستەككە ئېرىشىش ئۈچۈن قانداق يول بىلەن ماڭىدىغانلىقىنى سورايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ تاللىغان يولىغا قاراپلا ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇش ياكى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش لازىملىقىنى دەرھال بەلگىلەيدۇ. مانا بۇ سەزگۈرلۈك ئۇنىڭدىكى تۇغما قابىلىيەت. بۇنداق قابىلىيەت باشقىلاردا، بولۇپمۇ ئاق كۆڭۈل ئادەملەردە ھەرگىز بولمايدۇ...

ئۇ زىياپەتتىن چىقىپ يەنە مېھمانخانىغا كەلدى، ئۇ يەردىن بىرنەچچە مۇھىم ئۆيلەرگە ئاۋۋال تېلېفون بەردى، كېيىن سوۋغا ـ سالام ئاپاردى. بۇ سوۋغا ـ سالاملار يېشىك ـ يېشىك ھاراق، ئېسىل تاماكىلار، مېۋە ـ چېۋە، قاق، بادام قاتارلىق نېمەتلەر بولسىمۇ، بۇ سوۋغىلار ئۇنىڭ «كۆڭلى» بولغانلىقى ئۈچۈن قارشى تەرەپنىڭ ھېسسىياتىدىن جاۋاب قايتۇرالايدۇ. نەمرۇد بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق ئادەم قارشى تەرەپتىن ياخشىلىق ياكى مەدھىيە تەمە قىلىدۇ. «تەمەسىز ئادەملەرمۇ بولىدۇ» دېگەن سۆزگە ئۇ ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. ئۇنىڭچە، بۇ ساختىپەزلەرنىڭ سۆزى. ساختىپەزلەر ئۆزلىرىنى ئالىيجاناب كۆرسىتىش ئۈچۈن ھامان مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئويلاپ تاپىدۇ. ئىنسان تەمەدىن خالىي دېيىلسە بۇ گەپ ئىنسان غىزالانماي ياشىيالايدۇ دېگەنگە ئوخشاش كۈلكىلىك. باشقىلار ھېچبولمىسا سەندىن ئىللىق چىراي ياكى سالام ـ سەھەت تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا باشقىلار ساڭا نېمىشقا قارايدۇ؟ ياكى نېمىشقا كۈلۈمسىرەيدۇ، ياكى قاپاق تۈرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئاددىي: ئۇ سەندىن بىرنەرسە تەمە قىلىدۇ، ئۇنىڭ چىرايى، كۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى بۇ تەمەخورلۇقىنى ئاسانلا ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئىنسان تەمەدىن خالىي دېيىلسە بۇ گەپ نېرۋىسىدىن ئايرىلغان روھىي كېسەللەرگىلا توغرا كېلىدۇ...

ئاخىر ئۇنى ئىزدىگۈچىلەر يەنە شۇ مېھمانخانىدىن تېپىشتى، ئۇ غەرق مەست ھالدا بىرىگە تېلېفون بېرىۋاتقانىكەن.

— شۇنداق، بىر ئايدىن كېيىن سىزگە ئېنىق ئۇچۇرىنى بېرىمەن.

— تېزرەك بولسا ياخشى بولاتتى.

— ئۇنداق بولسا يېرىم ئاي، ماقۇل ئەمسە، شۇنداق بولسۇن.

ئىشىك قېقىلدى. ئۆيگە ياش بىر يىگىت كىرىپ كەلدى.

— قاچان كەلدىڭ؟

— تۈنۈگۈن.

— ھە، نېمە گەپ؟

— ھاجىم ئاتام...

— ھە، ئاتامغا نېمە بوپتۇ؟

— ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. سىلىنى دەرھال كەلسۇن دەيدۇ.

— ماقۇل، ھېلى.

ئۇ مېھمانخانىنىڭ ماشىنىسى بىلەن دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە كوچا چىراغلىرى تولۇق يانغان، ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ كەچكى سالقىن شامىلى كىشىلەرگە ئارام بېرىشكە باشلىغانىدى.

ئۆيگە ئىككى سىڭلىسى، ئانىسى ۋە بىرقانچە يېقىنلار كىرىۋالغاچقا ئۆي تېخىمۇ تىنچىق؛ تەر ۋە ئەتىر، يۇزماي پۇراقلىرى ئارىلىشىپ كەتكەچكە ئۆينىڭ ھاۋاسى قاڭسىق ئىدى.

ئەمرۇد سالامدىن كېيىن تەرىنى تۇردى.

— كەلسىلە، بېگىم، — دېدى نىساخان ھاجىم ئانا ئادەت تىلى بىلەن ئۆگەي ئوغلىغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، — سىلىنى بىر كۈن ئىزدەتتۇق، بەك ئالدىراش ئوخشايلا،

يوللىرىغا قاراپ دادىلىرىنىڭ كۆزلىرى تۆت بولدى.
— دادامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دېدى نەمرۇد كۆزى بىلەن ئىچكىرىكى ئۆينى شەرەت قىلىپ، — ئاسما ئوكۇلدا ئۇخشىمامدۇ؟

ئۇ ئۆگەي ئانىسىنىڭ سۆزلىرىگە، ئىككى سىڭلىسىنىڭ كۆز يېشىغا پەرۋا قىلماستىن ئىچكىرىگە ماڭدى. ئىچكىرىكى ئۆيدە ھاجىم قوللىرىنى تاشلاپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئۇڭدا ياتاتتى.

نەمرۇد ئاتىسىنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا يۈكۈندى ـ دە، دەرھال كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇ بۇ خىل بىچارە ـ مىسكىنلىك رولىغا ئۇستا ئىدى، ئۇنىڭ كۆز يېشى خالىغان ۋاقىتدا كۆز چاناقلىرىدا پەيدا بولاتتى ۋە ئۇنچە ـ مەرۋايىتقا ئايلىناتتى.

— دادا، — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ئاتىسىنىڭ ئورۇق، قۇۋۇۋەتسىز، تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىققان سانسىز قورۇقلار بىلەن بېزەلگەن قولىغا سۆيۈپ تۇرۇپ، — مېنى كەچۈرۈڭ، دادا!

ھاجىم كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ يېنىغا قاراپ قويدى ـ دە، بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويۇپ پىچىرلىدى:
— بىلىمەن، كېرەك يوق، شۈجى بالام.

ئۇ «شۈجى» دېگەن سۆزنى تولىمۇ تەستە، تولىمۇ سوزۇپ، ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدى.

نەمرۇد ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىنىڭ خۇشاللىق جىلۋىسى پەيدا بولغان چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى:
— ئاخىر قارار بوپتۇ ـ دە، دادا، سىزگە رەھمەت! — «رەھمەت»نى ئۇ بۇ قېتىم چىن كۆڭلىدىن ئېيتتى. ئۇنىڭغا مەلۇم: ئۇنىڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا ئۆسكەنلىكى مۇشۇ ئاتىسىنىڭ ئىناۋەت ـ ھۆرمىتىدىن بولغان. چۈنكى، ھاجىم كېسەل بولۇپ ياتقاندا كۆيۈ ئوغۇللىرى ۋە باشقا تونۇش ـ بىلىشلىرى ئارقىلىق

مۇناسىۋەتلىك باشلىقلارغا مۇشۇ ئوغلىنىڭ ئىشى توغرىسىدا نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىگەن. بولۇپمۇ ئىبراھىم ئەزىز بىلەن تۇردى كېرەمگە كۆزۈم يۇمۇلماستا مۇشۇ بالامنىڭ ئۆسكەنلىكىنى كۆرسەتمىسەڭلار مەن سىلەردىن ئىككى دۇنيالىق رازى ئەمەسمەن، دەپ پوپوزا قىلغانىدى. كۆيۈ ئوغۇللار بۇ ئىشتا پۈتۈن ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ھاجىمنى رازى قىلىشقا بەل باغلاشقانىدى.

ھاجىم كۆزلىرىنى قايتا ئاچمىدى. نەمرۇد پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ تاشقىرىقى ئۆيگە چىقتى.

— ئوبۇلغازى ئۆكىلىرىغا رەھمەت دېسىلە، ئاكا، — دېدى گۈلجامال ئالدىراپ سۆزلەپ.

— شۇجى كۈچ چىقارمىسا كادىرلار ئىدارىسىنىڭ نېمىگە كۈچى يېتەتتى؟ تۇردى كېرەمگە رەھمەت دېسىلە، — دېدى گۈلشەرىخان سىڭلىسىغا ئالىيىپ قويۇپ، — مانا ئەمدى بىزنىڭ ئۆيدە ئىككى شۇجى، بىر ۋالىي پەيدا بولدى. دادامنىڭ كېسىلى تېز ساقىيىدىغان بولدى!

— كادىرلار ئىدارىسى بولمىسا ھېچ ئادەم ئۆسەلمەيدۇ، ئاچا، سىلىمۇ تازا بىلمەيدىكەنلا!

— شۇجى بولمىسىچۇ؟

— كادىرلار ئىدارىسىچۇ؟

ئۇلار يەنە تالاشقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىشى قانداق ئاخىرلىشاتتىكىن، توساتتىن ھاجىم يەڭگىل يۆتەلدى. ئۇلار جىمىپ قېلىشتى. بۇ يۆتەل چاقىرىق، شۇڭا ئۆيگە ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىرىشتى. ھاجىم ئوغلىغا لاپ قىلىپ قاراپ قويدى ـ دە، ئايالىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن چىقىپ كېتىشكە شەرەت قىلدى. ئاياللار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوغلىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى. ئوغلى ئۇنىڭ قولىنى ئىككى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ھاجىم ماغدۇرسىز، زەئىپ ئاۋازدا ھەر بىر سۆزنى دانىمۇ دانە قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۆۋەندىكىلەرنى دېدى:

— پەيغەمبىرىمىز جان ئۈزۈش ئالدىدا جەبرائىلغا مېنىڭ جېنىمنى تازا قىيناپ تۇرۇپ ئېلىڭلار، پۈتۈن ئۈممەتلىرىمنىڭ ھەممە ئازابلىرىنى مەن تارتاي، ئۈممەتلىرىمنىڭ جېنىنى قىينىماي ئېلىڭلار دەپ يالۋۇرغانىكەن، پەرىشتىلەر: «جاننى خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئالىمىز، ئىگەمنىڭ بۇيرۇقىسىز بىز پاشىنىڭمۇ جېنىنى ئالالمايمىز، سىلىنىڭ جانلىرىنى خۇدانىڭ بۇيرۇقى بويىچە خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك تۇيدۇرماي، ئاستا ئالىمىز، ھەتتاكى سىلىگە تۇيدۇرماي ئاستا ئالىمىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ پەيغەمبىرىمىز خۇداغا نالە قىلىپ: «ئاھ، ئازاب - زۇلۇم ئۈممەتلىرىمگە قالىدىغان بولدى» دەپ زارلاپتىكەن، شۇڭا بىز ئازابلىنىپ جان ئۈزىمىز، بالام!

— ياق، دادا، سىلى تېخى ئۇزاق يىل ياشايلا!

دادىسى ئۇنىڭغا راستتىنلا ئۆلۈغ، بەلكى يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ پەيغەمبىرى بىلىنىشكە باشلىدى. «ئۇ پەيغەمبەر بولمىسا، نېمىشقا مېنىڭ دادام نېمىنى تىلىسە خۇدايىم ئۇنىڭغا شۇنى بېرىدۇ؟ — دەپ ئويلىدى نەمرۇد بىردىنلا چۈشىنىكسىز بىر كۈچنىڭ قولىغا ئايلىنىپ، — نەچچە قېتىم قىلتاقتا چۈشتۇم، نەچچە قېتىم رەسۋالاشتىم، يەنە نەچچە قېتىم ئاپەت بىلەن ئېلىشتىم... ئىشقىلىپ مۇشۇ دەۋرنىڭ ھەممە پالاكەتلىرى بىلەن يۈزلەشتىم. ھەرقېتىمدا بىر غايىب كۈچ مېنى قۇتۇلدۇردى. ھىمايىلىك بولۇشنىڭ لەززىتىنى يېتەرلىك تېتىدىم. پالاكەتتىن قۇتۇلۇپ ھەرقېتىم بىر يېڭى ئارمان پەللىسىگە ياماشقىنىمدا يەنە شۇ غايىبانە كۈچ مېنى قولتۇقۇمدىن يۆلىدى، قولۇمدىن تارتتى. يۆلەندىم، تارتىلدىم، لېكىن، بېسىلمىدىم، دەسسەلمىدىم. ماڭا ھىمات بولۇۋاتقان بۇ كۈچ نېمە؟ بۇ مېنىڭ دادام. نەق مۇشۇ ۋاپادار، ئابرۇيلۇق، لېكىن بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىشقا كۆڭلى ئۇنىماۋاتقان ئادەم.»

ئۇ دادىسىنىڭ قوللىرىنى يۈزىگە ياقتى، سۆيدى. ئۇ بۈگۈن سىياسىي قانۇنغا مەسئۇل بىر رەھبەر. رەھبەر بولغاندىمۇ تېخى ئەڭ چوڭ ئورۇننىڭ ــ پارتكومنىڭ رەھبىرى. ئۇ بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغاندۇ؟ راست، ئۆز ۋاقتىدا تۈرمىدە ياتقان، مەدىكارچىلىق قىلىپ يۈرگەن، ھەتتا پۈتۈن ھاياتىنى يەرگە سەرپ قىلىدىغان دېھقان بولۇشقا رازى بولۇشقان نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇ يىللاردا پارتىيەگە كىردى، چوڭ ـ چوڭ ئورۇنلاردا رەھبەرمۇ بولدى. ئۇلار بولالىغانىكەن، نەمرۇدنىڭ بولالىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. لېكىن، ئۇ كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە قېتىم رەسۋالاشقان ئىدىغۇ! بۇ ئىشلاردىن قاچان يەكۈن چىقىرىلىپ، ئۇ قاچان ئاقلاندى؟ ئۇ مانا ئەيىبلەنگۈچىدىن، باشقىلارنى جازالىغۇچى، ھۆكۈم قىلغۇچىغا ئايلاندى. ئۇ ئەركىن نەپەس ئالدى ـ دە، ئۆزىنى ئەندىشىگە سالغان ئىشلارنى ئەسلىدى: ئىبراھىم ئەزىز ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ يۈرگەندە ئۇنىڭ تەستىقى بىلەن قانچىلىك پۇل ھەل قىلىپ قانچىلىك پايدىغا ئېرىشتى؟ ناھىيەنىڭ يۈك ـ تېرىسىنى شەخسلەرگە سېتىپ بېرىشتە ئېرىشكەن پايدىچۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن تۆردى كېرەم ناھىيە ھاكىملىقىدىن مۇئاۋىن شۇجىلىققا چۈشۈپ قالدى. قاسىم قۇربان ناھىيەنىڭ چارۋىچىلىقىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ تۇرغان يىللاردا ئۇنىڭ تەستىقى بىلەن شەخسىي مال بوردىغۇچىلارغا ئەرزان باھادا سېتىلغان قويلارچۇ؟ بۇ قويلارنىڭ ھەربىرىدىن يىگىرمە كويچەندىن ھېسابلاپ ئالغان بىرنەچچە تۈمەن پايدىسىچۇ؟...

ئۇ تەپتىش ئورۇنلىرىغا يۇقىرىقى ئىشلار ئۈستىدە سۇنۇلغان ئەرز ـ شىكايەتلەردىن ئەمدى قۇتۇلغانلىقىنى ئويلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

لېكىن، نەس باسقان ھېلىقى دولقۇن دېگەن ئاغىنىسىدىن قۇتۇلمىقى تەس. ئۇ دوستىدىن بىراقلا ئەشەددىي دۈشمىنىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايلاندى. ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى بۇ يېڭى مەنسەپ بىلەن ئاخىرلاشمىسىچۇ؟

نەمرۇد ئۇرۇمچىدىن ئايروپىلاندا كېلىۋېتىپ ھازىرقى ئايالى قۇندۇز بىلەن تونۇشۇپ قالدى. قۇندۇز بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇلار ۋىلايەتتە بىللە تانسىغا باردى، تانسىدىن كېيىن نەمرۇد قىزغا نېمىلەرنى دېدىكىن، ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە قىز تۇيۇقسىز ناھىيەدە پەيدا بولدى ـ دە، نەمرۇددىن دەرھال ئۆزى بىلەن توي قىلىشنى، ئۇنداق بولمىغاندا ھەرقانداق رەسۋاچىلىقتىن قورقماستىن جار سالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمدى ئەمرىدىكى ئوقۇتقۇچى ئايالىنى بىر ئاماللاپ قويۇۋېتىش كېرەك. ئىككى بالىلىق ئايالغا قانداق سەۋەب كۆرسىتەلىسۇن؟ نەمرۇدنىڭ بۇنداق چاغدا ئەقلى ئاجايىپ ئىشلەيدۇ ـ دە، ئۇ ئاغىنىسى دولقۇن بىلەن «ھاجى قۇددۇس مۇلازىمەتخانىسى»دا يېرىم كېچىگىچە ھاراق ئىچتى. ئاخىر دولقۇن ھوشىنى بىلمەيدىغان ھالغا چۈشتى. ئۇ دولقۇننى يېرىم كېچىدە ئۆيىگە ئەكەلدى. ئۇلار يېتىپ قېلىشتى. ئەتىگەنلىكى قۇندۇز چۆچۈپ ۋارقىرىدى، ئۇنىڭ يېنىدا دولقۇن ياتاتتى. نەمرۇد يوق. ئايال نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۆلۈكتەك ئۇخلاۋاتقان دولقۇننى سىلكىدى:

— رەسۋا، تېز يوقال!

بۇ چاغدا نەمرۇد موتوسىكلىت بىلەن سىرتتىن كىردى ـ دە، ئايالىنىڭ نالە ـ پەريادلىرىغا زەھەرلىك كۈلكىسى بىلەن جاۋاب بېرىپ:

— مەن سېنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغىنىڭنى ئاللىقاچان بىلگەن! — دېدى ـ دە، ھاجىمنى نەق مەيدانغا باشلاپ كىردى. ھاجىم يالىڭاچ ياتقان دولقۇنغا بىرلا قارىدى ـ دە، يەرگە تۈكۈرۈپ ئۈندىمەي چىقىپ كەتتى.

دولقۇن ھوشىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا بىرىنىڭ ئۆيىنى بۇزدى

دېگەن جىنايەت ئارتىلىپ بولغانىدى، ئۇ ئىككى يىل تۈرمىدە يېتىپ تېخى يېقىندىلا قىساس تىغىنى بىلەپ تۈرمىدىن قايتىپ چىقتى. نەمرۇد قۇندۇز بىلەن توي قىلدى، توي قىلىپ بەش ئايدىن كېيىن تۇغۇلغان ئوغلىغا ھېچكىمدە يوق بىر ئىسمىنى قويدى. بۇ بالىنىڭ ئىسمى شەددات ئىدى. بۇ گەپنىڭ مەنىسى تۇگۇل، قايسى مىللەتنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى ھازىرغىچە ھاجىمدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قۇندۇز ھەرقانچە سەزگۈر بولغىنى بىلەنمۇ نەمرۇدنىڭ «مايماق ئىز»لىرىنى بايقىيالمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ قەلبىنى كۈنچىلىك، گۇمان ـ نەپرەت ئەسىر قىلىۋالغان. ئۇ ھامان بىر كۈنى بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بولۇشىغا تەييارلىق قىلىپ كەلمەكتە. بۇ خەتەرلىك ئايالنىڭ قىساس خەنجىرىمۇ ھازىرقى يېڭى مەنسەپ بىلەن يوقىلارمۇ؟ ئۇنىڭ تاشلىنىۋەتكەن ئايالى ئالتىگە، دوستلىرى ئون نەچچىگە يەتتى. ئۇلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرەتلىرىگە ھەمدەرد بولغۇچىلارنى قوشقاندا بىر ناھىيەدىلا ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىپ يۈرگەنلەر يۈزدىن ئاشىدۇ. بۇ سانغا زېمىنىنىڭ ئادەملىرى قوشۇلدى. ئابلا يانتاقنىڭ ئاغىنىلىرىمۇ ئابلانىڭ پېشكەللىككە يولۇققانلىقىنى نەمرۇددىن كۆرۈشمەكتە، ناۋادا ئۇلارمۇ ھېلىقى كۆپىيىۋاتقان سانغا قوشۇلسىچۇ؟ بۇ كۆپىيىۋاتقان ئادەم تىزىملىكىمۇ ھازىرقى يېڭى مەنسىپى بىلەن يوقىلارمۇ، ئازىيارمۇ؟ ياكى كۆپىيەرمۇ؟

— ئۆلمەيمەن دېسەڭ تۇغۇلما دېگەن گەپ بار، — دېدى ھاجىم تەستە مىدىرلاپ قويۇپ، — مەن ئەزرائىلنى كۈتۈپ ياتىمەن، بالام نەمرۇد، مەندىن كېيىن قالساڭ سېنىڭ دۈشمىنىڭ كۆپىيىدۇ، سېنى ھەتتا سىڭىللىرىڭ، كۈيئوغۇللىرىڭ، مۇنۇ ئۆگەي ئاناڭ، ھەتتا ئىنىڭ قۇددۇسمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. مەندىن كېيىن قالساڭ ئۇلار سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ تەرىپىگە ئۆتىدۇ. شۇڭا، سېنى قوغدايدىغان بىر

كۈچ بولۇشى كېرەك. بۇ كۈچ مەنسەپ ـ ھوقۇق. بالام، مەنسەپ ـ ھوقۇقنىڭ دوستى كۆپ، ھەمـايىچىلىرى كۆپ بـولىدۇ. شۇڭـا كۆزۈمنىڭ تىرىكىدە ساڭا بۇ مەنسەپنى ئېلىپ بەردىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز پۇل، ئاز كۈچ كەتمىدى. مەن بىرلىرىگە يېلىندىم، بىرلىرىگە دوق ـ پوپوزا قىلدىم. بىرلىرىنى سېتىۋالدىم، بىرلىرىنى ئالدىۋالدىم. سەن ئۈچۈن ھەممىنى قىلدىم، بالام. ئەمدى سەن بۇ ھوقۇقنى چىڭ تۇت. چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن ئېھتىياتچان بول، سەزگۈر بول، دۈشمەنلىرىڭگە مۇشت تەڭلىمە، سەن ئۈچۈن باشقىلار مۇشت تەڭلىسۇن. ھەتتاكى مۇشت ئېتىشقا توغرا كەلگەندىمۇ قول كۆتۈرمە، باشقىلارنى مۇشت كۆتۈرگۈز. ئۆزۈڭ ئۈچۈن جان پىدا بولىدىغانلارنى كۆپەيت. بۇلار تۆپەڭدىمۇ، ئىككى يېنىڭدىمۇ، تاپىنىڭ ئاستىدىمۇ بولسۇن. ئابلادەك ئادەملەرنى ئۆزغۇزغىنىڭ ئەخمەقلىقىڭ. نېمىشقا ئابلانىڭ قولى بىلەن زېمىننى ئۆزلەمدىڭ؟ دۇرۇس. ئابلا تۈز كۆڭۈل، خالىس بىچارە. بۇنداقلارنى ئۆزۈڭگە قول قىلىۋالساڭ، ئۇلار سېنىڭ جىنىڭغا جان، تېنىڭگە تەن بولالايدۇ، بالام. سەممىمىي ـ سادىقلارنى نېمىشقا قول قىلغىلى بولمايدىكەن؟ سادىق ئادەمنى قول قىلىۋالساڭ ئۇلارنىڭ بىرى سېنىڭ پۇلغا سېتىۋالغان كالتەكچىلىرىڭنىڭ ئونىغا تەڭ كېلىدۇ، بالام. ئىبراھىممۇ، تۇردى كېرەممۇ سەممىمىي ـ سادىق ئادەملەر. لېكىن، ئۇلار سېنىڭ دېگىنىمنى قىلىدۇ. مەن ئۇلارنى ھەرقانداق ئىشقا سالالايمەن. بەزىدە خالاپ، بەزىدە خالىماستىن بولسىمۇ ئۇلار مېنىڭ دېگەنلىرىمنى قىلىدۇ. خاتا قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرۇپ بولسىمۇ مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، سەۋەبى، سەممىمىي ـ سادىقلار كۆڭۈلچەك كېلىدۇ، بىرىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇشنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈلچەكلىكى ئۇلارنىڭ چوڭ ئەيىبى، نېمىشقا سەن بۇ ئەيىبدىن پايدىلىنالمايسەن؟ بالام نەمرۇد، ساختىپەزلەر ھازىر كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار بازاردىكى ساختا

مالالاردەك تولا. ئۇلاردىن پايدىلان، لېكىن ئۇلارنى يېنىڭدا ئۇزاق ساقلىما. ئەرزان كىيىمدەك پات ـ پات ئالماشتۇرۇپ تۇرغىن. يەنە بىر گەپنى ئېسىڭدە تۇت، ھەممىلا ئىشقا پۇل بىلەن ھوقۇقنى ئىشلىتىۋەرمە. ئەقىلنى كۆپرەك ئىشلەت. ھازىرقى دەۋر مۇناسىۋەت دەۋرى. مۇناسىۋەت دەۋرى ئەقىل ـ پاراسەت دەۋرى دېگەن سۆز. كىم بىلەن قايسى ئىش تېزرەك پۈتىدۇ، كىملەردىن نېمىلەردە نەپ تېگىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى دائىم ئويلا، بىكار بولساڭلا ئويلا. ئادەملەرنىڭ مىجەز، تەمە، ئارزۇلىرىنى قۇرئان يادلىغاندەك يادلا. كىملەر ماختاشقا، كىملەر قورساقتا، كىملەر ئويۇن ـ تاماشىغا، كىملەر خۇشامەت، سوۋغا ـ سالامغا ئامراق؛ كىملەر نېمىلەردىن، كىملەردىن بىزار ئىكەنلىكىنى بىل. ئۈستۈڭدىكى مۇھىم ئادەملەرنىڭ دۈشمەنلىرىگە يوشۇرۇن تۈيدۈرماستىن زەربە بەرگىن. ئەلۋەتتە سەن بۇنى دوكلات قىلمىساڭمۇ باشلىقىڭ بۇنى سېزىۋالالايدۇ، بالام. قارىماققا كۈلۈپلا تۇرىدىغان، سىلىق كەمتەر، كەم سۆز، مۇلايىم بول، ئەمما سەن ھەقىقىي «نەمرۇد» بول، قەھرى ـ غەزىپىڭنى تىللىرىڭدا كۆرسىتىپ تۇرىدىغان زەھەرلىك يىلان بولما.

بوۋاي ھارغىنلىق بىلەن كۆزىنى يۇمدى. نەمرۇد دادىسىنىڭ سارغىيىپ، نۇرسىزلانغان چىرايىغا قارىدى: ھاياتىدا زادىلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىمىغان، ھەرقانداق ۋاقىتتا مەقسىتىگە يېتەلەيدىغان ئادەم بۈگۈن ئۆز پاراسىتىنى كۆرسىتەلەيدىغان مەيدان تاپقان. ئۇ ئادەملەر ئارىسىدىن كېتىش ئالدىدا ئۆز كۆڭۈل بايلىقىنى مۇنۇ بەڭباش ئوغلىغا مىراس قىلىپ تاپشۇرماقتا. ئۇ نېمىشقا ئاكىسىغا ياكى ئىنىسىغا ئەمەس، ئۆزىگە بۇ مىراسنى تاپشۇرىدۇ؟ ئوغۇللارنىڭ چوڭى ئارزۇلۇق، كىچىكى ئەركە چوڭ بولىدۇ، ئوتتۇرانچىسى ئەقىللىق بولىدۇ دېگەن سۆز راست ئوخشىمامدۇ. كۇڭزىمۇ «كۇڭ لاۋئېر» (ئىككىنچى ئوغۇل)، لېنىنمۇ ئىككىنچى ئوغۇل ئەمەسمىدى،

ماۋجۇشى، ماركسلار قانچىنچى ئوغۇل بولغىيتىكىن؟... ئاتىسى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە يايغان مۇناسىۋەت تورىنى يىغماقچى. بۇ تورنى ئەمدى ئۇنىڭ ۋارىسى، تۆرىخان ھاجىم ئۆزى ئىسمىنى قويغان ئۇمىدلىك نەۋرىسى نەمرۇد قايتىدىن يايىدۇ. ئۇنىڭ تورىغا نېمىلەر چىقاركىن، بۇ ئۇنىڭ كەلگۈسى، بۇ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىستىقبال.

بوۋاي قۇرۇغان لەۋلىرىنى تامشىدى، ھاجىم ئانا سىرتتىن ئىرغاڭلاپ كىرىپ كەلدى ـ دە، بوۋايغا چاي ئىچۈردى.

— دادىلىرى چارچىدى ئېھتىمال، — دېدى ئانا ئۆگەي ئوغلىغا نارازى ۋە قىزغىنىش بىلەن قاراپ قويۇپ. ئۇ بوۋاي ئۆزىنىڭ ھېلىقى سىرلىق ساندۇقىنىڭ ئاچقۇچىنى مۇشۇ يوگەنسىز بالىسىغا بېرىدىغان بولدى، دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرغانىدى. شۇڭا، قاپاقلىرىنى سوزۇپ نارازىلىقىنى يوشۇرماستىنلا، — ئەمدى ھاجىم ئارام ئالسۇن، سۆزگە تۇتمىسىلا، بېگىم، — دېدى.

ھاجىم كۆزىنى لاپ قىلىپ ئاچتى ـ دە، ئايالىغا ئالىيىپ قويۇپ قولىنىڭ كەينى بىلەن سىرتنى شەرەت قىلدى ـ دە:

— دېمىسەڭمۇ ئارام ئالىمەن، مەڭگۈلۈككە ... — دېدى.

ھاجىم ئانا قىزارغان كۆزلىرىنى ھۆل ياغلىقى بىلەن ئېرتقان پېتى، مىسكىن دۈمچىيىپ تاشقىرىغا ماڭدى.

— بالام نەمرۇد، — دېدى ھاجىم ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلۈپ، — بالىلىرىمنىڭ ئىچىدە ئوڭلۇقىمۇ، بىلىملىكىمۇ، ئەقىللىقىمۇ سەن. ئەقىللىق بولغاچقا دائىم مايماق دەسسەيسەن. ئاكاڭ قۇببەس ئىتائەتتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئىنىڭ قۇددۇس ھېساب ـ كىتابتىن باشقىغا يارىمايدۇ. ئۈچ سىڭلىڭ ئۈچ شاش ئاتىنىڭ دۈمبىسىگە مىنىكلىك. ھازىرغىچە بۇ ئاتلار مەن سىزغان سىزىق بىلەن مېڭىپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ ئاتلار دۈمبىسىدىكى خوجايىنلىرىنىڭ بۇيرۇقىدا بولىدۇ. لېكىن، سىڭىللىرىڭ ساڭا ئۆچ. سەن ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى ئايىمىدىڭ،

ئۇلار ئۇچۇن ئۆز جامائەتتى ئارىسىدىكى ئابرۇي ـ ئاتاق جېنىدەك قىممەت. ئاياللار توپلانسىلا سىنىڭ شىكايىتىڭ بولار ئىمىش. ئاياللار ئاياللارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. سىنىڭدىن خېتىنى ئالغان ئالتە ئايالنىڭ ھەممىسىلا بىگۇناھ، ئۇبدان ئاياللار. ھەربىرىگە ئۇندىن ئايال قانات ياپسا ئاتمىش ئايال دېگەن سۆز. ئاتمىش ئايال ئەمەس، ئالتە ئايال ۋالاقشىسىمۇ بۇ كىچىككىنە ناھىيە ۋاڭ ـ چۇڭغا تولىدۇ. مەن ئۆز ۋاقتىدا ئاچچىقلانسام، سەن «دادامۇ ئون ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن ئىكەنغۇ» دەپسەن. شۇنىڭدىن كېيىن ناشايان گەپ ئاڭلىماي دەپ ساڭا گەپ قىلمىدىم. ئەمما، ئەمدى دېمىسەم بولمايدۇ. ئەمدى ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. سىڭىللىرىڭ بىلەن چىقىش. ئاياللارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى پادا كالىنىڭ چاڭ ـ توزىنىغا ئوخشايدۇ. پادا كالىنىڭ ئايىغى تىنچىغاندىن كېيىن بۇ چاڭ ـ توزانمۇ يوقىلىدۇ. بىر مەھەل سەۋر قىلساڭ ئايال خەقنىڭ ئاغزىمۇ بېسىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالماقمۇ ئوڭاي. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۆچكە يېغىدەك تېز ئېرىپ، تېز توڭلايدۇ، بالام.

ئەمدىكى گەپ كىچىك سىڭلىڭ گۇلنازدا. ئۇنىڭ پەيلى يامان. ئۇنىڭ ماڭا قاتتىق ئۆچمەنلىكى بار. زېمىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆلگە ئايلانغان كۆڭلى قايتىدىن چوغ بولدى. ئۇ قىساس ئۇچۇن ھەرقانداق يامانلىقتىن قايتمايدۇ. ئېرى ئابلا بىلەن زېمىننىڭ بىر تاياق بىلەن زەخىملەنگەنلىكىگە ئۇنىڭ ئەقلى يەتمىدى دەمسىنا؟ زېمىننىڭ ئىشىنى ئىبراھىم ئەزىز بىلەن تۇردى كېرەملەرگە تاپشۇردۇم. لېكىن، سىڭلىڭنى ساڭا تاپشۇردۇم، بالام. ئەقىل بىلەن ئىش قىل. ھەرگىزمۇ بىخەستەلىك قىلما، بالام! زېمىننىڭ ماڭا بەرگەن زەربىسى مېنى ئەجىلىمدىن ئون يىل بۇرۇن ئىگەمنىڭ ئالدىغا يوللىدى. قىساس ئالىمەن دېسەڭ مانا شۇنىڭدىن ئالغىن، بالام.

ھاجىم  بۇقۇلداپ يىغلىدى، نەمرۇد ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى

سۈرتتى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىمۇ ئاتىسىنىڭ يۈزىگە تامدى. ئۇ قوشۇلغان ياشلارنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن:

— خاتىرجەم بولسىلا، دادا، ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ پىچىقى ئۆتمىگەن ئۇ قۇربانلىق مېنىڭ پىچىقىمدىن قۇتۇلالمايدۇ! — دېدى.

## 2

ھاجى قۇددۇس بىرىنچى قېتىم ئۆز قېرىنداشىغا ئاسىيلىق قىلدى. بۇ ئاسىيلىق ئۇزاق ئويلىنىش، نەچچە قېتىم ئىككىلىنىش ۋە ئاخىرىدا ئىنسانىي خىسلەتكە تەسلىم بولۇش بەدىلىگە كەلدى. نەمرۇد ئەتەي جېدەل چىقاردى، ھازىر ئېنىقلانىدىكى ئابلا يانتاقنى ئۇرغۇچىمۇ نەمرۇدنىڭ ئادىمى بولۇپ چىقتى. ئۇ «ئاتا قىساسى» دېيىلگەن مەسىلىدىمۇ زېمىننىڭ ئەيىبىنى تاپالمىدى. زېمىن ئۇنىڭغا ئاتىسى بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئەينەن دەپ بەردى. «ئاتامغا نېمە كەم، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئاخىر، — ئاشۇ ئاتىسىدىن قالغان قورۇ - جاي بىلەن باغلىرىنى ھىيلە بىلەن قولىغا كىرگۈزمىسە نېمە بولاتتى؟ مەن پۇلغا سېتىپ ئېلىپ بەرسەممۇ بولاتتىغۇ. نېمىشقا ھەدېسىلا قىرىق سەككىز ئېغىزلىق ئۆي، مۇنچە تۈپ مېۋىلىك دەرەخ، مۇنچە تۈپ تېرەك، مۇنچە مو باغ، دەپ قولدىن كەتكەن دۆلىتىنىڭ ھېسابىنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز ۋاقتىدا ئاتام بۇ قورۇ - جاي بىلەن نەچچە يۈز تۇياق قوي، نەچچە قوتان كالا، قىرىق نەچچە تۆگە، سەكسەن ئېشەك، قىرىق ئات، ئەللىك سەر ئالتۇن، ئۈچ يۈز سەر كۈمۈشنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن دۆلەتكە تەقدىم قىلغان، بۇ بايلىق ھېسابىغا (ئىلغار زات) دېگەن نامغا ئېرىشىپ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەممە بوران - چاپقۇنلىرىدا زەربىلەردىن ساقلىنىپ كەپتىغۇ. ئەمدى ھۆكۈمەت سىنىپىي كۈرەش ئاخىرلاشتى دېۋىدى،

ئاتامنىڭ كونا ھېسابنى كۆتۈرۈپ چىققىنى نېمىسى؟» دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئاتىسى ئۈستىدىكى بۇ پىكرىنى چوڭ كۆيۈ ئوغۇل تۇردى كېرەمگە يۆرىتىۋىدى، تۇردى كېرەم دەرھاللا:

— ئاتىمىزنىڭ دېگىنىنى قىلمىساق باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلالمايمىز دېسىلە. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق خىيالدىن ئۆزلىرىنى تارتسىلا! — دېدى.

قاسىم قۇربان بىلەن ئوبۇلغازىلار قۇددۇسنىڭ «دادامغا نەسىھەت قىلايلى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ دەرھاللا:

— ئىسيان كۆتۈرەي دەملا؟

— پىشقان ئاشنى ئىت يالىقىغا تۆكمەكچىمۇ؟ — دېيىشتى.

ئۇ ئاخىر ئاكىسى قۇببەس شياۋجاڭغا بۇ پىكرىنى ئېيتىۋىدى، ئاكىسى ئۆرە ياقا چاپىنىنىڭ يۇقىرىقى تۈگمىسىنى دەرھال يېشىپ:

— ئۇكام، قاچاندىن باشلاپ ھەقىقەتچى بولۇپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى. قۇددۇس ئاكىسىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ:

— سىلى قاچاندىن باشلاپ ھەقىقەتكە كۆز يۇمىدىغان بولۇۋالىلا، ئاكا؟ پارتىيە مەكتىپىدە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت دېگەن نەزەرىيەنى ئۆتكەنلا! — دېدى.

قۇببەس يەنە بىر تۈگمىسىنى يېشىپ ئىنىسىغا گۆلەيدى:

— ئۇكام قۇددۇس، ئۇنتۇما، بىزنىڭ ئائىلىدە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئاتامنىڭ گېپى. ئۇنىڭ گېپىنى كەم يەرسا، ئۇ بىزنىڭ قېرىندىشىمىز ئەمەس!

— ئۇنداق بولسا مېنى ئاسىي دەڭلا! — دېدى ھاجى قۇددۇس ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — زېمىنىمۇ بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، گۇلنازمۇ شۇنداق. بولدى، ئاتام بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن!

ھاجى قۇددۇس ناھىيە دوختۇرخانىسىغا كەلدى. ئۇ ئاۋۋال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابلا يانتاقنىڭ خانىسىغا كىردى. ئابلا خېلىلا ساقايغان. بېشى تېڭىق، چىرايى سېرىق، لېكىن روھى تېتىك ھالدا يوغان ئاغزىنى تولۇق ئېچىپ، يوغان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، يوغان بۇرنى ئۇستىدىكى تەرلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ، قېيىنئاغىسىنى شېئىر ئوقۇپ كۈتۈۋالدى:

ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ چىقتىم،
مەھشەرگاھدا كۆزلىرىمنى ئېچىپ چىقتىم.
مەن تۇغۇلدۇم يېڭىباشتىن مانا ئەمدى،
بۇ دۇنيانىڭ راھىتىدىن كېچىپ چىقتىم.

— بولماپتۇ، ئابلاباي، — دېدى قۇددۇس ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، — ھەممىدىن كەچۈرۈلمىگىنىمۇ بىزدىن كەچمىسىلە.

ئۇلار كۇلۇشۇپ ئولتۇرۇشقاندا ئۆيگە مېۋە كۆتۈرۈپ گۈلناز كىرىپ كەلدى.

كەنجى قىز بىلەن كەنجى ئوغۇل سوغۇقلا كۆرۈشتى:

— دادام قانداقراق ئىكەن؟ — قىز يەرگە قاراپ سورىدى.

— بەلەن، — دېدى قۇددۇس سىڭلىسىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ، سىڭلىسىغا يىلىنغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھېلىلا تېلېفون ئالدۇق، دادام خېلىلا ياخشى بولۇپ قاپتۇدەك.

— دادام بۇ قېتىم نېمىدىن خاپا بولۇپ يىقىلىپتۇ؟

— بۇ قېتىم خۇشاللىقتىن يىقىلغان چېغى.

— دادامنى يىقىتقۇدەك قانداق خۇشاللىق ئىكەن ئۇ؟

— نەمرۇد ئاكام ۋىلايەتكە شۇجى بوپتۇمىش.

— نېمە دەيدىغانلا، بۇ جاھان شۇنچىلىك بۇزۇلۇپ كەتكەنمىدۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئۇكام؟

— زامانىنىڭ كۆزى بولسا بىزنىڭ ئۇ ئاكىمىزنى مەنسەپكە

ئەمەس، تۇرمىدە ئۇلتۇرغۇزۇش لازىم ئىدى!
قۇددۇس سىڭلىسىنىڭ غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن نۇرلانغان كۆزلىرىگە قارىدى. سىڭلىسىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياققان چېغى، ئۇ كۈلۈپ قويۇپ:

— ئۇنچىۋالامۇ دەپ كەتمىسىلە، ئۇكام، ئاكىلىرىنىڭ ئەيىبى بار، لېكىن سىلى دېگەنچىلىك يامان ئادەم ئەمەس ئۇ.

— ئاتىمىزنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۇچۇنمۇ، ئاكا؟ — قىز ئاكىسىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى، — كىم ئۆز قېرىندىشىنى يامان دەيدۇ؟ ئامال يوق، ياخشى دېيىشكە تىلىم بارمايدىغان بولدى. ئاكا، ئابلانىمۇ، زېمىن ئاكامنىمۇ ئاشۇ ئۆز ئاكام زەخىملەندۈردى. ئۇنىڭ قىلغىنىنىڭ يۈزدىن بىرىنى مەن قىلغان بولسام بۇچاغقىچە جېنىمغا ئىگە بولالمىغان بولاتتىم. ئابلادا نېمە گۇناھ، زېمىن ئاكامدا نېمە گۇناھ؟ مەن ھېلىغۇ زېمىن ئاكامنىڭ ئۆيىگە كېچىلەپ بارمىدىم. بارغان بولسام نېمە بولاتتى. بىچارە ئاز ۋەيران بولدىمۇ، پۈتۈن ياشلىقى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى دادامنىڭ كاساپىتىدىن نابۇت بولدى. ھۆكۈمەت چېغىدا خاتا جازالانغانلارنى ئىزدەپ تېپىپ ھال سورىدى. دادام زېمىن ئاكامدىن ئەپۇ سورىدىمۇ؟ ئاماقۇل بولماق تۇگۇل خاتا قىلدىم دەپ باقتىمۇ؟

— ئۇكام، دادامغا تىل تەگكۈزمە جۇمۇ، ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ ئاكىمىز بىلەن كەتسۇنيا!

قىز توختاپ قالدى. راست، ئۇلار ئەزەلدىن تارتىپ ئاتىسىنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ باقمىغان. بۇ مۇقەددەس قائىدىنى بۇزۇش بىر قىز بالىنىڭ قولىدىن كېلەتتىمۇ؟

گۈلنازنىڭ كۆز ياشلىرى چىرايلىق مەڭزىنى بويلاپ كۆكرىكىگە چۈشتى. بۇ ياشلار ئادا ـ جۇدا بولۇشتىن دېرەك بېرىپ، ئاتىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى چۈشەندۈرەمدۇ ياكى مۇقەددەس ئائىلىنىڭ ئار ـ نومۇسىغا تىل تەگكۈزگەنلىكى ئۈچۈن پۈشايمان، تووۋا قىلىشتىن بەلگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېرەمدۇ؟ بۇنى قۇددۇسمۇ، سەزگۈر ئابلا يانتاقمۇ بىلەلمىدى. گۈلناز ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ نېمىگە يىغلاۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي بارغانسېرى ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئۆيگە بېشى تېگىلغان زېمىن كىرىپ كەلگەندىن كېيىنلا گۈلناز دېرىزىگە قارىۋېلىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى:

— كارىۋاتقا ئۆتۈڭ، زېمىن ئاكا، — دېدى ئۇ قۇددۇسنىڭ يېنىنى شەرەت قىلىپ، — ياخشى كىردىڭىز، قۇددۇس ھاجىم بىلەن ئوچۇق ـ يورۇق پاراڭلىشىڭ، بىزنىڭ ئائىلىدە مۇشۇ قۇددۇس ئاكاملا ھەقىقەتنى ھۆرمەت قىلىدۇ، راستمۇ، ئاكا؟

قۇددۇس جاۋاب بەرمىدى، بۇ بىر چوڭ ئىسيان، چوڭ بۆلۈنۈشنىڭ باشلىنىشى، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىمۇ سودىدىكى پايدا ـ زىياننى ھېسابلىغاندەك ئىنچىكىلەپ ئويلاپ كۆرۈش لازىم...

ھەي تەڭرىم، قۇياشنىڭ نۇرىغا تەشنا،
شۇ تۇغما كورلارنىڭ كۆزىنى ئاچقىن.
بىگۇناھ كۆزلەردىن زەھەرنى ئېلىپ،
ھەقىقەت كورلىرىنىڭ كۆزىگە چاچقىن.

ئابلا يانتاق ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شېئىرى كىمگە قارىتىلغان؟ بۇ سوئالغا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىلا جاۋاب بېرەلەيدۇ. لېكىن، ئابلا يانتاقنىڭ شېئىرىدىكى يالىڭاچ ھاقارەت قۇددۇسقا ياقمىدى. ئۇ ئابلاغا نارازى بولۇپ قاراپ قويدى ـ دە:

— ئابلاباي، كۆڭۈل ئاچقۇدەك شېئىرلاردىن ئوقۇسىلا، — دېدى.

— ماقۇل ئەمىسە، «ئىت ھەققىدە شېئىرلار»دىن بىر پارچە ئوقۇپ بېرەي:

مىدىرلاشقا مادارى، ئىلاجىمۇ يوق،
قېرى ئىت ياتىدۇ يەرنى قۇچاقلاپ.
ئۇ نالە قىلىدۇ، پەرياد قىلىدۇ،
توختىماي ھاۋشىيدۇ ئاسمانغا قاراپ:

«ئۇن ـ تىنسىز يۇلتۇزلار نېچۈن ئۇستۇمدە،
كۆك ئاسمان نە گۈزەل، تۇرار پارقىراپ؟
ھاۋشىشنى بىلمەيدۇ كۆكتىكى ھەممە،
نە ئۇچۈن ئۇستۇمدە، بېرىڭلار جاۋاب!»

جاۋاب شۇ، قانۇن شۇ، تەۋرىنەلمەيسەن،
ئامالسىز ئۇنىڭغا قىلىسەن تەخىر.
غىڭشىما ئاستىڭدا ئاۋازسىز ياتقان،
تۇپراقمۇ ئۇستۇڭگە چىقىدۇ ئاخىر!

— ئابلا! — گۇلناز نارازى بولۇپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

— ئابلاباي! — دېدى قۇددۇسمۇ سىڭلىسى بىلەن تەڭلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — شۇم ئېغىزلىق قىلمىسىلا، بىزنىڭ پەدەرگە چېقىلمىسىلا، بولمىسا بىزدىن ئايرىلىپ قالىدىلا!

— ھەرقانچە بولسىمۇ ئىگەكىم!...

— ئابلا! — قاپىقى تۈرۈلگەن زېمىن ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، — قۇددۇس ھاجىمنىڭ گېپى ئورۇنلۇق، بۇنداق ھاقارەتلىك شېئىرلارنى ئوقۇمىسىلا!

ئابلا يانتاق بىر تاتىرىپ، بىر بوزىرىپ، ئولتۇرغانلارغا قارىدى. ئۇ نەپرەتلىك كۆزلەردىن ئۆزىنىڭ بولارغىمۇ يات ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— توغرا، يولدا قوشۇلغان يولداش ئەمەس، مەن ئەلۋەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارتۇق قوشۇق! — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن ئۆرتىنىۋاتقان يۈرىكىنى ئاشكارىلاپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ.

ئۇنىڭ «ئارتۇق قوشۇق» دېگەن سۆزىنى ئۇ يەردىكى ئۈچ ئادەم ئۈچ خىل چۈشەندى. «مېنىڭ زېمىن ئاكام بىلەن بولغان ئىشىمنى سېزىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى گۈلناز ئۆزىنىڭ ئابلا يانتاق بىھوش ياتقان چاغلاردا زېمىن بىلەن قىلىشقان باردى - كەلدىسىدىن گۇمانلىنىپ، — مەيلى، مەن هامان ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىمەن.»

«كۆنچىلىكى تۇتۇۋاتىدۇ، شۇڭا تەنە قىلىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى هاجى قۇددۇس سىڭلىسىنىڭ زېمىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ كوچىغا نۇرغۇن گەپلەرنى تارقاتقىنىغا غەزەپلىنىپ، — زېمىنغا ئۇچۇق ئېيتىمەن. يا بۇ يەردىن كەتسۇن، يا شاللاقلىقنى توختاتسۇن!...»

«ئابدۇللا توقاينىڭ بالا ۋاقتىدىكى ئىسمى، — دەپ ئويلىدى زېمىن بۇ گەپكە توغرا مەنە تېپىپ، — قان - جۇرات جەھەتتە شۇنداقسەن، لېكىن سەن بۇ چوڭ ئائىلىگە ماڭا قارىغاندا ئۆزسەن. ھەقىقىي (ئارتۇق قوشۇق) مانا مەن. مەن بۇ ئائىلىنىڭ ئىشىغا چۈشكەن چۈن، گېلىغا چىققان جاراھەت، كۆزىگە چۈشكەن ئەخلەت، لېكىن مەن بۇنىڭغا پۇشايمان قىلمايمەن، ئۆكۈنمەيمەن، بەلكى پەخىرلىنىمەن!»

— هاجى قۇددۇس ئاكا، — دېدى ئابلا يانتاق تەستە كۆلۈمسىرەپ، — مەن سىلىگە بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىشىمنى ئالدىن ئېيتىپ قوياي. بىرىنچىدىن، مەن بىرىدىن قىساس ئالمايمەن؛ ئىككىنچىدىن، مەن سىلەردىن پاناھ - ياردەم تەلەپ قىلمايمەن. مەن ئەمدى لوپوخوۋ ① چە هاياتنى باشلايمەن.

---

① لوپوخوۋ — رۇسىيە يازغۇچىسى چېرنىشېۋسكىينىڭ «نېمە قىلىش كېرەك» ناملىق رومانىنىڭ قەھرىمانى.

گۇلناز بىلەن قۇددۇس «لوپوخوۋچە»نى يەنە چۈشەنمىدى.
— نېمە دېگەنلىرى بۇ، ئابلاباي؟
— نېمە دەيدىغانسەن، ئابلا؟
لېكىن «لوپوخوۋچە هايات»نى زېمىن ياخشى چۈشەندى.
ئۇ قاپقارا، نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن ئابلا يانتاقنىڭ يوغان، مىسكىن كۆزلىرىگە قارىدى ـ دە:
— ۋاھالەنكى، بۇ يەردە چېرنىشېۋسكىي①نىڭ قەھرىمانلىرى يوق. «نېمە قىلىش كېرەك؟» دەپ سوئال قويۇشقا ئورۇنمۇ يوق. بۇرۇن قانداق ياشىغان بولساق يەنە شۇنداق ياشايمىز. ھەممىمىز ئۆز تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتىشكىلا يارايمىز، بىر ـ بىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشكە كۈچىمىز، لاياقەتسىز بىز! — دېدى.
— لېكىن، مەن باشقىلارنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتمەكچىمەن. مۇشۇ كىچىككىنە جايدا بولسىمۇ «شاياتۇن شائىر» بولۇپ تونۇلماقچىمەن!
— روھىڭىزغا ئاپىرىن، لېكىن بۇ بىر ھاجىتى يوق ئورۇنۇش. ئارتۇقچە خىيال. سىلى نە چاررۇسىيە پادىشاھىغا، نە ناپولېئونغا، نە ئەنگلىيە كارولىغا دۇچ كېلىۋاتمايلا، ئەتراپلىرىدىكىلەرنىڭ تولىسى سىلىگە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار، بۇنى ئەستىن چىقارمىسىلا.
— ئەمما، تىنسا تىنىقىدىن ئوت چىقىدىغان دەردمەنلەرمۇ مېنىڭ يېنىمدا. مەن ئۇلارنى ئەركىن نەپەس ئالىدىغان قىلمىسام قانداقمۇ ئابلا يانتاق بولالايمەن؟
— ئابلا، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟
— ئابلاباي، سىلى ئەركەك، ئەركەكتەك گەپ قىلسىلا جۇما!
ھاجى قۇددۇس باياتىن قىلىنغان مۇرەككەپ سۆزلەرنىڭ

① چېرنىشېۋسكىي — رۇسىيە يازغۇچىسى.

مەنىسىنى ئاخىر چۈشەندى. ئۇ ھازىرلا پارتلايدىغان بومبىدەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچىدە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئاخىر زىمىننىڭ ئالدىغا كېلىپ تىك تۇردى ـ دە، قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ:

— يۈرە، زىمىن، مەن سەن بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىمەن. مەن بىلەن ماڭ! — دېدى.

زىمىن كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى:

— ماقۇل، مەنمۇ شۇنى كۈتۈپ يۈرەتتىم! — دېدى ئۇ گۈلنازغا قايرىلىپ قاراپ قويۇپ.

قۇددۇس بۇ ئاخشىمى قاتتىق مەست بولدى. زىمىن ئۇنىڭ بۆلۈمىدىن ئىشكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىچكىرىدىن كەلگەن ماللار توغرىسىدىكى، بۇ يەردىن ئەۋەتىلىدىغان خام مال، قۇرۇلۇش تەييارلىقى ئۈچۈن قىلىنغان ئىشلار، ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان، ئىشتىن بوشىتىلغانلار توغرىسىدا مەلۇماتلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئاڭلاشنى خالىماي، يېقىن دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە تېلېفون بەردى ـ دە، ئۇلار كەلگەندىن كېيىن ئىچىشنى باشلىۋەتكەنىدى. تۆت ئادەم «ناپولېئون»دىن بىرنى، «ماۋتەي»دىن بىرنى، «ئىلى ئالىي ھارىقى»دىن بىرنى بوشاتتى. ئۇلارنىڭ ئايرىم خانىسىغا مەززىلىك شورپا كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەست بولۇشقان:

— مەن ھاجى ئەمەسمەن، ئۆچۈرۈۋېتىڭلار، يوقىتىڭلار بۇنداق ۋىۋىسكىنى! — دەيتتى ھاجى قۇددۇس شىرەنى مۇشتلاپ، — مەن مىليونېر، مەن ھاجى، مەن مەرد سودىگەر، ئەمما مەن ئېشەك!

— يامان بولىدۇ دەيمەن ھاجىم!

— سىلىگە نېمە بولدى، لاۋبەن!

— ئۇنداق دېمىسىلە دەيمەن، بېگىم!

لېكىن، قۇددۇس بۇ چىرايلىق گەپ بىلەن ئۆزلىرىگە

تەسەللى بەرگۈچىلەرنىمۇ تىللىدى:

— سىلەرمۇ ئېشەك، ھەممىڭلار ئېشەك!

— مەست بولۇپ قاپلا، ھاجىم.

— ھاجىم دېمە، ئېشەك!

— نېمىگە خاپا بولىسىلا، لاۋبەن؟

— لاۋبەن دېمە، ھايۋان!

— بېگىم، نېمە بوللا؟

— ئىت بولدۇم، ئېشەك بولدۇم!

دوستلىرى ئۇنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق گەپلەرنى زادىلا ئاڭلىمىغان، ئۇنىڭ مۇنداق قاتتىق مەست بولغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ دوستلىرى مېھماندوست، خۇشخۇي، ئەدەپلىك ھاجى قۇددۇسنى ھۆرمەتلەشكە، ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇنىڭدىن تىل ئاڭلىمىغان، ئۇنىڭ چىراي تۈرگىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىنە؟

باش غوجىدار — ئەرەبلەرنى دوراپ ساقال قويۇۋەتكەن، پاكىستانچە ياسىنىۋالغان سوپى مىجەز يىگىت ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ:

— چىقىپ ئارام ئالسىلا، غوجام، — دېۋىدى، قۇددۇس ئۇنىڭ مەيدىسىگە مۇشت بىلەن بىرنى ئۇردى:

— يوقال، ساختىپەز ھايۋان!

غوجىدار دەرھال قۇددۇسقا تۇيدۇرماي قىلغان يوشۇرۇن سودىلىرىنى ئەسكە ئالدى ـ دە، خوجايىنىغا چىن قەلبىدىن يېلىنىپ:

— مېنى كەچۈرسىلە، ھاجىم، يەتتە ـ مىڭ ئۇچ يۈز كويچەن پايدا ئېلىۋېدىم، ھەممىنى تاپشۇراي! — دېدى.

— ماڭ، چىق، مۇنۇ بىناغا ئوت قوي!

— توۋا دېسىلە، بېگىم!

«ھاجى قۇددۇس مۇلازىمەتخانىسى» ئاخشاملىق تىجارەتنى

توختاتتى. خىزمەتچىلەر پاتىپاراق بولۇشتى. خادىملار كۆز يېشى قىلىشتى. ساداقەت بىلەن ساختىلىق تەڭلا كۆچ كۆرسىتىپ، ھەر خىل تەسەللى گەپلەر، تەكلىپلەر، ئاھ ـ ئۇھ، ۋايداد؛ قايغۇ ـ خۇشاللىق؛ يوشۇرۇن كۈلكە، ئاشكارا يىغا ـ زار... ھەممىلا مالامەت بىراقلا مەيدانغا چىقىپ ئۇچ قەۋەتلىك بىنانىڭ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەقە، كۆڭۈلسىزلىك، ۋەھىمە ۋە يېڭى ئۈمىد ـ ئارزۇلار پەيدا بولدى.

پەقەت يېرىم كېچە بولغاندا ھاجى قۇددۇس خورەك تارتىپ ئۇخلاپ قالغاندىلا ئۇنىڭ چىرايلىق، زىلۋا، مېھرىبان ئايالى نازۇك، لېكىن ئىشچان بارماقلىرى بىلەن قۇددۇسنىڭ پېشانىسىگە چۈشكەن قاپقارا، يالتىراق چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ بۇنچىۋالا مەست بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئۆز ـ ئۆزىگە ئاشكارىلىدى:

ـــ نومۇسقا چىدىماپلا ـ ھە، ھاجىم، ـــ دېدى مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، ـــ گۇلناز خېنىم ئېرى بار ئايال تۇرۇپ نېمىشقا زېمىن بەگنىڭ قوينىغا كىرگەندۇر ـ ھە؟ قىلىمەن دېسە بىزنىڭ بۇ ھاجىم قىلسا بولمايتتىمۇ؟ پۇلىمۇ، يولىمۇ بار. شۇغىنىسى ھاجىم ئەخلاقلىق. خۇدا قوشقان جۈپتىگە خىيانەت قىلمايدۇ. خىيانەت قىلغانىنىمۇ ھار ئالىدۇ. زېمىن بەگ نېمىشقا يالغان سۆزلىمىدىكىنە؟ ياق، گۇلناز خېنىمنىڭ چىرايىغا تىكىلىپمۇ قارىمىدىم، دەپ يالغان ئېيتسا بولماسمىدى؟ ھاجىم ئاتام چېغىدا يالغان ئېيتىپ سالىدۇ. زېمىن بەگ بىلەن گۇلناز خېنىم قانچىلىك ئادەملەرتىكىن؟ توۋا، راستتىنى راست دېگىنىنى بۇ ئەقىلسىزلەرنىڭ...

ـــ زېمىن دېگەن ئېشەك ! ـــ قۇددۇس جۆيلۈدى.

ـــ دېگەنلىرى راست، ھاجىم، ـــ دېدى نازىنىن ئېرىنىڭ يۈزلىرىنى سىيپاپ، ـــ ئېشەك بولمىسا راست گەپ قىلامتى؟

ـــ گۇلناز... سەن قانجۇق...

ـــ بۇ دېگەنلىرىمۇ ھەق راست، ھاجىم بېگىم، قانجۇق

بولمىسا ئاكىسى «راستمۇ؟» دەپ سورىسا، «راست» دەپ جاۋاب قايتۇراتتى...

هاجى قۇددۇس بىلەن زىمىننىڭ سۆھبىتى ئۇزاققا سوزۇلمىدى. هاجى قۇددۇس:

— زىمىن، راستىنى ئېيتە، ياشلىقىڭلاردىكى ئىشنى تىلغا ئالمايمەن. هازىرمۇ سىڭلىم بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ تۇرامسەن؟

— هېچ چۈشەنمىدىم.

— چۈشەنمىگەن بولساڭ ئوچۇق ئېيتاي: دوختۇرلار گۈلنازنى سېنىڭ كارىۋىتىڭدا ياتقان يېرىدىن ئويغىتىپتۇ دېگەن سۆز كوچىغا تارقالغان. بۇ گەپ راستمۇ؟

— راست.

— سەن بۇزۇقچىلىق قىلدىڭمۇ؟

— بۇزۇقچىلىق قىلمىدىم.

— باشقا بىرىنىڭ خوتۇنى بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتسەنۇ يەنە بۇزۇقچىلىق قىلمىدىم دەيسەنيا!

— ئىككى تەشنا يۈرەكنىڭ ئارزۇسى قانسا بۇ قانداقچە بۇزۇقچىلىق بولىدىكەن؟ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئىككى تەن قوشۇلسا بۇزۇقچىلىق بولىدۇ.

— قوي بۇ نەزەرىيەڭنى، بۇزۇق!

هاجى قۇددۇس غەزەپ بىلەن جوزىغا ئۇردى.

زىمىن كۈلۈپ قويدى:

— بۇ نەزەرىيە ئەمەس، ئەمەلىيەت! بىرىنى بۇزۇق دېگۈلىرى كەلگەن بولسا ئاكىلىرىنى دېسىلە خاتا دېمىگەن بولىلا، هاجىم!

— سەن، سەن پاسىق! — دېدى هاجى قۇددۇس، — بىزنىڭ ئائىلىگە هۇجۇم قىلىۋاتىسەن. سەن ئەتىدىن باشلاپ بۇ ناھىيەدىن يوقال ياكى بولمىسا پاسكىنا كوچىدىن ئايىغىڭنى تارت!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھەر ئىككىلىسىنى قىلالىمسامچۇ؟ — زىمىن سۆھبەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ، ئورنىدىن تۇردى، — ماڭا بۇيرۇق بېرىشكە سىلى ھوقۇقلۇق ئەمەس، ھاجىم، مەن سىلىنىڭ مۇلازىمەتخانىلىرىنىڭ خىزمەتچىسى ئەمەسمەن!

زىمىن چىقىپ كەتتى. قۇددۇس ئۆزىنى كۆتۈپ تۇرغان سىڭلىسى گۈلنازنى چاقىرتتى:

— كوچىدا ئېقىپ يۈرگەن گەپلەر راستمۇ، گۈلناز!

— راست، ئاكا!

— قايسى يۈزۈڭ بىلەن راست دەۋاتىسەن، رەسۋا!

ھاجىم سىڭلىسىنى بىر كاچات ئۇردى. گۈلناز سەنتۈرۈلۈپ يەنە تىك تۇردى. ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزىدە قېرىنداشىنىڭ بەش بارمىقىنىڭ ئىزى پەيدا بولدى.

— يەنە ئۇرۇڭ، ئاكا! — دېدى قىز يەنە بىر مەڭزىنى ئاكىسىغا تەڭلەپ، — مېنى جازالىمىغان سىز لا قالغان.

ھاجىم غەزەپ بىلەن يەنە بىر شاپىلاق ئۇردى. گۈلناز يېنىدىكى دىۋانغا يېنىچە يىقىلدى. ئۇنىڭ ئاغزى قانىدى. ئۇ ئورنىدىن تەستە تۇردى - دە، يەنە ئاكىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— يەنە ئۇرۇڭ، بوغۇڭ، ئۆز قولىڭىز بىلەن ئۆلتۈرۈڭ. مەن گۇناھكار، رەسۋا، ئاتام ئۆز قولى بىلەن بەختسىز قىلغان بىر قېرىنداشىڭىزنى بەختلىك قىلاي دېدىم، يىگىرمە يىل كۆز يېشىم بىلەن كۈتكەن ئادىمىمنى مۇرادىغا يەتكۈزەي دېدىم!

— سەن ھايۋان بىر ئەرنىڭ نىكاھىدا، بىلدىڭمۇ، خۇدا ئالدىدا قارايۈزسەن!

— كۆڭلۈم خالىمىغان بىر بىچارىگە نىكاھلانغاندىلا مەن قارا يۈز بولۇپ بولغانمەن، ئاكا. مەن ئەمدى ئاقلانماقچىمەن. كاچات بىلەن مېنى بۇ يولدىن ھەرگىز قايتۇرالمايسىز ئەمدى!

— يوقال قانجۇق!

— مەڭگۈلۈككە خوش، ئاكا!

بۇنچە قاتتىق مەغلۇبىيەت، بۇنچە ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان ھاجىم ھاراق ئىچمەي قانداق قىلسۇن، مەست بولۇپ جۆيلۈمەي نېمىمۇ قىلالىسۇن!

مۇقەددەس ئائىلىدە پەيدا بولغان بۇ ئىشلار شۇ كۈنىلا پۈتۈن ناھىيىگە تارقالدى. ئابلا يانتاق گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، مۇشۇنداق بولۇشىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەندەك پەرۋاسىز ئىدى. ئەمما، ئۇ شۇ ئاخشىمىلا مەدەنىيەت سارىيىدىكى ئىشخانىسىغا كۆچۈپ كېلىۋالدى. ئۇ بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزالىقىدىن مەھرۇم بولغان تۇنجى «قەھرىمان» بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەمدىكىن، يەنىلا يوغان ئاغزىنى تولۇق ئېچىپ كۈلەتتى، يوغان كۆزلىرىنى ئوينىتاتتى، يوغان بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى ئۇنچىدەك تەرلىرىنى سۈرتەتتى...

ھاجىمنىڭ ئۈچىنچى قىزى گۈلئايشەم شەھەرگە تارقالغان بۇ گەپنى كېچىكىپ ئاڭلىدى. ئۇ دادىسىنىڭ غېمىدە، ئۆچ يىلدىن بېرى زىيان تارتىۋاتقان ئىدارىسىنىڭ غېمىدە، ئىسكىلاتتا بېسىلىپ ياتقان سارجىلار بىلەن يىپەك ماللار، ئۆز ۋاقتىدا تالىشىپ يۈرۈپ سېتىۋالغان خورۇم ئاياغ كىيىملەر بىلەن تەييار كىيىم - كېچەكلەر ئىدارىنىڭ يەتمىش پىرسەنت پۇلىنى تۇتۇپ ياتماقتا. ئەسلى باھاسىدىن يېرىم باراۋەر چۈشۈرۈپ ساتقان تەقدىردىمۇ بۇ ماللارنى ئالىدىغان خېرىدار يوق. ئاھ، بۇ چەت ئەلنىڭ ماللىرى بىلەن سۈنئىي توقۇلما رەختلەرنىڭ تولىلىقى. نادان خەلقلەرنىڭ يۈڭ، يىپەك ماللارنى تاشلاپ بۇ سۈنئىي ماللارغا يېپىشىۋالغانلىقى، ھەممىنى قىلغان ئاشۇ «ھاجى قۇددۇس مۇلازىمەتخانىسى». ئۇنىڭ دۇكىنىدىكى ماللار بازارنى ئىگىلەپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بۇ ماگىزىنلارغا خېرىدار كىرمەيدىغان بولۇۋالدى، ھەتتا سودا ئىدارىسىنىڭ تۆت چوڭ ئاشخانىسىمۇ تاقىلىشقا ئاز قالدى. تاماقلىرىنى ھەرقانچە ئەرزان، سۈپەتلىك قىلىپمۇ خېرىدارلارنى ئەكىرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان بۇ ئاشخانىلاردىن كېلىدىغان زىيانمۇ ناھىيەلىك

www.uyghurkitap.com

سودا ئىدارىسىنىڭ غەم - قايغۇسىنى كۆچەيتمۇەتتى. يەن جىڭلىنىڭ خېلى جىق پۇل بىلەن قېچىپ كەتكىنىچۇ؟ ساۋ شۇجىنىڭ ئۇستىلىق بىلەن ۋىلايەتلىك ماددىي ماللار ئىدارىسىگە يۆتكىلىۋېلىپ ھەممە توقۇلەنەتنىڭ گۇلئايشەمگە يۈكلىنىپ قالغىنىچۇ تېخى؟

دائىم ياسىنىپ، تانسا، زىياپەتلەردە ئۆزىنى كۆرسىتىپ يۈرىدىغان ئىغىر - بېسىق، چىرايلىق چوكان بۇ غەملەر بىلەن مۇنۇ بىر يىلدىن بېرى تۈگىشىپلا كەتتى. ئۇنىڭ كەينى - كەينىدىن ئۇدا تۆت قېتىم ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ ئۇرۇمچى، بېيجىڭلارغا بارغىنى، ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغىنى، ۋىلايەتلىك ئىلغار پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا كۆرسەتكەن نەتىجىلىرى ئۈستىدە دوكلات بەرگەنلىرى ھازىر بىر تىپىنغا ئەرزىمەيدىغان بولۇپ قالدى. تاۋار قارىشى، بازار قارىشى رىقابەت دەۋرىدە سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولماق نېمانچە قىيىن. ئۆز ۋاقتىدا ھەممە ئىش ئاسان ئىدى. ماشىنا، ھارۋىلارغا ماللارنى بېسىپ شىياۋدۇيلەرنىڭ خامانلىرىغىچە بارسىلا ئەتىسى ئۇنىڭ نامى گېزىتكە يېزىلاتتى ياكى ئاشخانىلارغا كىرىپ ئايدا بىر قېتىم قاچا يۇيۇپ ياكى تاڭجاڭلىق قىلىپ خەۋەردارلارغا ھىجىيىپ قويسىلا ئۇنىڭ سۈرىتى شەرەپ تاختىسىغا چاپلىناتتى. ئۇنىڭ تاپقان پايدىسى، قىلغان ئوبوروتلىرى بىلەن ھېچكىم ھېسابلاشمايتتى. ھازىرچۇ؟ ئۇچۇر، مودا، رىقابەت، پايدا ئېلىش دېگەن سۆزلەر نەدىن پەيدا بولدىكىن؟ سودا قىلماق ئېتەك بىلەن ئوغۇت توشۇماقتىنمۇ تەسلىشىپ كەتتى.

مانا مۇشۇ سەۋەبلەر بىلەن گۇلئايشەم تېرىككەك، ئىشتىھاسىز بولۇپ قالدى. كۆزلىرى ئەتراپىدىكى قورۇقلار ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمىغۇدەك دەرىجىدە قويۇقلىشىپ، چىشلىرىمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن - بىرى بوشىشىپ ئىسكەتنى

بوزغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبراھىم ئەزىزنىڭ ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ ھەپتىدىمۇ بىر قېتىم كەلمەس بولۇۋالغىنىچۇ. ئۆتكەن ھەپتە گۈلئايشەم يېڭىدىن مەنسىپى ئۆسكەن ئېرىدىن ئۆزىنىمۇ ۋىلايەتكە يۆتكەپ كېتىش توغرىسىدا پىكىر ئېلىۋىدى، ئېرى ئۇنىڭغا:

— تەسلىشىپ قالدى، خېنىم، ياشلىرى قىرىق بەشكە ياماشتى. ئۆستۈرىدىغانلار ئارىسىغا قاتماق تەس! — دەپ جاۋاب بەردى.

— قانداق قىلاي ئەمىسە، پېنسىيەگە چىقايمۇيا؟

— ياق، مۇنۇ كىتابنى ئوقۇسىلا.

گۈلئايشەم ئامېرىكىلىق پسىخولوگىيە ئالىمى كارنېگىنىڭ «قايغۇرما، خۇشال - خۇرام ياشا» دېگەن كىتابىنىڭ خەنزۇچىسىنى قولىغا ئېلىپ پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتتى.

ئۇنىڭ ھاياتىدا شۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەر پەيدا بولغاندا سۆيۈملۈك دادىسى يىقىلدى، مانا بۈگۈن سىڭلىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ ماجىراسى توغرىسىدا ناھىيەدە پۇر گەپ.

ئۇ قۇددۇسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەندە ھاجى قۇددۇس ساقاللىرى ئۆسكىلەڭ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، سۇلغۇن ھالەتتە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ئەسۋابى بىلەن بىر نېمىنى ھېسابلاپ ئولتۇراتتى.

— كەلسىلە، ئۇكام، گۈلئايشەم، — دېدى ئۇ قاپىقى بىلەن بېشىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ، — تىنچلىقما؟

— تىنچ بولامتىمكى! — دېدى گۈلئايشەم دومسىيىپ، — نېمە بولۇشتۇڭلار، ئادەمنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ.

— ھېچ چۈشىنەلمىدىم جۇمۇ؟

— نېمىنى؟

— سىلىدەك پارتىيە ئەزالىرىنى چۈشىنەلمىدىم، — دېدى ھاجى قۇددۇس بىردىنلا تېرىكىپ - بوغۇلۇپ، — مەنغۇ ئۆمرۈمدە بىر قېتىم پارتىيەگە ئىلتىماس يېزىپ باقمىغان

قالاق سودىگەرمەن. ئەمما لېكىن، پارتىيە ئەزالىرى مەن ئويلىغاندەك بولماي قالدى جۇمۇ. ئاشۇ زېمىندەك كۆمۈر ئۆۋىقى يەپ چوڭ بولغان تېگى پەسلەر شۇجى بولۇۋالغاندىكىن نېمە دېگۈلۈك ئەمدى.

— ئۇ دېگەن نەمۇنىچى پارتىيە ئەزاسى، ئاكا. ئىلغار پارتىيە كادىرى بولۇپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ كەلدى. يېقىندا ئۆسىدۇ ئۇ.

— ئاشۇ پاھىشىۋاز ئوغرىما؟

— ئۇنداق دېمە، ئاكا، زېمىن شۇجى بەلەن ئادەم. كۆرۈپ قالىسەن، ئۇ ناھىيەگە شۇجى بولۇپ ئۆسىدۇ.

— سىڭلىڭىنىڭ ئۆيىنى بۇزغان بىر بۇزۇقنى ماختاۋاتىسىنا؟

— گۈلناز بىلەن زېمىنىنىڭ ئىشى باشقا بىر ئىش، ئاكا، ئۇلارنىڭ پەرھات بىلەن شېرىن، تاھىر بىلەن زۆھرە ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ. سىڭلىمىز ئابلادەك نان قېپىدىن خېتىنى ئېلىپ زېمىن شۇجىدەك بىر ئەرگە تېگىشىۋالسا خۇشال بولماي خاپا بولغىنىڭ نېمىسى؟

— ماڭا يۈز كېرەك، ئابرۇي كېرەك. سىڭلىمنىڭ قوينىغا كىرىپ ئالدىمدا كېرىلىپ يۈرگەن بۇنداق بۇزۇقنىڭ قېنىنى ئىچەلمىگىنىمگە يىغلايمەن، ئۇكام. ئۇ بۇزۇق «راستمۇ» دېسەم، «راست» دەيدۇ تېخى.

— يالغان ئېيتماي راست ئېيتقاندىكىن ياخشى پارتىيە ئەزاسى ئۇ، ئاكا. ئاشۇ ئىشتا راست گەپ قىلغانىكەن، ئۇ ھەرقانداق ئىشتا راست گەپ قىلىدۇيا ئەمدى.

قۇددۇس گەپ قىلماي تىرنىقىنى تاتىلىدى. گۈلئايشەم ئاكىسىغا قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىڭلىمدىن ھەممىنى سورىدىم. ئۇلار ناشايان ئىش قىلىشمىغان. سىڭلىم ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا بەل باغلاپتۇ. ئابلاغا ھەممىنى ئېيتىپتۇ. ئابلامۇ ئاجرىشىشقا قوشۇلۇپتۇ.

ئويلاپ باقە، زېمىن شۈجى گۈلنازنى دەپ يىگىرمە يىلدىن بېرى ئۆيلەنمىسە، بىرەر ئايال بىلەن تىكىلىپ قاراشماي سىڭلىمىزنى ھەر كۈنى ياد ئېتىپ نە ـ نەلەردە خانىۋەيران بولۇپ يۈرۈپ، بۈگۈن ئەمدى مۇرادىمغا يېتىمەن دەپ يۇرتىغا قايتىپ كەلسە، سىڭلىمىز ئۇنى نائۇمىد قويسا بولامتى ئەمىسە؟

— ئۇنىڭ ئېرى باريا!

— ئېرىگە كۆڭلى چۈشمىسە، بۇنى ئېرىمۇ بىلگەن تۇرسا!

— ئېرى بار خوتۇن باشقا بىرىگە كۆڭۈل بەرسە گۇناھ بولمامتى، ئۇكام هاي!

— نىكاھ باشقا، كۆڭۈل باشقا!

— ۋاي سىلىدەك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كانىيىغا ئۇراي!

— زېمىن شۇجىنىڭ ئىشى چوڭ پىرىنسىپلىق ئىش ئەمەس. تۇرمۇش مەسىلىسى ئۇ. ئۇنىڭغا ئارىلىششقا بىزنىڭ ھەققىمىز يوق!

— سىلىدەك يۇزسىزلەرنىڭ ھەققى بولمىغىنى بىلەن مېنىڭ ھەققىم بار. مەن بىزنىڭ ئائىلىنىڭ نامىغا داغ چۈشۈرمەيمەن!

گۈلئايشەم مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ھاجى قۇددۇسنى ئۇ كۈنى تۇردى كېرەم، قاسىم قۇربان، ئوبۇلغازىلارمۇ يوقلاپ كەلدى. ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ بۇ ئىش توغرىسىدا ئۇبدان مەسلىھەت قىلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش چىقتى: زېمىننىڭ بۇ بىر ئىناق ئائىلىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىشى قانۇنىي مەسىلە، پارتىيەۋىلىكى ساپ بولماسلىقىنىڭ بەلگىسى. بۇ مەسىلە توغرىسىدا قانۇنىي ئورۇنلارغا ئەرز بېرىش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا دەرھال ماتېرىيال بېرىش كېرەك. بۇ مەسىلىنى ھاجىمغا زەربە بېرىش، ھاجى قۇددۇسنى يارىدار قىلىش، ئابلانى زەخمىلەندۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، بۇنى زېمىننىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت، پارتكوم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇجىسى دېگەن نام ۋە ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان زوراۋانلىقى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل زوراۋانلىقنى چەكلەش، زېمىندەك قىلمىشى ئېغىر بۇزۇقچىلىقنى قاتتىق چارە كۆرۈش، ئۇنىڭ پارتىيەمىزنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرۇشىغا، دۆلەت كادىرى بولۇپ تۇرۇشىغا قەتئىي يول قويماسلىق توغرىسىدا ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا دەرھال ماتېرىيال يوللاش، ھازىردىن باشلاپ ھەرىكەتلىنىش لازىم، دەپ قاراشتى بۇ ھاجىم ئائىلىسىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى.

مانا بۇ گەپلەر ھاجى قۇددۇسقا تازا ياقتى. ئۇ شۇ كۈنىلا بۇ گەپلەرنى ئۈرۈمچىدىكى دادىسىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈن يوللۇق تېلېفونغا زاكاز بەردى.

لېكىن، گۈلئايشەم ئۆلاردىن چاققان چىقتى. ئۇ تېلېفون بىلەن شۇئان ئېبرى ئىبراھىم ئەزىزگە بۇ ئىشلارنى مەلۇم قىلدى:

— زېمىنغا ئەمەس، ماڭا يان باسقانلىرى يۇ، بېگىم، — دېدى ئۇ ئېرىنىڭ «زېمىنغا يان باستىڭ» دەپ ئاتىمىز رەنجىپ قالارمۇ؟» — دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ، ئەركىلەپ تۇرۇپ، — ئەمىسە شۇنداق قىلسىلا، تۇردى كېرەمگە تېلېفون بەرسىلە، ھېچقانداق يەرگە ئەرز - شىكايەت قىلىشمىسۇن. سىلى بىلىلا، مېنى پاتقاقتىن ئاشۇ زېمىنلا قۇتۇلدۇرالايدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدا قانچە ماگىزىن، قانچە تىجارەتچى بار؟ بىزنىڭ سودا ئىدارىسىنىڭ بېسىلىپ قالغان ماللىرىنى زېمىنىنىڭ ياردىمىسىز ھەزىم قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇيا!

— ئۇنى بىلىمەن.

— مۇشۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا قانات ياپساق، ئۇ قىلغانىنى بىلىدۇ. قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيىدۇيا!

— ماقۇل، خوتۇن. سىلىگىلا پايدىسى تەگسە ئېگەكىمنى ھېلىغۇ زېمىن ئىكەن، دۈشمەنلىرىمگىمۇ ئېگىلىمەنيا!

— ياغلىما ئېغىز !
— سىلى ئۇچۇن !
ئىبراھىم ئەزىز ئۆزى بىلىدىغان ھەممە شېرىن گەپلەرنى، نازۇك سىرلىرىنى ئايالىغا ئېيتىشقا ھېرىسمەن ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلەنگەن ئادەم. ئۇ ۋىلايەتنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغىنى بىلەن، مالىيە - ئىقتىساد ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەرگە كەسكىن ۋە قاتتىق مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلەنگەن. لېكىن ئۇ ئايالىنىڭ ئالدىدا باشقىلا بىر ئادەم. ئۇلار ئۆي - ئوچاقلىق بولغاندىن بېرى بىر - بىرى قېتىممۇ «سەن - پەن» دېيىشمىگەن، بىر - بىرىنىڭ گېپىنى يىرىشمىغان، كىشىلەر زوقلانغۇدەك ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ كېلىشتە ئەرنىڭ مۇلايىملىقى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار دۆلەتنىڭ ئىشلىرى، خەلقئارا مەسىلىلەر ۋە ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىشنى ياخشى كۆرۈشىدۇ. ئۇلار توغرىسىدا كىشىلەر: «تويى بولغان ئاخشىمى ئىقتىم مەسىلىلىرى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىپتۇ» دېگەن سۆزنىمۇ تارقىتىشقان. يەنە بەزىلەر «ئىبراھىم ئەزىز تېلېفوندا ئايالىغا گېزىت - ژۇرنال ئوقۇپ بېرىدىكەن» دېيىشسە، بىزنىڭ غەيۋەت بىلەن راھەتلىنىدىغان بەزى ئادەملىرىمىز: «ئىبراھىم ئالىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقاندا بىر قېتىم ئايالىغا قىرىق بەتلىك خەت يېزىپتۇ. بۇ خەتتە ماركس - لېنىن، ماۋزېدۇڭ ئۇزۇندىلىرىدىن ئاتمىش بەشنى قوللىنىپتۇ» دېگەن سۆزنىمۇ تارقىتىشقان. بۇ سۆزلەرنىڭ راست - يالغىنى قانچىلىك، بۇ تەرىپى قاراڭغۇ، لېكىن ئىبراھىم ئەزىزنىڭ ئادەتتىكى پاراڭغىمۇ ئۇلۇغلارنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل ئارىلاشتۇرۇپ گەپ قىلىدىغانلىقى راست.
— ئاق مۇشۇك، قارا مۇشۇك، چاشقان تۇتقىنى ياخشى مۇشۇك ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ ئايالىغا تېلېفوندا، — تۆردى كېرەم، قاسىم قۇربان ئاكىلارغا ئۆزۈم تېلېفون بېرىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرەي، كىچىك ئىشنى چوڭايتىشنىڭ ھاجىتى

يوق. ئەڭ مۇھىمى، زېمىن شۈجى ناھىيە ھاكىملىقىنىڭ نامزاتلىقىدا بار. ھېسسىياتقا بېرىلمەي ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتقان تۈزۈك. قانداق دېدىم، خېنىم؟

— تېلېفوندا بولسىمۇ «ھابىبا» قىلىپ قويدۇم ئەمسە، قاچان كېلىمەن دېدىلە، بىر ھەپتىدىن كېيىن دېدىلىما؟

ھاجى قۇددۇسقا ئۆزۈن يوللۇق تېلېفون كېلىشتىن بىر مىنۇت بۇرۇن ئۆينىڭ ئىشخانىسىغا تۇردى كېرەم ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى:

— تېلېفوندا بايىقى گەپلەرنى قىلمايدىغان بولدۇق، ھاجىم.

— نېمىشقا؟

— ئىبراھىم ئەزىز ۋالىي يولىيورۇق بەردىيا. زېمىن شۈجى ھاكىم بولارئىمىش. ئاچچىقنى يۇتىدىغان گەپ، ھاجىم.

— سىلەرنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم ! — دېدى ھاجى قۇددۇس خاپا بولۇپ، — چويلىدا توختىمايدىغان گەپلەرنى تولا قىلىشىدىكەنلا !

— كىمنى دەۋاتىلا؟

— كىمنى بولاتتى، سىلىدەك پارتىيە ئەزالىرىنى دېمەكچىمەن !

— ھاجىم، تولا پارتىيە ئەزاسى، پارتىيە ئەزاسى دەۋەرمىسىلە جۇمۇ؟ بۇرۇنقى ۋاق بولسا ئوڭچى بولۇپ قالاتتىلا، ھېلىھەم بولسىمۇ تۆت ئاساسىي پىرىنسىپنىڭ بىرىنچىسى پارتىيە رەھبەرلىكىيا !

— سىلىمۇ ماڭا پوپوزا قىلغىلى تۇردىلىمۇ ئەمدى، تۇردى كېرەم؟ ۋايىەي گېپىنى تېخى؟ ئاتامنىڭ ھورىدا پىشىپ، تەرلەپ، ناھىيەگە مۇئاۋىن شۈجى بولغانلا؟ مېنىڭ ئاتام قىيسايدى ئەمەسمۇ، بۇ كونا تامنى يۆلىگەندىن ئۆرۈگەن ياخشى دەيدىكەنلا - ھە ھەرقايسىلىرى؟

— نېمە دەيدىغانلا، ھاجىم؟ بەللى، سىلى نېملا بولسۇن

ھۆرمەتكە ئاكا، سىلىگە كۆيۈنۈش بىزنىڭ بۇرچىمىزغۇ؟
— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا زېمىنغا يان باسىلا ئەمىسە؟
— چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق، پىرىنسىپ، قانۇن دەيدىغان ئۆلچەملەرمۇ بارغۇ؟
— بايا ھەرقايسىلىرىنىڭ بۇ ھەق تارازىلىرى بۇزۇلۇپ قالغانمىدى ئەمىسە، مانا تېلېفون جىرىڭلىدى، مەن ئىگە، ھەممىنى ئاتامغا دەيمەن مانا!
ھاجى قۇددۇس تېلېفوننى قولىغا ئالدى ۋە:
— سىلى كىم، نەمرۇد ئاكامما؟ ھە، نېمە؟ دادامنىڭ ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس دەملا؟ نېمە، نېمە؟ خۇشاللىقتىن يىقىلدى دەملا؟ قانچىلىك پۇل لازىم؟ ئۈچ تۈمەن؟ نېمە قىلىملا بۇنچە پۇلنى؟ ياق، ئاكا، بولمايدۇ دەيمەن. ياق، ياق، ئۆزلىرى ۋەدە قىلغاندىكىن، ئۆزلىرى بىر ئامال قىلسىلا. مۇتلەق بېرەلمەيمەن، ئۆتنىمۇ، ئۆسۈمگىمۇ بېرەلمەيمەن. ئۇنچىلىك پۇلنىڭ كارى چاغلىق، لېكىن سىلى ئون نەچچە تۈمەننى يوقاتتىلا، ئەمدى سىلىگە پۇل بېرەلمەيمەن. بۇ گەپ تۈگىدى ئەمىسە، ھە! ئاتامغا دەيدىغان گەپ بار ئىدى. ماقۇل، سىلى يەتكۈزسىلە ئەمىسە، ھېلىقى بىزگە كۆشەندە زېمىن دېگەن ئوغرى...
— دېمىسىلە دەيمەن، گەپ ئاڭلىسىلا، ھاجىم!
تۇردى كېرەم ئۇنىڭ قولىدىن تېلېفوننى تارتىۋالدى.
— چاتاقلىرى نېمە؟ ئەكەلسىلە دەيمەن!
قۇددۇسمۇ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى ۋە:
— شۇ زېمىن دېگەن ئوغرى توغرىسىدا...
— نېمانداق گەپ ئاڭلىمايلا، ھاجىم!
تۇردى كېرەم يەنە تارتىۋالدى.
ئۇلار تېلېفوننى تالاشماقتا، تېلېفوندىن نەمرۇدنىڭ:
— قۇددۇس ھاجىم، سۆزلىسىلە دەيمەن. زېمىن نېمە قىلدى! — دېگەن ئاۋازى تەكرارلانماقتا. تالاشنىڭ ئۈستىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاسىم قۇربان بىلەن ئوبۇلغازى ئالدىراپ كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار تۇردى كېرەمگە بولۇشتى. ھاجى قۇددۇس ئاخىر تېلېفوننى غەزەپ بىلەن يەرگە ئۇردى:

— ھەرقايسىلىرىغا يول ئوچۇق، — دېدى ئۇ ئىشىكنى كۆرسىتىپ، — ھەرقايسىلىرىدا ھوقۇق بار بولسا مەندە پۇل بار. قېنى، ھوقۇق بىلەن پۇلنىڭ جوداسىنى باشلاپ باقايلى ئەمىسە. ھەممىلىرى زېمىننىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى چوڭ - چوڭ پىرىنسىپلارغا سېلىشمىسىلىرى مەن بۇ گەپلەرنى ئەدىن بىلەتتىم - ھە؟ زېمىننىڭ بىر غوجىكاسى ئالىيىپ قويغان چېغى، ھەممىلىرى يەل تاپان بولۇشۇپ بىر يەرگە كېلىشىپلا. ھاكىم دېگەن شۇنچە چوڭ نىمىكەن - دە؟ ئۇنىڭ ئىسمى چىقسىلا ئاقنى قارا، بوزنى ئالا دېيىشىدىكەنلا - ھە؟...

— ھاجىم، توختىسىلا دەيمەن!

— گەپنىڭ باش - ئاخىرىنى ئاڭلىسىلا دەيمەن!

— قۇددۇس ھاجىم، سەل يىغىسىلا دەيمەن! — دېدى ئۆزىنى ھاجىم ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى ھېسابلايدىغان قاسىم قۇربان پېشانە، بۇرۇن ئۇستى تەرلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، — مەن سىلىنىڭ بۆشۈكلىرىنى تەۋرەتكەن، ئۆشنەمدە كۆتۈرۈپ ئويناتقان ئاكىلىرى، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىسىلا دەيمەن!

ھاجى قۇددۇس ئۆگەي ئانىسىنىڭ بۇ سېمىز، غوت - غوت، ئېھتىياتتا نەمۇنە بولالايدىغان ئىنىسىنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، بۇ ئادەم ئۇششاق گېپى جىق بولغان بىلەن كۆڭلى يۇمشاق، كۆيۈمچان ئىدى. ئەللىك يىلدىن بېرى مۇشۇ چوڭ ئۆيىنىڭ يىراقىنى يېقىن، قىيىننى ئاسان قىلىشتا ھاجىم كۆپرەك مۇشۇ ئادەمنى ئىشقا سالاتتى. بۇ ئادەم ھاجىمغا ھەممىدىنمۇ سادىق، ئىخلاسمەن ئىدى. ئۇ يېزا كاتىپى، گۇڭشېنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھەتتا ناھىيە رەھبىرى بولۇپ ئىشلىگەن شۇ ئۇزاق يىللاردا خەلق ئىشىغا قانچىلىك كۆيۈنگەن بولسا، ھاجىمنىڭ ئىشىغىمۇ شۇنچىلىك كۆيۈنۈپ كەلدى.

ھەتتا نۇرغۇن قېتىم ھاجىم ئۇچۇن پارتىيە، ھۆكۈمەت پىرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلدى، ئۇنىڭ جازاسىنىمۇ تارتتى. لېكىن، ھاجىمغا گەپ كەلتۈرمىدى، ھاجىمنى رەنجىتمىدى، ھاجىمغا ئاسىيلىق قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ ئادەم بىر مۇقەددەس مازار، ئۇنىڭ بۇ مازارنى ئاسراش مەجبۇرىيىتىلا باركى، ئۇنى ئۇپرىتىش ئۇنىڭ ئۇچۇن گۇناھ.

ئۇ مانا ئاشۇ ساداقەتتىگە تايىنىپ ھاجى قۇددۇسقا يۇقىرىقى گەپلەرنى قىلىشقا پېتىنغانىدى.

— سىلى نېمە دېمەكچى؟ — ھاجى قۇددۇس تاغىنىسىغا تىكىلىپ قارىدى.

— چوڭلارنىڭ گېپىنى يىرمىسىلا، ئىبراھىم ئەزىز ئىنىمىز تېلېفوندا زېمىنغا چېقىلىشقا بولمايدۇ دەپ يولىيورۇق بەرگەندىكىن، يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقىنى ئاڭلىغۇلۇق، ئۆكام.

ھاجى قۇددۇس ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ:

— ئىبراھىم ئەزىزمۇ بىزگە كويۇ ئوغۇل. نېمە ۋەجىدىن بىزنىڭ ئائىلە ئىشىمىزنى ئۇنىڭغا دوكلات قىلىپ يولىيورۇق ئېلىشىلا، ھەرقايسىلىرىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىمىيا؟

— دېگەنلىرى توغرا، — دېدى تۇردى كېرەم گەپ قىستۇرۇپ، — شۇغىنىسى شىكايەت قىلغۇچىلارمۇ، قارىلانغۇچىمۇ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، شۇڭا يولىيورۇق ئالغىنىمىز دۇرۇس بولدى، ھاجىم.

— ھەرقايسىلىرى ھۆكۈمەت ئادەملىرى بولغان بىلەن مەن بىر پۇقرا، دەۋاگەر سىلەر ئەمەس، مانا مەن. شۇڭا ھەرقايسىلىرى چەتتىرەك تۇرۇشۇپ بېرىشەلا. يەنە قانداق گەپلىرى باركىن؟

ھاجى قۇددۇس بۇ رەھبەرلەر بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ بەلگىسى قىلىپ غولىچىنى كېرىپ ئورنىدىن تۇردى.

لېكىن، ئۇلار گويا چوڭ بىر مەسىلە ھەل بولمىغان

يىغىنىنىڭ ئىشتىراكچىلىرىدەك تەپەككۇر ۋە مۇلاھىزىگە ئادەتلەنگەن باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ مىت قىلماي ئولتۇرۇشتى.

ھاجى قۇددۇس چەت ئەل «ۋىسكى»سىدىن يېرىم ئىستاكان قۇيۇپ ئارتىسلارغا خاس بىر خىل قىلىق بىلەن رومكىنى كۆتۈردى:

— مېنىڭ دەۋايىم ئوڭۇشلۇق بولسۇن، ئىلاھىم!

— ھاجىم، بۇ!...

— بەللى، بەللى...

— مانا، بۇ قىلىقلىرى جايىدا...

بىزنىڭ خۇشاللىق ۋە خاپىلىققىمۇ ئىچىملىك بىلەن مەدەت بېرىشكە ئادەتلىنىۋاتقان مۇشۇ ئەسىر ئەزىمەتلىرىمىز ئىككى رومكىدىن ۋىسكى ئىچىشىپ يۇقىرىقى تالاش ـ تارتىشلىرى ۋە بۇ يەرگە قانداق كېلىشكەنلىرىنى تامامەن ئۇنتۇشتى. ھاجى قۇددۇسنىڭ ھاراقنى، بولۇپمۇ ئەلا سۈپەتلىك ھاراقنى كىرىشىپ قالغانلىقىنى خۇددى نەمرۇدنىڭ ئالتىنچى قېتىم ئۆيلەنگىنىنى تەبرىكلىگەندەك خۇشاللىق بىلەن تەبرىكلەشتى.

— ھاجىم دەيمىزمۇ ئەمدى؟

— ھاجىمنىڭ ياخشىسى ئىچىدۇ، يالغانلىرى ناز قىلىدۇ، جالىرى ئىچمەيدۇ!

— بۇ گەپلىرى بولمىدى، ئوبۇلغازى جوجاڭ!

— تۈزىتىپ قويالا، تۆردى كېرەم شۇجى!

— بەللى، بەللى، تۇ شۇجى، ئەمدىزە سىلىنىڭ ئىشلىرىنى تۈزەپلا ئۈتىدىغان ئوخشىمامدۇق؟

— نېمىلەرنى تۈزىدى، قاسىم جۇرىن؟

— نېمىلەرنى دېگىنىنى تېخى، ئىشقا ئورۇنلىشىش زىبياۋسىدىن قانچىنى قانچە ئادەمگە قانچە پۇلغا بەردىلە، بۇ توغرۇلۇق قانچە پارچە پاش قىلىش ماتېرىيالى كەلدى، بۇلارنى بىلمەيدۇ دەملا؟

— بەللى، بەللى مۇشۇ كەمدە كىم ساتمايدۇ، كىم ئالمايدۇ دەيلا؟

— مانا مەن ساتمايمەن، مەن ئالمايمەن! — قاسىم قۇربان سېمىز قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى. ئۇ بۇرنى ئۈستىدىكى تەرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن شۇڭا ئۈسىمىدىم، شۇڭا تېخى ئاتمىش ياشقا كىرمىسەممۇ مېنى پېنسىيەگە ئىتتىرىپ چىقارماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، يولداش قاسىم قۇربان؟

تۇردى كېرەم بىر ئىشقا قاتتىق خاپا بولغاندىلا «يولداش» ئاتالمىسىنى قوللىنىشقا ئادەتلەنگەن «گېپى ئاز، سەۋر - تاقەتلىك كادىر» بولغاچقا، يەنىلا تۆۋەن ئاۋازدا سورىدى.

— چۈشەنگەنلا، تۇ شۇجى؟

— نېمىگە قايناپلا دەيمىنا؟

— مەن ئەللىك سەككىز ياشقا ئەمدىلا بوسۇغا ئاتلىدىم، نېمىشقا مېنى بۇ يىل پېنسىيەگە چىقىدىغانلارنىڭ بىرىنچىسى قىلىپ يېزىپ، ئوبۇلغازىغا چۈشۈرۈپ بېرىشىلا دەيمىنا؟

— شۇ قورساق كۆپۈكىمىدى؟

— قورساق كۆپۈكى؟ بۇ بابتىن سۆز ئېچىلمىدى تېخى، مەن بىر كونا پارتىيە ئەزاسى، سىلىدەك نەچچە شۇجىلارنىڭ كونا باشلىقى، پارتىيەگە تونۇشتۇرغۇچى، ئۆز قولى بىلەن ئۆستۈرگۈچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بەزى ئىشلارغا سۈكۈت قىلىۋېرىشكە تاقىتىم قالمىدىيا. قەيەرگىلا بارسام شىكايەت ئاڭلايمەن. چەينەك شورپىسىغا كۆنگەنمەن. ئىسلام ساختىنىڭ ئاشخانىسىغا ھەر كۈنى كىرىمەن، ھەر كۈنى بىر تالاي شىكايەت ئاڭلايمەن. تۆرەكنىڭ كۈيۈئوغلى، ھېلىقى مۇئەللىمنىڭ ئىتى نېمىتى، ھە شۇ ئوغرىنىڭ تۆت بالىسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتكۈزۈپتۇ - يۇ، بىرىمۇ ئىشقا

ئورۇنلاشماپتۇ. ئەمدى ئاشكارىسىنى ئېيتاي، بىزنىڭ ئوبۇلغازىنىڭ، تۇردى كېرەم شوجىنىڭ، ھەتتاكى ئوبۇلغازى جويجاڭنىڭ ئىككى ئىنىسى بىلەن ئۈچ سىڭلىسىنىڭ، تۆت ئاغىنىسى، يەتتە يېقىنىنىڭ بالىلىرى ھېلىقى مۇئەللىمنىڭ بالىلىرىنىڭ ساۋاقداشلىرى ئىكەن، ھەممىسىلا دۆلەت ئىشتاتىغا ئۆتۈپ بوپتۇ. ھېلىقى ئوغرى بىر غولاچ تىزىملىكنى يېزىۋاپتىكەن ئىگەكىم، بىر ئوقۇغىلى تۇرۇپتى، ئاشخانىدىلا يۈز ئادەم ئاڭلاپ راست دەپ چۇرقىراشتى، ئوغرىنىڭ يادلىۋالغىنىغا قارىغاندا، بۇ تىزىملىكنى مىڭ قېتىم ئوقۇغان گەپ. راستىنى ئېيتسام مەن چىدىمىدىم. ھېلىقى ئوغرىغا ئەگىشىپ ئاشخانىدا چەينەك شورپىسى ئىچىۋاتقان مۇئەللىملەر، كادىرلار، بىكارچىلار كادىرلار ئىدارىسى بىلەن تەشكىلات بۆلۈمىنى بىر تىللىغىلى تۇرۇۋشۇۋىدى، خۇددى مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندەك قورقۇپ كەتتىم دېمەملا، ئىگەكىم...

— خۇش بولۇپ كەتتىلىما زادى؟

ئوبۇلغازى ئۆڭسۈلى ئۆچكەن، لەۋلىرى كۆكەرگەن پېتى تىترىگەن قوللىرى بىلەن قۇرۇق رومكىنى قۇددۇسقا سۇنۇپ تۇرۇپ تاقەتسىزلىنىپ سورىدى.

— قانداق ئويلىسىلىرى مەيلى، بۇ بىر پاكىت، جويجاڭ!

— سىلىنىڭ قولاقلىرىغا يەتكەن ھەرقانداق ئىغۋا پاكىتقا ئايلىنىدىكەن جوما، قا جورىن!

— مەن سىلىنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ، قاچاندىن بېرى؟

— ئاپلا، ماۋۇ ئۆي ئەپلەشمىدى، دەيدىغان گەپ جىق ئىدىيا! قويسىلا دەيمەن، ھاجىم!

— ئەپلەشمىگەن ئۆيدە ئىچىپ نېمە قىلاتتىلا، ئەپلەشىدىغان يەرگە بېرىشاملا دەيمەن، كۆرسىلە تېخى!

ھاجى قۇددۇس مەست بولۇشقا باشلىغان، تۇردى كېرەم

ئادىتى بويىچە ئۈچ رومكىدىن كېيىن ئۇخلاشقا باشلىغان، قاسىم قۇربانمۇ ئادىتى بويىچە ئىچكەندىن كېيىنكى شىكايەت ۋە تىللاشلىرىنى باشلىغان، ئوبۇلغازىمۇ ئادىتىگە خىلاپلىق قىلماستىن ئارخىپتىكى مەخپىي گەپلەرنى ئاشكارىلاشقا باشلىغانىدى. مانا شۇ چاغدا بۇ ئۆيگە چەينەك شورپىسى، تونۇر كاۋىپى، باچكا گۆشى، پاقلان گۆشى، مەززىلىك بېلىق — كىشىلەرنى ھاياتقا تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھەببەت باغلايدىغان قىلىشنىڭ ياخشى ئەلچىلىرى «ھاجى قۇددۇس مۇلازىمەتخانىسى»نىڭ ئىككى ئىغىزلىق جىگلى ئىشخانىسىغا كەينى ـ كەينىدىن كىرىشكە باشلىدى.

— باقىلى، ئاللىلى ! — دېدى ھاجى قۇددۇس غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ. قويۇق، قاپقارا چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ، — بۇ ئۆي گەپ قىلىشقا ئەپلەشمىگىنى بىلەن مەست بولۇشقا، يەپ ـ سەمرىشكە تازا ئەپلىشىدۇ. كېچىچە، تاڭ ئاتقۇچە ئىچىمىز، يەيمىز. ئىبراھىم ھاجىم ياشىسۇن ! ئۇنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى، كۆيۈ ئوغۇللىرى، نەۋرە ـ چەۋرىلىرى ياشىسۇن ! ھا ـ ھا ـ ھا... مەن ئەمدى ناخشا ئېيتىمەن. تۇ شۇجى دىسكو ئويناپدۇ، ئوبۇلغازى جۇيجاڭ سۇن ۋۇكۇڭنى دوراپ كالتەك ئويىنىتىپ چامباشچىلىق قىلالايدۇ. مېنىڭ ئەقىللىق، سېمىز ئاكام قاسىم جۇربىن پېنسىيەگە چىقىدۇ. بۇگۇن مۇشۇ يەردە ئاكامنى ئۇزىتىپ قويىمىز، ھا ـ ھا ـ ھا !...

تېلېفون قاتتىق جىرىڭلىدى. تېلېفوننى تۇردى كېرەم ئالدى:

— نېمە؟ دادامنىڭ ئەھۋالى ئېغىر دەملا، يىغلىماي گەپ قىلسىلا دەيمەن، گۇلشەرىخان، گۇلجامال خېنىممۇ !

— نېمە، گۇلجامال خېنىم ! — ئوبۇلغازى تېلېفوننى تارتىۋالدى، — نېمە دەيدىغانلا، خېنىم، بىز بۇ يەردە زىياپەتتە ئەمەس، ئۇرۇمچىدىن نېمە خەۋەر كېلەر دەپ... ئانامىمۇ بار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

دەملا، ئانا، ئانا...

— نېمە، نىساخان ھاجىم ئاچامىۇ بارمىكەن ! — تېلېفونغا قاسىم قۇربان قول سوزدى، — قانداقراق تۇردىلا، ھاجىم ئاچا، يىغلىمىسىلا، ھاجىم ئاچا، ھاجىم ئاتام گەپتىن قالدى، بۇ يەردىكى چوڭلارمۇ يوقلاپ كەلدى دېدىلىما؟ خۇدايىم شىپالىق بېرىدۇ، قورقمىسىلا، ئاچا !

تېلېفوندا ئۇلار ئۇزاق سۆزلەشتى. ئۇلار تېلېفوننى بىر - بىرىدىن تالىشىپ سۆزلىشىۋاتقاندا، ھاجى قۇددۇس كەينى - كەينىدىن يەنە ئىككى رومكا ھاراقنى ئىچىۋەتتى. ئۇ ھازىر باشقا بىر دۇنيادا تۇرماقتا، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئادەملەر بىلەن زادىلا كارى بولمىدى. گويا ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دەپ، نېمىلەرنى قىلىۋاتقىنى ھاجى قۇددۇس بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىزدەك؛ ئۇلار كۆز يېشى، قايغۇ بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقان «ھاجىم ئاتا» دېگەن نام گويا ھاجى قۇددۇسقا تونۇش ئەمەستەك قۇددۇس ھاجى ئۆزىچىلا كۈلەتتى، بېشىنى كەينىگە تاشلاپ تورۇسقا قارىۋېلىپ چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەيتتى.

— غەم قىلمىسىلا، بىز بۇ يەردە ھەممىنى تەييارلاپ قويدۇق !

— يەتتە مەسچىت جامائىتى، تۆت چوڭ ئىدارىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ قولىقى ئۇرۇمچىدە !

— ئەمرۇد بەگكە ھەشقاللا !

— ئىبراھىم ئەزىزمۇ ئۇرۇمچىدە دەملا؟ تولا ياخشى، ناھايىتى ياخشى ! بىز بارمىساقمۇ بولامدىكەنيا؟ تۇ شۇجى، قا جۇرېن، ئۇ جۇيجاڭلار خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرۇشقانىدۇق !

— مەن ئاخشا ئېيتىمەن ! — ھاجى قۇددۇس تېلېفوندا ۋارقىرىدى.

ئۈچ رەھبەر ئۇنىڭ قولىدىن تېلېفوننى تارتىۋالدى. قۇددۇس يەنە تېلېفونغا ئېسىلدى. تېلېفون تالىشىش يەنە

باشلاندى. ئۈچ رەھبەر ھەقىقەتنى ياپماقچى، ھاجى قۇددۇس ئاشكارىلىماقچى. ئۇلارنىڭ زىيالىيەت ئۈستىدە ئىككىلىنىشكە ھەقىقەت، خەۋەر كۆتۈپ ئولتۇرۇشقىنى يالغان. ھاجى قۇددۇسنىڭ شادلانغىنى ھەقىقەت، ئۇلارنىڭ قايغۇسى، ھەتتا تېلېفوندا دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان. راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىقنىڭ بۇ قىسقا، مەنىسىز ئېلىشىشى كۆپ سانلىقنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. چۈنكى، ئۇلار ھاجى قۇددۇسنى ئىتتىرىپ كۆتۈرۈپ دېگۈدەك يەنە بىر ئۆيگە كىرگۈزۈپ ئىشىكنى ئېتىۋالدى.

ھاجى قۇددۇس ئۇخلاپ قالغان چېغى، ئۇنىڭ ناخشا ـ كۈلكىسى ئاڭلانمىدى. زىيالىيەت جوزىسىدىكى ئىشتىھا مۇسابىقىسى باشلانغان. پاراڭنىڭ ماۋزۇلىرىمۇ ئۆزگەرگەن:

— پاھ، باچكا گۆشىنىڭ خورۇچى ئەجەب تېتىپتۇيا !

— تونۇر كاۋىپىنىڭمۇ شۇنداق !

— شۇغىنىسى سەل سوۋۇپ قالدى، ئىگەكىم !

ئۇلار ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى، ئىچىشتى، ئوبدانلا مەست بولۇشتى. مانا بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھەممىلا ئىشى تەبىئىي ئۆز تەبىئىتىگە خاس ئىدى.

— شۇنچىلىك دۇنيا بۇ، — دېدى ئوبۇلغازى ئۆزۈلۈپ قالغان ھېلىقى سۆھبەت يىپىنى ئۇلىماقچى بولۇپ، — مىسالى، ئاتىمىزنى ئالايلى، ئۆمرىدە بىر تامچە پېشانە تەرىنى تۆكمىدى، زەررىدەك ئازار يېمىدى، ھېچكىم بۇ زاتنىڭ شېخىنى يىرمىدى، دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولۇپ كەلدى. قىلغان ـ ئەتكىنىنىڭ ھەممىسىلا بەلەن، قىڭغىر كەتكەن يەرلىرى زادىلا يوق دەپ ئېيتالامالا؟ ياق، تولا جىق ئىشلارنى خاتا قىلدى، زىيان سالدى، لېكىن بۇ زىياننىڭ دەردىنى باشقىلار تارتتى. مانا، ھازىر بۇ زات ئېغىر ھالدا يېتىپتۇ. ئىگىسىدىن باشقا كىممۇ بۇ زاتتىن ھېساب ئالالايدۇ؟

— بۇ گەپلىرى قاملاشمىدى، — دېدى قاسىم قۇربان پېشانە تەرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، — پەدەرنىڭ يامان گېپىنى قىلغانلىرى قاملاشمىدى، قانداق دېدىم، تۇ شۇجى؟

— توغرا دېدىلە، ھازىر پەدەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ئويلايدىغان چاغ ئەمەس، ئەيىبسىز ئىنسان يوق. شۇنداقتىمۇ، پەدەرنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرى كۆپ. باشقىنى قويايلى، ئولتۇرغان ئۇچەيلەنىنىڭ بۇگۈنكى ئورۇنغا ئىگە بولۇشىمىزدا پەدەر قانچىلىك رول ئوينىدى؟ بۇنى ھەرقايسىمىز ئوبدان بىلىمىز. مىسالى، ئوبۇلغازى جۇيجاڭنى ئالايلى، سىلىنىڭ ھەربىر قىلغىنى دەسسىگەن ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈپ - كۆمۈپ كېلىۋاتقان باشقا كىشى ئەمەس، پەدەرنىڭ ئۆزىيا !

— ھاجىم ئاتام بولمىغان بولسا سىلى جۇيجاڭلىق بۇياقتا تۇرسۇن، كادىرلىق ئورۇنلىرىنىمۇ ساقلاپ قالالمايتتىلا !

— بەللى، بەللى !

— رەسمىي گەپ، ئىگەكىم !

— سىلىچۇ؟ زادىلام مايماق دەسسىمىگەندەك گەپ قىلىلىغۇ، قا جۇرېن؟

— ئەيىب - خۇسرام باردۇر، لېكىن مەن ھەربىر قەدىمىمنى ئەتراپىمغا قاراپ بېسىپ كېلىۋاتىمەن. ھۆكۈمەتكە سادىق دېسە مانا مېنى دېسە بولىدۇ. قىرىق يىل ئىشلەپتىمەن. ھېسابلاپ كۆرسەم، قىرىق يىلنىڭ ئوتتۇز بەش يىلى يېزا خىزمىتى بىلەن ئۆتۈپتۇ. بىر پۇڭچەن پارا ئالماپتىمەن. بىرىگە ناھەق زىيانكەشلىك قىلماپتىمەن. بىرىگە تۆھمەت - ھاقارەت قىلماپتىمەن. ھالال ئىشلەپ، ھالال يەپ خەلقنىڭ چاكىرى بولۇپ كېلىپتىمەن. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ پارتىيەنىڭ تەربىيەسى، ئىككىنچىدىن، ھاجىم ئاتامنىڭ غەمخورلۇقى. نېملا قىلماي، شۇ كىشىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى ھېسابقا ئېلىشنى ئۇنتۇمىدىم...

ئۇ بىردىنلا بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئايالىنىڭ بۇ ئاق كۆڭۈل تاغىسىنىڭ سەمىمىي كۆز يېشى كەم سۆز، كۆڭلى يۇمشاق تۇردى كېرەمگە دەرھال تەسىر قىلدى:

— راست دېدىلە، قا جۇرېن، ئاتىمىزنىڭ ياخشىلىقى كۆپ بولدى. قانداق قىلىمىز، يىقىلمايدىغان تۇۋرۇك يوق ئىكەن. هامان مۇشۇنداق خوشلىشىدىغان گەپ ئىكەن. پەدەرنىڭ كۆزى يۇمۇلماي تۇرۇپلا غىژ ـ غىژ باشلاندى. قارىسام، ھەركىم ئۆز كويىدا، ھەر كىم ئۆز پايدىسىنىڭ غېمىدە. پەدەردىن كېيىن ياتلىشىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز.

— شۇنداق ئوخشايدۇ! — دېدى ئوبۇلغازى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، — ياتلاشماق تۇگۇل دۈشمەنلىشىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز. شۇنداقمۇ، قا جۇرېن؟

— كۆڭلى قارا ئادەم ئىكەنلا جۇمۇ، ئوبۇلغازى ئۇكام، — دېدى قاسىم قۇربان كۆز يېشىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈپ بولۇپ، — مۇشۇ كۆڭۈلسىز كۈنلەردىمۇ ئادەمنىڭ يېغىرىنى كوچىلاشنى توختاتمايدىكەنلا!

— سىلى ئاۋۋال كوچىلىغانلا، قا جۇرېن! — ئوبۇلغازى يەنە رومكىغا قول ئۇزارتىۋىدى، تۇردى كېرەم رومكىنى ئېلىۋالدى:

— چىقىلى، ئولتۇرغانسېرى سەتلىشىدىغان ئوخشايمىز!

ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىغاندەك ئىچكىرىكى ئۆيدىن چاچلىرى چۇۋۇلغان، قاپاقلىرى ئىششىغان هاجى قۇددۇس سەنتۈرۈلۈپ چىقىپ كەلدى:

— ئىچىمىز، مەن ناخشا ئېيتىمەن، تۇردى كېرەم شۇجى دىسكو ئوينايدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئولتۇرغانلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 3

ئىسمائىل ھاجى بۇ يىل ئوبدانلا مۆكچىيىپ قالدى. ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگەك ۋە تىنىمسىزلىققا ئادەتلەنگەن قول - پۇتلىرى ھېلىھەم كۈنىگە ئون نەچچە سائەتلەپ مىدىرلاپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ماغدۇرسىز، كالانپاي، ئۇنتۇغاق بولۇپ قېلىۋاتقىنىنى ئىقرار قىلماي تۇرالمىدى:

— بالام زىمىن، مەن بۇ يىل قىشتىن چىقالايمەنمۇ - يوق، — دېدى ئۇ ئوغلىنىڭ ئىشخانىسىدا ئۇزاق جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئەلەم بىلەن ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — تولىمۇ ئوسالمەن، بالام. ئەمدىزە، باياتىن دېدىم، ساڭا ئەلچى قويۇشۇمنىڭ سەۋەبى شۇ.

بوۋاي خۇددى ئۇزاق بىر نۇتۇقنى ئاخىرلاشتۇرغاندەك ئېغىر تىنىپ قويۇپ، ئىككى قولىنى تىزىغا قويۇپ سوراققا تارتىلغان گۇناھكاردەك يەرگە قاراپ مۆكچىيىپ ئولتۇردى. زىمىن دادىسىغا سىنچىلاپ قارىدى: ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان قويۇق چار ساقال، قىڭراق بۇرۇن، ئىككى قوۋۇزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، قارا كۆزلىرى قويۇق قاشلار ئاستىدىكى چوڭقۇرلۇقتا ئۆچۈشكە ئاز قالغان شامدەك پىلدىرلاپ تۇرغان ئورۇق بوۋاي ئۆمرىدە گۇناھدىن باشقىنى قىلمىغان ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا گۇناھلىرى ئۈچۈن ۋىجدانىغا جاۋاب بېرىۋاتقان ئەيىبكاردەك سولغۇن، بىچارە ۋە غەملىك ئىدى.

مۇشۇ كۆرۈمسىز بوۋاي زىمىننىڭ دادىسى. ئون يەتتە يېشىدىلا ئۆز زامانىسىنىڭ بىر چوڭ ھۆكۈمرانىنىڭ قىلمىشلىرىغا ۋارىس بولۇپ، ئۆمۈر بويى زۇلۇم تارتىشقا تەييارلانغان بۇ ئادەم ياشلىقى، قىران چاغلىرى ۋە ئەقىل تاپقان چاغلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوغۇت توشۇش، سۇ تۇتۇش، ئېرىق -

ئۆستەڭ چېپىش، كېچىلىرى، قەھرىتان قىش، تومۇز ئىسسىقلىرىدا كۆزەتچىلىك قىلىش، ئات - ئېشەك بېقىش؛ بۇ ھەر كۈنى كۈن چىققاندىن كۈن پاتقۇچە داۋاملىشىدىغان ئەمگىكى ئۇچۇن رەھمەت ئورنىغا ھاقارەت ئاڭلاپ، ھەق ئورنىغا قەرز تۆلەپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. مانا ئەمدى ئۇ «قالپاق»تىن قۇتۇلۇپ ئوغلىنىڭ دۆلىتىنى كۆرىدىغان چاغدا سالامەتلىك ۋە ئىرادىدىن ئايرىلغان. بەختسىزلىك دېگەن سۆزنى بۇ ئادەمنىڭ تۇرقىدىن، تارىخىدىن ۋە چىرايىدىن ھەرقانداق كۆزى ساق ئادەم ئوقۇيالايدۇ. مانا بۇ ھازىرقى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنىڭ دادىسى. شۇجى مۇشۇ ئادەمنىڭ قولىدا پەپىلەنگەن، ئەركىلىتىلگەن؛ مۇشۇ ئادەمنىڭ ئېغىر ئەمگىكى ھېسابىغا كەلگەن قاتتىق زاغرىنى يەپ چوڭ بولغان.

زېمىن شۇجى قىسمەت توغرىسىدا ئويلىغاندا شۇڭا ئەڭ بۇرۇن ئۆزىنى ئەمەس، دادىسىنى ئويلايدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ھەرقانداق تىلىكىنى ئورۇنلاشقا تەييار. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇ خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەندە دۆلەتتىن بېرىلگەن ئون ئۈچ مىڭ يۈەن پۇلنى بىر پۇڭ كېمەيتمەستىن دادىسىنىڭ ئالدىغا قويغان. چۈنكى، دادىسى شۇ چاغدا زېمىننىڭ ئۆگەي ئانىسىدىن تۇغۇلغان بەش بالىنى باقىمەن دەپ شياۋدۈيگە سەككىز مىڭ يۈەن قەرزدار ئىدى. ئۇ ھازىرمۇ ھەر ئايدا قولىغا تېگىدىغان ئۈچ يۈز نەچچە يۈەن پۇلنىڭ ئەللىك يۈەنىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى دادىسىغا بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇكىلىرى ئوقۇيدۇ، ئىستىقبال، كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل كېرەك. زېمىن بىچارە دادىسىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى قويمىسا رازى بولمايدۇ. چۈنكى، دادىسىنىڭ گەۋدىسى يەتكۈدەك مۈكچەيگەن. ئەمدى ئۇنى يەنە ئېگىشنىڭ ئورنى يوق.

ئۇ دادىسىنىڭ بىر گەپنى ئوغلىغا ئېيتالماي قىينىلىۋاتقىنىنى چۈشەندى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— دوختۇرغا تەكشۈرتەيمۇيا، دادا؟
— باردۇق، بالام!
— نېمە دېدى؟
— مانا، ئوقۇپ باقە، ئوغلۇم.

زېمىن بوۋاينىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىن قەغەزنى ئالدى. ئۇ خەنزۇچە يېزىلغان كېسەل دىياگنوزىغا بىرلا قارىدى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى:
— دادا، دادا، سىلى!
— نېمە بولدى، بالامەي؟
— ئۆزۈم بىر ئاپىرايىمىكىن دەيمىنا؟
— ياق، باللار ئاپاردى، ئوبدان تەكشۈردى، بالام، نېمىدەپ يېزىپتۇ؟

زېمىن قەغەزگە يەنە بىر قارىدى ـ دە، زورىغا كۈلۈمسىرىدى:
— جىگەرنىڭ پىشكى دەزى باردەك قىلىدۇ، ئوڭلىنىپ كېتىمدۇ.

لېكىن، قەغەزگە جىگەر قاتقان، يەنى جىگەر راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى دېگەن دىياگنوز يېزىلغانىدى. زېمىن كۆز يېشىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۆستەل تارتمىسىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز يېشى تارتمىدىكى قەغەزلەرگە تامغا بولۇپ بېسىلدى. ئۇ ھاياتىدىكى نۇرغۇن ئېغىرچىلىقلارغا دۇچ كەلدى، لېكىن ياش تۆكمىدى. ۋىجدانلىق ۋە ئىرادىلىك ئەرلەرگە خاس خىسلەت بىلەن ئۇرۇمچىدە تاش چاقتى، غۇلجا خاڭلىرىنىڭ تېگىدە «داباتۇر» بولۇپ سۇ (كۆمۈر يولى) چاپتى، يېزىلاردا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ كۈنىگە مىڭ كېسەك قۇيۇپ ئون كويچەن تېپىش ئۈچۈن تەر تۆكتى. ئۇ چاغلاردا تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ نېرىسىدا قالغان مۇشۇ دادىسىنى يىغىدىن ئىششىغان كۆزلىرى بىلەن يولىغا تەلمۈرۈپ قالغان گۈلتازنى ھەر كېچىسى، ھەر

قېتىم ئارام تاپقاندىلا ئەسلىدى، ئۇنىڭ بۇ ئەسلەشلەر بىلەن يۈرىكى پۇچۇلىنىپ ۋۇجۇدى تىترىدى، لېكىن ئۇ ياش تۆكمىدى. مانا بۈگۈن ئۇ دادىسىنىڭ بىر ئۆمۈر جاپادىن باشقىنى كۆرمىگەن بەدىنىگە ئەجەل قۇشى قونغانلىقىنى بىلدى. ئۇ پات ئارىدا دادىسى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىدۇ. ئەمدى ئۇ دادىسىنىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆرمەيدىغان، تىترەڭگۈ، ئەنسىز ئاۋازىنى ئاڭلىمايدىغان بولىدۇ. بۇ جۇدالىقنىڭ بېشى مانا شۇ كۆز يېشى بولسا كېرەك. زېمىن ئۆمرىدە كۆرمىگەن بىر خىل ۋەھىمىنىڭ ھەيۋىسىنى سەزدى. بۇ ھەيۋە تەڭداشسىز، بۇ ھەيۋە چوقۇم غالىب. زېمىنىنىڭ بۇ ھەيۋىتى يېڭىشكە قۇۋۋىتى يەتمەيدۇ. ھەرقانداق بىر قۇدرەت ئىگىسىنىڭمۇ باش ئەگدۈرگۈچىسى بولىدۇ. كۆرۈنمەي، ئۈن - تىنسىز يېتىپ كېلىدىغان بۇ قارا كۈچ ئالدىدا جاھاننى تىترەتكەن چىڭگىزخانمۇ، ئاتىللا، ئىسكەندەرمۇ ياش تۆككەن؛ ناپالېئون، گېتلىردەك قارام ـ تەلۋىلەرمۇ، ستالىندەك تەمكىن دانالارمۇ ياش تۆككەن، تىز پۈككەن. مانا شۇ قارا كۈچ بۈگۈن زېمىنىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شەپىسىز، دەھشەتلىك قارا قولىنى ئۇنىڭ مىسكىن دادىسىغا سۇندى. ئۇ تولىمۇ ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا ئۇ ھاياتىدا نە غۇربەت، نە خورلۇق زەربىسىگە ئۇچرىماي بۇ دۇنيانىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى بولۇپ ياشىغان ئىبراھىم ھاجىمىنىڭ يېنىغا بارماستىن، يىگىرمە بەش يىل ئات ـ ئېشەكلەر بىلەن دوست بولۇپ ھەپتىدە بىر ۋاق سۇيۇقئاش ئىچىپ، قالغان ۋاقتىنى زاغرا، سوغۇق سۇ بىلەن ئۆتكۈزۈپ، بەش بالىنى ھاياتىنىڭ لەززىتى زاغرا بىلەن سوغۇق سۇ ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرەلىگەن بىچارىگە سۇندى. ئۇنىڭ رىزقى زاغرا بىلەن سوغۇق سۇ؛ ئاكىسىنىڭ پاقلان، ھەسەل، ماي ـ قايماق ۋە بۇغداي ئۇنىمۇ؟ ئىككىسى بىر ئاتىدىن، بىر ئانىدىن تۇغۇلۇپ

بىر ئۆيدە ئەقىل تاپقان قېرىنداشلار تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن بىرى تىلىگىنىگە ئېرىشىپ، بىرى تىلىگىنىنىڭ تەتۈرىسىگە ئىگە بولۇپ قالدى؟ زامانىسىنىڭ راھىتىنى كۆرگىنىگە راھەت يەنە قول سوزسا، راھەت ـ پاراغەتتىن ئەمدىلا بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئون يەتتە ياشلىق بالىغا ئاتا ـ ئانا، ئاكىلىرىنىڭ تارتقۇلۇقى مىراس بولۇپ قالسا، بۇ خىل نەگىسىزلىككە ئۇ مىراسخورنىڭ مىراسخورى بولغان زېمىن غەزەپلەنمەي تۇرالايتتىمۇ؟...

زېمىن ھېسسىيات ۋە بالىلىق مۇھەببەتنىڭ كۈچى بىلەن تۇگۈلگەن مۇشتۇملىرىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۈستەلگە ئۇرماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا دادىسى ئورنىدىن تۇردى.

ـــ بالام، مەن كېتەي جۇمۇ، كالىلار تېخى سۇ ئىچمىدىيا، باللارنىڭ ئىشى كۆپ، ئانىسىنىڭ تاۋى يوق، كالىدىن قورقىدىكەن تېخى، سەن ئۆيگە قاچان بارسەن، بالامەي؟

ـــ مەن ھېلى سىلى بىلەن بىللە ماڭاي، دادا، ئالدىرىمىسىلا ماشىنا بارمىكىن، بولمىسا خادىك بىلەن كېتەيلى.

ـــ تۆت چامدام يەرگىمۇ، يورە، بالام، پىيادە كېتەيلى.

دادىسىغا ئون ئىككى كىلومېتىرلىق يول تۆت چامدام بىلىنىدۇ، ئۆز ۋاقتىدا زېمىنغىمۇ شۇنداق بىلىنەتتى. ئۇ پىيادە تەكلىماكان ئىچىدە تۆت كۈن يول مېڭىپ، ئاندىن بىرىگە بىر ئاي ئۆي ياسىشىپ بېرىپ، يەنە پىيادە مېڭىپ يەنە بىرىگە ئون كۈن قارىشىپ تاش كولىشىپ بېرىپ، يەنە شۇنداق ئىشلەپ، يەنە پىيادە مېڭىپ ئاخىر داۋانچىدا بىر قىش چوشقا باققان ئەمەسمىدى. «قارا نوپۇس» ئۈچۈن پىيادە مېڭىش ئۆخلىغاندەك راھەت ئىدى، لېكىن ئۇ چاغلاردا پىيادە تاغ ئاتلىغانلارغا ھازىر ناھىيە بازىرىغىمۇ پىيادە بېرىش ئېغىر كېلىپ قوڭغۇراقلىق خادىككە كىرا قىلىشىدۇ. دادىسى بىچارە تېخىچە خادىككىمۇ چۈشۈپ باقمىغان چېغى. ئۇ دادىسىنىڭ

ئۇچىسىغا قارىدى؛ تۆت يانچۇقلۇق خادانى چاپىنى (ئۇنىڭ رەڭگى كۆك ئىدى، ھازىر قىزغۇچ)، ياقىسى قېتىشقان، پۇرلىشەڭگۇ كۆك كۆڭلەكنىڭ تۆۋەندىكى ئىككىلا تۇگمىسى ئېتىلگەن، يۇڭلۇق مەيدىسى ئوچۇق، چاپان تېشىدىن باغلىۋالغان يېشىل تاۋار پوتىسىغا ھېلىمۇ بىر زاغرا تۇگۇكلۇك (ئادەتكە ئايلانغان چېغى). ئىشتانباغ ئۆتكۈزۈلگەن قارا ئىشتاننىڭ پۇچقىقى تىزىدىن ئارانلا تۆۋەن چۈشكەن، پۇتىدا بولسا سوڭى ماكچايغان رېزىنكە ئاياغ.

ئاتىسىنىڭ بۇ كىيىنىشى ئەسىرىمىز ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئاتمىشىنچى - يەتمىشىنچى يىللارغا مودا بولغان، سەكسىنىنچى يىللاردىن باشلاپ خۇددى زاماندىن قالغان دېھقانچىلىق قوراللىرىدەك ئايرىم ئادەملەردىلا ساقلىنىپ قالغان ئەڭ ناچار، تۆۋەن دەرىجىلىك كىيىنىش ھېسابلىنىدۇ، زېمىن بىر يېزا پارتكومىنىڭ شۇجىسى تۇرۇپ نېمىشقا ھازىرغىچە دادىسىنىڭ نېمە يەپ، نېمە كىيىۋاتقىنىغا زەن قويمىدى - ھە؟ پۇل بەرسەملا بولدى دەپ ئويلىغان بولسا تولىمۇ چولتا ئويلاپتىكەن ئەمەسمۇ؟ بىر ياشانغان، نادانلىق، قانائەتچانلىقنىڭ قۇلىغا ئايلانغان دېھقاننىڭ بۇرۇنقىدىن ياخشى يېيىش، ياخشى كىيىنىش، كۆڭۈل كۆتۈرۈش، راھەتلىنىش ھوقۇقى بارلىقىنى نېمىشقا دادىسىغا، دادىسى قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسۇللار، مەسىلەن، ئۆزى بۇيرۇتۇپ كىيىم تىككۈزۈپ بېرىش، ئاشخانىلارغا باشلاپ كىرىش، ياخشى تاماق ئېتىشنى ئۆگىنەلمىگەن ئۆگەي ئانىسىغا باشقىلارنى تەكلىپ قىلىپ تاماق ئېتىشنى ئۆگىتىش دېگەنگە ئوخشاش يوللار بىلەن ئۆگەتمىدى - ھە؟

ئۇ ھازىر بىر يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، پۈتۈن يېزىدىكى دېھقانلار، ئەمگەك ئەھلىنىڭ راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە مەسئۇل ئادەم، دادىسىنىڭ ھالىنى مانا ئەمدى

www.uyghurkitap.com

بىلىۋاتىدۇ، ياشقىلارنىڭكىنى قاچان بىلىدۇ؟ دەرھەق، دېھقانلارغا پۇل تېپىپ، باي بولۇشنىڭ يوللىرىنى تېپىشتا مەسلىھەتلەرنى بەردى، قىيىنچىلىقلىرىغا ياردەم قىلدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدىن يۈز نەچچىسىنى قۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش باياشاتلىقى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز باش قاتۇردى. تۈگىمەس يىغىنلار، توختام ـ كېلىشىملەرگە قول قويۇش مۇراسىملىرى، بانكىلاردىن قەرز ئېلىش ئۈچۈن رەھبەرلەرگە يېلىنىشلار، خام ئەشيا، ماشىنا ـ ئۈسكۈنە، تېخنىكا ـ بازار ئۈچۈن يول مېڭىشلار ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ بەلكى توقسان توققۇز پىرسەنتىنى ئىگىلىگەندۇر. شۇ ئالدىراش ئىشلار ئۇنىڭ ئاتىسى توغرىسىدا ئويلىنىشىغا كاشىلا بولغاندۇر. لېكىن، خىزمەت ئالدىراشلىقى بىلەن بالىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم دەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇنىڭ ۋىجدانى ھەرگىز يول قويمايدۇ.

— ماشىنا يوقمىكەن، ئۇنداق بولسا خادىكقا ياخشى ئىككى ئاتنى قوشۇپ، سايىۋەن بېكىتىپ، گىلەم ئۈستىگە يۇمشاق تاۋار كۆرپىدىن ئىككىنى قاتلاپ سېلىپ ئەكېلىڭ ـ ھە!

ئۇ كىمگىدۇر تېلېفوندا ئىش بۇيرۇپ بولۇپ دادىسىغا قارىدى. دادىسىنىڭ خۇنۇك كۆزلىرىدە زوقمەنلىك ۋە غۇرۇر ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى:

— مېھمان ئەكېلەمسەن، بالامەي؟

— ياق، سىلىنى ئۆيگە ئاپىرىمەن، دادا.

— خادىك، كۆرپە بىزگە يارىشامدۇ، بالام؟

— ھاپاش قىلىپ باقساممۇ ئەرزىيتتى، دادا. سىلى قانچىمىزنى ھاپاش ئېتىپ يۈرۈپ ئىشلەپ مۇكچەيدىلە. بۇنى بىلگۈچىلىكىمىز بولمىسا قانداقمۇ سىلىنى دادا دېيىشكە تىلىمىز بارىدۇ؟

— مەن سەندىن مىڭ مەرتەم رازى، بالام. تاپقىنىڭنى ئالدىمغا قويۇۋاتىسەن. قىرىقتىن ئاشتىڭ، يا بانكىدا پۇلۇڭ

يوق، يا ئىسسىق ئۆيۈڭ يوق، سەن بىلەن تەڭلەر نەۋرە كۆردى، بالامەي. سېنىڭ گەدىنىمدە قەرزىڭ بار، بالام. قىيامەت قەرزى بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئاشۇ ھويلا ئەتراپىدىكى تېرەكلەرنى سېتىپ پىشكە پۇل قىلدىم. شۇڭا، ساڭا ئەلچى قويغانمەن، بالام.

— مەن سىلىگە قەرزدار، دادا، سىلى ماڭا قەرزدار ئەمەس، — دېدى زېمىن دادىسىنىڭ گېپى بىلەن ئۆپكىسى ئۆرۈلگەن بولسىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — سىلىنىڭ مەندە تۈگىمەس قەرزلىرى بار، دادا. مەن كاجلىق قىلمىغان بولسام بۇ چاغقىچە بۇ چوڭ قورۇ ـ جاي، ئاۋۇ باغلار، يەنە قىرىق ـ ئەللىك مىڭ كوي پۇل سىلىنىڭ بولاتتى. مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا ئەيىبكار، قەرزدار، دادا. مېنىڭ ئائىلىلىك بولۇشۇم كېچىك ئىش. يۇرسىلە، ئەنە خادىكمۇ كەلدى.

ھويلىغا قىزىل پۆپۈكلەر، بويۇنلىرىغا قوڭغۇراقلار ئېسىلغان بىر جۈپ قارا تورۇق ئات قېتىلغان، قىپقىزىل گىلەم، بىرى قىزىل، بىرى يېشىل دۇخاۋىدىن تاشلانغان كۆرپىلەر سېلىنغان خادىك ھارۋا كىرىپ كەلدى.

بوۋاي كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ كىر پۈتلىرىنى خادىك ئۈزەڭگىسىگە ئاپىرىشىغا زېمىن دادىسىنى خۇددى بوۋاقنى كۆتۈرگەندەك يەردىن كۆتۈرۈۋالدى. ئۇ يۇزلىرىنى دادىسىنىڭ يىرىك، چاڭ يۇقى يۇزلىرىگە چىڭ يېقىپ بىردەم تۇردى ۋە دادىسىنى كۆرپە ئۈستىگە خۇددى مېھرىبان ئانا ئۇخلاپ قالغان بوۋاقنى ئاۋايلاپ بۆشۈكىگە ياتقۇزغاندەك ئاستا ئولتۇرغۇزدى.

ئۇ دادىسىنىڭ يېنىدا پۇتلىرىنى تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى ـ دە، ياش ھارۋىكەشكە ھارۋىنى ھەيدەشكە شەرەت قىلدى.

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ كەچقۇرۇنى ئۆز گۈزەللىكىنى كۆرسەتكەن، سۇ سېپىلگەن كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاشخانىلاردىن كەلگەن مەززىلىك غىزالارنىڭ پۇرىقى، تىلىنغان قوغۇنلار، مېۋىلەر ۋە خىلمۇ خىل نان ـ توقاچلارنىڭ تولىمۇ يېقىملىق پۇراقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كوچىلاردا ئىشتىھا ھاۋاسى پەيدا قىلغان. ئېشەك، ئۆكۈزلەر قېتىلغان ئۇزۇن ئوقلۇق، يوغان چاقلىق دېھقان ھارۋىلىرىغا بېسىلغان كونا سۆڭەكتەك ئاقارغان تەكلىماكان يانتاقلىرى، قويرۇقلىرى يەرگە تېگىدىغان، تولىمۇ چىرايلىق قوچقارلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىلغان تۇمار ـ قوڭغۇراقلار، ئەپكەش بىلەن سۇ كۆتۈرۈپ ماڭغاندىمۇ پۇتلىرى ئۇسسۇلغا كېلىدىغان شوخ قىزلارنىڭ كۆلكىلىرى بىلەن يېڭىدىن بۇرۇت قويغان يىگىتلەرنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلىرىدىكى مۇھەببەت يالقۇنى، ئەتراپىغا ئادەم يىغىپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتقان مەدداھنىڭ سۆزلىرىدىكى سېھرىي كۈچ، موتوسىكلىتقا مىنگىشىپ كېتىۋاتقان ئېچەرمەنلەرنىڭ شادلىقى... قەدىمىي بىلەن ھازىرقى ھاياتنىڭ سىلىشتۇرمىسى، مەنزىرىسى ۋە ئاستا رەڭ ئۆزگەرتىۋاتقان ھاياتنىڭ زامان كۈيى پەيدا قىلغان بۇ ھاۋا بىلەن كۈي ئىسمائىل ھاجىغا تونۇش، قەدىرلىك ۋە تارتىملىق. ئۇنىڭ مەڭگۈ مۇشۇ ھاۋادىن نەپەسلىنىپ، مۇشۇ كۈينى ئاڭلاپ ياشىغۇسى كېلىدۇ. ئۇ ھايات لەززىتىگە تولىمۇ موھتاج، چۈنكى ئۇ بۇ لەززەتتىن تولىمۇ ئاز ھۇزۇرلانغان. ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان تەشنالىقى توققۇزى تەل ئادەمنىڭ بىرىدىن ھۇزۇرلىنىش، نەپسىنى قاندۇرۇش تەشنالىقى ئەمەس، بەلكى چۆلدە چاڭقىغان سەيياھنىڭ سۇغا، ئاچ ـ زېرىن ۋەيرانىنىڭ نانغا بولغان تەشنالىقى. بۇ تەشنالىق ئانا قورسىقىدىن بىللە چۈشكەن، قارا يەر ئۈستىدە كۈچەيگەن تەشنالىق. بۇ تەشنالىقنى قاندۇرۇش ئىستىكى قانچە يىللار ئۇنى قىيىنىدى، قانچە يىللار ئۇنى زار قاقشاتتى. لېكىن، ئۇ ئاھۇزارىنى ھېچ يەردە، ھېچكىمگە تىل بىلەن ئىپادە قىلمىدى. ئۇ يىللارنى ئۇن ـ تىنسىز، چوڭقۇر

ئۇھ تارتىش، ئاچچىق كۆلۈمسىرەش ۋە يوشۇرۇن زارلىنىش بىلەن ئۆتكۈزدى...
مانا ھازىر ئۇنىڭغا مۇنۇ تونۇش كوچىلار قاراپ كۈلمەكتە، ئادەملەر ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ سالام بېرىشمەكتە، ئاشخانا خوجايىنلىرى چىللاشماقتا، يۇرت پۇلدارلىرى يېپىلىشىپ ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشماقتا، خوتۇن ـ قىزلارمۇ ئىللىق قاراشماقتا.
ئىسمائىل ھاجى ئۆزىنىڭ ھۆرمەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى مانا بۈگۈنلا ــ ئوغلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندىلا بىلمەكتە. نېمىشقا ئۇ بۇرۇنراق مۇشۇنداق قىلالمىدى؟ نېمىشقا ئۇ ئاكىسى ئىبراھىم ھاجىمدەك باللىرىنىڭ پايدىسىنى كۆرەلمىدى؟ ئاكىسىنىڭ قىزلىرى ئۆز ئەرلىرىنى ئاتىسىغا شۇنچىلىك ئىتائەتچان، سادىق قىلىپ يېتىلدۈرگەن: بۇ كۈيئو ئوغۇللار ھاجىم ئۈچۈن قوقاس دەسسەشكە تەييار. ئۇلار ھاجىمنىڭ كۆز ـ قۇلىقى، كۈچ ـ ھوقۇقى ۋە ھۆرمەت ـ ئابرۇيى. ئۇلار بولمىغان بولسا ئىبراھىم ھاجىمغا بىر ماڭدام يول بىر كۈنلۈك يىراق بىلىنگەن بولماسمىدى. مانا كىچىككىنە خاپىلىق تارتىۋىدى، ئۇ ھازىر ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەن. لېكىن، ئۇنىڭ سەممىمىي ـ سادىق ئىنىسى بىر يىل بىقىتى ئاغرىسىمۇ ناھىيە دوختۇرخانىسىغا بارالمىدى...
ئىسمائىل ھاجى ئۆزىنى ئاكىسى بىلەن سېلىشتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇيالدى، ئۇ ئۆزىچىلا تەرلەپ شاپاق دوپپىسى بىلەن يۈزىنى سۈرتتى.
دادا ـ بالا ئىززەت ـ ھۆرمەت سالاملىرى، تىنچلىق سورىشىشلار، قىزغىن تەكلىپ ـ تەكەللۇپلارغا كۆمۈلۈپ كەچقۇرۇن شەھەردىن سىرتقا چىقتى. ئىككى ئات پۇرقۇپ، ئويناقلاپ، سىلىق ماڭماقتا. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى

قويۇق تېرەكلەر، جىگدىلەرنىڭ سېرىق توپىغا مىلەنگەن ياپراقلىرى ئاخىرقى قۇياش نۇرلىرىدا ئالتۇندەك يالتىرىغان. سېرىق سۇ بىلەن تولغان ئۆستەڭلەر ئۇخلىماقچى بولغاندەك مۈگدىگەن، قوناقلىقلار قىزىق ئۇزاق چۆچەككە قۇلاق سېلىشقاندەك جىمجىت، كىملەردۇر قوناقلىقتا پىچىرلاشماقتا.

زېمىن بالا ۋاقتىدىكىدەك دادىسىغا ئەركىلەشكە، دادىسى بىلەن ئويىنىششقا باشلىدى: ئۇ دادىسىنىڭ ساقىلىنى ئاستا سىلاپ قويدى، بېشىنى دادىسىنىڭ تىزلىرىغا قويدى ۋە سول قولى بىلەن دادىسىنىڭ كەڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلارنى ساناشقا باشلىدى:

— بىر، ئىككى، ئۈچ... قىرىق تۆت... ۋاي ـ ۋۇي نېمانچە جىق ـ ھە؟

— ئىككى يىل بولدى، ئازىيىپ قالدى، بالام...

— يەنە ئىككى يىلدا ھەممىسى يوقىلىدۇ، دادا. يۈزلىرى ھامۇتجان ئۇكامنىڭ يۈزىدەك قورۇقسىز بولىدۇ.

— ئون تۆت ياش بالىنىڭكىدەكما، ھا ـ ھا ـ ھا... ھى ـ ھى ـ ھى... ئىلاھىم دېگىنىڭدەك بولسۇن!

— دادا، بىر تىلىكىم بار، ماقۇل دەملا؟

— دېمەمدىغان، جېنىم بالام.

— ئۇنداق بولسا بىر غەزەل ئوقۇپ بەرسىلە.

— ھا ـ ھا ـ ھا... غەزەل تۇرامدۇ، بالام، بۇ باشتا.

— بىلگەنلىرىچە توۋلىسىلا، دادا، بىر ئاڭلىۋالاي. تىلەك، ئۇنئالغۇنى ئېچىپ قوي.

ھارۋىكەش يىگىت ئۇنئالغۇنى ئېچىپ قويدى. بوۋاي ئاغزىنى ئۆمەللەپ قويۇپ، ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

ئاق تىكەن ئوتتا كۆيەدۇر،
كۆك تىكەنگە چارە يوق.

دەردى يار دەردتە كۆيەدۇر،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق...

بوۋاي ناخشىنىڭ ئەۋجىگە ئۇن يەتكۈزەلمەي توختاپ قالدى، ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

زىمىن دادىسى بىلەن ئۆيىگە بېرىپ بىر پاقلان سويۇپ دادىسىنىڭ دىمەتلىكلىرىنى چاقىرىپ ھەربىرىنىڭ ئالدىغا نان ئۈستىگە ئۇچا (گۆش) تارتتى. قېرىلار كۈلۈشتى، ئەسلەشتى، ھەتتا داپ ـ راۋاب، قالۇن چېلىشىپ ئۇسسۇلمۇ ئويناشتى... «زىمىن شۇجى كەپتۇ» دېگەن خەۋەر كوچىغا چىقىش بىلەن كەنت كادىرلىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۆز يۇرتىنىڭ پەخرى ھېسابلىنىدىغان بۇ چىقىشقاق، خۇشخۇي، ئىشچان يىگىتنى خۇش قىلىش ئۈچۈن بىردەمدىلا بىرنەچچە ئۆيدە چاي ھازىرلاشتى. زىمىن ئۆيلەرگە دادىسىنى بىللە ئاپىرىپ، ئۇنى ئەڭ ھۆرمەتلىك ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

زىمىن يېرىم كېچىدە ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنى بۇ يەردە بېسىق ئىشلار كۈتۈپ تۇراتتى.

ئۇ ئاتىسىنى بىر كۈن بولسىمۇ ئۇزاقراق ياشىتىشنىڭ ھەر خىل يوللىرىنى ئويلاپ، يولدا ئۇن ـ تىنسىز خىيال بىلەن كەلدى. جىگەرنى ئېلىۋېتىپ يېڭى جىگەر سېلىشقا بولسا، ئۇنداق ئىشقا نەچچە پۇل كېتەركىن. ئۇنىڭ قولىدا بىر كويچەنمۇ پۇلى يوق. دادىسىنىڭ ئۇنى ئۆيلەش ئۈچۈن يىغقان مىڭ نەچچە يۈز يۈەن پۇلى ئۇلارنىڭ يول خىراجىتىگىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇ باشقىلاردىن قەرز ئالسا ئۇن يىللاپ قەرز تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا مەسلىھەت سالسا ئۇلار كۈلۈشىدۇكى، مېھىر ـ شەپقەت قىلىشمايدۇ. سەۋەبى ھېلىقى ئاقىدىغان دەۋانى ئاقماس قىلغانمۇ، قولىغا كىرىدىغان بايلىقنى قايتۇرۇۋەتكەنمۇ مۇشۇ زىمىننىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زېمىنمۇ پۈلنىڭ قەدرىنى بىلسۇن، پۇل ئۇچۇن باشقىلارغا يېلىنىش، پۇل ئۇچۇن چىرايلىق گەپ قىلىپ تىزلىنىشنىڭ ھاياتتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسۇن، دېيىشىدۇ. لېكىن، زېمىن تىزلانمايدۇ، يېلىنمايدۇ. ئەمما، پۇل تاپمايمۇ تۇرالمايدۇ. پۇلنى قانداق تاپقۇلۇق؟ ئۇنىڭغا پۇل تەڭلەۋاتقان نۇرغۇن قوللار، ئۇنىڭ ھاجەتمەن بولۇپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان نۇرغۇن ئادەملەرمۇ بارغۇ. ئۇلارغا يېلىنىش، تىزلىنىش كەتمەيدۇ، چىراي ئاچسىلا بولىدى. ئىدارىنىڭ بىرلا تامغىسى، بىرلا قېتىم تېلېفون بېرىشى بىلەنلا ئىش پۈتىدۇ، لېكىن... ئۇ ئىشخانىسىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى، كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ ئىشخانىسىدىكى يالغۇز كىشىلىك كارىۋىتىغا چىراغنى ياندۇرمايلا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە، چۆچۈپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنى بىر نازۇك، يۇمشاق، سىلىق بەدەن بىلەن ئۇچراشقانىدى:

— سىز كىم؟ — ئۇ توك تۇتۇۋالغاندەك، كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى ۋە دەرھال چىراغنى ياقتى.

— قورقماڭ، بۇ مە — گۈلناز!

— سەن، سەن، سىز، سىز...

— سەن دەۋېرىڭ، ئەمدى مەن سىزنىڭ، زېمىن! — ئايال چىراغنى ئۆچۈردى ـ دە، زېمىننىڭ بويىنىغا گىرە سالدى، — مەن سېنىڭ، سەن مېنىڭ، بۇ يەر ھېلىقى يانتاقلىق، يېنىمىزدا دەريا، ئاستىمىزدا قۇم. بىز ھەممىنى قايتىدىن باشلايمىز...

— سەن، سەن ئاجراشتىڭما، گۈلناز؟ — زېمىن ئايالنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئۇلارنىڭ جىسمى، روھى ۋە بارلىق نازۇك سېزىم ـ ھېسسىياتلىرى بىرىكىپ، ئۇلار گويا دۇنياغا شۇنداق بىر تەن، بىر جان بولۇپ تۇغۇلغاندەك، جۇدالىق، سېغىنىش،

ئۆرتىنىشكە، ئوخشاش مۇھەببەت سەۋدالىرىغا بېرىلىدىغان ھايات ئىنئاملىرى پەقەت ئۇلارغىلا بېرىلمىگەندەك بۇ ھىجران چۆلىنىڭ بەختلىك كارۋانلىرى غەمسىز، خىيالسىز، ھەتتا تىنىقسىز بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ قېلىشتى...

زىمىن ۋاقىچە ئويغاندى. تۈنۈگۈنكى ئازاب بىلەن بەخت ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزگەن چېغى، ئۇ ئېزىلگەن، بوشىغان ھالدا كۆزىنى ئاچتى. ئۆيگە ياز ئاپتىپىنىڭ ئەتىگەنلىك ئەلچىلىرى ئاللىقاچان كىرىشكەن، سالقىن باغ شامىلى دېرىزە پەردىسىنى ئوينىتاتتى، ئۇلۇغ ئېچىلغان دېرىزە تۈۋىدىكى ئامۇت شاخلىرىدا قۇشلار چۇرۇقلىشاتتى. ئۇلار كۈلۈشۈۋاتامدۇ ياكى ناخشا ئېيتىۋاتامدۇ؟ «نىكاھسىز ئايال بىلەن بىللە بولغان نومۇسسىز» دەپ تىللاۋاتقان بولسىچۇ؟ تىللىسىمۇ ئۇ بىر ناخشا. زىمىن ئۇچۇن بۇگۇن رېئاللىقنىڭ ھەرقانداق جازاسىمۇ مۇكاپات. ئۇ بۇگۇن روھ نەشىنالىقىنىڭ قاندۇرغۇچىسى، ئىنسان ئۆزى تەشنا بولغىنىغا ئېرىشەلىسىلا بەختلىك ئەمەسمۇ، ئۇ مانا بۇگۇن شۇ بەختىنىڭ قوينىدا، بەخت ئۇنىڭ يېنىدا، قېنىدا، روھىدا، بەخت ئىگىسى ئۇچۇن بۇ ھاياتنىڭ گۈزەللىكى مول بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئاۋۇ جۇپلەشكەن چىۋىنلارنىڭ يېقىمسىز گىژ ـ گىژلىرىمۇ مۇزىكا، شىرنە ئىزدىگۈچى ھەرىنىڭ ئاچ بۆرىدەك قاتراپ يۈرۈشىمۇ گۈزەللىك، يېزا ئېشەكلىرىنىڭ بەسلىشىپ ھاڭراشلىرىمۇ تەنتەنە...

ئىشىك چېكىلدى. زىمىن كارىۋىتىدىن يالىڭاچ پېتى چۈشتى ـ دە، ھارۋىكەش بولسا كېرەك دەپ مايكا، كۇسار بىلەنلا ئىشىك ئاچتى.

— ئەسسالام، زىمىن شۇجى!

ئىشىك تۈۋىدە گۈلئايشەم تۇراتتى. زىمىن بىر نەۋرە قېرىندىشى، بىر كېچىلىك نىگارىنىڭ ئاچىسىنى كۆرۈپ قىزاردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— تەخىر قىلىسىلا پىشكە! — دېدى ئۇ قورۇنۇپ، گۈلئايشەمنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى زېمىننىڭ ئەڭ تارتىنچاق ئەزالىرىغىمۇ نەزەر سېلىشقا ئۈلگۈرەلىدى. «كۆزلىرىڭدىكى بەخت بىكار ئەمەس ئىكەن، سىڭلىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ بايىلا مۇشۇ ئۆيدىن چىققانلىقى بىلىنىپ تۇرغان سىڭلىسىنىڭ ئويناپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، — قىرىق ئىككى ياشلىق بوز يىگىت، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچە ساغلام، تەمبەل، ھېسسىياتلىق، بىللە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدىلا ساڭا كۆزۈم چۈشۈۋىدى، لېكىن مەندىن سىڭلىم چاققان چىققاندى...»

— گەپىنىڭ مېغىزىنى سۆزلەۋېرەي، زېمىن شۇجى، — دېدى گۈلئايشەم قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن كۈلۈپ، قاش - كۆزىنى ئويىنىتىپ، — ئەتىگەندە تېلېفونىمۇ بەرمەستىن ئالدىڭغا ياردەم سوراپ كېلىپ قالدىم. سەن دېسەم خاپا بولماسسەن، زېمىن شۇجى؟

— سەن دېگەن ئادەم «شۇجى» دېمەسلىك كېرەك ئەمەسمۇ، گۈلئايشەم خېنىم، قانداق دەيلا؟

— مېنى نېمىشقا «سەن» دېمەيسەن ئەمىسە؟

— ئاچىلىق ھۆرمەتلىرى بار، خېنىم.

— گۈلناز مەشەدە قوندىمۇ؟

گۈلئايشەم يەرگە قاراپ قىزىرىپ سورىدى.

— بىز يېقىندا توي قىلماقچىدۇق، لېكىن...

— ھە، نېمە بولدى، ئابلا كەتمىدى دېمەكچىمۇ ياكى ئاتامنىڭ، ئاكىلىرىمنىڭ نارازىلىقىدىن قورقامسىلەر ياكى پۇلدىن قىسىلامسەن؟

قاتار سوئاللاردىن كېيىنكى سوئال بەلگىسىنىڭ جاۋابى ئاددىيلا بولدى:

— ياق.

— ئەمىسە نېمىشقا؟
— دادام...
— تاغامغا نېمە بوپتۇ؟
گۈلئايشەم بىرىنچى قېتىم «تاغا» ئاتالمىسىنى قوللاندى.
— داۋالىتىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.
— پۇلدىن قىسىنغان ئوخشىمامسەن. پۇل دېگەننىڭ كارى چاغلىق، زېمىن. سەن قانچە دېسەڭ شۇنچىلىك بېرەي، قەرزمۇ ئەمەس، قەرز قايتۇرۇش ھېسابىغا.
— قانداق قايتۇرۇش بۇ؟
— ئاتامنىڭ ئىسمائىل تاغامغا قايتۇرىدىغان قەرزى بار، زېمىن. توپتوغرا يىگىرمە بەش يىل پومپىشچىك قالپىقى بىلەن كۆن ئۆتكۈزمەك ئاسانمۇ؟ ئۇ يىگىرمە بەش يىل جازالاندى دېگەن سۆز. بۇنىڭ ھېسابىغا مېنىڭ دادام پىنىدەك جاپا تارتماي ھۆرمەت ـ ئابرۇي بىلەن ياشىدى. ئىبراھىم ئەزىز ئىككىمىز دائىم دېيىشىمىز، يەر ئىسلاھاتىدا دادام چاقچاقلىق قىلىپ ئىلغارلىق قىلمىغان بولسا قالپاق دادامغا كىيىلەتتىكەن. ئىسمائىل تاغامنىڭ يېشى تولمىغان تۇرۇقلۇق يالغان ئىسپاتلارغا تايىنىپ ئۇنىڭغا قالپاق كىيدۈرۈلگەنىكەن.
— يالغان ئىسپات دېدىڭمۇ؟
— ھەئە، دادامنىڭ ياساپ چىققان بىر خاتىرىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭغا نەسەب، بايلىق، تەرجىمىھاللار يېزىلغان چېغى، شۇ دەپتەرنى 1952 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دادام خىزمەت دۈيىگە تاپشۇرغانىكەن، شۇ دەپتەردە ئىسمائىل تاغام 1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان دەپ يېزىلغانىكەن. قاسىم قۇربان تاغام بۇنى تازا بىلىدىكەن. ماڭا بۇ گەپلەرنى ئانام دەپ بەرگەن.
زېمىن ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى:
— خوش، قانداق خىزمەتلىرى بار ئىكەن؟ — دېدى ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ.

— مۇنداق بىر ئىش، ئۇكام، — دېدى گۇلئايشەم ئەمدى تېخىمۇ يېقىنلىقنىڭ بەلگىسى قىلىپ، «ئۇكام» ئاتالمىسىنى بالدۇرلا قوللىنىپ، — بىزنىڭ سودا ئىدارىمىزنىڭ ئىسكىلاتىدا بېسىلىپ ياتقان بىر مىليون ئۈچ يۈزمىڭ يۈەنلىك سارجا، ئاياغ كىيىم، تىككىلىك ھەر خىل كىيىم - كېچەكلەر بار. بۇ ماللارنى ئون بەش پىرسەنت باھاسىنى چۈشۈرۈپمۇ بىر ياقلىق قىلالمىدۇق. سېنىڭ ياردىمىڭ بولمىسا بىزنىڭ ئىدارە تۈگىشىدىغان ئوخشايدۇ. مەن ھەممە ئامال - چارىلەرنى قىلىپ كۆردۈم، زادىلا يول تاپالمىدىم. بىرلا ئامال بار ئىكەن. بۇ ئامال سەن بولمىساڭ ئىشقا ئاشمايدىغان ئامال ئىكەن. ياردەم قىل، جېنىم ئۇكام.

— چۈشەندىم. يېزا - كەنت ماگىزىنلىرىغا تارقىتىپ بېرىش ئۇسۇلىمۇ؟

— ھەئە. يىگىرمە سەككىز ماگىزىن بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ يىراق كەنتلەردە تارماقلىرى بار ئىكەن، ئۇلارنى قوشساق...

— يەنە تېخى مېنىڭ ئىشەنچلىك يەككە تىجارەتچىلىرىمدىن يۈز نەچچىسى بار. ئۇلارغا مەن تەڭلىسەم ھەرگىز ياق دېمەيدۇ.

— ئەجەب بەلەن بولدى، جېنىم زېمىن، سۆيۈپ قويغۇم دېسەم...

گۇلئايشەمنىڭ كۆزلىرىدىن تارامالاپ ياشلار ئاقتى. ئۇ ئەمدى ئۆز ئىدارىسىدە يەنە ھۆرمەت تاپالايدۇ، ئۇ بۇ خىزمىتى بىلەن ناھىيە رەھبەرلىرى ئالدىدا يۈز تاپالايدۇ، ئېرى ئىبراھىم ئەزىزنىڭ مەنسىتمەسلىكىگە دەككە بېرىپ ۋىلايەتكە ئۆسەلەيدۇ.

— لەۋزىڭ ئۈچۈن مانا بىزنىڭ كۆڭلىمىز، — گۇلئايشەم سومكىسىدىن بىر كاللەك پۇلنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

— ئىشىم ئاقسۇن دېسىلە بۇ پۇللىرىنى سېلىپ قويسىلا !

— بىلىمەن، سەن پارا ئالمايسەن، لېكىن، بۇ پارا ئەمەس، سودا ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ قارارى. ھالال پۇل، ھالال ھەققىڭ. سەن بىلىسەن، بۇ ئىش ھازىر مودا بولۇپ قالدى.

— تاپان ھەققى بېرىلىش كېرەك. لېكىن، ئۇ ئىگىسىگە تەگسۇن. مېلىڭلار كىملەرنىڭ قولىدا سېتىلسا تاپان ھەققى شۇلارنىڭ بولسۇن.

— سەن بىرىنچىسى، ئۇكام.

— ياق، مەن ئۇ قاتاردا يوق.

— ياردەم قىلمامسەن ئەمىسە؟

— قىلىمەن، بۇ مېنىڭ ئۆز بۇرچۇم.

گۇلئايشەم زېمىننىڭ كەسكىن سۆزلىرىدىن كېيىن يەنە زورلاشنىڭ يامان ئاقىۋەت بېرىشىنى چۈشەندى. ئۇ زېمىننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى:

— نەمرۇد ئاكام بۇ ماللارنى سېتىپ بېرىمەن دەپ يىگىرمە مىڭ يۈەن تاپان ھەققى ئالغىلى ئىككى يىل بولدى، مانا، ئەنە بىلەن قۇيرۇق تۇتقۇزماي يۈرۈۋاتىدۇ.

— يىگىرمە مىڭ دېدىلىما؟ — دېدى زېمىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ئوغۇت ئېلىپ بېرىمەن، ماشىنا ئېلىپ بېرىمەن، بېلىقچىلارغا ياخشى خېرىدار تېپىپ بېرىمەن، ياغاچقا توختام تۈزۈپ بېرىمەن دەپ ئالغان پۇللىرى بىر يۈز ئون ئىككى مىڭ يۈەن، ماڭا كەلگەن ئەرز شۇنچىلىك. يەنە باشقا يەرلەردە قانچىلىك بار، بۇنى بىلمەيمەن. ئاڭلىسام، ئۇنى ئۆستۈرۈپتۇمىش. ئىبراھىم ئاكىغا ئېيتىپ قويسىلا، مەن بۇ ئەرزلەرنى يىغىپ ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا يوللايمەن. سىلىنىڭ يىگىرمە مىڭ يۈەن پۇللىرىنىمۇ قوشۇپ قويىمەن. ئۇ قاتتىق - سوقتى قىلىپ، ئالدامچىلىق بىلەن تاپقان پۇللىرىنى ئەيش - ئىشرەت، بۇزۇقچىلىققا سەرپ قىلماقتا.

ئۇنى ئەمدى ئاياشنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، زىمىن شۇجى! — گۈلئايشەم بىردىنلا يەنە «سىلى» بىلەن «شۇجى»نى تىلغا ئېلىپ، — دادامنى ئايىسىلا، دادامنىڭ ھالى ئېغىر ئىمىش. ئاخشاملا ئىبراھىم ئەزىزدىن تېلېفون كەلدى. بۇ يەردە تۆردى كېرەم، قاسىم قۇربان، ئوبۇلغازى ئاكىلارمۇ تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. ئاتا بولماق ئەجەبمۇ تەسكىنا، بىچارە دادام ھەممىگە قانات ياپىمەن دەيدۇ، قانىتىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. سىلىگە ياخشىلىق قىلمىغانلىقى دادامنىڭ مەيلى ئەمەس، شۇ چاغدا ۋەزىيەت شۇنداق ئىدى.

— مەنمۇ شۇنداق چۈشىنىمەن.

— ھېلىقى تاغامنىڭ نامىدىن قىلغان دەۋامۇ دادامنىڭ تاغامغا غەمخورلۇق قىلغىنى ئىدى.

— بۇنىمۇ شۇنداق چۈشىنىمەن. چوڭ دادامغا مېنىڭ ئۆچمەنلىكىم يوق. ئەمما، ئۇ كىشىنىڭ ماڭا ئۆچمەنلىكى بار. گېپىنى يىرغان ئادەم بىرلا مەن بولسام كېرەك. ئەمما، مېنىڭ يىرماسقا ئىلاجىم يوق. مېنىڭ ساختىلىق بىلەن زادىلا ئىشىم كېلىشمەيدۇ. ساختىلىقنى بەلكى دادامدا يولۇقتۇرسامىمۇ دادامنى رەنجىتىدىغان ئوخشايمەن.

گۈلئايشەم ياخشى ۋەدىلەرگە ئىگە بولۇپ قايتىپ كەتتى. زىمىن تاشقىرىدا كۈتۈپ تۇرغانلارنى بىرمۇ بىر قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

دۆلەت ئىسكىلاتلىرىدىكى قوناقنى مۇشۇ يەردە قۇرۇلغان ئۇن زاۋۇتلىرىدا ئۇن قىلىش، مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا بېيىغان يەككە تىجارەتچىلەردىن پۇل يىغىش، ئۇستەڭ ئېلىشقا تەييارلىق، كېۋەزلەرنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزۈشنىڭ قىيىن بولۇۋاتقانلىقى، مال بورداش، گىلەم كارخانىلىرىنىڭ تاقىلىپ قېلىشى، خىيانەت - پارا ئېلىش ئەنزىسىنىڭ پاش بولۇشى،

يالغان دورىلارنىڭ دېھقانلارنى زەھەرلىگەنلىكى، پىلانلىق تۇغۇتنا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، ھەتتاكى فېئوداللىق نىكاھ سەۋەبىدىن سۇ ئامبىرىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالغان قىز، ئاخۇنۇمغا يوشۇرۇن دۇئا قىلدۇرۇۋالغان نارەسىدە قىزچاق ... ئۆتنى تۇغقان قوي، نېفىت قىدىرغۇچىلارغا ياردەم ... كۈندە بولىدىغان ئىشلار، گەپلەر، خۇشاللىق، خاپىلىق، ۋارقىراش، نەسىھەت، ماختاش، مەسلىھەت - يولىيورۇق ...

ئۇ مانا مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن دادىسىنىمۇ، گۈلنازنىمۇ، گۈلئايشەم ۋە نەمرۇدلارنىمۇ تامامەن ئۇنتۇدى. بۇ ئۇنتۇلغان ئىشلار قاتارىدا ناشتا قىلىۋېلىشىمۇ بار ئىدى، لېكىن ھارۋىكەش بۇنى ئۇنتۇماپتۇ. ئۇ ئۇستەلگە ياخشى دەملەنگەن چاي بىلەن ھورى چىقىپ تۇرغان نان ۋە ئاقلانغان تۇخۇملارنى قويدى.

— كىم ناشتا قىلمىغان بولسا قېتى باقىلى! — دېدى زېمىن ئۆيگە لىق تولغان ئادەملەرگە ئۇستىلىنى شەرەت قىلىپ، — يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، بىزنىڭ بۇ يەردە تەكەللۇپ بىلەن تارتىنىشقا ئورۇن يوق، ئاله، تۇراق دوكا، چىرايىڭدىن توپا ئۆرلەپ كېتىپتۇ. ناشتا قىلمىغىلى ئۈچ كۈن بولغان ئوخشىمامدۇ.

تۇراق دوكا بىر تۇخۇمنى بىراقلا ئاغزىغا سالدى - دە، زېمىننىڭ چېپىدىن ئوتلىدى:

— خىش بولامدىغان، دۇفۇدەك مىلىقلاپ تۇرىدۇيا، قۇرۇلۇشقا تۇگۈل كەپتەرخانا ياساشقىمۇ يارىمايدۇ.

— نېمىشقا؟ پىشماپتىما؟

— زاغرىمىدى خىش دېگەن بىردەمدىلا پىشىدىغان؟

تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفوننى تۇراق دوكا ئالدى.

— نېمە، نېمە دەيلا، خېنىم؟ سىلى نەدىن بىلىلا؟ ھە - ھە... زېمىن شۇجىغا مەن ئېيتاي جۇما!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نېمە گەپ، تۇراق؟

— سەنمىزە، زېمىن ! — تۇراق دوكا كونا مەسىدەك تۇرۇلدى. چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، — نەرىڭ ... ئاپلا، يۈرە باغقا چىقىلى !

كىچىكىدىن بىللە ئۆسكەن، بىر مەھەل سالما تېشىدەك بۇ يۇرتتىن بىللە قاڭقىپ چىقىپ كېتىپ هايات دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرىدا بىللە لەيلىگەن بۇ يېقىن دوستىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان شۇجى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى. ئۇلار قېرى ئۆرۈكنىڭ تېگىگە كەلگەندىن كېيىن:

— ئېمىشقا داداڭنىڭ كېسىلىنى ماڭا دېمىدىڭ؟ — دېدى.

— سەن نەدىن بىلدىڭ؟

— هېلى گۇلئايشەم خېنىم تېلېفوندا دېدى. سەندىن ئاڭلاپ دوختۇرخانىغا بېرىپ ھەممىنى بىلىپ بوپتۇ. دەرھال ئۆرۈمچىگە ئېلىپ بارىلى، پۇل بولمىسا مەن بېرىمەن دەيدىيا !

— نېمىشقا خەقنىڭ پۇلىغا دادامنى داۋالىتىدىكەنمەن؟

— مەن تاپايمۇ ئەمىسە، بىر تومەن يېتەمدۇ؟

— يېتىتى، — زېمىن ئېغىر خورسىندى. ئۇ ئەمدى تۇراقتىن قۇتۇلالمايتتى.

— توختا ! — دېدى تۇراق بىرنەرسىنى ئېسىگە ئېلىپ، — مەن بىر ئامال قىلاي، ئۈچ كۈن كۈت، مەن پۇل تېپىپ كېلىمەن !

ئۇ تالاغا يۈگۈردى. زېمىن ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى:

— قىمار ئوينىما، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قىلما جۇمۇ، ئوغرى !

ئۈچ كۈندىن كېيىن كەچتە زېمىن دادىسى بىلەن يېزىدىكى كىچىككىنە قورۇسىنىڭ هويلىسىدا — سۇپا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قوغۇن يەۋاتقاندا، موتوسىكلىت بىلەن هويلىغا تۇراق دوكا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىككى كاللەك پۇلنى زېمىننىڭ ئالدىغا

تاشلىدى.

— ئاله، ئىككى تومەن !

— نەدىن ئالدىڭ؟

— سوراپ نىمە قىلاتتىڭ؟

— هارام بولسا ئالمايمەن.

— يېرىم هالال، يېرىم هارام بولسىچۇ؟

— هالال يېرىنى ئېلىپ، هارام يېرىنى تاشلايمەن.

— رىتارى ئويىنىدۇق، بەش ئوغۇل بالا بەش ناهىيە بازىرىغا باردۇق. مۇكاپاتلىق زايوم چېكىدىن هەربىرىمىز تەلەي سىناپ ئىككى كويدىن ئالدۇق. يىگىرمە كويلۇقنى ئالدۇق، مۇكاپات چىقمىسا، ئون بەش كويغا ساتتۇق. بەش كوي قېتىپ يەنە ئالدۇق، يەنە چىقمىسا، يەنە ئالدۇق. بەش كويچەندىن زىيان تارتىپ ئىككى كون ئالدۇق. ئاخىرى ماڭا يىگىرمە مىڭ كويلۇق مۇكاپاتتىن بىرى چىقتى. هالالمىكەن، هاراممۇ؟

— هالال ئىكەن. ئەمما، قانچە زىيان بولدى؟

— تۆت مىڭ ئىككى يۈز كويچەن خەجلەپتىمكەنمىز، قاسىمەككە ئون مىڭ كويلۇق مۇكاپات چېكىدىن بىرى چىقىۋىدى، زىيان بىلەن قەرزلەرنى شۇنىڭ بىلەن تۆلەپ ئاشقىنىغا كېچىچە ئىچىپ، مانا يىگىرمە مىڭ كويچەننى ئەكىلىشىم، قانداق؟

— يەلەن، ياڭالا سۈن ۋۇكۇڭدەك يامان نېمىكەنسەن جۇما، ئوغرى، ئەتىلا دادامنى ئېلىپ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ماڭايلى.

— بۈگۈن كەچ بولسىمۇ ناهىيەدىن يولغا چىقىلى ئەمىسە. مەن قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ ئىشلىرىنى تۆردى قوتاغا ئۆتكۈزۈپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم.

ئۇلار داغدۇغىسىز، يىغا ـ زار، دۇئا ـ تەكبىرسىزلا ئاتىسىنى ماشىنىغا سېلىپ كېچىلەپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ

ماشىنىسىغا ئابلا يانتاقمۇ چىقىۋالدى. ئۇ ناھىيەدىن پۈتۈنلەيلا كېتىشكە هازىرلانغانىدى. ئۇ «دۈگىفىڭ»نىڭ كوزۇپىغا جايلاشتى. ئۇنى ئۇزىتىپ قويغىلى گۈلناز كەلگەنىدى.

گۈلناز تاتارغان، ئۇن ــ تىنسىز هالدا ماشىنىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋېلىپ ئىسمائىل هاجىمغىلا سۆزلىدى:

ــ خوش، سالامەت ساقىيىپ قايتىپ كەلسىلە، تاغا، ــ دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، ــ دادام بىلەن كۆرۈشەلا، دادام مېنى قارغىمىسۇن، قارغىسىمۇ ئورنىغا كەلمەيدىغان ئىش!

ئۇنىڭغا زېمىن بىلەن ئابلا تەڭلا قاراشتى. لېكىن، گۈلناز ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە قارىمىدى. ئۇ بوۋايدىن كۆز ئۇزمەيتتى. بوۋاي بۇ ئاكىسىنىڭ ئارزۇلۇق قىزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى، ئۆز كېيىدە نېمىلەرنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. بىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ ماڭغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىچە پەرەز قىلىپ چۆچۈمەكتە ئىدى: «يامان ئاغرىقتا يولۇققان ئوخشايمەن. جان مۇشۇ ئاغرىۋاتقان بىقىنىمدا ئوخشايدۇ. دوختۇر دېگەن ھەممىنى قىلالايدۇ. جان چىقىدىغان تۆشۈكىنىمۇ ئېتەلەيدۇ، ئىلاھىم ئېتەلىگىدى، ئوغلۇمنىڭ توينى بولسىمۇ كۆرۈۋالسام بولاتتى. كېلىن بالامنىڭ سالىمىغا جاۋاب بېرىپ ئامانىتىمنى تاپشۇرسام ئارمان قالمايتتى...»

مانا بۇ ھايات كېمىسىنىڭ قىرغىقىغا ئېسىلىپ قالغان جان ئىگىسىنىڭ شېرىن ئارزۇسى.

ماشىنا «دۈت» قىلدى. شۇ چاغدىلا گۈلناز ماشىنا ئۈستىدە ئېگىز تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدىكى ئاخىرقى قۇياش نۇرىغا قاراپ ھېسسىيات دولقۇنلىرىنى مىسرالارغا قاچىلاۋاتقان ئابلا يانتاققا قارىدى:

ــ خوش، ئابلا...

ــ خوش! ــ دېدى ئابلا ئايالغا قارىمايلا.

ئۆزىتىپ قالدى ۋىچىرلاپ قۇشلىرىم،
كۆز يېشىم ياپراققا قوندى نۇر بولۇپ.
باغ ئارا قالدى ۋىسالىنىڭ ئەلچىسى،
تال چىۋىق دەردىنى ئېيتتى تولغىنىپ.

ئۆزىتىپ چىقتى يولۇمغا چاڭ ـ توزان،
ئانا يەر سۆيدى چېچىمغا مۆڭلىنىپ.
ئەلۋىدا دەيدۇ ئەلەمدە كۆل بويى،
چايقىلار سۇ كۆز يېشىمدەك ئۆلغىيىپ.

ماشىنا يۈرۈپ كەتتى. گۈلناز مەجنۇنتالنى چىڭ قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئابلا ئۇنى جېنىدەك ياخشى كۆرگەن، ئۇ ھىلىھەم، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق. لېكىن، گۈلناز ئۇنىڭ ھېسسىيات ۋە يىگىتلەرگە يات بولغان كۆز يېشى ئارىلاشقان سۆزلىرىنى بۇ ئۆمۈرلۈك ئېرىنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ يېتىپمۇ زېرىكىشلىك بىلەن ئاڭلىغان. ئۇ پەقەت چوڭ ئوغلى دىيار بىلەن بىللە بولغاندىلا ئۆزىنى خۇشال ۋە بەختلىك ھېس قىلىپ كەلگەن.

يەنە ئابلا مەرد، سەممىمي ۋە يۇمشاقلىقىنى بۇ ئايالغا ئايىماي سەرپ قىلغان. بۇنىڭ بەدىلىگە ئايال ئۇنى بىر ئومۇق ھايۋاننى ئەركىلەتكەندەك قورۇق ئامراقلىق بىلەن قۇچاقلاپ جاۋاب قايتۇرۇش بىلەنلا چەكلەنگەن. ئابلا ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندە تېخىمۇ مەردلىك قىلغان: ئۇ بىرىنى سېغىنىپ كېلىۋاتقان بىر گۈزەل ئايالنىڭ دوستى ۋە شەرتلىك ھەمراھى ئىكەنلىكىنى ھەممىلا يەردە سۆزلەپ يۈرگەن، گەرچە بۇ خىل مەردلىك مىللىي پىسخىكا ئادىتىدە «پەسكەشلىك» ھېسابلانسىمۇ، ئۇ بۇ خىل كەمسىتىشنىڭ

هۆجۆملىرىدىن ئۆزىنى قوغداپ ئولتۇرمىغان. ھاياتلىق ئۇنىڭچە ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكى بىلەن گۈزەل، «ئادەمنىڭ قىممىتى ھەقىقەت ئىزدەشتە»، «گۈزەللىك تەبىئىيلىككە يېقىنلىشىش ياكى تەبىئىيلىككە ئېرىشىش دېمەكتۇر» دېگەن سۆزلەر كىمنىڭ ئىكەنلىكى ئۇنىڭ يادىدا قالمىغان، لېكىن ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەيدۇ. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىگە تەبىئىيلىك، چىنلىقنى ئۆلچەم قىلىشقا ئادەتلەنمەكتە. شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئادەم ئادەملەرنى رەنجىتىپ قويىدۇ، ئۇنى چۈشەنمىدىغانلار شۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ ئاز، ھەتتا ئۇنى ئون نەچچە يىل بىر ئۆيدە ياشىغان گۈلنازمۇ چۈشەنمىدى. شۇڭا، ئۇ بوۋاق ئابلا بىلەن ئۆمۈرلۈك خوشلاشقاندا تىكىلىپ قارىيالمىدى. نېمىشقا ئابلانىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ:

— ئابلا، ساڭا رەھمەت، ساڭا ئاپىرىن، مەردلىك، كەڭ قورساقلىق قىلىشتا ئۇلگە ياراتتىڭ دېيەلمىدى؟ ئابلا ئايالىغا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويغاندا يالغان مەست بولۇۋالغان.

— ئاجرىشايلى، گۈلناز! — دېگەنىدى ئۇ بىر كۈنى گۈلنازنىڭ تىزلىرىغا بېشىنى قويۇپ.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ، نېمە دەيدىغانسەن؟

— سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلايلى!

— ساراڭ، ساراڭ، ساراڭ!

— گەپىنى ئۇزارتىشنىڭ ئورنى يوق، ۋاقىتنى ئۇزارتىشنىڭمۇ ئورنى يوق. كېچىلىرى نېمىشقا ئاسماندىكى ئايغا قاراپ «ئۇھ» دەيسەن؟ نېمىشقا گېپىڭ بىلەن ئويىقۇڭ ئازلاپ كەتتى؟ بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلماق قانچىلىك ئازاب؟

— بولدى، ئابلا، سۆزلىمە دەيمەن!

— ياق، سەن ماقۇل دېمىسەڭ تاڭ ئاتقۇچە سۆزلەيمەن!

گۈلناز ئۇنىڭ نېمىشقا ئاجراشماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ راست گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئاخىر

ئابلا قەيسەرلىك قىلدى:

— ئۇ سىنىڭ مەن بىلەن توي قىلىپ بىر بالىلىق بولغىنىڭغا ھەرگىز خاپا بولمايدۇ، ئۇ ھازىرمۇ سىنى شۇ چاغدىكىدەك !...

— ئابلا، سارالى، سارالى !...

گۈلناز ئۇنىڭ بېشىنى باغرىغا بېسىپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

ئۇلار ئەتىسىلا ئاجراشتى.

ماشىنا تەبىئىي يانتاقلىق ئارىسىغا كىرگەندە ئاسماندا ئاي پەيدا بولدى. قۇم دۆۋىلىرى ئۈستىدە ئۆسكەن يانتاقلارمۇ ئۆز سايىلىرى بىلەن ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى. يىراقتا چېچەك سۈيى بىلەن تولغان تارىم دەرياسى شارقىرايتتى. ئايدىڭدىكى تەكلىماكان ئۆزىنىڭ چەكسىز كەتكەن ئويمانلىرى، سىرلىق قۇم دېڭىزى ۋە ئىللىق، پۇراقلىق ھاۋاسى بىلەن شائىر قەلبىدە ھېسسىيات ــ ئىلھام قوزغىدى:

ئېگىلىپ قىلما سالام ئەي يانتىقىم،
خورسىنىپ تۆكمە يېشىڭنى زادىلا.
قۇم كەبى كۆچمەن ئەلەمنىڭ دوستىمەن،
چاڭ بولۇپ قونسۇن مۇشەققەت ماڭىلا.

— ئابلا ! — زېمىنىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ ئىلھامىنى قاچۇردى، ماشىنا توختىغاندىن كېيىن زېمىن ئۇنىڭ يېنىغا چىقتى، زېمىن ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ئوڭ قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى، — نېمىشقا يۇتۇنلەيلا كەتمەكچىسەن؟

باشقا بىرى بۇ سوئالنى سورىغان بولسا بەلكى ئابلا جاۋاب بەرگەن بولار ئىدى. لېكىن، ئۇنى سورىغۇچى سوئالنىڭ جاۋابىغا ھاجەتسىز ئىدى. ئابلا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوئال قويدى:

— مېنىڭ ئورنۇمدا سىلى بولسىلىرى قانداق قىلغان بولاتتىلا، زېمىن شۇجى؟

— بىلمىدىم، مەن سەنچىلىك قەيسەرلىك قىلالايتتىممىكىنتاڭ!

— قىلالايتتىلا، — دېدى ئابلا زېمىننىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، — خۇددى ماياكوۋىسكىي ئۆز ئاشىقىنى لوئى ئاراگونغا تارتقۇزۇپ قويۇپ فىرانسىيەدىن رۇسىيەگە قايتىشتا ئاراگون بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندەك مەن بىلەن قۇچاقلاشقان بولاتتىلا!

زېمىن ئابلاغا قارىدى: ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى غەملىك، يوغان بۇرنى سۇرلۇك، يوغان ئېغىزى ھەم ئىدى. زېمىن تۇنجى قېتىم بۇ خۇشخۇي كۇلۇپلا يۈرىدىغان ئادەمنىڭ سولغۇن، غەمكىن چىرايىنى كۆرۈپ تۇرماقتا ئىدى.

— پۇتۇنلەي ھاجىتى يوق قۇربان بېرىش! — دېدى زېمىن خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، — مېنى دەپ بىر بەختلىك ئائىلىنى بۇزۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار ئىدى؟

— بەختلىك ئائىلە؟ — ئابلا ئاچچىق كۇلۇمسىرىدى، — دەل تەتۈرسىچە بىر بەختلىك ئائىلە پەيدا قىلىش ئۈچۈن بەختكە زادىلا ئىشىنىك ئاچمىغان بىر ئائىلىنى پاچاقلىدىم. بۇمۇ بىر بەخت ئۈچۈن قىلىنغان كۈرەش!

— ئۆز بەختىڭ ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

— بۇ سوئالىڭىز مەن ئويلىغان زېمىنغا مۇناسىپ بولمىدى!

زېمىن ئۆزىنىڭ يەڭگىللىك بىلەن سورىغان ئورۇنسىز سوئالى ۋە ئابلانىڭ تولىمۇ ئورۇنلۇق بەرگەن جاۋابىنىڭ زەربىسىدىن ھوپپىدە قىزاردى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇنۇ ئادەتى، كۆپ ھاللاردا كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان «ناھىيە شائىرى» ئالدىدا «كەتكۈزۈپ» قويغانلىقىدىن خىجىل بولدى ۋە ئەيىبىنى

تۇزىتىش ئۇچۇن دەرھال:

— ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن بىر ىنىڭ بەختىمۇ ئۆز بەختىڭ، ئەلۋەتتە. لېكىن، گۈلناز بىلەن ئىككى ئوغلۇڭنىڭ بەختلىك ئائىلىنىڭ ئەزالىرى بولالىشىغا بەك بالدۇر ئىشىنىپ كەتتىڭمۇ قانداق؟ — دېدى.

— ئاغىنەم زېمىن، — دېدى ئابلا ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، — ماتا مەن ناھىيە چېگراسىدىن چىقتىم. ئەمدى سىز مېنىڭ رەھبىرىم ئەمەس. مەن ئەمدى ئاغىنەم زېمىن بىلەن «سەن» دەپ سۆزلىشىمەن. مەن ساڭا ئىشىنىمەن، گۈلناز بىلەن سېنىڭ ۋە مېنىڭ ئوغۇللىرىمنى سەن بەختلىك قىلالايسەن!

— نېمە، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، ئابلا؟

— تېخى بىلمەمسىنا، گۈلناز دېمىدىمۇ؟ ئەمىسە مەن ئېيتاي: چوڭ ئوغۇل يادىكار ئۇ سېنىڭ بالاڭ، بىز نىكاھلىنىپ ئۇچ ئايدىن كېيىن تۇغۇلدى. بىلدىڭمۇ ئۇ سېنىڭ بالاڭ. قىڭراق بۇرنىغا بىرلا قارىساڭ بىلىسەن! كىچىككى ئىنىئام ئۇ مېنىڭ يۈرىكىم. مەن يۈرىكىمنى ساڭا تاپشۇردۇم. زېمىن، مەن ساڭا ئىشىنىمەن!

ئۇيغۇر ئادىتى، ئۇيغۇر پىسخىكىسىغا پۈتۈنلەي يات، پۈتۈنلەي خىلاپ كېلىدىغان بۇ سۆھبەتكە ئابلا بەرداشلىق بەرگىنى بىلەن زېمىن بەرداشلىق بېرەلمىدى.

— ئابلا، ئابلا، ئەمدى بولدى!

زېمىننىڭ ئاۋازى تىترىدى.

— ياۋروپالىقمۇ ئادەم، بىزمۇ ئادەم، نېمىشقا مەن بىلەن ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىشتىن قورقىسەن، گۈلنازنى كۆڭلۈڭ كۆتۈرمەمدۇيا؟ ئەجەب مېنىڭ كۆتۈردى، ئۇنىڭ كۆتۈردى، سېنىڭ كۆتۈرمەمدىكەن؟

— ئۇنداق دېمە، ئابلا. بۇ سوئالىڭ ئورۇنسىز. بۇ مەسىلە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەل بولۇپ بولغان. بىر ئايال، ئىككى بالىنىڭ بەختى بىر ئىككى ئەركەكنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى رېئال بىر ئىش. بەلكى ساڭا قارىغاندا راستىنلا مەن ئۇلارنى ئوبدانراق بەختلىك قىلالىشىم مۇمكىن. لېكىن، ئابلا، سەنچۇ؟ سەنمۇ بەخت ئىزدىگۈچىمۇ؟

— سەن تېخى مېنى تولۇق چۈشەنمەيسەن زېمىن. مەن باشقىلارنىڭ بەختى بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايدىغانلاردىن. مەن ئۆيغۆردىن چىققان تۇنجى «سىپىرىگۇ» ① بولماقچى.

— ئاجايىپ رومانتىكا، — دېدى زېمىن ئابلانى چىمىلداپ قۇچاقلاپ، — مەن مۇشۇنداق بىر «راخماتوۋ»② نىڭ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلاردىن. بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ ئەسىردىلا فرېئوتىزمنى قورقماي سىناق قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ بارلىقىنى زادىلا ئويلىماپتىمەن!

ماشىنا قۇم بارخانلىرى، چەكسىز ئورمانلار ئارىسىدا كېتىۋاتماقتا. مەنزىل ئۇزاق، سەپەر كۆڭۈللۈك. ئايدىڭ كېچىدە تەكلىماكان قوينىدا كېتىۋېتىپ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا سۆزلىشىش تېخىمۇ كۆڭۈللۈك. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئەمدى مانا مۇشۇ «دۇنياۋى تېما» ئۈستىدە داۋاملاشتى.

بەش كۈندىن كېيىن ئىسمائىل ھاجى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى بىر ئېگىز بىنالىق دوختۇرخانىنىڭ ئالتىنچى قەۋىتىگە ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ ياتىقىدىكى قالغان تۆت ئادەمنىڭ ھەممىسىلا ھەرخىل «ئۆسمە» كېسەللىكى بىلەن كەلگەنىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ «جىگەر ئۆسمىسى» بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى بىلدى ـ دە، كۈلۈمسىرەپ قويدى: «توۋا، — دەپ

① سىپىرىگۇ — ئاۋستىرىيەلىك پسىخولوگىيە ئالىمى فرويىتنىڭ ئالىي پەزىلەت نەزەرىيەسىنىڭ ئىسمى.

② راخماتوۋ — رۇسىيە يازغۇچىسى چېرنىشېۋسكىينىڭ «نېمە قىلىش كېرەك» رومانىدىكى باش قەھرىمان.

ئويلىدى ئۇ ھەيران بولۇپ، — شۇنچە يولنى بىر چاي قاينىغۇچە بېسىپ بولغان ئايروپىلانغىمۇ چۈشتۈم. پەشتىقىدىن قارىسا ھەممە ئالەم كۆرۈنىدىغان ئالتە قەۋەتلىك ياتاقتىمۇ ياتتىم. ئۆي بىلەن ئېتىز ئارىلىقىدا بىر ئۆمۈر موكىدەك قاتراپىتىمەن. مانا ئەمدى ئوغلۇمنىڭ دۆلىتىنى كۆرىدىغان چاغدا، يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ، دېگەندەك ئىش بولۇۋاتقىنىنى قارىمامدىغان. بۇ ئۆسمە دېگىنى دۆلەتتى بارلارغا چىقىدىغان نېمە بولسا ئاكامغا چىقسا بولماسمىدى. ئۆسمە دېگىنىمۇ پېشكەل ئوخشايدۇ. بولمىسا ماڭا ئوخشاش يىلىكى قۇرۇپ بولغاننىڭ بېقىنىدا نېمە قىلاتتى؟...»

ئورۇق، خىيالچان، تىنىمسىز بۇ بوۋاي ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنىڭ ئالتىنچى قەۋىتىدە ناھايىتى تېزلا كېسەللەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالىدى. بۇ ئادەم جىگەر راكى بىلەن كەلگەن، ئۇنىڭ كۆز ئېقى سارغايغان، ھەتتا قوللىرىنىڭ يۇمشاقلىرىمۇ سارغايغان، لېكىن ئۇ كىمنىلا كۆرسە كۈلۈپ مۇلايىم قارايتتى. دوختۇرلار قولتۇقىغا تېرمومېتىر سېلىپ قويسا بوۋاقتەك پىخىلداپ كۈلەتتى ۋە «تووۋا» دەپ قوياتتى. ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ يۇرتىدىن سىرتقا چىقمىغان، ئايروپىلان تۇگۇل ماشىنىدىمۇ ئىككى سائەتتەك ئولتۇرۇپ باقمىغان، ئوكۇل سالدۇرۇپمۇ باقمىغان، مۇنچىغىمۇ كىرىپ باقمىغان، قەۋەتلىك بىنالارنى كۆرگەنۇ، لېكىن كىرىپ باقمىغان، ھەتتا كارىۋاتتىمۇ يېتىپ باقمىغان بۇ مۆمىن دېھقان ھەربىر يېڭىلىققا «تووۋا» دەپ كۈلۈپلا قوياتتى. ئۇ ئۆزىدەك بىر مۇلايىم بىلەن پاراڭلاشتى:

— سىلىنى نېمە دەيدۇ؟

— قورساقتا ئۆسمە بار دەيدۇ، ئېلىۋەتسىلا سەللىمازا بولغۇدەكمەن.

— تووۋا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سىزنىڭچۇ؟
— راك بار دەيمىش پىشكى.
— تازا گەپ قىلدىڭىز - دە، ئاكا، راك دېگەن جاننى ئالىدىغان كېسەل تۇرسا پىشكى دېگىنىڭىز نېمىسى هوي؟
— شۇنداق دەپ كۆڭۈلۈپ قاپتىمىز پىشكى.
— بولدى، سىزنىڭ لەقىمىڭىز پىشكى، قانداق كۆپچىلىك، ياراشتىمۇ؟
بۇ سۆزمەن غوللىجا دېهقىنىنىڭ سۆزىگە كېسەللەر قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى.
— خۇرجۇننى ئېچىڭ، ئاكا، ئەمدى لەقەمنى يۇيىمىز !
— ها - ها... يۇيايلى.
— پاھ، گۇلە - قاق، جىگدە - ياڭاق، پىستە - بادامىلىرىمۇ بار ئىكەن تېخى !
بىر ئۆيدىكى بەش ئەر كېسەل ۋە ئۇلارنىڭ قارىغۇچىلىرى راسا قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈۋاتقاندا ئۆيگە ئىككى ناتونۇش ئادەم كىرىپ كەلدى.
— ئىسمائىل هاجىم كىم بولىدۇ؟
— مەن شۇ.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بىزنى ئىبراھىم هاجىم تاغىمىز ئەۋەتتى. ئۇ كىشى سىلىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكلىرىنى بىلىپ بىزنى سىلىنى ئەكېلىشكە ئەۋەتتى. تۆۋەندە ماشىنا ساقلاۋاتىدۇ، قېنى يۇرسىلە ئەمىسە.
— زېمىن بالام كەلمەكچىدى، ساقلىساقمىكىن پىشكى.
— زېمىن ئاكامۇ شۇ يەردە، قېنى بولسىلا ئەمىسە.
بوۋاي ئالدىراپ كىيىندى ۋە ئاكىسىنى يوقلاش ئۈچۈن يەل - يېمىشلىرىدىن ئالدى - دە، يىگىتلەرگە ئەگىشىپ لىفىت بىلەن تۆۋەنگە چۈشتى.
ئىسمائىل هاجى ئۆمرىدە كۆرمىگەن ئاجايىپ بىر ئۆيگە

كىردى. ئۇ ئۆيگە ئاجايىپ چوڭ ۋە قېلىن، زىچ توقۇلغان بىر گىلەم سېلىنغان. تۆت تامغا يۆلەندۈرۈپ لۆم - لۆم سافالار قويۇلغان. بۇ ئورۇندۇقلاردىن بىرىگە ئولتۇرۇپ بېقىۋىدى، ئىسمائىل ھاجى چۆكۈپلا قالدى: «توۋا، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئا-لىقانلىرى بىلەن سافانىڭ يۆلەنچۈكلىرىنى سىلاپ قويۇپ، — مەخمەلكىنا، بايىقى سىلىق ماڭىدىغان ماشىنىنىڭ ئورۇندۇقى-دىنمۇ يۇمشاق ئىكەن...»

ئىككى يىگىت ھاجىمنى بۇ چوڭ ئۆيگە يالغۇز ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىسمائىل ھاجى يەرگە سېلىنغان گىلەمنى تۇتۇپ كۆردى. گىلەم ئىككىلىك قېلىن ئىدى. ئۇ تامدىكى چىرايلىق كۆرۈنۈش، رەسىملەرگە، چوڭ - چوڭ دېرىزىلەرنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق پەردىلىرىگە قارىدى ۋە رەختلەرنى ئۇۋۇلاپ كۆردى: «پەدەرنىڭ ۋاقتىدا بىزنىڭمۇ چوڭ ئۆيلىرىمىز، گىلەم - پەردىلىرىمىز بولىدىغان، قانداقراقتىكىنتاڭ، يادىمدا قالماپتۇيا پىشكى ...»

ئۇ يەنە نېمىلەرنى دەر ئىدىكىن، ئۇلگۇرەلمىدى، ئۆيگە ئاۋۋال نەمرۇد، كەينىدىن ئىككى قولتۇقىدىن گۈلشەرىخان بىلەن گۈلجامال قولتۇقلىغان ھالدا ئىبراھىم ھاجىم كىرىپ كەلدى. ھاجىم بېشىغا تاشكەنت بادام دوپپىسى، ئۇچىسىغا ئاق چۇنچەندىن نىمچە كىيگەن، تۆش يانچۇقىدا ئالتۇن سائىتىنىڭ بېغى ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ئىسمائىل ھاجىم ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاكىسىنىڭ ئالدىغا قول سوزۇپ، ئۇمچىيىپ، مۇكچىيىپ، ھودۇقۇپ ماڭدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاكا، ئەھۋالىرى قانداق، سىلىنىمۇ كۆرۈشكە نېسىپ بوپتۇ مانا...

— بەلەن تۇردۇڭمۇ، ئۇكام، — دېدى ھاجىم ئىنىسىنىڭ يىرىك قوللىرىنى بوۋاقنىڭكىدەك يۇمشاق قوللىرىدا سىلاپ تۇرۇپ، — جۇدەپسەن، سارغىيىپسەن، مۇكچىيىپسەن، ھەر

هالدا ئامان ئىكەنسەن، مىڭ قەتلە شۈكرى. بەندىنىڭ ۋەزىپىسى شۈكرى ـ سانا. ئەلھەمدۇلىللا، ماشائاللا مىڭ قەتلە شۈكرى. قېنى يېنىمدا ئولتۇرغىن، ئۇكام ئىسمائىل بەگ!

ئاكىسىنىڭ ئاغزىدىن ئۇزاق يىللار تاشلىنىپ كەتكەن «بەگ» ئاتالمىسىنى ئاڭلاپ ئىسمائىل ھاجىمنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. ئۇ شۇ تاپتا ھاياجان، خۇشاللىق ۋە قېرىنداشلىق شەپقىتىنىڭ بىر مۆمىن قۇلىغا ئايلانغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ پېشىنى سۆيۈشكە، ئايىغىغا باش قويۇشقا تەييار ئىدى.

— داۋالانغىلى كېلىپسەن، بەك بەلەن. مانا مەن ئۈچ كۈن ئاۋۋال جەبرائىلنىڭ چاڭگىلىدا ئىدىم. مۇنكىر ـ نەكىرنىڭ سورىقىغا تارتىلىق ئىدىم. پەننىڭ كۈچى بىلەن باقىيدىن پانىيغا يەنە كەلدىم، ئۇكام.

— توۋا، توۋا، مانا قارىسىلا، ئاكا!

— شۇنداق، ئۇكام، قورقما. جىگەرنى ئېلىۋېتىپ يېڭى جىگەر سالار ئىمىش. خۇددى قول چىرىغىنىڭ مېيىنى يەڭگۈشلىگەندەك، ھى ـ ھى ـ ھى... ھاي، چاي ئەكىلىڭلار. قېنى چايغا باق، ئۇكام. ئاتىمىزدىن تەۋەررۈك بولۇپ ئىككىمىز قالدۇق. بىز ئاتا بالىلىرى، بالىلىرىمىز قانداق بولىدۇ، ئۇنىسى خۇدايىمغا ئامانەت، زېمىن بىلەن كېلىپسەن، ئۇ كەلمەپتۇيا؟

— سىلىنىڭ يانلىرىدا دەپتى.

— ھە راست، ئىبراھىم ئەزىز، نەمرۇدلار بىلەن بىللە بولسا كېرەك. ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ بالىلىرى، ھۆكۈمەتكە كۆپرەك، بىزگە ئازراق ئىشلىگىنى بەلەن.

— شۇنداق، ھاجىم ئاكا، زېمىن بالام ئىشتىن بوشىيالمايدۇ، شۇنداقتىمۇ بالىلىقىنى يەتكۈزدى. مېنى رازى قىلدى. بەك كۆيۈمچان، بەك مۇلايىم ئادەم بولدى، ئۇنى يامان

دەيدىغان ئادەم يوق. بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىتى چىغدا زېمىننى بىرىنچى كۆرۈپلا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ ئەركىلىدىيا. بۆلەك ئادەملەرنى كۆرسە ھېلىلا يەيدىغاندەك ئىگەكىم... بەلەن بالا بولدى پىشكى...

— شۇنداق، بالايۇۋاقا، قېرىنداش دېگەن بىر ئۆلۈكتە، بىر تىرىكتە ئەسقاتىدۇ، ئۇكام. گۈلشەرىخان، ھېلىقى...

گۈلشەرىخان سېمىز گەۋدىسىنى سافادىن تەستە كۆتۈرۈپ سومكىسىدىن گېزىتكە ئورالغان بىر كاللەكنى ئالدى ـ دە، قىزىرىپ تۇرۇپ دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ بەش مىڭ كوي پۇل، ئۇكام، مېنىڭ سېنى يوقلىغىنىم، دال بولۇپ قالار پىشكى !...

— رەھمەت، ئاكا، جوۋمىسىلىمۇ بولاتتى، شۇ ئۆيدىمۇ قولىمىز قىسقا بولۇپ قالدى پىشكى.

— ئوڭلىنىدۇ، ئۇكام، ھەممە ئىش ئوڭلىنىدۇ. ھە راست، ئۇنتۇپتىمەن. ھېلىقى ئۆي ـ جاي دەۋايىمىز بۇ يەردە ئېقىپ قالدى، يىگىرمە تۆت ئېغىزلىق ئۆي، ئىككى مو تۆت پۇڭ باغ، ئىككى مىڭ تۇپ ھەر خىل تېرەك... بارىنى مال پېتى، يوقىنى پۇلغا چېقىپ قايتۇرىدىغان بولىدى. مانا مۇنۇ قەغەزگە قول قوي، ئۇكام. مۇشۇ قولۇڭ بىلەن ھەممىگە ئىگە بولىسەن، ئۆز ھەققىڭ. ئانا سۇتتۇڭدەك ھالال، ئاق !

ئىسمائىل ھاجى بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. لېكىن، نېمە دېگىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇ «زېمىن، زېمىن» دېگەن سۆزنى ئەچچە تەكرارلىدى. بۇ بالىسىنى يادلىغىنىمۇ ياكى قولغا كىرىدىغان بايلىقنى تىلغا ئالغىنىمۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمىدى. ئۇ ئاخىر تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن قېلىن قەغەزگە يېزىلغان چوڭ ـ چوڭ ھەرپلىك ئۇزۇن «ئەرز»نىڭ ئاخىرىغا «ا ـمائىل» دەپ ئىمزا قويدى. ئىبراھىم ھاجى ئەرزنى قولىغا ئالدى ۋە تەقەززا بولۇپ تۇرغان قىزى گۈلجامالغا

سۆنۈپ:

— بۇنى نەمرۇدنىڭ قولىغا بۇگۈنلا يەتكۈزگىن، قىزىم، — دېدى.

بىر خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ يىقىلىپ نەچچە كۈن سەكراتتا ياتقان، يەنە يېڭى بىر خۇش خەۋەرنىڭ كۈچى بىلەن ئۆرە بولغان ئىبراھىم ھاجىم بۇگۈن يەنە بىر خۇشاللىق بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، قىزلىرىنىڭ ياردىمىسىزلا ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە ئىنىسىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ:

— سېنى ئاپىرىپ قويسۇن، دوختۇرلار ئىزدەپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى.

— ئۆيىنىڭ يەل - يېمىشى! — ئىسمائىل ھاجى ئۆز سوۋغىسىنى ئاكىسىغا سۇندى. سوۋغىنى گۈلجامال ئالدى ۋە ئىسمائىل ھاجىنى ماشىنىغا ئۇزىتىپ چىقتى. ئىسمائىل ھاجى كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئىسمائىل ھاجىمنىڭ مېۋە - چىۋە، يەل - يېمىشلىرىنى خالتىلىرى بىلەنلا ئەخلەت تۇڭىغا چۆرۈۋەتتى - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ئاچا، بۇگۈن ئۇرۇمچىنىڭ تاماشىسىنى باشلايمىز، بۇ مېھمانخانا بىزنىڭ ئۆيىمىز. دادام بىلەن ئاپامۇ مانا بۈگۈندىن باشلاپ چوڭلارنىڭكىدە مېھمان بولۇشنى باشلايدۇ. قۇددۇسقا تېلېفون بېرەيلى، دادامنىڭ نامىغا دەرھال يىگىرمە مىڭ يۈەن سېلىنۋەتسۇن! — دېدى.

ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى باشلانغان ئاشۇ ۋاقىتتا ئىسمائىل ھاجىمنىڭ بېقىنىدا بىر دەھشەتلىك ئاغرىق پەيدا بولدى. ئۇ بېقىنىغا ھېلىقى كاللەك پۇلنى قويۇۋېلىپ ئازاب بىلەن ئىنجىقلاپ:

— زېمىن... ز... زېمىن ... — دەپ تۇۋلاشقا باشلىدى. بوۋاينىڭ ئوغلىدىن باشقا ھېچكىمنى ئەسلىگۈسى، چاقىرغۇسى كەلمىدى. ئازاب ئۇنى قىيناشقا باشلىغان ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ

ئوغلى زېمىننىمۇ بۇ خىل ئازاب قىينىماقتا ئىدى. ئۇمۇ ئاشۇ ئازاب بىلەن قىينىلىۋاتقاندا پەقەتلا دادىسىدىن باشقا ھېچكىمنى ئەسلىمىدى، تىلىغا ئالمىدى:

«دادا، جېنىم ئاتا!»

## 4

ئۈچ خىل كۈچ — بىر ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى، بىرى، ئىبراھىم ھاجىمنىڭ جانجىگەر ئوغلى، ئۆز ساداقىتىنى ئاشۇ دادىسىغىمۇ غىل - پال كۆرسىتىپلا قويىدىغان نەمرۇد، يەنە بىرى، ھاجىمنىڭ دېگىنىنى نارازى بولسىمۇ ھەر خىل يوللار بىلەن ئورۇنلاشقا ئادەتلەنگەن، ھوقۇق ۋە ئەقىل - پاراسەت ئىگىسى ئىبراھىم ئەزىز، يەنە بىرى، ھەممىلا ئىشقا ئادالەت ۋە ۋىجداننى ئۆلچەم قىلىدىغان جىيەن ئوغلى زېمىن؛ مانا بۇ بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئۈچ خىل كۈچنىڭ ۋەكىللىرى ئەتىگەندىن بېرى بۇ ھەيۋەتلىك مېھمانخانىنىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە كۈچ سىناشماقتا ئىدى:

بۇلاردىن ياشقا ھەممىدىن نەمرۇد چوڭ، ئۇ ئەللىك ئىككى ياش، ئىبراھىم ئەزىز — ئاق يۈز، ئېغىر - بېسىق، ئوتتۇرا بوي يىگىت، نەق ئەللىك ياش. زېمىن بولسا بۇ يىل قىرىق ئىككى ياشتىن ئاشتى. چوڭى بىلەن كىچىكى ئوتتۇرىسىدا ئون ياش پەرق بولسىمۇ، كۆرگەن ئادەم بۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى دەپ زېمىننى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەممىدىن ئورۇق، قورۇقلىرى تولا، قوللىرى قوپال، چېكە چاچلىرىغا ئاق كىرگەن يىگىت. قالغان ئىككىسىلا يۈزلىرى سىلىق، قورۇق چۈشمىگەن، قوللىرى نازۇك ۋە يۇمشاق، چاچلىرى قاپقارا ئادەملەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىككىلا ئادەم ئالىي مەلۇماتلىق، خەنزۇ تىل - يېزىقىنىمۇ ئانا تىلىدەك پىششىق بىلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئۇيغۇرچە سۆزلەۋېتىپ خەنزۇچىغا كۆچۈپمۇ كېتىشىدۇ. ئاتالما، تۇراقلىق سۆز ـ ئىبارىلەرنى، ماقال ـ تەمسىل ۋە كۇچلۇك جۈملىلەرنى خەنزۇچە راۋان ئىپىتالايدۇ ۋە چۈشىنەلەيدۇ.

زىمىن بولسا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلا تىلدىكى سۆزلىرىنى تولۇق چۈشىنەلەيدۇ، سۆزلىيەلەيدۇ، لېكىن ئۇ زادىلا باشقا تىلدا سۆزلىمەيدۇ. ئۆز تىلىدا ئۆز پىكرىنى چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىق ۋە قىزىقارلىق قىلىپ بايان قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلىغان بىر بىلىم ئىگىسى ناھايىتى تېزلا بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئىچىدە كۆپ كىتاب كۆرگىنى، ھەر خىل بىلىملەرنى كۆپرەك ئۆزلەشتۈرگىنى ئاشۇ كىچىكى زىمىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.

— ئەلۋەتتە ماڭا ئوخشاش بىر كىچىككىنە ئەمەلدارنىڭ تەقدىرىنى چوڭ ئەمەلدارلار ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ، — دېدى زىمىن تېرىكىپ، — مېنىڭ ئورنۇمغا باشقا بىرىنى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى قىلىپ بېكىتىش ناھىيەلىك پارتكومنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ناھىيەنىڭ قارارى. لېكىن، مەن چۈشەنمىدىم، مېنى ئۇ يەردىن يۆتكىۋېتىش نېمىگە شۇنچە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟

— ۋىلايەتلىك يېزا ـ بازار كارخانىلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئۆسۈپسەن، نېمىگە شۇنچە خاپا بولاتتىڭ، ئۇكام! — نەمرۇد قاپقارا چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ـ دە، ئىبراھىم ئەزىزغا قاراپ قويۇپ، — سىزگە ئالدىن مەسلىھەت سالغانغۇ دېمەن، ئىبراھىم؟

— شۇنداق، ۋىلايەتكە ئۆستۈرۈشتە مەندىن پىكىر ئالغان.

— سىلىدىن پىكىر ئالغانمۇ ياكى سىلى مېنى كۆرسەتكەنمۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئۇكام؟

— مەن ناھىيەلىك پارتكومدىن ھەممىنى ئۇقتۇم. ناھىيە مېنى يۆتكەشكە قوشۇلمىغان. يۇقىرىدىن چوقۇم يۆتكەيمىز دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ بۇيرۇق نەمرۇد ئاكىنىڭ ۋىلايەتلىك پارتكومغا يۆتكىلىشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا بولغان. مەن بۇ ئۆسۈشنى سىلى ئىككى مېھرىبان ئاكىلىرىمنىڭ ماڭا ئاستىرتىن قىلغان غەمخورلۇقى دەپ چۈشەندىم.

— مۇشۇنداق چۈشەنگەن بولساڭ يەنە نېمىگە خاپا بولاتتىڭ، ئۇكام؟

— غەمخورلۇقۇڭلارغا رەھمەت، لېكىن مەن ئەتىلا ناھىيەگە قايتىمەن. مەن يۆتكەلمەيمەن، ئۆسۈشنى خالىمايمەن. باشقىلارنىڭ شەخسىي مۇددىئا بىلەن قىلغان غەمخورلۇقىنىمۇ قوبۇل قىلمايمەن. مېنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە باشلىغان نۇرغۇن ئىشلىرىم بار. ئادەتتىكى كادىر بولۇپ ئىشلەيمەن، لېكىن كەتمەيمەن !

— خەق ئۆسەلمەي ھەلەك، سەنزە بوشى تەيجۇ ① ئىكەنسەن جۇمۇ !

— بۇ ھېچقانداق كۆتۈرۈش ئەمەس، مەن باشقىلارغا توسقۇن بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن ئىلىپ تاشلىنىۋاتىمەن. مەن بۇنداق كۆتۈرۈشنى قوبۇل قىلالمايمەن !

— پىكاپ، ياخشى ئۆي، يۇقىرى مائاش، چوڭ ھوقۇق بەرسىمۇ غودۇڭشىمىسىنا، قانداق نېمىسەن؟

— بۇ نەرسىلەرگە كىم خۇشتار بولسا شۇ ئالسۇن. ماڭا ئۆزۈم باشلىغان ئىشلىرىم كېرەك !

— ئاپلا ماۋۇنى ! — دېدى نەمرۇد سافادىن ئىرغىپ تۇرۇپ، — ناھىيەگە نېمىگە باراتتىڭ؟ ئورنۇڭغا ئوبۇل ھەسەن ئولتۇرۇپ بولدى. ۋىلايەتتە يېڭى خىزمەت سېنى كۈتۈپ

① ئۆستۈرگەننى بىلمەيدىغان دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرۇۋاتىدۇ. يېڭى ئىشلارنى شۇ يەردە قىلىمىسەن !
ئىبراھىم ئەزىز گەپمۇ قىلماي تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. زېمىن ئۆزىنىڭ بىكار چېچىلىپ كۆپ گەپ قىلغىنىغا بىردىنلا پۇشايمان قىلىپ قالدى ـ دە، نەمرۇد بىلەن تالىشىشنى، ئۇنىڭغا تەنە گەپ قىلىشنى توختاتتى:
— ئىبراھىم ئاكا، ماشىنىلىرىدا ئورۇن باردۇر ـ ھە؟ — دەپ سورىدى.
— بىر كىشىلىك ئورۇن بار.
ئۇلار شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى.
— ئۈچ سائەت گەپ تالاشتۇق ! — دېدى ئاخىر ئىبراھىم ئەزىز ماشىنا باشئەگىم تاغلىرىدىن چىققاندىن كېيىنلا گەپ قىلىپ، — ئۇكام، ئاكىمىز نەمرۇدنىڭ ئىشلىرى مېنىمۇ ئوسال قىلىپ قويدى. مەن ئويلاشماي ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىرىگە ئاكىمىزنى تونۇشتۇرۇپتىمەن. ھاجىم ئاتىمىز ۋالىي بىلەن شۇجىغا نەمرۇد ئاكىنى ۋىلايەتكە يۆتكەش توغرۇلۇق قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىپتۇ، ئۆزى بىرىپ كونا ـ يېڭى تونۇشلىرىنى تېپىپ يېلىنىپتۇ. تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن تەكلىپلەر، ھاجىم ئاتامىنىڭ ئابرۇيىنى كۆزدە تۇتۇپ ئاكىمىزنى جاڭ چۇجى دەيىۇ ① بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن شۇجىسىغا ياردەمچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردۇق. ئۇ شۇجى ئەمەس، لېكىن سىرتتا شۇجى بولدى دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ. ئۇ ھازىر سىياسىي ـ قانۇن شۇجىسىنىڭ ھەممىلا ئىشىغا چات كىرىپ، ھەدېسىلا ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ بىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايوندىن نازىرلار، شۇجىلار، جۇرىنالاردىن دوست ـ بۇرادەر تۇتۇپ،

---

① باشقارما باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن.

ئۇلارغا سوۋغا ـ ئىنئام تەقدىم قىلىپ يۇقىرىغا يامىاشماقتا. بەزى ئىشلىرىدىن مەنمۇ نومۇس قىلىمەن. لېكىن، بوۋاينى خاپا قىلماي دەپ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. راست ئېيتىسەن، ئامالىنىڭ يوقىدىن ناھىيەگە سىنى ۋىلايەتكە يۆتكەپ بېرىش توغرۇلۇق نەچچە قېتىم تېلېفون بەردىم، خەت يازدىم. چىن شۇجىنى تەستە ماقۇل دېگۈزدۇم. غەرەز ساڭا چۈشىنىشلىك، سىنى ناھىيەدىن يىراق قىلىش، نەمرۇدنىڭ ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈرۈش، بوۋاينىڭ پىلانلىرىغا توسقۇنلۇق قىلمايدىغان قىلىش.

— شۇنداق چۈشەنگەن بولسىلىرى، سىلىگە رەھمەت! لېكىن...

— بولدى، ئۇكام زېمىن، «لېكىن»نى قوي، سەل كەڭ قورساق بول، ئۇ كىشىنى بىز پاش قىلمىساقمۇ ئۆزىنى ئۆزى پاش قىلىدۇ. قۇددۇس ئاكىنىڭ بۇ ئاكىسىغا غەزىپى بار. ئۇلار ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇكام.

— چۈشەندىم، لېكىن، ئىبراھىم ئاكا، بىز پارتىيەگە، خەلققە مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەككۇ، مېنى غەزەپلەندۈرىدۇغىنى نەمرۇدتەك بىر ئادەمنىڭ پارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكى!

— ھازىر پارتىيەمىز ئىچىدە بۇنداقلار خېلىلا جىق!

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى. ماشىنا تاقىر تاغنى بويلاپ ئۇچقاندەك سىلىق ماڭماقتا.

«سۈكۈت قىلىش لازىم ئىكەن ـ دە، — دەپ ئويلىدى زېمىن كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، — نەتىجە = تىرىشىش + كۆڭۈل ئېچىش + سۈكۈت قىلىش، بۇ كىمنىڭ ھايات فورمۇلاسى ئىدى؟ ھە راست ئۇلۇغ فىزىكا ئالىمى ئېينىشتېيىننىڭ فورمۇلىسى. بۇ فورمۇلانىڭ مېغىزى تىرىشىش، قالغانلىرى ئۇنىڭ شەرتلىرى. لېكىن، بۇ فورمۇلانى ھازىرقى بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز ئۆلچەم قىلىۋالسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەربزىنى بىلىپ تۇرۇپ مېنى يۆتكىۋېتىشكە كۈچ چىقارغىنى نېمىسى؟ بۇلارنىڭ ئېيىنىشتېيىن فورمۇلاسىنى قوللىنىشى كۈلكىلىك. ئۇلار سۈكۈتنى مېغىز، قالغانلىرىنى شەرت قىلىۋالغان. سۈكۈت دېمەك، نەتىجە دېمەك دېگەن يېڭى فورمۇلانى ياراتقان. باشقىلارنىڭ ماڭا ناھەق زەربە بېرىشىگە سۈكۈت قىلىش بىلەن ماڭا زەربە بېرىشىنىڭ قانچىلىك پەرقى بار؟ تۇردى كېرەم، قاسىم قۇربان مۇنۇ ئىبراھىم ئەزىزلەر زېمىنىنىڭ ناھەق زەربە يەپ ئۇزاق يىل سەرسان بولغىنىنى، هازىرمۇ ئىبراھىم هاجىمنىڭ گېپىگە كىرمىگەنلىكى ئۈچۈنلا چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ هاجىمغا ياكى نەمرۇدقا زېمىننى ياقلاپ تۆت ئېغىز گەپ قىلىشالمايدۇ. هەتتا ئۇنىڭغا سۈيىقەست قىلىپ ئادەم ئۇرغان نەمرۇدنىڭ ياللانمىلىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا نەمرۇدنى ئەيىبلەشكە ئۈنىمايدۇ. ئەكسىچە هاجىمنى خوش قىلىش ئۈچۈنلا زېمىننى ئەيىبلەپ، نەمرۇدقا قانات ياپىدۇ. ئۇلار ئاياللىرىنىڭ قاپىقىغا قاراپ ئىش قىلىشىدۇ. ئۇلارغا زۆرۈرى ئائىلە خاتىرجەملىكى، ئۇلارنىڭ بۇ ئاجىزلىقلىرىنى هاجىم ياخشى بىلىۋالغان، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ كەلدى. ئەمدى يەنە قاچانغىچە پايدىلىناركىن؟...

— ئىنىم زېمىن، گۈلئايشەمنىڭ هېلىقى بېسىلىپ قالغان ماللىرىغا ئوبدان بازار — خېرىدار تېپىپ بېرىپسەن. ئۇ سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن بىر ناھىيەلىك سودا ئىدارىسىنى پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. گۈلئايشەمنىمۇ ۋىلايەتكە ئۆستۈرۈش توغرىسىدا يېقىندا قارار چىقماقچى. بىر — بىرلەپ ۋىلايەتكە ئۆسۈپ كېلىدىغان بولدۇق. ناھىيە دېگەننىڭ جېدىلى تولا بولىدىكەن، ئۇششاق گەپمۇ قۇمدەك تولا ئىكەن. ئۇ يەردىن كەتسەكلا هەممە ئۇششاق گەپ بېسىقىدۇ. كىمگە تارتىشسەن، داداڭنىڭ تۆت كۆنلۈكى قالدى، ئۇكام.

— ئۇنداق دېمىسىلە دەيمەن، ئىبراھىم ئاكا، — دېدى زېمىن رەنجىگەندەك ئالىيىپ قويۇپ، — مېنىڭ يىلتىزىم شۇ يەردە. مەن يېقىندا ئون جانلىق بىر چوڭ ئائىلىنىڭ باشلىقى بولىمەن. ئون جاننى بىر ئۆزۈم باقىمەن، يەتتە بالا مېنىڭ قولۇمدا ئىستىقبال تاپىدۇ، ئاكا.

— نېمە، سەن راستتىنلا گۇلنازنى ئىككى بالىسى بىلەن ئالامسىنا؟ قالغان بەش بالا، ھە ئەمدى بىلدىم، ئۆگەي ئانىدىن بولغان بەش ئۇكاڭنى دەمسىنا؟ ئۇلارنىڭ نەچچىسى ئىشلەيدۇ، نەچچىسى ئوقۇيدۇ؟

— سوئاللىرىغا بىر - بىرلەپ جاۋاب بېرەي: مەشەدىن بېرىپلا گۇلناز بىلەن توي قىلىمەن. بەش ئۇكامنىڭ ئىككىسى يەر تېرىيدۇ. چوڭى ئوتتۇز تۆت ياش، تېخى ئۆيلەنمىدى، ئىككىنچىسى ئوتتۇز ئىككى ياش، ئىككى باللىق بولۇپ تۇل قالدى.

— بالىلىرىمۇ داداڭنىڭ ئالدىدىما؟

— ھەئە.

— شۇلار بىلەن بەش بالىما؟

— ھەئە.

— كىچىك ئۇكاڭچۇ؟

— ئۇ ئوغۇل، ئىچكىرىدە ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭغا ھەر ئايدا يەتمىش كوي ئەۋەتىمىز.

— مۇنداق دە، يۈكۈڭ ئېغىر ئىكەن جۇما، زېمىن. ئۇنداق بولغاندا ئوبدان يەردە خىزمىتى بار، ئوبدان چوكانلاردىن بىرى بىلەن توي قىلساڭ بولمايتتىمۇ؟

— مۇنداق دېسىلە، — دېدى زېمىن ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — مۇھەببەتمۇ پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلاشسا بولىدىكەن - دە؟

— شۇنداق بولىدۇ - دە، كۆڭۈلنى دەپ ئۆزۈڭنى ئوتقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىقساڭ قانداق بولار؟

— ئەنگلىيە پادىشاھلىقىنىڭ تەخت ۋارىسى بىر ئايالنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن تەختتىن ۋاز كەچتى. ئاجايىپ شائىرلار مۇھەببەت ئۈچۈن جانلىرىنى تىكتى، بۇلارنى قانداق چۈشىنىمىز ئەمىسە؟

— ئۇغۇ شۇنداق، ئۆمۈر بويى جاپا تارتامسەن دەيمىنا؟ گۈلنازمۇ ئەركە ئۆسكەن قىز بالا. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئابلامۇ ئۇنى ئۆشىنىسىدىن چۈشۈرمىدى. سەن ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلالمايسەن. ئۇنىڭ مۇقىم خىزمىتى يوق. كىرىمىڭلار ئاز، ئات قېپىلار كۆپ ئىكەن. بۇنداق ئائىلىدە كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ. گۈلناز يوقسۇزچىلىق، ئېغىرچىلىق دېگەنلەرگە كۆنمەيدىغان قىز. سورۇقچىلىق يولارمىكىن دەيمەنيا.

— غەيرەت ـ ئىرادە، ياخشى نىيەت بولسىلا ھەرقانداق قىيىنچىلىق ھەل بولۇپ كېتىدۇ، ئاكا. مەن ئۇچۇن مۇھىمى كۆڭۈل. مەن ئاشۇ ئون جاندىن يىراقتا كېتەلمەيمەن. ۋىلايەتكە يۆتكەلمەيمەن. ناھىيەدە يېڭى خىزمەتكە ئورۇنلاشقۇچە يۈرۈۋېرىمەن. مائاشىمنى توختىتىپ قويسا تۇراق دوكاننىڭ قورۇلۇش ئەترىتىدە تامچى بولۇپ ئىشلەيمەن!

ئىبراھىم ئەزىز يېنىدىكى «جاھىل» ئادەمگە قاراپ قويدى. «نۇرغۇن ئەخمەقلەر مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلنى دەپ ئىستىقبالىدىن قۇرۇق قالىدۇ. ناۋادا مۇنۇ قېرى يىگىت ئەقىللىق بولغان بولسا ۋىلايەتكە باراتتى. بىزنىڭ ۋالىينىڭ راسا قاملاشقان قىزى بار. تۇل، لېكىن چوجاڭ، ئوقۇغان. مانا شۇنىڭ كەينىگە كىرەتتى. بىر يىلدىن كېيىن مۇشۇ قابىلىيەت قىزغىنلىقى بىلەن ۋىلايەتنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىگە ئايلىناالايتتى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆزىنى بىرەر نازارەتنىڭ نازىر كافېدراسىدا كۆرەتتى. مانا ئەمدى ئۇ مەڭگۈ چاڭ ـ توزان ئىچىدىن بېشىنى چىقىرالمايدۇ...» ئىبراھىم ئەزىز شۇنداق

ئويلىدى ـ دە، بىردىنلا زېمىنغا تەتۈر قاراپ يالغان ئۇخلىغان بولۇۋالدى.

لېكىن، زېمىن پۈتۈن ئەس ـ يادى، ۋۇجۇدى بىلەن ئاللىقاچان ناھىيەگە كەتكەن. ئۇ خىيالىدا ئاۋۋال ئۆيىگە باردى. گۈلناز ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالدى، زېمىن ئۇنىڭ چاچلىرىنى پۇرىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە پىلانلىرىنى گۈلنازغا ئېيتتى. ئۇلار ئۆينىڭ ئالدىدىكى سېرىق تۇپىلىق يەرگە خۇمدان ياسىدى. زېمىن بۇ ئىشنىڭ ئەھلى. ئىنىسى، سىڭلىسى ۋە باشقا باللار قول تىراكتور بىلەن چۆلدىن ئوتۇن توشۇدى. قومۇش، زاغزاق، يانتاقلار تاغ بولۇپ دۆۋىلەنگەندە خۇمدانغا كېسەك بېسىلدى، ئۇنىڭ خۇمدىنىدىن چىققان خىش ـ كېسەكلەرنى تۇراق دوكانىڭ ئادەملىرى ماختاشتى...

— مانا پۇل دېگەن! — زېمىن ئۆزىچە سۆزلىدى.

— نېمە دەيسەن، زېمىن؟

— پۇل تاپماق ئاسان دەيمىنا؟

— ئاسان، لېكىن ھېلىقى پۇلنى سەن نېمىشقا ئالمىدىڭيا؟

— گۈلئايشەم بەرگەن پۇلنىمۇ؟

— ھەئە.

— ئالمىدىم، ئالمايمەن، ئاكا. سىلى بولسىلىرى ئالاتتىلىمۇ؟

— قانۇنسىز بولمىغاندىكىن ئەمدى.

— قانۇنسىز بولمىغىنى بىلەن ئۇ پۇلغا سىلىنىڭ ئەمگەك تەرلىرىمۇ سىڭمىگەنيا؟

— بۇ گېپىڭمۇ دۇرۇس، ئەمگەك بىلەن پۇل تاپماق تەس بولۇپ كەتتىيا، قايسى مىليونېر ساختىلىق ئىشلەتمەي پۇل تاپالىغان، ئۇكامەي.

— سودا ـ سېتىق ئۇ باشقا بىر گەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەمىسە سەن قانداق قىلىپ پۇل تاپمەن دەيسەن؟

— ئەمگەك قىلىپ. خۇمدان ياسىدىم، بېلىق باقتىم، كۆچەت تىكتىم... قىلىمەن دېسىلە ئوقەت دېگەن تولا ئىكەنيا!

— بەللى، بەللى.

— دېھقانلارنىڭ تولىسى مۇشۇنداق قىلىپ بېيىۋاتىدۇ، مەن نېمىشقا قىلالمىغۇدەكمەن؟ قارىسىلا ماۋۇ پايانسىز چۆلگە، ئاستىدا نېفىت دېگىزى، ئۈستىدە ئالتۇن ئاقىدىغان دەريالىرى بار. مۇشۇنداق يېرىمىز تۇرۇپ پۇل تاپالمايمىز دېسەك كۈلكىلىك ئاڭلىنار، ئىبراھىم ئاكا، ھە؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن...

— قولىمىزدىن كەلمەيدۇ دېمەكچىمۇ سىلى؟ ئەرەبلەرنىڭ، پارسلارنىڭ قولىدىنمۇ كەلمەيتتى، كېيىن ئۆگەندى. ئۇلار ئۆگىنەلىگەننى بىز نېمىشقا ئۆگىنەلمىگۈدەكمىز؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىنزە...

ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى.

... ماشىنا تاقىر تاغنى يانداپ تاش - قۇمدىن باشقا گىياھ ئۈنمەيدىغان چۆل باغرىدا چاپماقتا. ياز ئاپتىپى قۇم دۆۋىلىرى ئۈستىدە يېلىنجايدۇ، تۇمان بىلەن يېقىنلاشقان ئۇپۇق سىزىقىنىڭ بىر يېرىدە ئاسمانغا تىك تۇپا كۆتۈرۈلدى: ئاسمان بىلەن يەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان بۇ غايەت زور تۇپا تۈۋرۈكى تەكلىماكانغا خاس بولغان قۇيۇن ئىكەنلىكى ئېنىق. لېكىن، بۇ دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان تەبىئەت ھادىسىسى زېمىنغا بۆگۈن باشقىچە مەنە تەقدىم قىلدى: «بۇ يەرنىڭ ئاسمانغا قىلغان ئىلتىجاسى، ئىنسانلار يەرنى چۆمۈلدەك غاجاپ ئارام بەرمىدى، ئەمدى ئۇلار يەرنى غاجاشتىن بىر - بىرىنى غاجاشقا ئۆتتۈشتى. ھەي ئاسمان ، سەن يەرگە - ئىنسانلارغا ئىنساب يامغۇرى ياغدۇرغىن، شۇ يامغۇرنىڭ كۈچى بىلەن بۇ ئادەملەر بىر - بىرىنى غاجاشتىن توختاشسا ئەجەب ئەمەس... دېمەكتە...» دەپ

ئويلىدى.

جۇل - جۇل كىيىملىك قىرى تاغلار تومۇز ئاپتىپىدا مۆگدىمەكتە. تەبىئەتنىڭ كۆرۈنمەس قوللىرىدىن چېكىلگەن نەقىشلەر بۇ تاغلارنىڭ پۈرچۈنغان گەۋدىسىدىن تېرىككەندەك، شۇڭا ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تەلپۈنۈپ تۇرۇشۇپتۇ. تاغلارنىڭ ھالى زېمىنغا ئۈرۈمچىدە قالغان دادىسىنى ئەسلەتتى. سەممىي - سادىقلىقتىن باشقا ھېچنېمە يوق. ئورۇق، مۆكچەيگەن ئاتا گەۋدىسى ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا پەيدا بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇمانلاشتى. بەلكى ئاتىسىمۇ شۇ تۇرقىدا تۇمانلاشقان كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ مۇشۇ جاپاكەش ئوغلىنى ئەسلەۋاتقاندۇر. ناۋادا بۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئەسلەشلىرى بولۇپ قالسىچۇ؟ ئۇ يەنە نېمە ئۈچۈن تەقدىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن ئاتىسىنىڭ يېنىدا تۇرالمىدى؟ ئۇنى ساناقلىق كۈنلىرى قالغان ئاتىسىنىڭ يېنىدىن ئەكىتىۋاتقان قانداق بىر كۈچ - ھە؟ ھايات تەقەززالىقىمۇ؟ رىقابەت، ئېلىشىش ئارزۇسىمۇ ياكى مۇھەببەت تەشنالىقىمۇ؟ بۇلارنىڭ قايسىسى ئاتا - بالا مېھرىدىن ئۈستۈن كەلگەندۇر - ھە؟ زېمىن بۇ سوئاللارغا ئېنىق جاۋاب تاپالمايتتى. ئۇ ئاتىسىدىن ناھىيەگە بېرىپ - كېلىشى ئۈچۈن رۇخسەت ئالغىنىنى، دادىسىنىڭ ئورۇق، تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئوغلىنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ:

— ماقۇل، بالام، بېرىپ ئىشلىرىڭنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ كەل. مەن بىر كىشىنىڭ ئىشى چاغلىق. ساڭا قاراپ تۇرغان نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ ھاجەتمەن بار، بارغىن، ئوغلۇم! — دەپ تەستە كۈلۈمسىرىگىنىنى ئۇنىڭ يادىدا. بايىقى سوئاللارغا دادىسى جاۋاب بەرگەنىكەن. ئۇنى ئەكىتىۋاتقان كۈچ ئەنە شۇ خەلقنىڭ ھاجىتى ئىكەن. ئۇ تەستىق سالمىسا ھەل بولمايدىغان ئىشلار تولىمۇ كۆپ. ئۇ ئارىلاشمىسا تەتۈرىسىگە ماڭىدىغان ئىشلارمۇ

كۆپ. ئۇ ھەغدا بولمىسا زىيان تارتىدىغان، ئازار يەيدىغان ئادەملەرمۇ كۆپ. شەخسنىڭ رولى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشۋاتقان بۇ يىللاردا نۇرغۇن ئىشلار، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق ھاجەتمەن. بۇ ھاجەتمەنلەرنىڭ دەردىنى بىر ئۆمۈر ھاجەتمەن بولۇپ ئۆتكەن دادىسى زېمىندىن بۇرۇن چۈشەنگەن...

ماشىنا چۆل قوينىدا كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تېزلىك كۆرسەتكۈچىسى يۈز رەقىمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ھاجەتمەنلەر ئۈچۈن بۇ تېزلىك ئازلىق قىلىدۇ: ھازىر راسا بۇغداي يىغىمى، دېھقانلارنىڭ ئەس ـ خىيالى مەھسۇلاتتا. بۇ يىل ئاشلىق سېتىش يەنە بۇلتۇرقىدەك بولارمۇ؟ دېھقاننىڭ ھارۋىلىرى يەنە بۇلتۇرقىدەك قاتار تىزىلىشىپ يول ـ يوللاردا قاتناش جىددىيلىكى پەيدا قىلارمۇ؟ دېھقانلارنىڭ ئاشلىقنى يىغىمىقى ئوڭاي، ساتمىقى تەس. بۇنى ئاسانلاشتۇرۇشنىڭ يولى يوقمۇ؟...

دادىسىنىڭ: «ئۆيدىكىلەر مەن يوق قانداق قىلار، بالام، ئۇن مىڭ جىڭ ساتسا بولدى، قالغىنىنى ئورىغا كۆمسۇن، بۇغداينى ئورۇۋېلىپلا ئېغىزنى ئوسا قىلىدىغان گەپ ئىدى. سەن يوق، ئۇكاڭ ئۇنى چالا قىلىپ قويارمۇيا؟» دەپ ئەنسىرىگىنى ئۇنىڭ يادىغا كەلدى. دېھقان شۇنداق، جان قايغۇسىدا ئەمەس، يەر قايغۇسىدا...

«مەن ئەمدى خەقنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن قورقمايمەن جۇما، ئىككى بالىنى ئېلىپ يېزىغا كۆچۈپ چىقىپ، تاغام ـ ھامماچاملار بىلەن بىللە تۇرىمەن.» بۇ ئەلۋەتتە گۈلنازنىڭ سۆزى. گۈلناز يادىغا كېلىشى بىلەن زېمىننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى جىمىرلىدى: «تۇراق دوكا چېغىدا مېنى ئەيىبلەيدۇيا، تىرناقتا توختايدىغان قىزلار تۇرسا خەقتىن ئاشقان خوتۇنى نېمە قىلارسەن دېگىنىنى تېخى؟ بىزنىڭ نادان خەلقىمىز مۇھەببەت بىلەن تۇرمۇش ھاجىتىنى ئاسانلا ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا،

نېمە تولا، ئاجرىشىش بىلەن نىكاھ تولا. تۇراق مانا توققۇزىنچى قېتىم ئۆيلەنمەكچى. ئۇلارنى بىرلەشتۈرگەنمۇ، ئاجراشتۇرغانمۇ ھاياتقا بولغان موھتاجلىق. مۇھەببەت موھتاجلىقنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، روھ تەشنالىقنىڭ مەھسۇلى. مۇھەببەتسىز ئائىلىلەر خۇددى قىغ ئۈستىگە ئۈنگەن كۆكتاتقا ئوخشاش تېزلا ئايىنىپ، تېزلا قۇرۇيدۇ. گۈلنازغا ئاپىرىن، ئابلاغا تېخىمۇ ئاپىرىن! مۇھەببەتنى ئۆز بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەن بۇنداق ئادەملەرنى يامان كۆرىدىغانلار نېمانچە كۆپتۇ؟ ھاجى قۇددۇس يەنە نېمىلەرنى قىلاركىن؟ ھاجىم ئاتىسىچۇ؟

«مەن ئۇلار بىلەن مەڭگۈ دۈشمەنلىشىپ ئۆتىمەنمۇ؟...»

«سەن ئەمدى بۇ يېزىنىڭ باشلىقى ئەمەسسەن. سەن بۇ يېزىنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقما، ئۇكام، خالىساڭ ۋىلايەتكە بارغىن، خالىمىساڭ ئۆيۈڭدە كۈتۈپ يات، گەپ شۇ!» مانا بۇ تۇردى كېرەمنىڭ گېپى. ناھىيەلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسىغا يېلىنىپ باقسىچۇ؟ ياق، زېمىن ئۇچۇن ھاكىم ھەممىنى ئېيتتى، مۇنۇ يېنىدا ئۇخلاۋاتقان غەمسىز ۋالىينىڭ بىرلا باش لىڭشىتىشى ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۇنىڭغا يېلىنىسىچۇ؟ «يېلىنىش» دېگەن سۆز يادىغا كېلىش بىلەن ئۇنىڭ تېنى شۈركەندى. نېمە ئۇچۇن يېلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئۆز ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى ئېيتتىغۇ، شۇ كۇپايە ئەمەسمۇ؟

شۇ چاغدا ماشىنا قاتتىق سىلكىندى. ئىبراھىم ئەزىز چۆچۈپ ئويغاندى:

— قاراپ ھەيدىسەڭ بولمامدۇ؟ نېمە، خوتۇنۇڭ يادىڭغا كېلىپ قالدىمۇ نېمە؟ ۋاي ئان قېپى!

ياش شوپۇرنىڭ قۇلاقلىرى پەرەڭدەك قىزاردى:

— ئەگىپ ئۆتەي دېگۈچە...

— ئىبراھىم ئاكا، — دېدى زېمىن ئاخىرقى قېتىم ئۆزى توغرىسىدا ئىزاھات بەرمەكچى بولۇپ، — ھېچبولمىسا مەن شۇ

يېزىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولۇپ قالسامىكىن دەيمەن. سىلى بىر قېتىم ئارىغا كىرسىلە قانداق بولاركىن؟

— سېنى نېمىگە ئاساسەن تۆۋەنلىتىمىز؟ سەن ياخشى ئادەمسەن، سېنى ئۆستۈرۈشكىلا بولىدۇ، چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ.

— ئۆزۈم چۈشۈشنى تەلەپ قىلسامچۇ؟

— مېنىڭچە، سەن ئۇنداق ئەخمەقلەردىن ئەمەس. سېنىڭ ئورنۇڭغا ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئاتالغان ئادەم يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى بولۇپ بارىدۇ. ئۇ بەلكى بېرىپ ئىش باشلىۋەتتى. تولا قەغىشلىك قىلماي مەن بىلەن ۋىلايەتكە بېرىپ يېزا - بازار كارخانىلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ مالىمانلىشىپ كەتكەن كارخانىلارنى جۆندە. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت - كارخانىلارنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى قەرزدار، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە ئىش ھەققىنىمۇ بېرەلمەيۋاتىدۇ. بىر - بىرىگە ئوخشاش كارخانىلار كۆپىيىپ كەتكەن. مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى تۆۋەن. بازىرى يوق. رىقابەت يوق، ئىستىقبالى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ قېتىم ئورۇنغا ساڭا ئوخشاش قابىلىيەتلىك رەھبەرنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ ئەكەلگەن گەپ. ياخشى ئىشلەپ نەتىجە كۆرسەت. سېنىڭ ئىستىقبالىڭ ئالدىڭدا، ئۇكام. سەن ئاشۇ يېزىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى بولۇپ ياخشى ئىشلىگەنلىكىڭ ئۈچۈن بىز سېنى سىناقتىن ئۆتكەن قابىلىيەتلىك كادىر دەپ ئۆستۈردۇق. بۇ يەردە سېنى ئاسراشمۇ بار. سەن بۇ ناھىيەدە دۈشمەنلىك بولۇپ قالدىڭ، ئۆتكەندە تاياقمۇ يېدىڭ. ئەلۋەتتە بۇ ئەنزىمۇ سۈرۈشتۈرۈلۈۋاتىدۇ. سەن ماڭا ئىشەن، ئۇكام. مەن ساڭا ھەرگىز يامانلىق قىلمايمەن!

— ياق، ئاكا، مەن يېزىدىن كەتمەيمەن!

— پارتىيە ئىنتىزامىمۇ بار جۇمۇ، ھە دېسىلا تەشكىل بىلەن قارشىلىشىۋەرمە، باشقىلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كەتسە

زىيان تارتىپ قالىسەن، ئۇكامەي!
ئىككىنچى كۈنى ۋىلايەتنىڭ دەرەخلىرى كۆرۈنگەندە زىمىن بىر ئاچالدا ماشىنىدىن چۈشۈۋالدى:
— ناھىيەگە بارامسەن، ئاپىرىپ قويايمۇ؟
— ياق، سىڭلىمگە رەھمەت. مەن ماشىنا توسۇپ كېتىۋالىمەن.
ئۇ يېرىم كېچىدە ناھىيەگە يېتىپ كەلدى. يۈك باسقان ماشىنا ئۇنى يېزىدىكى ئۆيىنىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويدى.
ئۇ ھاياجان بىلەن ھويلا ئىشىكىگە كەلدى. ئىشىك تولۇق ئوچۇق ئىدى. ئۇ ھەيران بولۇپ ھويلىغا كىردى. ئۆيلىرىنىڭمۇ ئىشىكلىرى ئوچۇق، دېرىزىلەر قومۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئالدىغا ۋاپادار قارا ئىت قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ ئەركىلەپ كەلدى ـ دە، ئېسىلىپ ئۇنىڭ مۇرىسىگە سۆيدى.
— چۈشىنىشلىك! — دېدى زىمىن ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلەپ، — بۇ ئۆيدىكىلەردە سەنچىلىكمۇ تاقەت قالمىدىمۇ ـ ھە؟ — ئۇ ئىتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — ياخشى تۇرمۇش تەشنالىقىدىكى ئادەملەر تەييار پۇل، شەھەردىكى ئۆيگە ئۆزىنى ئاتماي قانداق قىلسۇن. مېنىڭ توسقۇنلۇقۇم، مېنىڭ ۋىجدان ئالدىدىكى خاھىشىم بىلەن ئەمەلدىن قالغان دەۋا مانا مەن يوق چاغدا ئېقىپتۇ. مېنىڭ ئۇكىلىرىم تەييار بايلىققا دۇم چۈشسە مەن بۇنىڭغا ھەيران قالمايمەن. گۇلناز نېمىشقا بۇلارنى ئاكاڭلار كەلگۈچە كۈتۈڭلار دېمىگەندۇر ـ ھە؟...
ئۇ ھويلىدىكى كات ئۈستىدە ئۇخلىدى. ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ، سالقىن ياز شامىلىدا دەرەخلەر شىۋىرلايدۇ، جىمجىت كېچىدە مۇشۇ جىمىرلاشتىن باشقا سادا يوق. ئۇ ئازاب، غەزەپ ۋە پۇشايمان بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. دادىسىنىڭ ئەمگەكچان قولى بىلەن پۈتكەن ۋە ئۇزاق يىللار ئۆز ئىگىلىرىنىڭ سۆيۈملۈك پاناھى بولغان ئۆي ـ جاي

www.uyghurkitap.com

بۇگۈن ئىگىسىز قالغان. بۇ ئۆيمۇ زېمىنغا ئوخشىشىدۇ: ئۇ ساداقەتنىڭ قۇربانى. زېمىننىڭ دادىسىغا قىلغان گەپلىرىنى ئىنىلىرى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان ئەمەسمىدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئاكىسىنىڭ ئىززىتىنى قىلمىدى؟ ئاكىسى يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىدىن قالغانلىقى ئۈچۈن ئىنى - سىڭىللىرى ئالدىدىمۇ قەدىر - قىممەتسىز بولۇپ قالدىمۇ - ھە؟ ئۇنىڭ تەربىيىنى ئالمىدىغانلار بارغانچە ئازلاپ، ئۇنىڭ زىتىغا ئىش قىلىدىغانلار نېمىشقا كۆپىيىۋاتىدىكىن؟ زېمىن زادى نېمىنى خاتا قىلدىكىنە؟ ھەقىقەتنى، ۋىجداننى ئۆلچەم قىلىش شۇنچىلىك زىيانلىقمۇ؟...

ئۇ خىيال بىلەن قاتتىق كات ئۈستىدە ئۇخلاپ قالدى. باش توخۇ چىللاش بىلەن ئۇ ناھىيەگە قاراپ ماڭدى. قارا ئىت ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئىككى سائەتتەك پىيادە مېڭىپ شەرق ئەمدىلا قىزارغاندا ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىدارىسى ئالدىغا كەلدى. بۇ يەردىمۇ ۋەيرانچىلىق: ۋىۋىسكىلار يوق. قوش قاناتلىق ئىشىك ئىچىدىن چىڭ ئېتىلگەن. ئەتراپتىكى تېرەكلەر كېسىلگەن، كوچىغا ياندىش ئىشخانىلارنىڭ دېرىزىلىرىگە يېغىدىن ئىشىك بېكىتىلگەن، ئىشىك باشلىرىغا ئاشخانا، ساتىراشخانا، رېمونتخانا، ماشىنىچىخانا ۋىۋىسكىلىرى ئېسىلغان.

— تېخى ئۆيلەرنى ئىجارىگە بېرىپمۇ ئۈلگۈرۈپتۇ، — دېدى ئۇ ئىتىغا قاراپ قويۇپ، — يىگىرمە ئالتە ئېغىز ئۆي بار، ئىككى مودىن جىق مېۋىلىك بېغى بار چوڭ ئۆينىڭ خوجايىنى بوپتىمىز، سەن قارا ئىتىم ئەمدى يېزىغا قاتىرىما، بۇ يەر ساڭمۇ كۆڭۈللۈك!

ئىت خۇددى ئۇنىڭ گېپىنى ئۇققاندەك ئۇ ياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ ئويناشقا باشلىدى، ئۇنىڭمۇ قۇيرۇقلىرى دىڭ، كۆزلىرى نۇرلۇق، ئايىغى چاققانلاپ قالغانىدى.

زېمىن دەرۋازىنى مۇشتۇمى بىلەن ئۇردى. ئۇزاقتىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆگەي ئانىسى داناگۇل كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئانا، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟

— ئوبدان بولامدىغان، بالام، — دېدى ئۆگەي ئانا ئېقى بار كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ، — سىلىنىڭ ھەممەتلىرىدە، مانا دادىلىرىنىڭ جايىنى تۇرغۇن پۇل بىلەن ياندۇرۇپ بەردى. ئۇنىمىسام ئۇنىماي باللار ماشىمۇ سائەت تاقاپ قويدى. دادىلىرى قانداقراق، بالام؟

— دادام خېلى ياخشى، ئانا!

— دادىلىرى قول قويغان قەغەز كەلمىگەن بولسا بۇ جاي بىلەن بايلىق قولىمىزغا تېز تەگمەيدىكەن، بالام. قەغەزنى ئايروپىلانغا سىلى سالغانلا ھەرقاچان، بالام - ھە؟

قىمارۋاز ئېرىنىڭ قۇلىقىنى باشقا قىمارۋازلار كېسىۋالغاندىمۇ مۇشۇنداق كۈلۈپلا تۇرغان، كېيىن كوچىدا قېلىپ تىلەمچىلىك قىلغاندىمۇ مۇشۇنداق كۈلۈپلا تۇرغان ۋە ئاخىر «ئىسمائىل پوم»نىڭ خوتۇنى بولۇشقىمۇ مۇشۇنداق چىراي بىلەن رازىلىق بەرگەن بۇ ئايالغا نېمە دېگۈلۈك؟

— شۇنداق! — دېدى زېمىن ئۆيگە قاراپ مېڭىپ، — گۈلنازمۇ كۆچۈپ كەلدىمۇ، ئانا؟

— ياق، بالام، ئىمىنجان بالام غەلۋە قىلىپ ئۇ خېنىمغا ئازار بەردى، كەلگۈزمىدىيا.

— ئىمىن تېخى ئوقۇشقا ماڭمىدىمۇ، ئانا، — زېمىن گەجگىسىگە غۇژمەك چاچ قويۇپ دىسكو بىلەن گىتارغا خۇشتار كىچىك ئىنىسىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ دەرھال قاپىقىنى تۈرۈپ سورىدى، — ئوقۇشقا كېچىكىدۇيا؟

— ئىمىنجان بالام ئوقۇمىغۇدەك، كۆرسىلە ئۇنىڭ گېپىنى تېخى، قۇددۇس ھاجىمدەك باي بولارئىمىش ھى - ھى - ھى...

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— ئىسرائىلچۇ؟

— ئۇ بالامنىڭمۇ قولى پۇل كۆرۈۋىدى، قىز ـ چوكانلار ئۇنى ئەگىگىلى تۇردى كۆرسىلە، خوتۇن ئالغۇدەك ئۇ، بېگىم، هى ـ هى.

— هاۋاخانچۇ، ئانا؟

— ۋاي، ئۇنىڭ ئارامى يوق. ئېرى دېگەن ئوغرى ئىككى بالىسى بىلەن خوتۇننى قويۇۋېتىپ هاۋاگۇل بىلەن يېنىشمەن دەپ بوسۇغىدا يېتىۋېلىپ، ۋايىەي كۆرسىلە، ئارام يوق ئۇ بىچارىگىمۇ!

زېمىن ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى ئازاب بىلەن ئاڭلىدى ـ دە:

— هېچقايسىسىنىڭ ئاتىسى بىلەن كارى يوق دېسىلە، ئاتىنىڭ ئۆلۈمى ئىتقا بايرام دېگەن شۇ!

ئۇ ئۆيلەرنى ئارىلىدى: ئۆيلەر يېڭى گىلەملەر، سافالار، تېلېۋىزور، ئۇنئالغۇلار بىلەن بېزەلگەن. زامانىۋى كىيىم ئاسقۇچلارغا ئېسىل كىيىملەر ئېسىلغان. زامانىۋى لۆم ـ لۆم كارىۋاتتا ئۆمرىدە راهەت كۆرمىگەن ئىنىسى ئىسرائىل مايكا ـ تورسىك بىلەن سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ. زېمىننىڭ بىلىشىچە، ئوتتۇز بەش ياشقا قەدەم قويغان بولسىمۇ تېخىچە ئائىلە راهىتى كۆرمىگەن بۇ ئىشچان ئىنىسىنىڭ هاياتىدىكى ئەڭ راهەتلىك كۈنلىرى مۇشۇ. ھەتتا ئۇنىڭ مايكا ـ تورسىك كىيىشىمۇ مۇشۇ. ئۇ پۇتۇن يازنى تەردىن قېتىشقان رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن كۆڭلەك بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. مانا بۈگۈن زېمىن ئىنىسىنىڭ 80 ـ يىللارغا خاس تۇرمۇشتىن لەززەتلىنىپ، راهەتلىنىپ ياتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى ـ دە، ئۆزى ئىشخانا قىلىپ ئولتۇرغان ئۆيگە قاراپ ماڭدى. بۇ ئۆي گىلەم، سافا ۋە ھەر خىل ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچ رەسىملىرى بىلەن بېزەلگەن. چىرايلىق ئۈستەل ئۈستىگە ئېسىل تاماكىلار، يېرىم

ئېچىلگەن، ئاغزى ئېچىلمىغان پىۋىلەر، مېۋە - چىۋە، پاقلان گۆشلىرى تولۇپتۇ: شەھەر كۆرۈپ كۆزى ئېچىلغان كىچىك ئىنىسى ئىمىنجان ئىككى كىشىلىك «شېرىن چۈش كارىۋىتى» ئۈستىدە يېرىم يالىڭاچ ھالدا ياستۇقنى قۇچاقلاپ يېتىپتۇ. بۇ ئۆيدىكى تېلېفونمۇ ئورنىدىن قوزغالماپتۇ. ئۇنىڭ راھەت - پاراغەتكە تەشنا ئىنىسى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگۈسىدە كۆرىدىغان راھەتلىرىنى شۇنىڭ ئۈچۈن مانا مۇشۇ نەق راھەتكە ئالماشتۇرغان ئىكەن - دە!

ئۇ لالىيىپ ياتقان ئىنىسىغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قاراپ قويدى.

ئۇ كىچىك مەجلىسخانا قىلىنغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ توختىدى. ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى. ئۇ بۇ ئۆيدە سىڭلىسى ھاۋاخان بالىلىرى بىلەن تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. ھاۋاخان يالغۇز كارىۋاتتا، بالىلىرى چوڭ گىلەم ئۈستىدە ئۇخلاۋاتاتتى.

مانا شۇنداق، ئالتە ئېغىز ئۆي چىرايلىق ياسالغان، يەنە بىرنەچچە ئېغىز ئۆي قۇپقۇرۇق تۇراتتى، ئۇ باغقا چىقتى. باغ بۇرۇنقىدەك، پىشقان ئالما، نەشپۈت، ئۈزۈم، ئانارلىرى بىلەن ئەتىگەنلىك سەلكىن شامالنىڭ ئەللىيى بىلەن سىلىق تەۋرىنىپ تۇرۇپتۇ. «بۇ باغلارمۇ ئەمدى ئىسمائىل ھاجىمنىڭ!» دېدى ئۇ قېرى ئامۇتقا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئەلەم ۋە ئازاب بىلەن.

ئۇ بۈگۈن ھوقۇق ۋە مەككارلىقنىڭ كۈچىنى كۆردى. ئۇ يەنە پۇل بىلەن مېھىر - شەپقەت ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆردى: پۇل مېھىر - شەپقەت، يۈز - خاتىرە دېگەنلەرنى يەڭگەن، مۇنۇ ئاتىسىنىڭ ئەمگەك تەرى ۋە مېھىر - شەپقىتىنىڭ شەربىتى بىلەن چوڭ بولۇۋاتقان بالىلار ئازغىنە پۇل - راھەتكە ئاتا مېھرىنى تېگىشىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ راھەت قويىندىكى چىرايلىرىدا ئاتا غېمى، ئۆلۈم ۋەھىمىسى زادىلا يوق. ھەتتا مۇنۇ ئۆگەي ئانىمۇ زېمىن بىلەن كۆرۈشكەندە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاۋۋال پۇل ـ پۇچەكنى، ئاندىن كېيىن يىراقتا ئېغىر ھالدا ياتقان ئېرىنى تىلغا ئالدى.

چېكىدىن ئاشقان راھەت ـ پاراغەت ئىنساننى ئوڭايلا كاردىن چىقىرىدۇ دېگەنگە زېمىن ئىشەنگەن، لېكىن چېكىدىن ئاشقان قاشاقلىقمۇ ئىنساننى ئۆز قېلىپىدىن چىقىرىۋېتىدۇ دېگەنگە زادىلا ئىشەنمىگەنىدى. ئۇ ھىندىستانلىق كىرىشان چاندارنىڭ ھېكايىسىدىكى ھېلىقى بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ ئاچارچىلىق دەستىدىن ئۆز مۇھەببەتلىرىنى بىر پارچە بولكىغا تېگىشىۋېتەلىگەنلىكىنى ئوقۇپ يازغۇچىنى تىللىغان. «ياق، مۇھەببەت ئۇنداق ئاسانلا تېگىشىلىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ يىلتىزى جان تومۇردا» دەپ يازغانىدى ئۇ ئۆز خاتىرىسىگە.

لېكىن، ئۇ بۈگۈن ئۆز ئۆيىدىكى مۇنۇ رېئاللىق ئالدىدا پۇلنىڭ تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىشەنمەي تۇرالمىدى: ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى پۇل ـ دۇنيانى كۆرۈپ ئاتا ئارزۇسى، قېرىنداش غۇرۇرىنى ئۇنتۇغان. زېمىن بەلكى مۇشۇ راھەت ـ پاراغەتكە تەشنا قېرىنداشلىرىنىڭ رايىغا بېقىش لازىملىقىنى ئۇنتۇغاندۇر، بەلكى ئۆز مىجەزى، ئۆز غۇرۇرى بىلەن ھېسابلىشىپ قېرىنداشلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىلەن ھېسابلاشمىغاندۇر. بىر چاغدا دادىسىمۇ بۇ تەييار بايلىقنى ئېلىشقا ئۇرۇنغان ئەمەسمىدى. شۇ چاغدا دادىسىنىڭ مۇشۇ بالىلارغا راھەت ـ پاراغەت يارىتىش كويىدا ئىكەنلىكىنى نېمىشقا ئويلىمىدى: بۇ بىچارىلەرنى ھېسابقا ئالغان بولسا ئىبراھىم ھاجىم بىلەن، باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن تىركەشمەي سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالغان بولماسمىدى. لېكىن، بىر ھەقىقىي ئىنسان ئۆز غۇرۇرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدىكەن. غۇرۇر ئالدىدا بايلىق، مەنسەپ دېگەنلەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن. زېمىن مانا مۇشۇنداق غۇرۇر ئىگىسى بولۇپ

قالغىنىغا بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئۆكۈندى.

ئۇ كوچىغا چىققاندا قۇياش قىزىرىپ چىققان. تونۇش كوچىلار، دەل ـ دەرەخلەر بۈگۈنكى يېڭى قۇياش نۇرىدا شادلانغان. ئۇلار زېمىننى مازاق قىلىپ: «ناز بىلەن ئالدىڭ، پۇل دېگەن يامان نەرسە جۇمۇ، دۇنيادا ئالىقىنىدىكى تەييار پۇلنى چۆرۈۋېتىدىغان ئادەم يوق. سەن ئەخمەق ئىدىڭ، مانا ئەمدى راست ئادەمگە ئايلاندىڭ» دېمەكتە. بۇ دەل ـ دەرەخلەر مەھەللە ئادەملىرىمۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشقانلارنىڭ ئەلچىلىرىمۇ؟ ھەر ئىككىسى بىرلىشىپ شۇنداق دەۋاتقان بولسىچۇ؟

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چوڭ ئاتىسى ئىبراھىم ھاجى سىلىق كۈلۈمسىرەپ، سىلىق سۆزلىمەكتە:

— بالام، بۇ ئۆيلەر بىلەن پۇللار ئىسمائىل ھاجىمنىڭ، ئۇنىڭ ئاتا مىراسى. ئۇنى ئۇقۇشماي مۇسادىرە قىلىشقان. مانا ئەمدى ئۇنىڭ مىراسخورى سەن!

— ياق، چوڭ دادا، مەن ھەرگىز سىزنىڭ مۇددىئايىڭىز بىلەن ياشىمايمەن. مەن سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز بىلەن كۆكلەشنى نومۇس بىلىمەن. مەن سىزنىڭ سايىڭىزدا راھەتلىنىشنى ئازاب بىلىمەن. مەن بۇ ناتوغرا يول بىلەن قولغا كەلگەن بايلىقنى قايتۇرۇۋېتىمەن. توپىدا ياتاي، زاغرا غاجاي، يالاڭ ـ يالىڭاچ يۈرەي، لېكىن ئىناۋىتىمگە داغ چۈشۈرمەيمەن!

ئۇ شۇنچىلىك تېز ماڭدىكى، تار، جىگدىلەر چىرماشقان، قۇملۇق كوچىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. ئۇ قىيسىق ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىكى كەپتەرخانا ئۈستىدە سەھەر قۇياشىدا تاتلىنىۋاتقان كەپتەرلەر بۇ يوچۇن ئادەمگە قىزىقسىنىپ قىزغۇچ كۆزلىرى بىلەن قاراشتى.

ئۇ ئىشىكنى چەكتى.

— كىم؟ — گۈلنازنىڭ تونۇش ئاۋازى ئۇنىڭ يۈرىكىنى

تىترەتتى.

— بۇ مەن!

— زېمىنمۇ سىز، كەلدىڭىزمۇ، دادامنىڭ ھالى قانداق؟

— ھەرئىككىلا دادالىڭ ياخشى، گۈلناز!

— ئالدىرىماڭ، يۈزۈمنى يۇيۇۋالاي.

ئىشىك ئېچىلدى، زېمىن ھويلىغا كىردى - دە، ئىشىكنى قايتىدىن ئىلدى. ئۇ گۈلنازنىڭ نازۇك بېلىدىن قۇچاقلىدى، گۈلناز «جېنىم» دەپ ئىڭرىغاندەك قىلىپ ئۇنىڭغا ياماشتى. ئىككى گەۋدە بىر گەۋدىگە ئايلاندى. ئىككى روھ، ئىككى ھېسسىيات، ئىككى تەننىڭ ئىچكى - تاشقى لەززەتلىرى بىر ئادەمنىڭكىگە ئايلاندى. بۇ ئادەم ھەم ئەر، ھەم ئايال.

زېمىن گۈلنازنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىردى. بالىلار دالاندىكى سۇپىدا لەززەتلىنىپ ئۇخلىماقتا. ئۇ گۈلنازنى خۇددى بوۋاقتەك كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەكىرىپ چوڭ كارىۋاتقا ياتقۇزدى. گۈلناز ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ خۇددى كۆڭلى قاقلانغان مۇشۈكتەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بوشىغان ھالدا ئۇھ دېسىغا ياتتى. زېمىننىڭ ۋۇجۇدىدا تىل بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدىغان بىر خىل راھەت - ئارام پەيدا بولدى. ئۇ بىر مەھەل راھەت. ئارامنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندى. ئۇ نازۇك بەدەن، تولىمۇ چىرايلىق ئايالنىڭ بەدىنىدىن مانا شۇ ئەسىر قىلغۇچى راھەتنىڭ ئۇرغۇپ چىققىنىنى چۈشەندى: «راھەتنىڭ قۇلى بولمايدىغان ئىنسان بولمىسا كېرەك. مەيلى بىر مىنۇت بولسىمۇ...». ئۇ جىق نەرسىلەرنى ئويلاشنى خالىمىدى. گۈلناز ناز بىلەن پىچىرلىدى:

— تېخى ئەتىگەن، يېشىنىپ ئىككى - ئۈچ سائەت ئۇخلىۋېلىڭ...

زېمىن مانا ئائىلە راھىتى بىلەن بەختلىك. ئۇ گۈلنازنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى يۈرىكىگە يېقىپ، قورسىقىغا ئارتىلغان

پۈتلىرىنى سىلاپ، يۈزىگە چۈشكەن چاچلىرىنى تويماي پۇراپ ئوڭدا ياتماقتا. ئۇ ھازىر گۈلنازدىن باشقا ھېچكىمنى ئويلىمايتتى. ئۇنىڭ يادىدىن يىراقتىكى دادىسى، ئۆزىگە كەلگەن دىل ئازارى، قىلماقچى بولغان ئىشلىرى بىراقلا كۆتۈرۈلگەن. ئۇ شۇ تاپتا گويا ساغلام بوۋاقتەك بىغەم، بۇدۇرۇق قوزىدەك جۇشقۇن، ۋايىغا يەتكەن كۆكچى قوغۇندەك لەززەتلىك ھېسسىيات سۈيىدە چۆمۈلمەكتە. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى مۇشۇ ھېسسىيات سۈيىدە ئېرىمەكتە، ئۇنىڭ تومۇر ــ تومۇرلىرى مۇشۇ ھېسسىيات سۈيىنىڭ دولقۇنىغا تەڭكەش بولۇپ رىتىملىق سوقماقتا. بۇ تومۇرلاردىن: «دۇنيادا راھەت تولا، سەن تېخى مىڭدىن بىرىنى كۆرمىدىڭ، ئۆزۈڭمۇ كۆرگىن، باشقىلارغىمۇ كۆرسەتكىن» دېگەن سادا كەلمەكتە ئىدى.

ئۇ يېنىغا ئۆرۈلدى. سول بىلىكىدىكى گۈلنازنىڭ بېشىنى ئاستا ئاۋايلاپ ياستۇققا قويدى ــ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا يۇيۇنغىلى ماڭدى.

ھويلىنىڭ باغ ئىشىكىنىڭ يېنىدا ئابلا يانتاقنىڭ ماھىر قولىدا پۈتكەن بىر «سەرراپ» بار ئىدى. ئۇ ھويلىنىڭ تۆت تەرىپىگە قارىدى. ياغاچلاردىن ياسالغان خىلمۇ خىل ئويۇنچۇقلار: ئاتلار، ئايروپىلان، ماشىنىلار ھەممىلا يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. بۇلارنى ئابلا يانتاق ئاشۇ ئەپچىل قوللىرى بىلەن بالىلارغا ياساپ بەرگەن. بالىلار ئۈچۈن باققان توخۇلىرىمۇ خۇددى زېمىننى يات كۆرگەندەك قاقاقلىشىپ، چەكچەيگەن ھالدا باغقا مېڭىشتى. بۇ ھويلىدىكى ھەممىلا نېمە ئۇنىڭغا يات ۋە ئۇلاردىن ھۇزۇرلىنىش نومۇسلۇق. ئۇ ئابايا ياتقان يۇمشاق كۆرپىلەر بىلەن ياستۇقلارمۇ ئابلادىن ئاشقان. ئۇ سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇۋېتىپ بىر خىل كۆڭۈل غەشلىكى، بىر خىل روھىي ئازاب بىلەن خورسىنىپ قويدى. ئەمدى ئۇنىڭ بەدىنىدە ھۇزۇر ــ ھالاۋەت، بەخت شادلىقىدىن زادىلا ئەسەر

www.uyghurkitap.com

قالمىغان. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى غەشلىك، ئازاب، چۈشكۈنلۈك چىرمىۋالغانىدى. ئۇ نېمىنىلا ئويلىسا غەشلىك، ئازاب ۋە ھاقارەت ھېس قىلاتتى. لېكىن، ئۇ ئازابقا كۆنۈككەن. ئۇزاق يىللىق سېغىنىش، ئازاب ۋە ئۈمىد بىلەن ئۆتكۈزگەن سەرگەردانلىق ھايات ئۇنىڭغا غەم - قايغۇدىن قۇتۇلۇشنىڭ ساۋاتىنىمۇ ئۆگەتكەن. بۇ ساۋات ئىشلەش، ناخشا ئېيتىش ۋە كەلگۈسىگە ئىنتىلىش.

ئۇ يۇيۇنۇپ بولۇپ ئوتۇن كەسلەپ ئوچاققا ئوت ياقتى ۋە باغقا چىقىپ كۆكباش قوناق ئەكىرىپ ئۇنى لېگەنگە قىرىپ چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كاتەكتە چىللاۋاتقان چارخورازنى تۇتۇپ باغقا ئاچىقتى - دە، قومۇلۇقتىن كىچىككىنە ئورەك كولاپ ئۇنى بوغۇزلىدى.

ئۇ قايناق سۇدا توخۇنى يۇڭدۇزداۋاتقاندا گۈلناز ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلاشقان، لەۋلىرى سۇزۇلگەنىدى. ئۇ زېمىننىڭ ساقاللىرى ئۆسكەن ئېڭىكىنى سىلاپ قويۇپ:

— بەك ئىشلىگىلىرى كەلگەن بولسا ساقاللىرىنى ئالسىلا، چىرايلىقراق كىيىنسىلە، قارىسىلا، كۆڭلەكلىرى قاتلىسا سۇنغۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— بەللى، — دېدى زېمىن شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئۇن كۈندىن بېرى مۇشۇ كۆك نېلۇن كۆڭلەكنى ئالماشتۇرمىغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، — قارا، گۈلناز، مۇشۇ ئىشتانمۇ قاساپنىڭ ئىشتىنىغا ئوخشىشىپ قاپتۇ.

گۈلناز زېمىننىڭ مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن قوڭۇر ئىشتىنىغا قاراپ قويۇپ قاقاقلاپ كۈلدى:

— سىزگە كىيىم تەييارلاپ قويدۇم، كىيىۋېلىڭ. بۈگۈنلا بېرىپ خەت ئالايلى. ئەمدى بىز ھېچكىمگە مەسلىھەت سالمايلا ئىش قىلالايمىز.

— بۈگۈنلىمۇ؟

— ھەئە، بۇگۇنلا.
— ئۇنداق بولسا كۆكباش كۇجىسى ساڭا قالدى.
زىمىن ئىچكىرىكى ئۆيدىن ياسىنىپ چىققاندا باللار ئويغانغانىدى. باللار ئۇنىڭغا ياتسىراپ، بىر خىل يوشۇرۇن ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويىدى:
— قانداق ئەھۋالىڭ، يادىكار؟
— بەلەن، سىلىچۇ؟ قاڭشارلىق بۇرنى، خىيالچان يوغان كۆزلىرى زىمىنغا ئوخشىشىدىغان، بويى زىمىن بىلەن تەڭ كۆرۈنىدىغان ئۆسمۈر يىگىت زىمىنغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويىدى.
— سەنچۇ، ئىنىئام؟
— بەلەن ... — ئۇزۇن كىرپىكلىك خۇمار كۆزلىرى ئانىسىغا تارتقان، يوغان بۇرنى ئابلا ياناتاقنى ئەسلىتىدىغان ئون بىر ياشلىق بالا لەۋلىرىنى چىشلەپ، يەرگە قاراپ قىزىرىپ جاۋاب بەردى.
«ئابلانىڭ ئورنىنى تارتىۋالماق تولىمۇ تەس. ئۇ مۇنۇ باللارنىڭ قەلبىدە. ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىككى ئاتا سىغسۇنمۇ؟ ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئاتا مۇھەببىتىنى چىقىرىۋېتىش مۇمكىنمۇ؟ مەردلىك قىلسام ئۇلار مېنى تېخىمۇ يامان كۆرىدۇ» دەپ ئويلىدى زىمىن.
ئۇ ئىنىئامنىڭ يىرىك چاچلىرىنى سىلاپ:
— دادالڭ ئابلا ئۇچ يىللىق ئوقۇشقا كەتتى، ئۇچ يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى.
ئىنىئام زىمىنغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ ئۇمچىيىپ يىغلىۋەتتى.
زىمىن ئۇنىڭ بېشىنى باغرىغا باستى:
— يىغلىما، ئىنىئام، ئەمدى ئابلانىڭ ئورنىدا مەن سىلەرگە قارايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇمۇ سىلەرنىڭ داداڭلار! — دېدى تالادىن كىرگەن گۈلناز تامدەك تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ، — ئىنىئام، ئېمىشقا يىغلايسەن، داداڭ مېنىڭ خېتىمنى بېرىپ كەتتىيا. ئۇ ئۇرۇمچىدىكى دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرارمىش. ئۇ باشقا خوتۇن ئېلىۋاپتۇيا.

— يالغان، يالغان سۆزلىمە، گۈلناز!

— سىز يالغان سۆزلىدىڭىز. مەن بۇلارغا ھەممىنى دېگەن، يەنە نېمىشقا يىغلايدۇ دەيمىنا!

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى. توخۇ شورپىسى بىلەن كۆكباش قوناقتىن ئېتىلگەن كۆجىنىمۇ جىمجىت، ئەمما ئىشتىھا بىلەن ئىچىشتى.

زېمىن بىلەن گۈلناز چىرايلىق ياسىنىپ بىر ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ تار كوچا بىلەن بازارغا ماڭدى. كىچىك - كىچىك ئىشكلەردىن ئايالالار باشلىرىنى چىقىرىشىپ پىخىلدىشىپ كۈلۈشەتتى. بىرلىرى كۆرمىگەن بولۇپ يۈزىدا چېچىشاتتى، يەنە بىرلىرى ئىت - ئېشەكلىرىنى تىللىغان بولۇپ:

— ھاياسىز ھايۋان!

— ئۈچۈلۈقوڭنى يەڭگۈشلەپ قويايما!

— سەنمۇ يېڭى ئىگە تاپتىڭمۇيا! — دېيىشەتتى.

زېمىن خۇددى يۈزى بىلەن يەر دەسسەپ ماڭغاندەك تەستە ماڭدى. گۈلناز بولسا خۇددى ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك، ئاڭلىمىغاندەك، بوغۇپ چاققان قىلىۋالغان قويۇق چاچلىرىنى سىلىكىپ قويۇپ كۈلۈپ - غادىيىپ مېڭىۋەردى. ئۇلار كۆل بويىغا كەلگەندە زېمىننى ھۆرمەتلەيدىغان بىرنەچچە دېھقان قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى:

— زېمىن شۇجى، ئۆيگە كىرسىلە.

— ھە نېمە بولسا بىر مەھەللىلىك بولۇپ قالدۇق، زېمىن شۇجى.

— زېمىن شوجى، دادىلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟
ئايال يەڭگۈشلەش ياكى ئەر يەڭگۈشلەش بۇ يەرلەردە يېڭىلىق ئەمەس. بۇ خىل ئىش ھەربىر ئۆيدە دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، چىقىشقاق، خۇشخۇي ئابلا يانتاقنىڭ بۇ كوچىدىن مەڭگۈلۈككە كېتىپ قېلىشى مەھەللە ياشلىرىنى بىئارام قىلغان بولسا، مۇنۇ ھۆرمەتلىك ئائىلىنىڭ ئەركە - ناياق قىزىنىڭ ئامەتلىك بولۇپ قىرىق نەچچە ياشقا كىرگۈچە ئۆيلەنمىگەن يىگىت بىلەن توي قىلىشى — تەمە بىلەن يۇرگەن نۇرغۇن قىز - چوكانلارنىڭ قەلبىگە ھەسەت - ئىچى تارلىق ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ قويغانىدى. گۈلنازنىڭ غادىيىشى مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، زېمىنىنىڭ خۇدۇكچانلىقىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى.
ئۇلار ئاخىر چوڭ كوچىغا چىقتى - دە، زېمىن ئالدىغا، گۈلناز كەينىگە مىنگىشىپ ۋېلىسىپىت بىلەن بازارغا قاراپ مېڭىشتى. ئۇلار «ھاجى قۇددۇس مۇلازىمەتخانىسى»نىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە بىر دېرىزىدىن يېرىم قوغۇن ئۇچۇپ چىقىپ زېمىنىنىڭ ئاپپاق كۆڭلەكلىك كۆكرىكىگە تەگدى. زېمىن تېرىكىپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى، لېكىن گۈلناز كۈلۈپلا قويدى.
— ئۆلۈشسۇن مېنى دېسە! — دېدى ئۇ كىملەرنىدۇر ئاچچىق كۈلكە بىلەن تىللاپ.
ئۇلار يېڭىدىن ئىجارىگە ئېلىنغان يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇ مودىدىن قالغان ئىككى قەۋەتلىك بىنا بۇرۇن سودا ئىدارىسىنىڭ مېھمانخانىسى ئىدى. بۇزۇقچىلىق تولىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە، بۇ مېھمانخانىنى «زىيانداشلارنى تازىلاش» ھەرىكىتىدە تاقىۋېتىپ يەككە تىجارەتچىلەر جەمئىيىتىگە ئىجارىگە بەرگەنىدى. مانا ئەمدى بۇ بىنانىڭ پېشانىسىگە يېزىلىق پارتكوم بىلەن يېزىلىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ھۆكۈمەتنىڭ قىزىل خەتلىك ۋەۋەسكىلىرى ئېسىلىپتۇ.

زېمىن پارتكوم شۇجىسى ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئىتتەردى. ئۆيدە لىق ئادەم بار ئىكەن. ئۇستەلدە كېرىلىپ ئولتۇرغان سېرىق چوقۇر يىگىت غودۇڭشىدى:

— ئۇسۇپ كىرىۋېرىدىغان ئامىمۋى ھاجەتخانا ئەمەس بۇ، ئىشىك چېكىشنى بىلمەيدىغان كىم بۇ؟

— زېمىن شۇجى!

— كەلسىلە، زېمىن ئاكا.

بۇ ئۆيىنىڭ خوجايىنى بايىقى سېرىق چوقۇر يىگىت يېڭى بولغىنىنى بىلەن بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ تولىسى كونا — زېمىننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ئادەملەر ئىدى. ئۇلار زېمىننى ھۆرمەتلەپ ئورۇنلىرىدىن دۇررىدە تۇرۇشتى.

— ھە، زېمىنئاخۇنما سىلى! — بۇ ئىدارىنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانى بىر قولىنى خالار - خالىمايلا سۇندى.

— ئوبۇل ھەسەن شۇجى! — دېدى زېمىن ئۇنىڭغا قول سۇنۇپ — ھەممىنىلا باشقىدىن — يەنى نۆلدىن باشلىغان گەپ ئىكەن - دە!

— مۇشۇنچىلىك ھازىرچە! — ئوبۇل ھەسەن قوللىرىنى ئىككى يېنىغا تاشلاپ كۆرەڭلىك بىلەن غادايدى، — دۇنيادا نېمە تەس، تىكىپ سۆكمەك تەس دەپتىكەن، زېمىنئاخۇن، قانداقراق؟

ئوبۇل ھەسەننىڭ «زېمىنئاخۇن» دېگەن ئىسمىنى قايتا - قايتا تەكرارلىشى بۇ يەردىكىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان چېغى، بىرى ئەلەم بىلەن:

— زېمىن شۇجى، بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى بولۇۋالمىغانلا، نېمانداق ئوبۇلئاخۇن سىلىنى ھە دېسىلا «ئاخۇن، ئاخۇن» دەيدا! — دېدى.

— شۇجىلىقىنى تارتىۋالغان ئادەم ھەر نېمە دەيدۇ - دە

ئەمدى!

— تارتىۋالدى دەيسىنا؟ تارتىۋالمىدى، بۇلىۋالدى.

— ئوغرىلىۋالدى دېسىمۇ بەربىر ئوخشاش گەپ!

بۇ يېڭى خىزمەت ئورنىدا تېخى ھېچقانچە ھۆرمەت تاپالمىغان ئوبۇل ھەسەن ئوڭايسىزلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي بىردىنلا يالغان كەمتەرلىككە ئۆتتى:

— قارىسىلا، زېمىن شۇجى، سىلىگە خۇيباۋ قىلىپ قوياي. كېلىپلا يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىگە ئاساسەن سىلىنىڭ ئۆيلىرىنى قايتۇرۇپ بەردۇق. ئىدارە خىراجىتى قىس بولۇشىغا قارىماي قىرىق سەككىز مىڭ يۈەن نەق پۇلنىمۇ ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ، رايونلۇق پارتكوم بىلەن رايونلۇق ھۆكۈمەت تۇرۇۋاتقان قورۇنى بوشىتىپ بەردۇق. مۇنۇ ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ يىللىق ئىجارىسىنى ئەللىك مىڭ يۈەنگە ئېلىپ، ئۈچ كۈن جاپالىق كۆرەش قىلىپ مۇشۇ يەرگە ئۈچ بەنزە، يەنى پارتكوم، ھۆكۈمەت، دائىمىي كومىتېت بىراقلا كۆچۈپ كەلدۇق. كۆپچىلىكنىڭ تازا كۆچكۈسى يوق. لېكىن، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى، يۇقىرىنىڭ قىزىل تامغىلىق ھۆججىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرمەسكە بىزنىڭ بېشىمىز ئون ئەمەسيا!

— شۇنچە تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈپلا، باشقا ھۆججەتلەرمۇ مۇشۇنداق ئەمەلىيلەشسە بولاتتى.

— ھەممىنى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز، بىرۋاراقى كەلمەمدىمىزيا!

— مەن سىلىگە بىرلا گەپنى دېگىلى كەلدىم. ئەتىلا يەنە شۇ بۇرۇنقى ئورۇنغا كۆچىسىلەر. مەن بىرىنچىدىن، ئۆي دەۋاسى قىلمىدىم، داداممۇ قىلمىدى. ئىككىنچىدىن، يۇقىرىنىڭ ھۆججىتى بويىچە بېرىلگەن بولسىمۇ، بىز بۇ ئۆي ـ جاي بىلەن پۇلنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى. بىرىنچىدىن، ئەرز قىلمىدۇق، ئىككىنچىدىن، ئېلىشنى رەت قىلىمىز، ئۈچىنچىدىن، كونىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالغان ناھەقچىلىكلەر خېلى كۆپ، ئەگەر ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ ھەل بولۇپ، ھوقۇق تۇتمىغانلارنىڭ ھەل بولمىسا بىز بۇنى خەلققە قانداق چۈشەندۈرىمىز؟ شۇڭا يېزىلىق ھۆكۈمەتنى يۇزمىڭ يۈەن زىيانغا ئۇچراتماي ئەتىلا كۆچۈڭلار، مۇنۇ ئۆيىتىمۇ قايتۇرۇپ بېرىڭلار. بىلەمسىلەر، يۇزمىڭ يۈەن بىر يېزا ئۈچۈن چوڭ پۇل. بۇ پۇل بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ.

— ياق، زېمىن شۇجى، ئەمدى سىلى بىزگە ئارىلاشمىسىلا! — دېدى ئوبۇل ھەسەن قاپىقىنى تۈرۈپ، — پارتكوم قارار قىلىپ بولدى. مەن ئەمدى قارشى مۇقام تووۋلاشقا يول قويمايمەن!

زېمىن ئوبۇلنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرىگە قارىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقىدىن ئاكىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاشلىق ئىدارىسىگە مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ ئۆسۈپ، بىر قېتىم خاتالىشىپ تۆۋەنگە چۈشكەن، ئۇزاق ئۆتمەي قايتىدىن ئاقلىنىپ چىققان بۇ ئادەم تېخى يېقىندىلا زېمىن تۇگۇل يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپىغىمۇ كۈچۈكلىنىپ - يېلىنىپ يۈرەتتى، مانا ئەمدى زېمىندەك خەلق ھۆرمىتىگە ئىگە كادىرلارغىمۇ قاپاق تۈرۈپ، قوپال ئاۋازدا گەپ قىلالايدىغان بوپتۇ. مانا بۇمۇ ھوقۇقنىڭ كۈچى.

پۇلنىڭ ۋە ھوقۇقنىڭ كۈچىنى شۇ بىر كۈندىلا چوڭقۇر چۈشەنگەن زېمىن يېزىلىق ھۆكۈمەت كاتىپىنى باشلاپ سىرتقا چىقتى:

— ئۆيلەنمەكچىمەن، ئۇكام، خەت قىلىپ بەرگىن.

— تامغا مەندە يوق. تامغىنى ئوبۇل شۇجى مەندىن ئېلىۋالغان. كىمگە بەرگىنىنى بىلمەيمەن، ئاكا.

— مۇشۇ ئىش ئۈچۈن يەنە شۇ ئوبۇل شۇجىغا يېلىنامدىمەن؟

— ياق، زېمىن شۇجى، مەن مۇسا شياڭجاڭغا دەپ خەت

ئېلىپ، تامغا باستۇرۇپ بېرەي.

«... مانا ئەمدى زېمىننىڭ بۇ يەردە قەدىر ـ قىممىتى قالماپتۇ. دۇرۇس، مېنىڭ بۇ يەردە بۇيرۇق بېرىشكە ئەمدى ھوقۇقۇم يوق. بۇ يەر ئەمدى مېنى تونۇمايدۇ، مەنمۇ ئەمدى ئىشلىرىمنى نۆلدىن باشلايدىغان ئوخشايمەن.»

زېمىن بۇ كونا بىنادىن چىقىۋېتىپ شۇلارنى ئويلىدى.

ئۇ شۇ كۈنى بىر كۈن ئاۋارە بولۇپ، نە ئىنىلىرىنى ئۆيدىن كۆچۈشكە كۆندۈرەلمىدى، نە ئۇرۇمچىگە تېلېفون بېرەلمىدى، نە توي خېتى ئالالمىدى. ئۇ ھارغىن، روھى چۈشكۈن ھالدا كەچقۇرۇن يەنە گۈلنارنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ پەقەت شۇ ئۆيدىلا تەسەللى، ئارام تاپالايتتى. لېكىن، ئۇ ئۆي ھامان ئابلا ياناتقىنىڭ، بالىلارمۇ شۇنىڭ، پەقەت يالغۇز گۈلنارلا زېمىننىڭ، زېمىن ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە ئۆيدىن بالىلارنىڭ يىغىسى، گۈلنارنىڭ كايىشلىرى ئاڭلاندى.

— دەسسەتمەيمەن، مەن ئۇنى ئۆيگە يولاتمايمەن! — دەيتتى يادىكار يىغلاپ تۇرۇپ.

— بىز كېتىمىز، ئابلا دادامنىڭ يېنىغا كېتىمىز! — دەيتتى ئىنئامىمۇ يىغلاپ.

— ئۇ ئەمدى سىلەرنىڭ داداڭلار، ئابلا سىلەرنى تاشلاپ كەتكەن! — دەيتتى گۈلنارمۇ يىغلاپ. زېمىننىڭ ئىچى ئېچىشتى، كۆزلىرى تۇمانلاشتى. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بالىلار بەختسىز، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن گۈلنارمۇ دەردلىك؛ يەنە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئىنىلىرىنىڭ كۆزى ياش...

«ھەقىقەت بىلەن ۋىجداننى ھەممىگە ئۆلچەم قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ يا؟ باشقىلارنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىرادەڭ بىلەن ۋىجدانىڭغا خىلاپلىق قىلىشىڭ لازىممۇيا؟ ھەقىقەت بىلەن ۋىجدان ھامان يەڭگۈچى دېگەن ھۆكۈم خاتامۇيا؟» ئۇنىڭ پىكىرلىرى چىگىشلەشكەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ چۈشكۈن، خاپا ۋە چارچىغان ھالدا دوستلىرى بىلەن دائىم تاماق يەيدىغان ئاشخانا ئالدىغا كەلدى.

— زىمىن شۈجى!

— زىمىن ئاكا، قانداقراق؟

— كەلسىلە دەيمەن، بىر ئولتۇرايلى!

ئۇ مۈشۈ كۈلكە خۇمار ئىچكۈچىلەر ئارىسىدا قەدىر - قىممەت تاپتى. «بۇلارمۇ ئادەم، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىككى رومكا ئىچكەندىن كېيىن، — مەن سەرگەردان بولۇپ، قايتىپ يۇرتۇمغا كەلگەندە مانا مۇشۇلار بىلەن ئۇلپەتلەشكەن. كېيىن ماڭا ئامەت كەلدى. مەن بۇلاردىن يىراقلاشتىم. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەن بىلەن تىللاپ كۆرۈشىدىغانلار تىللىمايدىغان؛ سەنلەيدىغانلار سىز، دەيدىغان بولۇشتى. ئۇلارنى مەن چۆرۈۋەتتىم. ھېچ گۇناھسىز دوستلىرىمنى چۆرۈۋەتتىم. بىر لا تۇراق دوكا مەندىن بىر قەدەم نېرى بولماي ھازىرغىچە كەينىمدە يۇرۇپتۇ...»

— قۇيە، قاسىمەك! — دېدى زىمىن شاپاق دوپپا كىيگەن، ماي كىيىملىك رېمونتچىغا قاراپ كۈلۈپ، — نېمىگە قولۇڭ تىترەيدۇ؟

— شۈجىنى كۆرۈپ تىترەيدۇيا!

— مەن شۈجى ئەمەسمەن، جۇما!

— ئۇنداق بولسا تىترىمە قولۇم!

رېمونتچى، شوپۇر، مېخانىك، دېھقان، ئېلىپساتار، تامچى، كاۋاپچى... خىلمۇخىل ئىشلار بىلەن پۇل تېپىپ خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان پىكرى ئاددىي، گېپى ئوچۇق، تەمەسىمۇ چاغلىق بۇ دوستلار زىمىننىڭ كۆڭلىدىكى بارلىق غەشلىكنى بىردەمدىلا تۈگەتتى، ئۇ چالا مەست بولۇپ كوچىغا چىققاندا كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى. ئۇ ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئۇقەت قىلىدىغان بىرىنىڭ مورىسىگە تايىنىپ:

— بىلىسەنغۇ، مېنى دادامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قوي، — دېدى.

— ئېشەك هارۋا بىلەنما، ها ـ ها ـ ها... بەللى، خەقلەر نېمە دەيدۇ؟

— نېمە دېسە دېسۇن، «خانتاجى» دېگەن پىكاپقا چۈشكەنمۇ، ئېشەك هارۋىسىغا چۈشكەنمۇ ئوخشاش ئادەم. مەن سىلەرنى تاشلىۋېتىپ خاتا قىلغان. ئەمدى ئۇلار مېنى تاشلىۋېتىپ توغرا قىلدى.

— كىملەر سىلىنى تاشلىۋەتتى، زېمىن شۇجى!

زېمىن جاۋاب بەرمىدى. ئۇ قاتتىق مەست بولۇپ قالغان، جاۋاب بەرمەك تۇگۇل ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيمىدى.

ئۇ يېرىم كېچىدە ئۇيقۇدىن ئويغاندى. ئۇ قاتتىق ياغاچ كارىۋاتتا ئەمەس، يۇمشاق چۈشەك ئۈستىدە ياتاتتى. ئۇ يېنىنى سىلىۋىدى قولى بىر نازۇك بەدەنگە ئۇرۇلدى.

— سىز كىم؟ — ئۇ چۆچۈپ سورىدى.

— گۇلناز، مەن... نېمىگە چۆچۈيسىز، خاتالىق ئۆتكۈزمىدىڭىز... ئۆز ئۆيىڭىزدە سىز...— دېدى گۇلناز ئەركىلەپ تۇرۇپ، ئۇنى قۇچاقلاپ مۇرىلىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ، — قانداق كېلىپ قالدىم دەمسىز؟! بىر قاسماقنىڭ قىغ توشۇيدىغان هارۋىسىدىن تاپتىم. ئۇ سىزنى يېزىغا ئېلىپ ماڭغانىكەن، نېمىشقا ئۇ يەرگە بارماقچى بولدىڭىز؟ مەندىن كۆڭلىڭىز سۇ ئىچمىدىمۇ؟ مەن سىزنى ئۆيدە قاراڭغۇ چۈشكۈچە ساقلىدىم، ئاندىن كېيىن ۋېلسىپىت بىلەن ئىزدىدىم، بارمىغان يېرىم، كىرمىگەن تۆشۈكۈم قالمىدى. دوستلىرىڭىزدىن هېچقايسىسى سىزنى كۆرمەپتۇ. ئاخىر هېلىقى تېرىچىنىڭ ئاشخانىسىدا قاسماقلار بىللە بىلەن تاماق يەپ، هاراق ئىچكىنىڭىزنى بىلدىم. ئېيتىڭا، نېمىشقا سۆيۈپ ئىتىڭىزنى ساقلىماي

قاسماقلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلىۋالدىڭىز ـ ھە؟

— قاسماقلار مېنىڭ دوستلىرىم. سەندە ماڭا راستتىنلا مۇھەببەت بار بولسا، مېنىڭ دوستلىرىمنى بۇنىڭدىن كېيىن قاسماق ـ پاسماق دەپ كەمسىتمە!

— سىزنىڭ دوستىڭىز نېمىشقا ئۇنداقلار بولىدىكەن؟ سىز دېگەن قابىلىيەتلىك كادىر، رەھبەر، بىلىپ قويۇڭ، سىز ئاھىيەنىڭ ھاكىملىقى نامزاتلىقىدىن ئۆچۈرۈلمەپسىز، خەلق سىزنى چوقۇم ھاكىملىققا سايلايدۇ. مەن بۇ گەپنى رىشات بوجاڭدىن ئاڭلىدىم. رىشاتمۇ سىزنىڭ دوستىڭىز، ئۇ ئاھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، سىزنى ياخشى كۆرىدىكەن، قوللايدىكەن. مانا شۇلار سىزنىڭ دوستىڭىز.

— مەن بىلەن ھاراق ئىچكەنلەرچۇ، گۈلناز؟ — دېدى زېمىن گۈلنازنىڭ قوللىرىنى بەدىنىدىن ئاستا بوشىتىپ، — ئۇلار دوست بولۇشقا ئەرزىمەمدۇ؟ مەن غۇلجا خاڭلىرىدا، ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا قاڭغىر ـ قاقشاپ يۈرگەن چاغلاردا ئاشۇ ئادەملەر مېنىڭ بېشىمنى سىلىغان. سىزنى سېغىنىپ ئېيتقان ناخشىلىرىمنى ئاشۇلار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئاڭلىغان. مەن بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەندىمۇ مېنىڭ ئالدىمغا يۈگۈرۈشۈپ چىققانلار ھەم ئاشۇلار. يەنە سىزنىڭ تىلىڭىز بىلەن ئېيتقاندا ئاشۇ «قاسماقلار». مەن ئۇلارغا قەرزدار. مەن ئامەت كېلىپ شۇجى بولۇۋېلىپ ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئەمەلدارلار بىلەن دوستلاشتىم. ئەمەلدارلارنىڭمۇ ياخشىلىرى كۆپ، لېكىن چاپاننىڭ يېڭىسى، ئاغىنىنىڭ كونىسى ياخشى!...

— ئايالىڭىچۇ، جېنىم؟ — گۈلناز ئۇنىڭ ئۇزاق سۆزىنى ئۈزۈۋېتىپ ئۇنى باشقىدىن چىڭ قۇچاقلىدى، — مېنى تاشلىماڭ، زېمىن، ماقۇل، ئۇلارنى قاسماق دېمەي، ئۇلارنى چايغا چاقىراي، ئاياللىرى بىلەن دوست بولاي، ھەرقانداق

شەرتىگىزگە كۆنەي، باللارغا ئابلانى ئۇنتۇلدۇرۇپ سىزنى دادا دېگۈزەي. مېنى تاشلىماڭ، مەن ئەمدى سىزدىن ئايرىلىپ قالسام بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىمەن. سىز ئۈچۈن نومۇسقا، ئاھانەتكە چىدىدىم. سىزنىڭ بەدىنىمدىكى سوۋغىڭىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ كۆڭلۈم تارتمىغان بىرىگە ئون ئۈچ يىل خوتۇن بولدۇم. بۇ خورلۇقلارغا چىدىدىم، سىزنى دەپ ئاتا ـ ئانامدىن، راھەت تۇرمۇشتىن ۋاز كەچتىم. لېكىن، سىز تاشلىۋەتمىسىڭىزلا مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئېچىنمايمەن؛ جېنىم، مېنى چىڭ قۇچاقلاڭ !...

مۇھەببەتتە پىداكارلىق روھى ئاۋۋال ئايال جىنسلىقلاردا پەيدا بولغان بولسا كېرەك. ھازىرمۇ ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقنىڭ ئۈلگىسى يەنە شۇلاردا ساقلىنىۋاتسا كېرەك، مۇھەببەت تولغان يۈرەكتىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىققان بۇ سەممىمىي سۆزلەر ئاخىر زېمىننى ئېرىتتى. ئۇ گۈلنارنى باغرىغا چىڭ بېسىپ:

— تاشلىمايمەن، جېنىم، سېنى تاشلىسام ئۆزۈمنى دوزاخقا تاشلىغان بولمامدىمەن، ھەرگىز، ھەرگىز ! — دېدى.

ئىككى تەن، ئىككى روھ، ئىككى ھېسسىيات بىرىكىپ بىرلا غەم ـ قايغۇ، دەرد ـ ئەلەم ۋە كۆڭۈل غەشلىكىدىن خالىي بىر تەنگە ئايلانغان شۇ پەيتتە، بۇ پاكار، كىچىككىنە ئۆيدىن مىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چوڭ شەھەرنىڭ دوختۇرخانىسىدا بىر ئورۇق، ھاياتقا زادىلا قانمىغان گەۋدىدىن ئاخىرقى قېتىم:

— زېمىن... بالام ... — دېگەن سادا ئاڭلاندى. بۇ جان ئىگىسى شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنى چاقىرمىدى، سېغىنمىدى، ئۇ مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى.

— زېمىنغا ئېيتىڭلار، دادىسى ۋاپات بولدى ! — دەپ تېلېفوندا ناھىيە ھاكىمىنىڭ قۇلىقىغا ۋارقىرىدى بىرى قوپال ئاۋاز بىلەن.

— ئەكىتىمىزمۇ، مەشەگە دەپنە قىلىمىزمۇ؟ — بۇ تۇراق دوكانىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئەكىلىمىز! — دېدى ھاكىم ئىككىلەنمەيلا.

گۈلنازنىڭ كىچىككىنە ئىشىكى ئەنسىز ئۇرۇلدى. بۇ چاغدا ھېلىقى بىر تەن ئىككى تەنگە ئايلانغانىدى. ھارغىن ئۆيقۇدىكى بۇ بەختىيار تەنلەر ئىشىكنىڭ ئۇرۇلغىنىنى زادىلا ئاڭلىمىدى.

— دادىسى بىلەن تەڭلا ئۆلدىمۇ نېمە بۇ ئوغرى! — بۇ يېڭى شۇجى ئوبۇلھەسەننىڭ سۆزى، — ھاكىمنىڭ يولىيورۇقىنى دەرھال ئىجرا قىلماي مېنىڭ بېشىم ئۇنىمدىيا! ...

5

ئۇلار يەنە بۇرۇنقىدەك چوڭ ئۆينىڭ ئىچكىرىكى ھويلىسىدا — يۈزدەك ئادەم يېكەنداز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرالايدىغان چوڭ مېھمانخانىغا جەم بولۇشتى.

تۇنۇگۈن كەچ نىساخان ھاجىم ئانىنى ئېلىپ سىمىز گۈلشەرىخان بىلەن ئورۇق گۈلجامال خېنىم ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلدى. بۇنداق چاغدا نىساخان ھاجىم ئانىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ چوڭ ئۆيگە جەم بولماي بولاتتىمۇ؟

ئۇلار — يەنى ئەستايىدىل، كەم سۆز چوڭ كۈيئوغۇل تۇردى كېرەم؛ تولا سۆزلەيدىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن گېپىنىڭ خاتاسى كۆپ بولغاچقا قاسىم قۇرباندىن تاپا - تەنە ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئىككىنچى كۈيئوغۇل ئوبۇلغازى؛ بۇ چوڭ ئۆينىڭ ھورىدا پىشقان سادىق، ئەمما غەيۋەتكە ئامراق قاسىم قۇربان؛ رەسمىيەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەچكە تومۇزدىمۇ تۆت يانچۇقلۇق كۆك خادانى چاپىنىنىڭ ھەممە تۈگمىلىرىنى چىڭ

ئېتىپ، سېرىق «مەپكۇرە شەپكىسى»نى تەرلەپ - پىشىپ كەتتىمۇ بېشىدىن ئالمايدىغان قوبىمەس شياۋجاڭ؛ رەسمىيەت ئۆچۈنلا كەلگەن، شۇڭا زېرىكىپ - ئەسنەپ ئولتۇرۇۋاتقان ھاجى قۇددۇس ئوخشاش ئەرلەر يېكەندازلاردىن ئورۇن ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ دۇمبىلىرىگە ماھۇق تەكىيلەرمۇ تاشلاندى. بۇ ئۆيدە يۇمشاق يېكەندازلار ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىشقىمۇ، جەينەكدەپ - قىيسىيىپ ئولتۇرۇشقىمۇ، ھەتتا سۇنايلىنىپ يېتىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئۆي ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەيمىنىدىغان ھاجىم ئاتىسى بۈگۈن يوق.

— مۇشۇ ئۆيدە ئىچمەيتىمىز جۇما! — دېدى ئوبۇلغازى مۈگدەپ سىگارىيان ئولتۇرغان قاسىم قۇربانغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ.

— مانا خاتا گەپ، — دېدى قاسىم قۇربان بۇرنى بىلەن پېشانىسىدىكى چىم - چىم تەرنى لۆڭگە بىلەن ئېرتىپ، — قۇيۇپ بەرسە مەسچىتتىمۇ ئىچىلىغۇ دەيمەن؟

— خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق، تازا ئىچىدىغان كۈن دەيمەن، — دېدى ئوبۇلغازى خاپا ئولتۇرغان ھاجى قۇددۇسقا قاراپ قويۇپ، — رېستورانغا باشلامدىكىن دېسەم ھاجى شۇكىلا ئولتۇرىدۇ. نەمرۇد ئاكىنىڭ بالىخانا ئۆيىگە چىقىپ ئولتۇرايلى بولمىسا.

— ئەجەب ئۆز ئۆيلىرىنى تىلغا ئالمايدىكەنلا، ئۇ جۇيجاڭ، — دېدى قاسىم قۇربان، — سىلىنىڭ ئۆيلىرىمۇ بولىۋېرىدۇ. بىرىنچىدىن، ئاتىمىزنىڭ سالامەت دوختۇرخانىدىن چىققانلىقى، ئىككىنچىدىن، ئىنىلىرىنىڭ شۆجى بولۇپ ئۆسكەنلىكى، ئۈچىنچىدىن، گۇلجامال خېنىمنىڭ ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغانلىقى، تۆتىنچىدىن، سىلىنىڭ بۇ قېتىم پېنسىيەگە چىقىدىغان كادىرلار تىزىمىغا كىرمىگەنلىكلىرى، تۆت خۇشاللىق دېسىلە. بۇنداق خۇشاللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىزگە كەلسە ئىگەكىم... ھەممىسىنى قويۇپ، ئاشۇ پېنسىيەگە چىقىدىغانلار تىزىملىكىگە كىرمەيلا قالغان بولسام يەتتە قوچقارنىڭ بېشىنى كېسىپ چوڭ چاي قىلىپ بېرەتتىم. قانداق دېدىم، قۇببەس شياۋجاڭ؟

— بەلەن گەپ قىللا جۇمۇ، قا جۇرېن، بىزمۇ پېنسىيەگە چىقىدىكەنمىزيا.

— نېمە دەيدىغانلا، سىلى ئەمدى ئەللىك تۆت ياشقا كىرگەن تۇرسىلا؟

— ئەللىك تۆت ياشقا كىرگەن بىلەن دەۋرگە يېتىشىپ ماڭالمىغۇدەكمەن. دېمىسىمۇ بىزدەكلىگە ئىشلىمەك تەس بولۇپ قالدى. پارتىيە مەكتىپى دېگەندە نەزەرىيە سەۋىيەسى بار، خەنزۇچىنىمۇ بەلەن بىلىدىغان، مىسالى ئۇكام نەمرۇدتەك ئادەملەر مۇدىر بولسا بولىدىكەن. بىزدەك ئادەملىگە شياۋدۇي، داۋيلەرگە بېرىپ نۇقتىدا ئىشلەش تازا باب كېلەتتى. كىگىزنى تۆت قاتلاپ كارىۋاتقا سېلىۋېلىپ قىشلىقى مەشرەپ، يازلىقى باغ تاماشىسى بىلەن خەلق ئۇچۇن بەلەن ئىشلەيتتۇق. يىگىرمە يىلنى شۇنداق ئۆتكۈزدۇق ئەمەسما؟ مانا ئەمدى بىزگە ئىش يوق. نەزەرىيە ئوقۇساق كاللىغا كىرمىسە، نەزەرىيە ئۆگەنمەك ماۋ جۇشىنىڭ سۆزلىرىنى يادلىماقتىن تەس ئىكەن جۇما! ياق، مەن پارتىيە مەكتىپىدە ئىشلىيەلمەيمەن. پېنسىيەگە ئىلتىماس يېزىپ قويدۇميا.

— بەلەن قىپلا، قۇببەس ئەپەندى، ئەمدى قالغان ئۆمۈرنى قارتا ئويناپ ئۆتكۈزەرمىز!

قاسىم قۇربانىنىڭ گېپىنى ئوبۇلغازى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى:

— ئەمدى ئاشخانىلاردا ئاڭلىغان پىتىنە ـ پاساتلارنى خەلقنىڭ ئىنكاسى دەپ مەجلىسلەردە ئوتتۇرىغا قويمايدىغانلا، قا جۇرېن؟

— يەنە خاتا گەپ قىلىلا جۇما، ئۇ جۇيجاڭ، كۆپنىڭ دەردى كۆپ دېسىلە، ئۇلار ئاشخانىدىمۇ، چايخانىدىمۇ، مەجلىسخانىدىمۇ، ھاجەتخانىدىمۇ سۆزلەيدۇ. بۇنى قانداقمۇ پىتنە - پاسات دېيەلەيلا؟ مەن يىغىندا دېمىسەم دەيدىغانلار چىقىدۇ. سىلىزە قاسىم قۇربان، پېنسىيەگە چىقسىلا قۇلىقىم تىنچىيدۇ دەيدىكەنلا - دە؟ تىنچىيالمايلا ئىگەكىم. ئەگرى ئىشلىرى تولىكەن جۇما. بۇگۈن چۈشتە يەنە شۇ چەينەك شورپىسى ئىچكىلى كىرىپتىم، كادىرلار، مۇئەللىملەر، بىكارچىلار ئاشخانىغا توشۇپتۇ. ھەممىنىڭ ئېغىزىدا بىرلا گەپ: لاچىننىڭ ئورنىغا قاغىنى قويدى، زېمىن لاچىن ئىدى، ئوبۇلھەسەن قاغا، كېلەر - كەلمەيلا ئۆيى زەللىگە توشتى. قۇرۇق قول بارساڭ قاپىقىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمايدىكەن، ھېچبولمىسا چۈجە پاقالچىقى كۆتۈرۈپ بارمىساڭ سالىمىڭنى ئىلىك ئالمايدىكەن دېيىشىۋاتىدۇيا!

— پىتنە - پاسات!

— نېمىشقا زېمىن شۈجىنى خەق يامان دېمەيدۇ ئەمىسە؟

— نەدىن بىلىلا؟ مەن يامان دەيمەن، مانا مەن دەيمەن: ئۇ بىر بىھايا، ئوغرى. ئۇنداق بولمىسا يۇزىنى داپتەك قىلىپ ئابلا ياۋاشنى ھەيدىۋېتىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە نىكاھسىز - قانۇنسىز كىرىۋالاتتىما! مەھەللە خەلقى غەزەپتىن كوچىغا نامايىشقا چىققۇدەك بولۇشتى، مانا بۇ پىتنە - پاسات ئەمەس، پاكىت!

ئولتۇرغانلارنىڭ بېشى چۈشتى. بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن ھاجى قۇببەس گۇركىرىدى:

— گۈلناز دېگەن قانجۇقنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، يۈزىمىزنى قويمىدى.

— زېمىننىڭ پاقالچىقىنى چاقتۇرۇۋېتىمەن، — دېدى قۇببەس شىياۋجاڭمۇ مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ چاپىنىدەك كۆكىرىپ، تاشقىرىقى ئۆيدە سۆزگە نۆۋەت كۈتۈشۈپ ئولتۇرغان

خېنىملار بۇ گەپكە ئۈلىشىپلا چۇقان كۆتۈرۈشتى:

— چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى!

— يۈزىمىزنى قويمىدى!

— سىلەردەك لۈم ـ لۈم ئەرلەرگە لەنەت!

— خەپ، نەمرۇد ئاكامنىڭ يوقلۇقى!

ئايالالارنىڭ پەريادلىرى، ئەرلەرنىڭ كۇشكۇرتۇشى هاجى قۇددۇسنىڭ غەزەپ ئوتىغا ماي بولۇپ چېچىلدى. ئۇنىڭسىزمۇ هاجى قۇددۇس بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا سىڭلىسى گۈلنازنىڭ مەست بولۇپ هوشسىز ياتقان زېمىننى ئېشەك هارۋىسى بىلەن ئۆيىگە ئەكەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ شۇ كۈنىلا سىڭلىسىنىمۇ، زېمىننىمۇ ئۆلگۈچە دۇمبالىماقچى بولغان. لېكىن، ئۇنى مۇشۇ تۇردى كېرەم توسۇۋالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنى هېچكىم توسۇۋالالمايدۇ، ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، ئۆيىگە كىرىپ ئەتىۋارلىق خەنجىرىنى يېنىغا ئېسىپ مۇلازىمەتخانىغا قاراپ ماڭدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار! — دېدى تۇردى كېرەم هاجى قۇددۇس خېلىغىچە كىرمىگەندىن كېيىن ئەنسىرەپ، — تەلۋىگە تاياق تۇتقۇزۇپ نېمە قىلماقچىسىلەر؟ ئەهۋال بىزگە بەلگىلىك. ئۇلار ناشايان ئىش قىلغىنى يوق. توي قىلماقچىدى، زېمىن هازىدار بولۇپ قالدى. ئاتىسى ۋاپات بولۇپ كېچىلەپ ئۇرۇمچىگە كەتتىيا!

ئۆيىنى يەنە جىمجىتلىق باستى.

— ئىسمائىل هاجى ۋاپات بوپتۇمۇيا!

— ئاتىمىزنىڭ بىر قېرىن، بۇ دۇنيالىقتا بىر تال ئىنىسى ئىگەكىم، — دېدى قاسىم قۇربانمۇ بۇرنى بىلەن پىشانىسىدىكى قويۇق تەرلەرنى لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ.

— هاجىم ئاتىمىزغا ياساتقان گۈمبەزنىڭ يېنىغا يەرلىك كولىتايلىمۇ؟ — دېدى ئوبۇلغازى هارا ۋە غەمدىن خالىي ئاۋاز

بىلەن.

— يوقسۇ، تېخى ئۇنداق يولىيورۇق يېتىپ كەلمىدى.

ھاجى قۇددۇسنىڭ چىقىپ كېتىشى بۇ ئۆيدىكى ئادەملەرنىڭ خۇشاللىقىنى بۇزالمىدى. مەيلى زېمىن بىلەن گۇلناز نېمىلەرنى قىلسا قىلىۋەرسۇن، ھاجى قۇددۇس ئۇلارنى قانداق ئەدەپلىسە ئەدەپلەۋەرسۇن، بۇ ئىشنىڭ ئوبۇلغازى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ئۇنىڭغا لازىمى ھازىرچە قازاندا پىشىۋاتقان پاقلان گۆشى، مۇنۇ داستىخانغا تولغان مېۋە ـ چېۋە، نان ـ توقاچ، قەنت ـ گېزەككە ئۇنىڭ رايى بولمىغىنىدەك، ئىسمائىل ھاجىمنىڭ ئۆلۈمىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن قىزىقچىلىقى يوقلا بىر ئىش. ئۇنىڭسىزمۇ ئىسمائىل ھاجىدەك نۇرغۇن «كېرەكسىز» ئادەملەر ئۇنىڭ نەزەرىدە ھامان ئۆلۈپ بولغان. پەقەت ئۆزىدىن ئۈستۈنلەر، پەقەت ئۇنىڭ خۇشامەت ۋە ماختاشلىرىغا چىرايلىق كۈلكىسى بىلەن جاۋاب بېرەلەيدىغانلارلا ئۇنىڭ ئۆمۈر خاتىرىسىدە ھايات. ئۇنىڭ نەزەرىدە مېڭىپ يۈرگەن ئۆلۈك ـ مۇردىلار، مۇردىغا ئايلىنىپ، سۆڭەكلىرى توپىغا ئايلىنىپ بولغان تىرىكلەرنىڭ يوقالماس تىزىملىكى بار. ئۇ مانا شۇ تىزىملىككە قاراپ ئىش قىلىدۇ، سۆز قىلىدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ. يەنە ئۇ بۇ تىزىملىكنى خۇددى كادىرلارنىڭ ئارخىپىنى رەتلىگەندەك پات ـ پات رەتلەپ تۇرىدۇ: بىرلىرىنى يازىدۇ، بىرلىرىنى ئۆچۈرىدۇ، بىرلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خىل توختىماس ئەمگەك ئادەملەر تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن داۋاملىشىدۇ. مىسالى بىر ئاينىڭ ئالدىدىلا زېمىن شۇجى ئۇنىڭ دەپتىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان يېرىدە ئىدى، مانا ھازىر ئۇ تامامەن ئۆچۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئوبۇلھەسەننىڭ ئىسمى يېزىلغان. كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئىنىسى ئاشۇ ئاچ كۆزلۈكى بىلەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ نەزەرىگە چۈشىدىكەن، شۇ ھامان ئۇمۇ ئوخشاشلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوبۇلغازىنىڭ ھايات دەپتىرىنىڭ ۋاراقلىرىدىن ئۆچۈرۈلىدۇ.

ئىسمائىل ھاجى قىيىنئاتىسىنىڭ — يەنى ئۇنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا ھاجىم ئاتىسىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇ ھاجىم ئاتىسىغا كېلىدىغان جەبىر - جاپالارنى بىر ئۆمۈر مۇرىسىدە ئەسكى خۇرجۇندەك كۆتۈرۈپ يۈرۈپ دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرمىگەن بولسا يەنە نېمە بوپتۇ؟ راھەت - پاراغەت ھەممىلا ئادەمگە تېگىشلىك بولىدىغان خانىقانىڭ ئۇمىچى ياكى خەلق گۆشىدىكى داش قازانلىرىنىڭ سۇيۇقئېشى ئەمەسقۇ. پەقەت ئاز سانلىق ئادەملەرلا بۇ راھەت - پاراغەتتىن بەھرىمەن بولالايدۇ، ئىسمائىل ھاجىدەكلەرمۇ راھەت - پاراغەت تەمەسىدە بولىدىغان بولسا ئوبۇلغازىلارغا نېمە قالىدۇ؟ ئۇ بىرلىرىگە ياخشى كۆرۈنۈش، بىرلىرىنى يەنە بىرلىرىگە يامان كۆرسىتىشنىڭ شۇنچە نازۇك، شۇنچە سىرلىق قانۇنىيەتلىرىنى بىكارغا ئۆگەنگەنمۇ؟

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسمائىل ھاجىمنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلاپ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن مۇنۇ تۇردى كېرەم بولسۇن، كۆز يېشى قىلىشقا ئۈلگۈرگەن مۇنۇ سېمىز ئەخمەق قاسىم قۇربان بولسۇن ياكى چۆچۈپ - ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن ئاۋۇ قۇببەس ئەپەندى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئوبۇلغازىنىڭ نەزەرىدە ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقىنى بىلمەيدىغان زامان بىلمىسىزلىرى. ئوبۇلغازىنىڭ نەزەرىدە: قېرىنداشلىق، دوستلۇق، يېقىنلىق، ساداقەت دېگەندەك گەپلەرنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن. ھازىر پەقەت غالىبلار بىلەن پالاكەت باسقانلارلا مەۋجۇت. غالىبلار پالاكەت تامغىسى بېسىلغانلارنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ مېڭىشقا ھەقلىق. چۈنكى، پالاكەت يەرگە يېقىن، غالىبىيەت ئاسمانغا.

— رەھمىتى جىق ئۈزۈلچىلىق تارتقانىيا، ئون يەتتە يېشىدا پومىېشچىك قالپىقى كىيىپ قىلىپ تۆرىخان ھاجىم چوڭ

ئاتىمىزنىڭ ھەممە تارتقۇلۇقىنى شۇ ئادەم تارتتى ئىگەكىم!

— راست، جىق ئۇۋالچىلىق تارتقان، مانا ئەمدى دۇمبىسىگە كۈننىڭ نۇرى چۈشۈۋىدى، راھەت كۆرىدىغان چاغدا ئۆلۈم!...

— تۇردى شۇجى، زېمىن ئۆي - جاي بىلەن پۇللارنى قايتۇرۇۋېتىمەن دەيمىشا؟

— تاپشۇرۇۋالدىم دەپ زېمىن ئەمەس، رەھمىتى ئىسمائىل ھاجى ئىمزا قويغانىيا، ئەمدى زېمىن ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ۋەج - ئاتا مىراسىنى ئاكا - ئۇكا تەڭ ئالىدىغان گەپ، ھاجىم ئاتىمىز ئىنسابلىق ئادەم ئىنىسىنىڭ بالىلىرىنى نائۇمىد قويمايدۇ.

— مۇنداق دېسىلە، دېمىسىمۇ ئاتىمىز ئۆيىنىڭ چوڭى، ئۆي - جاينىڭ كۆپى، پۇلنىڭ تولىسى شۇ كىشىگە، ئاشقىنى مەرھۇمغا تېگىدۇ دېسىلە؟

— شۇنداق بولمامتىكى!

— شۇنداقيا!

— ئىشنىڭ يولىمۇ شۇ.

— ئاڭلىسام، ھاجىم ئاتىمىز باغنىڭ ئورنىغا چوڭ مېھمانخانا سالدۇرارمىش. پېشانىسىگە «ھاجى ئىبراھىم مېھمانخانىسى» دەپ يازارمىش.

— تولا بەلەن، بەك بەلەن!

— ئىسمائىل ھاجى ئاكىمىز ھېچنېمىنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمىدى، — دەپ كۆز يېشى قىلدى قاسىم قۇربان بۇرنى بىلەن پېشانىسىنى توختىماي لۆڭگىدە سۈرتۈپ، — مەن ئاچامغا ئەگىشىپ بۇ ئۆيگە كەلگەندە ئون ئىككى ياشتا ئىدىم. ئىسمائىل ھاجىم ئون بەش ياشلىق بالا ھاجىم ئىدى. تۆرىخان ھاجىم چوڭ دادىمىز بىلەن ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەنىكەن. ئەممازە تولا ياۋاش، تولا كۆيۈمچان ئىدى. مالايلارمۇ بىنى قىنغ چىقىرىشقا، ئات سۇغىرىشقا سالاتتى. ئەممازە

ئىسمائىل ھاجىم مېنى بەگ دەيتتى. باشقىلار قاسىمەك، قاسىم چاۋا دەپ چاقىرسا، ئىسمائىل ھاجىم قاسىم بەگ، قاسىمجان دەپ تووۋلايتتى، ئۇ كىشى مەن بىلەن بىر تاۋاقتا پولۇ يەيتتى، تېخى گۆشنىڭ مايلىق يېرىنى مېنىڭ ئالدىمغا ئىتتىرىپ قوياتتى. شۇ يىلىسى تۆرىخان ھاجىم چوڭ ئاتىمىز ۋاپات بولغاندا، خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلغان بوتىلاقتەك بوزلاپ يىغلىغانمۇ شۇ ئىسمائىل ھاجىم...

— بەللى، بەللى، قا جۇرېن، — دېدى ئوبۇلغازى تاقەت قىلالماي، — ئىسمائىل پوم بولۇپ ئالدىمىزغا كەلگەندە باشقىلار پومېشچىك، پوم دەپ تووۋلىسا، سىلى ھاجىم دەپ تووۋلاپ سالغانلىرىنى ئېمىشقا دېمەيلا؟

— دېمەمتىمكى ! دەيمىيا، دېدىم قانداق؟

— قالپاقنىڭ خاتا كىيىلگەنلىكىنى بىلدىڭەنلا - دە؟

— بىلدىم. يا ئادەملەرنى ئەزمىسە، يا بىرىدىن بىر پۇڭچەن پايدا ئالمىسا. ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ ئاق سۈتى تېمىپ تۇرغان بالىغا ئون باشقا پاتقۇدەك يوغان قالپاقنى كىيدۈرۈپ قويسا بۇ ئىشنىڭ خاتالىقىنى كىم بىلمەيتتى. قانداق دېدىم، تۆردى كېرەم شۇجى؟

— راست، ئۇ چاغدا بىزمۇ خاتا بولدى دەپ ئويلىغان.

— ئەمىسە، ئەمىسە بۇ قالپاقنى ھاجىم ئاتىمىزغا كىيدۈرسە توغرا بولامتىيا؟ بۇ ئېمە دېيىشكەنلىرى؟

— پاچاقچىلىق قىلمىسىلا دەيمەن، بىز بۇنداق دېمىدۇق. ھاجىم ئاتىمىزنىڭ ئىلغار زات بولىدىغانلىقىنى بىز دېگەن سىلى ئىشتان كىيمەي شاپاق ئويناپ يۈرگەن چاغدا بىلىپ بولغان. ئېمە دەيدىغاندۇر ماۋۇ يېتىم !

قاسىم قۇربان غەزەپلىنىپ تىك ئولتۇرۇپ بېشىنى سىلاپ قويدى.

— بۇ گەپلىرى قاملاشمىدى، ئوبۇلغازى، — دېدى تۆردى

كېرەم ئوبۇلغازىغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، ـــ گەپ ئىسمائىل هاجىمنىڭ ئۇستىدە بولۇۋاتىدۇ. قاسىم قۇربان ئاكا توغرا ئېيتىۋاتىدۇ. بىچارە ئادەم هېچنېمىنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمىدى. بۇ ئادەم كۆڭلىدە كىرى يوق، ياۋاش ـ مۆمىن ئادەم ئىدى. چىۋىننىڭ جېنىنىمۇ ئاياپتتى !

ئۆي ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. قاسىم قۇربان ئۆلگۈچىگە چىن كۆڭلىدىن ئېچىنىپ يەنە كۆز يېشى قىلدى. ئۇنىڭ يادىغا تېخى يېقىنقى يىللاردىلا لىن بياۋنى، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش هەرىكىتىدە بىللە كۈرەش قىلىنغان ئەھۋال كەلگەنىدى.

... تۆت خىل ئۇنسۇرلار سەھنە ئالدىدا دۈمچىيىپ تۇرماقتا. رەئىس سەھنىسىدە قاسىم قۇربان سۆزلىمەكتە. بىردىنلا دۈمچەيگەنلەرنىڭ بىرى ئۇزاق سۆزگە بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە دۈم چۈشتى. مىنبەرگىلار ئۇنى تەپتى، قوللىرىدىن سىلكىپ ئۆرە تۇرغۇزدى. دۈم چۈشكۈچى، مۇشۇ يېزىدىكى بىردىنبىر سىنىپىي دۈشمەن، پومېشچىك ئىسمائىل هاجى ئىدى.

ـــ ئىسمائىل پومېشچىكنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش، ئۇنى پىپەن قىلىپ مەڭگۈ قوپالماس قىلىۋېتىش كۈرىشى باشلاندى !

دادۇي شۇجىسىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئادەملەر كەينى ـ كەينىدىن سەھنىگە چىقىپ سۆزلەشكە باشلىدى: «... ئىسمائىل قولدىن كەتكەن جەننىتىنى تىرىلدۈرمەكچى، قايتىدىن خەلقنىڭ بېشىغا مىنمەكچى، خەلقنىڭ قېنىنى شورىماقچى بولغان... ئۇ بۇغداي سۈيىنى ئالا تۇتقان، بىر قېتىم ئېتىزغا ئېشەك مىنىپ بارغان، قوناق ئارىسىدىن ئوت يۇلغان، قوناق شېخى بىلەن بېغىغا هاجەتخانا قىلىۋالغان، كۇڭزىنىڭ ‹ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەپكە قايت› دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ياشلارغا ئوقۇپ بەرسە

بولغۇدەك دېگەن، خەنزۇ شۇجىغا سالام قىلمىغان. بىر كادىر ئۇنىڭ ياماق چاپىنىنى كۆرسىتىپ «كىيگىلى قانچە يىل بولدى؟» دەپ سورىسا، ئۇ «ئاتام بىلىدۇ. بۇ چاپان ئاتامدىن مىراس قالغان» دەپ جاۋاب بەرگەن. ياشلار بىر زاغرىنى مازاق قىلىپ: «قاپلاندەك چىشى بار ئادەم يېمىسە بىز يېيەلمىدۇق!» دېسە، ئىسمائىل پوم: «ئەكىلىڭلار، مەن زاغرىنى كۆرسەم قاپلان بولۇپ قالىمەن» دېگەن. بۇ گەپلىرى نېمىدېگەن زەھەر.»

«ئۇر!»

ئېغىر ئەمگەك، قاتتىق زاغرا، جاپالىق تۇرمۇشقا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىسمائىل ھاجىدىن ئالماقچى بولۇشقان تەلۋىلەر ئىسمائىل ھاجىنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. ئۇ يەردە سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى. ئوغلى بىلەن ئايالى ئۇنى يەردىن يۆلەپ تۇرغۇزغاندا ئىسمائىل ھاجى سەھنىدە غادىيىپ ئولتۇرغان قاسىم قۇربانغا تولىمۇ تەسلىكتە كۆزلىرىنى ئېچىپ لاپ قىلىپ قارىدى: قاسىم قۇربانىنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. چۈنكى، قاسىم كىچىك ۋاقتىدا ھەر كۈنى زوقلىنىپ قارايدىغان، مېھىر ـ شەپقەت كۈتىدىغان كۆزلەر شۇ ئىدى.

ـــ ھەي ئىسىت، ئىسىت! ... ـــ قاسىم قۇربان بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

قاسىم قۇربانىنىڭ يىغىسى تۇردى كېرەمگە تەسىر قىلدى. ئۇمۇ كۆز يېشى قىلدى. تۇردى كېرەم ئىسمائىل ھاجى بىلەن قاسىم قۇرباندەك ئارىلاشقان ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان تونۇشى، ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭ كۆز يېشىنىڭ مەنبەسى: ئۇ «قولدىن كەلسە ياخشىلىق قىلغانغا يەتمەيدۇ» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ياخشىلىق قىلالايدىغانلىكى يەرلەردە ياخشىلىق قىلىدۇ. ئۇ بىر ئادەمنىڭ (بولۇپمۇ رەھبەرلەرنىڭ) بىر ئېغىز سۆزى ياكى بىر قۇر خېتى بىلەن يەنە بىر ئادەم (بولۇپمۇ ياشلار) بەختلىك

ياكى بەختسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھاجەتمەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاشقا ئادەتلەنگەن. ئۇنىڭ كەم سۆز بولۇپ قېلىشى شۇنىڭدىن كەلگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئالدىغا ھەر خىل ئىشلار بىلەن ھەر خىل ئادەملەر ھەر كۈنى كېلىپ تۇرىدۇ. بىرلىرى ئىش ئورنى ئىزدەيدۇ، بىرلىرى داۋالىنىشقا پۇل سورايدۇ، بىرلىرى ناھەقچىلىك ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ، يەنە بىرلىرى تەكلىپ ـ تەلەپلەرنى ئەكىلىدۇ، يەنە بىرلىرى يېقىنلىرىنىڭ ئەرز ـ دادىنى سۆزلەيدۇ، يەنە بىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ... مەيلى كىم، نېمە ئىش بىلەن كەلسۇن، تۇردى كېرەم ئەستايىدىل ئاڭلايدۇ، خاتىرىلەيدۇ، كىم بىلەن قاچان كۆرۈشۈپ جاۋاب ئېلىشى لازىملىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مانا شۇ تەمكىنلىكى ۋە ئەستايىدىللىقى ھېسابىغا رەھمەت ـ بارىكاللا، مەدھىيەلەر بىلەن بىللە تىل ـ ھاقارەت، تەنقىدلەرنىمۇ ئاڭلايدۇ. چۈنكى، ھالال، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرمۇ قارا نىيەت ـ ساختىپەزلەرگە ئوخشاشلا نۇرغۇن خاتالىقلارغا يول قويىدۇ. بەزىدە ھەتتا بۇ خاتالىقلىرى ھېلىقى قارا نىيەتلەرنىڭ خاتالىقلىرىدىنمۇ ئېغىر بولىدۇ. تۇردى كېرەم مانا مۇشۇنداق زىيانلار سەۋەبىدىن ناھىيەدە بىرنەچچە قېتىم ھاكىم نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ سايلىنالمىدى. ئۇ ھازىر ئۆسۈش، ئۆرلەش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچكەن. ئۇ يەنە تۆت ـ بەش يىل ئىشلىسە پېنسىيەگە چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قالغان بۇ بىرنەچچە يىلنى ياشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بېغىشلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلى كەڭ، كۆڭلى يۇمشاق، كۆڭلى يېرىم.

كۆز يېشى ئەنە شۇ كۆڭۈلنىڭ ئاۋازى.

ئۇلار جىمجىت ئولتۇرۇپ پاقلان گۆشى بىلەن غىزالىنىۋاتقاندا، ئۆيگە ۋارقىراپ سۆزلىگىنىچە گۈلئايشەم كىرىپ كەلدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نېمىشقا بۇنداق قىلىسىلەر، نېمىشقا ھازا ئاچمايسىلەر، ھېلىلا نەمرۇد ئاكامدىن تېلېفون كەلدى. ئاتامنۇ كەچنىڭ ئايروپىلانى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. جامائەت پەتىگە كىرىپ قىلىشى مۇمكىن، بولۇڭلار، قارىلىق باغلايلى، ھېلىقى دادامغا تەييارلىغان خەسە - داكىلارنى بەرسىلە!

ھاجى قۇددۇسنىڭ يېتىشلىك ئايالى بىلەن نەمرۇدنىڭ ياسانچۇق خانىمى ئەرلەرنىڭ بېلىگە خەسىدىن بەلباغ، ئاياللارنىڭ بېشىغا، بېلىگە ۋە چېكىسىگە داكىدىن قارىلىق يىرتىشقا باشلىدى.

كەچقۇرۇن ھاجى قۇددۇس «خانتاجى» ماشىنىسىدىن سەنتۈرۈلۈپ مەست بولۇپ كىرىپ كەلگەندە، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قارا باغلاشقانىدى، چىرايلىق ئايالى ئۇنىڭغا بەلباغ باغلىماقچى بولۇۋېدى، ھاجى قۇددۇس ئايالىنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى:

— نېمە، زېمىنەكنىڭ دادىسىغا ھازا تۇتامدىمەن؟ ھازا ئەمەس توي، ھا - ھا - ھا... مانا مۇشۇنداق كۈلىمەن، ناخشا ئېيتىمەن، تۇردىكام بىلەن قاسىمكام دىسكو ئوينايدۇ. ئادىلە، ئۇنئالغۇنى قوي، بۇگۈن توي، ئەتە زېمىنەك ئۆلگەندە بايرام بولىدۇ!

— ھاجىم، بۇ نېمە قىلغانلىرى!

تۇردى كېرەم بىلەن قاسىم قۇربان بىر - بىرىگە قارىشىپ قويىدى.

— مانا، مانا، بەللى، بەللى!

ئوبۇلغازى بىلەن قۇببەس ئەپەندىمۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ قويىدى.

— بۇ نېمە قىلىق، ھاجى ئاكا؟ — گۇلئايشەم يىغا ئارىلاش ۋارقىرىدى، — دادامنىڭ بۇيرۇقىنىمۇ ئاڭلىمامىلا؟ ئۇرۇمچىدىن ھازا ئېچىڭلار دەپ يولىيورۇق بەرگەن تۇرسا، نېمىشقا بۇنداق

قىلىلا، قۇددۇس ئاكا؟

— قۇددۇس، — ئېرۇسالىم ھېچكىمگە تەۋە ئەمەس! — دەپ چاقچاق قىلدى ھاجى قۇددۇس سىڭلىسىغا پەرۋا قىلماي، — ھەي خوتۇن، ئۈنئالغۇنى قوي!

— ھاجىم! — بوسۇغىدا بېشىغا ئاق ياغلىق سالغان، بېشىنى چېكىلىگەن، قارا كۆڭلەك كىيىپ بېلىگە ئاق بەلباغ باغلىغان نىساخان ھاجىم ئانا پەيدا بولدى، — ئاتىلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىسىلا دەيمەن، ھازا ئاچماي تۇرىسىلەرغۇ، قىزلار!

ھاجىم ئانا «ۋاي قېرىندىشىم!» دېيىشى بىلەن تەڭ گۈلشەرىخان بىلەن گۈلجامال كومانىدا كۈتۈپ تۇرغان تەنتەربىيەچىلەردەك ئۈنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ: «ئاتام!» دەپ تۇۋلاشتى.

ئاياللارنىڭ زىل ئاۋازلىق يالغان يىغىلىرى ئىچىدە قاسىم قۇربان بىلەن تۇردى كېرەمنىڭ مىشىلداپ يىغلىغان ھەقىقىي يىغىلىرىنى ھېچكىم ئاڭلىيالمىدى. بۇ گويا ھاجى قۇددۇسنىڭ يالغان كۈلكىسى ئىچىدە ئوبۇلغازىنىڭ ئىچىدە كۈلگەن ھەقىقىي كۈلكىسىنى ھېچكىم ئاڭلىيالمىغاندەكلا بىر ئىش بولدى.

يالغان بىلەن راستنىڭ رىقابىتىدە مانا شۇنداق يالغان ھامان راستنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. شۇڭا، ئادەملەر كۆپ ھاللاردا ھەقىقەتنىڭ ھازىدارى بولۇپ قالىدۇ.

نامازشامدىن كېيىن شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قوڭۇر قاپقىلىرىغا تۇچتىن ھالقىلار بېكىتىلگەن چوڭ ھويلا ئىشىكىدىن مەسچىت - مەسچىتلەردىن كەلگەن جامائەت سەپ - سەپ بولۇپ كىرىشكە باشلىدى. كەڭرى ھويلىغا گىلەملەر سېلىنىپ داستىخان ھازىرلانغان، بالىخانىلارنىڭ ئۇچۇق دېرىزىلىرىدىن ياش قارىيلارنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى ئاڭلىناتتى،

ئايـالـلارنىڭ چـۇرقـىراشقـان يـىغا ئـاۋازى ھەر قېـتىـم ئادەمـلـەر كىرگەندە ئەۋجىگە چىقاتتى ـ دە، تېزلا توختاپ قالاتتى. پەقەت بىرلا ئاۋاز ياش قارىيلارنىڭ قىرائەتىدەك مۇڭلىنىپ، توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئـاۋاز نىساخان ھاجىـم ئـانىـنىـڭ ئەتىۋارلىق قىزى، ھاجىم ئانام ئۆزى مەخسۇس ماشىنا ئەۋەتىپ ئەكەلدۇرگەن تەرسا قىزى گۈلنازنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئىـشـكى ئـالـدىدىكى كـۆتەكـتـە پـەرىجـىگـە ئورىـلـىـپ ئولتۇرۇۋالغان مولـلاق سـوپى بىـلـىگە بىـر كونا يـاغلـىقـنى باغلىۋېلىپ دەرۋىشلەردەك زىكرى قىلماقتا ئىدى:

يا ھەننان، يا مەننان،
بىزگە تەس، سىزگە ئاسان!
يا ھەننان، يا مەننان،
بىرلا تەن، بىرلا جان ...
... ھۇۋ ئاللا ھۇۋ ! ...

ئىككى كۈندىـن كېيىـن زېمىن تـۇراق دوكا بىلـەن بىللـە دادىسىنىڭ جەسـىتىنـى ۋىلايەت ئايـرودۇرۇمىدا ئايـروپىلانـدىـن چۈشۈرۈپ توڭلاتقۇ ماشىنىسىغا سالدى ۋە ۋىلايەتتىن ناھىيەگە قاراپ يولغا چىقتى.

جەسەت بېسىلغان ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا ئۇ تۇراق دوكا بىلەن ياندىشىپ ئـۈن ـ تىنسىـز ئولتـۇراتتى. ئۇ دادىـسىنىـڭ جەسىتىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىمۇ، ھەتتا ئىبراھىـم ھاجىـم ئۇنى قۇچاقلىماق بولۇپ قۇچاق ئېچىپ يىغلاپ كەلـگەندىمـۇ، ئۈن سېلىـپ يىغلىمىـدى. ئۇ بارلىـق يىغىـسىنى نـاھىيـەدىـن ئۆرۈمچىگە بارغۇچە يىغلاپ بولغان چېغى. ئۇ ئۈن ـ تىـنسىـز ئـاتـا جـەسـىـتـىـگـە قـاراپ ئـۇزاق جـىـم تـۇردى ـ دە، ئەتراپتىكىلەرنىڭ «قانداق قىلىمىز؟» دېگەن سوئالىغا قىسقا،

كەسكىن قىلىپ:

— ئەكىتىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى ۋە شۈنداق قىلدى.

جەسەت بېسىلغان ماشىنا ۋىلايەتتىن ناھىيەگە قاراپ ماڭغاندىلا قاراڭغۇ چۈشكەن. بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن شوپۇر ئاچالغا كەلدى:

— نە بىلەن ماڭىمىز؟

— قىسقا يول بىلەن!

— يول يامان.

— مەيلى!

يول قۇم - توپىلىق، بەزى يەرلىرى يېڭىدىن ياسىلىۋاتقان ئويمان - دۆڭ، كاتاڭلىق ئىدى، بەزى يەرلەردە ماشىنا يۇمشاق توپىغا پېتىپمۇ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا زېمىن يەردە ئۆمىلەپ يۈرۈپ قوللىرى بىلەن توپا تاتىلايتتى، بار كۈچى بىلەن ماشىنا ئىتتىرەتتى. ئۇ نېمىلا قىلسا تۇراق دوكامۇ ئۇن - تىنسىز شۈنى قىلاتتى. تۇراق گويا زېمىننىڭ بەدىنىنىڭ بىر قىسمىدەك، بۇيرۇقسىز، ئىشارەتسىز زېمىن بىلەن بىللە ئىشلەيتتى...

تۈن قويىنىدا ئىككى يېنىغا ئىرغاڭلاپ يالغۇز ماشىنا كېتىۋاتاتتى. ماشىنا كابىنكىسىدىكى ئۈچ ئەزىمەت يا گەپ قىلىشمايتتى، يا ئۇخلىمايتتى، يا تاماكىمۇ چېكىشمەيتتى. ئۇلار بۈنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئۆز يېزىسىدىن چاپانىنى مۈرىسىگە سېلىپ چىقىپ كېتىشكەندىمۇ، تەكلىماكان قويىنىدا قۇم بارخانلىرىنى ئارىلاپ، تارىم بويلىرىدىكى توغراقلىقلار ئارىسىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئاشۇنداق جىمجىت مېڭىشقانىدى. ئۇلار يەنە ئالتاي يايلاقلىرىدا تېرە - يۇڭ سودىگىرى بولۇپ يۈرگەندىمۇ، غۇلجا يېزىلىرىدا تام سوقۇپ، كېسەك قۇيۇپ يۈرگەنلىرىدىمۇ، قاراڭغۇ خاڭلاردا زاغا مىلىنىپ تەرلەپ - پىشىپ قىشلارنى چىقارغان يىللاردىمۇ مانا شۇنداق نۇرغۇن

ۋاقىتنى ئۇن ـ تىنسىز بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشۇپ ئۆتكۈزگەن. ئەلۋەتتە، ھەممىلا گەپنى تىل بىلەن ئىپادىلەشنىڭ ھاجىتى يوق، بەزى گەپلەرنى زۇۋان سۇرمەيمۇ ئۇقتۇرغىلى بولىدۇ ـ دە، لېكىن ئۇلار ياشلىقىدا نۇرغۇن گەپلەرنى مۇڭلۇق ناخشىلار بىلەن بىر ـ بىرىگە ئۇقتۇرۇشقان. ئۇ ناخشىلارنىڭ كۆپ قوشاقلىرىنى ئۇلار ئۆزلىرى توقۇغان. گەرچە بەزى قوشاقلار قوپال ئاڭلانسىمۇ، لېكىن ئۇ قوشاقلار يىگىتلەرنىڭ يۈرەك ساداسى، دەرد ۋە ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەنىدى.

لېكىن، بۈگۈن ناخشا ئېيتىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە مۇسىبەت بۇلۇتلىرى بىللە ماڭماقتا. ئۇلارنىڭ كەينىدىكى كۆل رەڭ ساندۇقنىڭ سوغۇق قوينىدا ھاياتقا بىر ئۆمۈر ئاشۇ ساندۇقتەك سوغۇق قاراپ ئۆتكەن بىر ئاق كۆڭۈل دېھقاننىڭ جەسىتى بار. بۇ جەسەت يىگىتلەردىن ناخشا ئەمەس، كۆز يېشى، مۇڭ ـ مۇسىبەت تىلەيدۇ. ماشىنا تاڭ يورۇماستا ئىسمائىل ھاجىنىڭ بىر ئۆمۈر ياشىغان قوپقورۇق ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە توختىدى. ئۇلار جەسەتنى ئاۋايلاپ يەرگە چۈشۈردى ۋە ئىسمائىل ھاجى ھايات ۋاقتىدا دائىم سۇنايلىتىپ ياتىدىغان كات ئۈستىگە ئاۋايلاپ ئوڭدا ياتقۇزدى.

ئىسمائىل ھاجىنىڭ ئاستىدا كونا قېلىن تاختاي، ئۈستىگە ئاق رەخت يېپىلغان. زىبىمىن ئاتىسىنىڭ يۈزىنى ئېچىپ قويدى. ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى ئۆز قولىدا تىكىلىپ چوڭ بولغان دەرەخلەر يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ ھازا ئېچىشتى. نەدىندۇر قارا ئىت پەيدا بولدى. ئۇ قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ ئاۋۋال ئىگىسىنى پۇراپ ئىڭىشدى، ئاندىن ئاسمانغا قاراپ ئەنسىز ھۇۋلىدى.

مانا شۇ چاغدا زىبىمىن دادىسىنىڭ جانسىز قوللىرىنى يۈزىگە يېقىپ جەسەت ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بۇقۇلداپ قاتتىق يىغلىدى:

ــ باقالمىدىم، كۆتەلمىدىم، جاپاكەش دادا !...

زېمىنغا قوشۇلۇپ تۇراق دوكا بىلەن شوپۇرمۇ ئۇن سېلىپ يىغلىدى.

ئاتىغا بولغان مۇھەببەت، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان ئېچىنىش ئۇچ يىگىتكە چەكسىز ئىلھام ئاتا قىلغان چېغى، ئۇلارنىڭ چىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان يىغىسى بىردەمدىلا پۈتۈن مەھەللىنى ئويغىتىۋەتتى. بىردەمدىلا هويلا، ئىشىك ئالدىلىرى ئادەملەر بىلەن تولدى. هويلا، ئۆيلەرگە گىلەملەر سېلىنىدى. قازانلار ئېسىلدى، جىنازا، تاختىپوشلار كەلتۈرۈلدى. بامدات بىلەن تەڭ ئىسمائىل هاجىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلگەندە، يېزا ـ يېزىلاردىن كەلگەن ئات ـ ئۇلاغ، ئۆكۈز ـ ئېشەك هارۋا، ماشىنىلار مەھەللىنىڭ كوچا ـ كوچىلىرىغا تولۇپ كەتتى.

«زېمىن شۇجىنىڭ دادىسىنىڭ نامىزى ئىكەن !» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر ئادەم ئىشىنى قويۇپ ئىسمائىل هاجىنىڭ تاشلاندۇق ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.

بىلىگە ئاق باغلىغان هازىچىلار جىنازىغا ئەگىشىپ يىغا بىلەن ماڭغاندا، كۆپچىلىكنى هەيران قالدۇرىدىغان يىغىچىلار پەيدا بولدى: بۇلار ئىسمائىل هاجىنىڭ بالىلىرى ئىسرائىل، هاۋاخان، ئىمىنجان، هاۋاخاننىڭ كىچىك بالىلىرى ئىدى.

خىلمۇخىل لاتىلاردىن ئەلەم ـ تۇغلار قادالغان قەبرىستانلىق كەچقۇرۇن جىمىپ قالغاندا قەبرىستانلىقتا زېمىن دادىسىنىڭ توپا دۆۋىلەنگەن قەبرىسى يېنىدا تىزلىنىپ مۇڭ بىلەن ئولتۇردى. ئۇ قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى بىلمەيدۇ. بىرىنىڭ قولى مۈرىسىگە چۈشتى. ئۇ قايرىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ يېنىدا قارا كۆڭلەك كىيگەن، ئاق ياغلىق ئارتقان گۈلناز تولا يىغلاپ قىزارغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئانىنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى ئوغۇل يادىكار بىلەن ئىنئاممۇ كۆزلىرى

قىزارغان ھالدا ئۆمچىيىپ تۇراتتى. زېمىن ئورنىدىن تۇرۇشىغىلا گۈلناز ئۇنىڭغا تاشلاندى. ئۇ زېمىننىڭ ئورۇق گەۋدىسىنى قۇچاقلىدى، ساقاللىرى ئۆسكەن، بۇرنى قىڭراقتەك بولۇپ قالغان گۆشسىز يۈزلىرىنى سىلىدى ۋە بالىلارغا قارىدى.

— دادا! — دېدى بىردىنلا يادىكار ئۆزىنى زېمىنغا تاشلاپ ھۆڭگىرەپ يىغلاپ.

— دادا! — دېدى ئاكىسىنى دوراپ ئىنىئاممۇ.

— مەن ھەممە گەپنى بالىلارغا ئوچۇق دېدىم!

— ياخشى قىپسەن، گۈلناز، ئۆزىمىزنى ئالدىساق مەيلى، بالىلارنى ئالدىمايلى.

ئۇلار ئىسمائىل ھاجىدىن قالغان كونا، ئەمما دەرەخلىك ئۆيگە كۆچۈپ كەلمەكچى، بۇ ئۆيدىن بىر ئاتا ئۇ ئالەمگە ئۆزىغان بولسا، يەنە بىر ئاتا پەيدا بولماقچى، دادىسى قىلالمىغان ئىشلارنى ئۇنىڭ ئوغلى قىلماقچى، زېمىن ئەمدى ھاياتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى — بىر ئائىلىنىڭ ئاتىسى بولۇپ ئۇستىگە ئېغىر يۈك ئارتىش باسقۇچىنى مۇشۇ تاشلاندۇق ئۆيدىن باشلىماقچى بولدى.

بىر ئادەم ئۇچۇن ئىككى يەردە ھازا ئېچىلدى. بىرىگە يۇرتنىڭ كاتتىلىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە نامدار ئادەملەر كۆپرەك پەتىگە باردى. يەنە بىرىگە بۇ يەرنىڭ دەردىنى تولا تارتقان پۇقرالار پەتىگە باردى. بىرى، ھەشەمەتلىك، بىرى، ئاددىي. ھەشەمەتلىكى سۇنئىي، ئاددىيسى تەبىئىي. بۇ پەرق ھازىدارلارنىڭ يىغىسىدا، كەلگۈچىلەرنىڭ چىرايلىرىدا ئېنىق ئىپادىلەندى.

دادىسىنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى بىر-بىرلەپ بولغاندىن كېيىن زېمىن ئىنى-سىڭىللىرىنى يىغىپ پاراڭلاشتى. بۇ پاراڭ ئىنى-سىڭىللىرى ئولتۇرۇۋاتقان ھېلىقى ئۆيدە، نەق مۇشۇ

ئۆيدىن كۆچۈپ كېتىش توغرىسىدا بولدى.

— ياق، — دېدى ئىمىنجان قاتتىق خاپا بولۇپ، — سەن ئۆز ئۇلۇشۇڭدىن ۋاز كەچسەڭ مەيلى، بىز كەچمەيمىز.

— كۆچسەكمۇ كۆچىلى، پۇلنى قايتۇرمايلى، — دېدى ئىسرائىل تەستە ئاكىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ، — يوقسۇزچىلىق جېنىمىزغا بەك پاتتى.

— سىلەر نېمە دېسەڭلار مەن شۇ، — دېدى ھاۋاخان كۆز يېشى قىلىپ، — ئانام ئىككىمىز تۇل خوتۇن، ئىككى يېتىممۇ بار.

— بىز بىر ئائىلە، — دېدى زېمىن قېرىنداشلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ سىلىق، مېھرىبانلىق بىلەن، — بىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىللە ئۆتىمىز. مەن بۇ ئائىلىنىڭ چوڭى. مەن قولۇمدىن كېلىشىچە سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارنى ياخشىلاشقا تىرىشىمەن. ئۆزۈم قىينالساممۇ سىلەرگە قىينچىلىق تېپىپ بەرمەيمەن. يېمىسەممۇ، كىيمىسەممۇ سىلەرنى توق يېگۈزۈپ، توق كىيدۈرۈپ، سىلەرنى بەختلىك قىلىشقا ۋەدە بېرىمەن. ئەمما، سىلەر مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىشىڭلار، مەن دېگەننى قىلىشىڭلار كېرەك! ...

— ھەرقانداق گېپىڭنى ئاڭلايمىز! — دېدى ئىمىنجان ئۆزۈن چاچلىرىنى سىلىكىپ قويۇپ، ئاكىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — گېپىڭنى ئاڭلايمىز، ئەمما بۇ ئۆيدىن كۆچمەيمىز. دادىمىزنىڭ ھالال ھەققى بۇ، نېمىشقا بىكاردىنلا بېرىۋەتكۈدەكمىز؟

قالغانلار جىمجىت، تىرنىقىنى تاتىلاپ ئولتۇرۇشتى. بۇ ھال ئۇلارنىڭمۇ ئىمىنجاننى قوللاۋاتقىنىدىن دېرەك بېرەتتى. دېمىسىمۇ بۇ ئۆي ـ جاينى ئىسمائىل ھاجىغا قايتۇرۇشقا ھېچقانداق توسقۇنلۇق قالمىغان. توسقۇنلۇق بىرلا: زېمىنىنىڭ غۇرۇرى ئىدى. ئۇ باشتىلا بۇ ئىشقا قارشى چىققان. لېكىن، ئۇ

بىلىدۇ: ھوقۇق ۋە كۈچكە تايىنىپ نۇرغۇن ئىشلار ھەل بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئىشلار بەلگىلىمە، سىياسەت، قانۇنلارغا خىلاپ بولسىمۇ، ھەل بولغاندىن كېيىن خىلاپ بولماي قالىدۇ. قانۇنسىز بولسىمۇ، كېيىن قانۇنلۇق بولۇپ قالىدۇ. دادىسىنىڭ نامىغا ھەل بولغان بۇ ئىشمۇ شۇنداق. بۇ دەۋاننىڭ ئىگىسى ئالەمدىن ئۆتكەن. دادىسىنىڭ تاپشۇرۇۋالدىم دېگەن ئىمزاسى بىر ئۆلمەس پاكىت بولۇپ تۇرۇپتۇ. گەرچە دادىسى بىر قورساق ئاكىسىغا بولغان قېرىنداشلىق مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت ـ ئىشەنچ سەۋەبىدىن «نېمىگە، نېمە ئۈچۈن قول قويىمەن؟» دەپ سورىمايلا ئاق قەغەزگە ئۆز قولى بىلەن قول قويۇۋەتكەن بولسىمۇ... ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايدىن ئىسمائىل ھاجىنىڭ بالىلىرى ۋاز كەچكەن تەقدىردە، ئۇنىڭ ئاكىسى بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي دەۋاگىرى ئىبراھىم ھاجى ۋاز كەچمەيدۇ، ھەممىگە ئۇ يالغۇز ئىگە بولۇۋالىدۇ ـ دە، زېمىن مۇنۇ قېرىنداشلىرىنىڭمۇ نەپرىتىگە قالىدۇ...

— نېمىشقا كۆچەتتۇق؟ بۇ يەر يېزىدىن ياخشى تۇرسا، ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىقساق كاۋاپ، مانتا، چەينەك شورپىسى، توخۇ گۆشى، ماروژنى، دۇغلارمۇ تەييار ئىكەن. نېسىگىمۇ بېرىۋېرىدىكەن، نېمىشقا كۆچەتتۇق، كۆچمەيمىز. ئۈچىڭلارنىڭ تويىنى قىلىمىز. مىڭ ئادەم ئۈسسۇل ئوينىغۇدەك ھويلىسى بار ئىكەن. مەشرەپ قىلايلى، پۈتۈن خەلق مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئۈسسۇل ئوينىسۇن، سۇلايمان ماتاچىنىڭ ئۆيىگە مەشرەپكە كىرسەك چاپىنىنىڭ ئەسكى دەپ ھەيدىۋەتتى، ھەممە ئادەم گۆش يېسە بىز زاغرا غاجاپ قاراپ ئولتۇردۇق. ياق، كۆچمەيلى...

— ئانا! — دەپ سۆزلىگۈچىگە ئالايدى كىچىك ئوغلى ئىمىنجان تومپاي، يالغان ئۇزۇك سېلىۋالغان قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — ماڭ جوغۇ، بىزگە ئارىلاشماي بىر تەلەڭگە دۇغ ئەكىرە!

زېمىن ئىنىسىغا ئالىيىپ قويدى ـ دە:

— ئولتۇرسىلا، ئانا، ئولتۇرۇپ سۆزلىسىلە قېنى! — دېدى ۋە ئىمىنجانغا بۇرۇلۇپ، — ئۇكام، سەن ئەتىلا مەكتىپىڭگە ماڭ. يەنە ئۈچ يىل غەيرەت قىلساڭ ئوقۇشۇڭ پۈتىدۇ. بىزنىڭ ئۇرۇق ـ پۇشتىمىزدىنمۇ ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن بىرەرى چىقىپ باقسۇن. بۇ يەردىكى ئىشلارغا سەن ئارىلاشما، ئاكا ـ ھەدىلىرىڭ ھەل قىلالايدۇ.

— نېمە؟ مېنى بۇ يەردىن كەت دەمسىنا؟ ياق، ئەمدى ئوقۇمايمەن. ئوقۇغاننىڭ نېمە پايدىسى بار ئىكەن. ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزۈپ كەلسەم ئاران يۈز نەچچە كوي ئالىدىكەنمەن. يۈز نەچچە كوي دېگەننى نان ساتىدىغان، تاماكا ساتىدىغان خوتۇنلار بىر كۈندە تاپالايدىكەن. ياق، مەن ئوقۇمايمەن. دەرۋازا يېنىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى دۇكان قىلىمەن، دۇكان ئاچىمەن، «ھاجى قۇددۇس» دېگەن نېمە بىلەن بەسلىشىمەن. بەش يىلغا قالماي مەن ئۇنى ناھىيە بازىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۈچ قەۋەتلىك رېستوران سالىمەن، مېنىڭ پىلانلىرىم چوڭ. ئاكا، سەن ئىسلاھاتچى بولساڭ مېنى قوللا، ماڭا ياردەم قىل!

ئۆمرىدە قولىغا يۈز يۈەن نەق پۇل كىرمىگەن، ئەمما ئوڭدا يېتىۋېلىپ ئۆزى بىلىدىغان ھەممە راھەت ـ پاراغەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك سارايلىرىدا خىيالەن مېھمان بولىدىغان ئىنىسىنىڭ ئوتتۇز ـ قىرىق مىڭ يۈەن پۇلنى كۆرۈپ تۇزگەن پىلانلىرى زېمىنغا ئايان. ئۇنىڭ ئاشۇ خىيالى ئاشۇ پۇلدىن يالغۇز پايدىلىنىش، ئۇنىڭ گەپلىرىگە ياۋاش ئىسرائىل بىلەن توخۇ يۈرەك ھاۋاخان ماقۇل دەيدۇ، كۆلۈپلا تۇرىدىغان، يېپىش بىلەن ئۇخلاشتىن باشقىغا زوقى يوق، بودىلىۋاتقان قېرى كالىدەك كۈندىن ـ كۈنگە بوشىشىپ كېتىۋاتقان ئانىسى داناگۈل ئاشۇ كۆلكىسى بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرىدۇ. ئىمىنجان ئوقەت قىلىمەن، دۇكان ئاچىمەن دەپ نەق پۇلنى تۈگەتكەندىن كېيىن

ئاۋۋال دۇكانلارنى، ئاندىن كېيىن ئۆيلەرنى، باغنى بىر ـ بىرلەپ سېتىپ خەجلەيدۇ ـ دە، ئاخىرىدا ئۆزى دېگەندەك بەش يىلغا قالماي ھەممىدىن ئايرىلىپ ئاندىن ئانا ۋە قېرىنداشلىرىنى يېزىدىكى ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئاچىقىپ قويۇپ ئۆزى جاھانكەزدى بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئېنىق — ئىسمائىل ھاجى ئەۋلادىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد سەرسانچىلىقى باشلىنىدۇ. ياق ، زىيمىن بۇنىڭغا يول قويالمايدۇ. ئۇ ئىنىسىغا ئالىيىپ، تىكىلىپ قارىدى:

— سەن قەتئىي ئوقۇشۇڭغا ماڭىسەن. ئىسرائىل، بۈگۈنلا بېرىپ ئىككى دانە ئاپتوبۇس بېلىتى ئەكەلگىن. مەن بىر ئادەم قوشىمەن. ئىمىنجاننى يولغا سېلىۋېتىدۇ. ئۇكام ئىمىنجان، داداڭنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئېسىڭدە تۇت: دادام سېنى ئۆزىدەك ئۆمىلەپ ئۆمۈر ئۆتكۈزىدىغان ئادەم بولمىسۇن، ئاسماندا پەرۋاز قىلالايدىغان ئادەم بولسۇن دەپ تىرنىقى بىلەن يەر تاتىلاپ، بىر دان تاپسىمۇ سەن ئۈچۈن يىغىپ ـ ئاياپ سېنى ئوقۇتقان!

— مودىدىن قالغان گەپلەر! — دېدى ئىمىنجان قولىنى سىلكىپ.

— ھايۋان! — دېدى زىيمىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — ئاتا ئارزۇسى مودىدىن قالامدىكەنا؟

— دادامنىڭ گېپى ئەمەس، سېنىڭ گېپىڭ بۇ!

— مېنىڭ بولسا نېمە بوپتۇ؟ ماڭا دادامدەك ئادەملەر ئۆگەتكەن. ھاياتتا مۇشكۇلچىلىك بولمىسا، گۈزەل ئارزۇمۇ بولمايدۇ. مۇشكۇلچىلىكنى قانچە كۆپ تارتساڭ، گۈزەللىككە شۇنچە تەشنا بولىسەن، ئارزۇيۇڭ شۇنچە گۈزەل بولىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ مۇشەققىتى بولمىغان بولسا، «جەننەت» دېگەن ئۇقۇم بولمايتتى. ئىشچىلارنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچلىقى، يوقسۇزچىلىقى، بىگۇناھ تۆكۈلگەن قانلىرى بولمىغان بولسا، ماركس

كوممۇنىزمنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان بولاتتى. ئۇكام، پەرۋاز قىلالىغان ئادەملا يەردە ئۆمىلەپ يۈرۈشنىڭ قانچىلىك زۇلۇم ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ. سەن كۆز ئالدىدىكىنىلا كۆرىدىغان تۆۋەن قاتلام پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان ئوخشايسەن. بۇ قاتلامدىكىلەر يېيىش، ئۇخلاش، كۆڭۈل ئېچىشنىلا بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتتىن ئالىدىغان لەززىتى تولىمۇ چەكلىك، تولىمۇ ئاز، تولىمۇ چاكىنا. سەن خەلقىڭنى، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئويلىيالايدىغان يۇقىرى قاتلامدىكى پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىشكە تىرىش. شۇ چاغدا بايىقىدەك بولمىغۇر گەپلەرنى قىلمايدىغان بولىسەن!

زېمىن بۇ سۆزلەرنى سۆزلەۋاتقاندا ئۇنى ئىنىسىغا قارىتىپ ئېيتىۋاتقىنىنى ئۇنتۇغان: ئۇنىڭ ئالدىدا گويا ئۆزىنىلا ياكى ئۆز يېقىنلىرىنىلا ئويلايدىغان، لېكىن ئۆزلىرىنى ئالىيجاناب، مىللەتنىڭ ۋەكىلى ھېسابلايدىغان مىڭلىغان ئادەملەر ئولتۇرغاندەك ئىدى.

ھويلىسى ئېگىز ئۈزۈم بارىڭى، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپى قاتار ئۆيلەر. ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستى بىلەن كىرسىڭىز چوڭ قوش ئىشىك، سەككىز پەلەمپەي بىلەن چىقىدىغان بۇ قوش ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى تۈپ ئانار دەرىخى، بەلكى بۇ دەرەخ يۈز يىللىق دەرەختۇر. ئۇنىڭ شاخلىرى ئەتراپقا سايە تاشلاپ پۈتۈن ھويلىغا سالقىنلىق ۋە گۈزەللىك بېرىپ تۇرۇپتۇ. پۈتۈن ياز بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە دەۋاگەرلەر، ئىش پۈتكۈزگۈچىلەر، ھەتتا بىكارچىلار سايىدايدۇ، قارتا ئوينايدۇ، ھەتتا ساز چېلىپ سورۇن قۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىشىدۇ. شۇنداق، بۇ يەر ئۇزاقتىن بېرى خەلقنىڭ بولۇپ كەلگەن. قوش ئىشىكتىن كىرگەندە ئۇدۇلدا چوڭ ئۆي بار. بۇ ئۆي مەجلىسخانا (ئۆز ۋاقتىدىكى مېھمانخانا)، بۇ خانىنىڭ باغقا قارىغان قاپقىلىق دېرىزىلىرى بار. ئۈستى ۋاسا جۈپ، ئاستى

قىلىن تاختاي، تاملىرى ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى نەقىش گۈللىرىنى ساقلاپ قالغان. گەج بىلەن ئاقلانغان، كۆك خىشتىن ئۆرە بولغان. بۇ ئۆي ئۆزىنىڭ يۈز يىللىق تارىخى بىلەن كىشىگە ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئەتراپتىكى قالغان ئون ئىككى ئېغىز ھەر خىل چوڭلۇقتىكى ئۆيلەرنىڭ ئالتە ئېغىزى مۇشۇ ئۆيدەك ئۇستى ۋاسا جۇپ، ئاستى تاختاي، قالغان ئۆيلەرنىڭمۇ تاملىرى نەقىشلەنگەن، ئۇستى چىرايلىق يېپىلغان، دېرىزىلىرى قاپقىلىق، ئىشىكلىرى نەپىس ـ پۇختا.

مەجلىسخانىنىڭ ئىچىدىن باغقا چىقىدىغان ئىشىك بار. بۇ ئىشىكتىن چىققاندا كەڭ پېشايۋان، ئەتراپى رېشاتكىلىق بۇ پېشايۋاننىڭ تېگىگە خىش ياتقۇزۇلغان. بۇ، ئۇزاق يىل يازلىق مەجلىسخانا، بەزىدە سەھنە، بەزىدە ئىسكىلات بولۇپ كەلگەن. مانا بۈگۈن بۇ يەرمۇ قۇپقۇرۇق. پېشايۋان پەلەمپەيدىن ئەتراپى قويۇق مېۋىلەر ئوراپ تۇرغان خىش ياتقۇزۇلغان يول بىلەن ماڭسا كۆلگە بارىدۇ. كۆلنىڭ سۈيى سۈزۈك، ئەتراپى قويۇق دەرەخلىك. كۆلنىڭ ئوڭ تەرىپى ئىككى مودىن جىق يەر ئاق، بۇرۇن بۇ يەر مېۋىلىك باغ، شىپاڭ ۋە گۈللۈك ئىدى. كېيىن بۇزۇلۇپ بىر مەزگىل كۆكتات تېرىلغان، بۇ يەرنىڭ كىرىمى بىلەن گۇڭشې كادىرلىرى قورقماستىن يەپ ـ ئىچىپ، مېھمان كۈتۈپ كەلگەنىدى. مانا ھازىر بۇ يەرمۇ ئاق. ئەتىياز بۇ يەرگە ئۇستى يېپىق بازار قۇرماقچى بولۇشقاندا، بۇ ئىشقا ھاجىم ئارىلىشىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەلىيلەشمىگەن...

زېمىن ئىنىلىرى بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىپ بىر يەرگە كېلەلمىگەندىن كېيىن ھويلا، ئۆي، باغلارنى ئارىلاپ خىيال بىلەن ئۇزاق ماڭدى. گۈلناز بىلەن تۆت ئېغىزلىق بىكار ئۆيگە كۆچۈپ كەلسە گۈلنازمۇ، بالىلارمۇ خۇش بولىدۇ. ئۆزىمۇ راھەت ـ پاراغەتكە ئىگە بولىدۇ. گۈلنازغا دۇكان ئېچىپ

بەرسە، ئۇ جىگەرلىك ئايال ئىمىنجانغا قارىغاندا ئوقەتنى ياخشى يولغا قويالايدۇ. لېكىن، باشقىلار قانداق ئويلايدۇ، ئۇنىڭ ۋىجدان ئازابىچۇ؟

ئۇ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە خۇددى بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ئۆز - ئۆزىدىن خىجىل بولدى. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن گەجگىسىنى سىلاپ قويۇپ نېمىلەرنىدۇ ئويلاپ قايتىدىن روھلاندى - دە، هويلىغا چىقىپ ۋېلىسىپىتنى مىندى ۋە شەھەرنىڭ سىرتىدىكى دادىسىنىڭ يېزىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ يەردە تۇراق دوكا ئادەملىرى بىلەن خۇمدان ياسىماقتا. خۇمداننىڭ نېرىسىدىكى تەبىئىي قومۇشلۇقنىڭ ئەتراپىنى ئېگىزلىتىپ، كۆلمۇ ياسىماقچى. زېمىن تۇراق دوكانىڭ ئون نەچچە ئادىمى، يەنە بىرنەچچە دوستلىرىنىڭ تىراكتور - ماشىنىلىرى بىلەن خۇمدان بىلەن كۆلنى تەييارلىماقچى، دادىسىنىڭ كەڭرى هويلىسىنىڭ بىر يېنىغا ماي زاۋۇتى قۇرماقچى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ كەم - كوتىسى ئۇچۇن ئۆزى چېپىشى كېرەك. ئۇ ماڭسا يوللار راۋان، ئىشلار ئاسان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ بىرنەچچە يىل يېزا رەھبىرى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا نۇرغۇن ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلغان، نۇرغۇن ئىشلارنى هەل قىلغان. ئەمدى ئۇ هاجەتمەن بولۇپ باشقىلارنىڭ ئالدىغا بارغاندا ياخشىلىقىنىڭ جاۋابىنى ئالىدۇ - دە.

ئۇ ۋېلىسىپىتنى تېز هەيدەپ شەھەر سىرتىدىكى كۆۋرۈككە كەلگەندە، ئۇنىڭ قارشىسىدىن كېلىۋاتقان «جىپ» توختىدى - دە، ماشىنىدىن رىشات بۇجاڭ چۈشتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم زېمىن شۇجى، — دېدى بۇجاڭ چاقچاق بىلەن، — نېمانداق سىلىنى تاپقىلى بولمايدۇ. سىلىنى ئىزدەپ ئۆيلىرىگە بېرىپ كەلدۇق، ئىشلار جايىدىكەن جۇما!

— چوڭ ئىش قىلالمىغاندىكەن، ئۇششاق - چۈششەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلارنى قىلايلى دېدۇق.

— ۋىلايەتتىن سىلىنى سۈيلەپ نەچچە قېتىم تېلېفون كەلدى. ھېچبولمىسا بىرنى رۇخسەت سوراپ كەلسىلە قانداق بولاركىن؟

— مەن ئۇ يەرگە بېرىشنى رەت قىلدىم. يەنە نېمىشقا رۇخسەت سورىغۇدەكمەن؟ رۇخسەت سورىدى دېگەن سۆز شۇلارنى ئىقرار قىلدى دېگەن سۆز ئەمەسمۇ؟

— تەشكىلىي مۇناسىۋەت، مائاش مۇناسىۋەتلىرى يۆتكىلىپ بولدى. ئەمدى بارمىسىلا ئىنتىزامسىزلىق بولۇپ قالارمىكىن؟

— شۇ ئىنتىزامسىزلىقنى مەنمۇ بىر قىلىپ باقاي دەيمىنا، باشقىلارلا قىلىپ پايدىسىنى كۆرۈۋېرەمسۇن!

زىمىننىڭ بۇ گەپ بىلەن نېمىنى چۈشەندۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى رىشات چۈشەندى:

— دۇرۇس، — دېدى رىشات ئىككى گەۋدىسىنى سەل ئېگىپ يەرگە قاراپ، — سىلىنىڭ رازىلىقلىرىنى ئالمىدۇق. بىزمۇ تەييارلىقسىز ئىدۇق. سىلى توغرۇلۇق تاھىيەلىك پارتكومنىڭ باشقىچە ئويى بار ئىدى. يۇقىرىدىن بۇيرۇققا ئوخشاشلا ئالاقە چۈشتى. ئامالسىز سىلىنى يۆتكىدۇق. زىمىن ئاداش، تەگسەڭ تېرىق بولار دېگەن گەپ بار. تولىمۇ زىغىرلاپ كەتمەي، ئاۋۋال ئىش ئورنىغا بارسىلىرى قانداق بولاركىن.

— ياق دەپ ساپتۇمەنيا! بارسامۇ بولاتتى، ئەمما شۇ «ياق» ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

— «ياق» نى «ھەئە» گە ئۆزگەرتمەك ئاسانيا. نېمانداق قەتئىيلىشىپ كەتتىلە؟

— جانمۇ، لەۋزىمۇ مۇشۇ بىر تۆشۈكتىن چىقىدۇ، ئاداش رىشات. «ھەئە» بىلەن «ياق»نى ئاسانلا ئالماشتۇرۇۋەرسەك بىزنىڭ قانچىلىك قىممىتىمىز قالىدۇ. بىر «ھەئە» بىلەن بىزنىڭ يىزىغا قانچىلىك زىيان كەلدى. مەن ھېسابلىدىم.

مېنىڭ ئورنۇمغا ئوبۇل كېلىشى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئون نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئىككى يۈز نەچچە مىڭ يۈەن زىيان بوپتۇ. ھازىر كۆردىلىمۇ، ئوبۇلنىڭ بىرىنچى قىلغان ئىشى ئۆي كۆچۈش، ئىككىنچىسى، «ئىسمايىل ھاجى ئەنزىسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئۈچىنچى قىلغان ئىشى ماشىنا سېتىۋېلىش، تۆتىنچىسى، دوختۇرخانىغا «يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ياتاقخانىسى» ياسىتىش بوپتۇ. بېسىلىپ ياتقان تاۋارلار، يۆتكىلىدىغان ئاشلىق، ئەكىلىدىغان ئوغۇت، تۆلىنىدىغان قەرز، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان نەسىللىك مال پونكىتى، ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىئانە يىغىش، دوختۇرخانىنى كېڭەيتىش، ناھىيەدىن ۋىلايەتكە ئېلىنغان يېڭى يولنىڭ ئىككى يېنىغا ئورمان بىنا قىلىش، ئېنىقلىنىدىغان بىرنەچچە ھېساب ـ كىتاب، يۇقىرىغا يوللىنىدىغان ئەنزىلەر... ئىشقىلىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا ئۇ كىشىنىڭ ۋاقتى يەتمىگۈدەك، يۇقىرىدىن كەلگەنلەرگە ھەر كۈنى باغ زىياپىتى، ئۆي چېيى بولۇپ تۇرغۇدەك... مەن ئۇنى كولىماقچى ئەمەسمەن، مۇشۇنچە ئىشلار ئاشۇ بىر «ھەئە»نىڭ كەلتۈرگەن زىيىنى دېمەكچىمەن.

— چۈشتىن كېيىن بارارلا، ئوبدانراق سۆزلىشەيلى، — دېدى رىشات بىرئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن، — چىن شۇجىمۇ سىلى بىلەن سۆزلىشەرمىكىن.

ئۇ مەھەللىسىگە كىرىپلا ھەيران قالدى: مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى ئىگىسىز ياتقان سېرىق توپىلىق دۆڭلۈكتە نۇرغۇن ئادەم ئىشلەۋاتاتتى. بۇ يەر زېمىن خۇمدان ياساشقا تەييارلاۋاتقان يەر ئىدى. خۇمدان ئاساسەن پۈتكەن، بىر چەتتە بىرنەچچە كىشى خامان تەييارلىماقتا، بىرنەچچە كىشى ئالدىراش كېسەك قۇيماقتا، بىرنەچچە كىشى يېكەن، قومۇش، قوراي، مەڭگەنلەرنى بىر چەتتە ئۆرىدىمەكتە ئىدى.

— ئەتە قىرىق مىڭ كېسەك باسىمىز! — دېدى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېھقان كۆلۈپ تۇرۇپ، — زېمىن شۇجى، بوگۈن مەشرەپ قىلايلى دېسەك سىلى ھازىدار، مانا خوتۇنلىرى پۈتتى، ئۆتكۈزۈۋالسىلا.

ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، يۇڭلۇق مەيدىسىگە لاي - سامانلار چاپلاشقان تۇراق ياتىاق يالغان خاپا بولۇپ ۋارقىرىدى:

— نەدە يۈرسەن ناۋاي ئاداش، ساڭا تەخسە كۆتۈرگىلى بوگۈن يىگىرمە ئادەم كېلىپتىكەن، چوشلۇك تامىقىغىلا يۈز كويچەن كەتتىيا!

— يېرىپ قوي! — دېدى زېمىن بۇ ئۆزى ئۈچۈن ھېچنېمىنى ئايىمايدىغان دوستىغا ھېسسىياتىنى يوشۇرماستىن ئەركىلەپ، — تويۇڭدا ئالىسەن. ساڭىغۇ توي قىلىشقا ئون كويچەن بولسىلا يېتىدۇ!

— كېچىكتىڭ، ئاخشام ھېلىقى بىلەن توي قىلىۋالدى جوما تۇراق دويجاڭ! — دېدى ئۇلارنىڭ بىر كۆزىدە ئېقى بار يەنە بىر دوستى تىزىغىچە سىرىق لايغا كېچىپ تۇرۇپ، — خوتۇن تۇرامدۇ بۇنىڭدا، كۆرمىز ئەتىلا بويتاق قالىدۇ.

— راستىما، تۇراق؟ — زېمىن دوستىغا نارازى بولۇپ قارىدى، — نېمانداق گەپ ئاڭلىمايسەن دەيمەن، ئۇنى ئالما دېمىگەنمىدىم؟

— ئالما دېگىنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئۇنداق دېمىسە!

— قانداق كۆڭۈل ئىكەن ئۇ، بىر چەتتىن تونۇشۇپ، بىر چەتتىن بىر ياستۇقتا باش قويىدىغان.

— مەيەرگە كېلە!

تۇراق زېمىننى بىر چەتكە باشلاپ بېرىپ بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى.

تۇراق دوكا كىنوخانىنىڭ ئالدىدا قارتا ئويناۋېتىپ ئىككى ئىچەرمەننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى.

— بىچارە بالىنىڭ چىرايلىقلىقى، پاھ، قانداق ئەردۇ ئۇنى

شۇنچىلا ئۇرغان، چېچىنىڭ يېرىمىنى يۇلۇپ بوپتۇ!
— بەدىنىنىڭ كۆك چۈشمىگەن يېرى يوق!
— ئېرى نەشىكەشمىش!
— قىمارغا خوتۇنىنى تىككەن چېغى، ئۇ ئوغرى!
— بىكارلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ جۇما، بۇگۈن يېشىل سارايغا ئۆزۈم ئاپىرىمەن، يۈز كوي كەتسىمۇ مەيلى.
— نېمە دەۋاتىسەن، تاماكىچى خوتۇنغا ئون كوي بېرىپ قويدۇم، كەچتە ئۆيگە باشلاپ كېلىدۇ!
بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇراق دوكا ئويناۋاتقان قارتىنى تالاشقۇچىغا بىر كويچەنگە ساتتى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى «دەللال» تاماكىچى خوتۇننىڭ يېنىغا كەلدى.
— چېكەمسەن؟ — چىرايىنىڭ خۇشى يوق، چېچىغا ئاق كىرگەن خوتۇن چېكىۋاتقان تاماكىسىنى تۇراققا سۇندى، تۇراق ئىككى شورىدى.
— بۇ يەرگە كېلىپ قالغان ھېلىقى چوكان قېنى؟
— نېمە قىلاتتىڭ؟
— مە، ئەللىك كويچەن، ئون كويچەننى ھېلىقى ئوغرىغا بېرىۋەت، چوكاننى مەن ئەكىتەي.
— ئاۋۇ بورىنىڭ كەينىدە ياتىدۇ. ھېلىلا سىرىقئاش ئېلىپ بەردىم.
تۇراق بورىنىڭ كەينىگە ئۆتتى. ئۇ يەردە زىلۋا، قاش ـ كۆزى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، چاچلىرى ئۇزۇن، ئويماق ئېغىز، ئاق يۈزلۈك بىر چوكان كىچىككىنە بوپىسىنى كۆتۈرۈپ كەتمەكچى بولۇپ ئۆرە تۇراتتى.
— نەگە بارىسەن؟
— ئۆيگە! — چوكان تۇراققا «لاپ» قىلىپ قاراپ قويۇپ يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى كۆكەرگەن، يۈزلىرى ئىششىغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— يەنە تاياق يېگىلىمۇ؟

چوكان گەپمۇ قىلماي يەرگە قارىدى.

— يوق مەن بىلەن، مېنى قېرى كۆرمە، قىرىق بەش ياشقا كىردىم، تۇراق دوكا دېگەننى ئاڭلىغانمۇ سەن؟ مەن ئاياللارغا پۇل خەجلەشتە دوكا. چىقىشالمىساق ئاستا يولۇڭغا كېتىسەن، مەن ئۇرمايمەن، تىللىمايمەن، ياخشى ئۆيۈم بار، ئەمما موتوسىكىلىتىمدىن باشقا ھېچنېمەم يوق!

چوكان تۇراققا بۇ قېتىم تىكىلىپ قارىدى.

تۇراق دوكا چوكاننى تۈنۈگۈن كەچ ئۆيىگە ئەكىلىپ نىكاھ قىلدۇرۇۋالدى.

— ئېرىڭدىن ئاجراشماي تۇرۇپلىما؟

— كۆڭلى ئاجراشقاندىكىن ...

— قانۇن دېگەننى بىلەمسەن، ساراڭ؟

— بەزىدە سەنمۇ ئۇنتۇپ قالىدىكەنسەنيۇ، بىزنىڭ يادىمىزدا تۇرامتى. چىرايلىق، ئاجايىپ چىرايلىق، ئوتتۇز نەچچە خوتۇن بىلەن يېتىپتىمەن، ئەمما بۇندىغىنى كۆرمىگەن، ئاداش زېمىن، ئۇ چوقۇم...

— لاۋزا! — دېدى زېمىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — بوگۇنلا گۇلنازنىڭكىگە ئاپىرىپ قوي، نىكاھ خېتى ئالمىغۇچە ئەمدى سەنمۇ، مەنمۇ ئاياللار بىلەن بىللە بولمايلى! يۇر، ئىككىمىز ھازىرلا ئۇنى گۇلنازنىڭكىگە ئاپىرىپ قويايلى.

— ئۇ سېنىڭ ئۆيۈڭدە، خۇمدانچىلارغا تاماق ئېتىۋاتىدۇ. ئىككى قازاندا گۆش پىشۇۋاتىدۇ، قالۇنچى توختى يالىڭاچ بىلەن ساۋۇت زەللىچىنى چاقىرىپ قويدۇم. ئۆزئارا كۆڭۈل ئاچايلى، ماۋۇ خۇمدان خۇش بولۇپ قالسۇن!

زېمىن قاراڭغۇ چۇشكۇچە سەككىز كۆزلۈك قېلىپ بىلەن كېسەك قۇيدى. ئۇ بۇ ئىشتا ئاجايىپ ماھىر ئىدى، لاي كۆمىلاچ قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا ئۈلگۈرتەلمەي تەرلەپ ھالىدىن

كەتتى.

قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن خۇمدان ياساۋاتقان، تىراكتور بىلەن كۆل قېزىۋاتقان، لاي ئېتىپ كېسەك قۇيۇۋاتقان، هارۋىلاردا ئوتۇن ـ ياغاچ توشۇۋاتقانلار بولۇپ قىرىق نەچچە ئادەم زېمىنىنىڭ دادىسىدىن قالغان تاشلاندۇق هويلىغا توپلاندى. چېلەك ـ چېلەكلەردە دۇغ، لېگەن ـ لېگەنلەردە ماروژنى، تاغارلاپ قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چىۋىلەر مېهمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. بورا ـ تاغارلار داستىخان، تەۋەررۈك يەر ئۇلارغا دىۋان ـ ئورۇندۇق بولدى. يۈز ـ كۆزى پاكىز يۇيۇلمىغان، ئۇستىبېشى لاي ـ تەر، باش ـ كۆزى چاڭ ـ توزان، ئەخلەت ـ چاۋار پېتى «زىياپەت»كە كىرىپ كېلىشكەن بۇ ئەمگەك ئەهلى چىرايلىق سۆز، «يۇقىرى ئۆتۈك، قېنى بېقىشايلى» دېگەندەك سۆزلەردىن خالىي، ئۇلارنىڭ گەپلىرى قوپال، چىرايلىرى كۆرۈمسىز، ئىشتىهاسى زور، كەيپى خۇش، چىرايلىرى ئىللىق ئىدى.

ـــ هەي سولامچى، ماڭ جۇغۇ چوكا ياساپ كىرە!

ـــ خوتۇنۇڭنى ئەكەلسەڭ بولمامدۇ، قورقامسىيا بىزدىن؟

ـــ خوتۇنى داڭدا بۇنىڭ!

ـــ هەي شوۋىچى، گۆشنىڭ لوقىنى ئالدىڭغا تارتىپ يالاڭ سۆڭەكلىرىنى بۇياققا ئىتتىرىسىنا!

ـــ ئولتۇرۇپ يە دەيمەن، يېتىۋالغىنىنى مەتۇنىڭ!

ـــ پاه، پاه!...

ـــ بەللى، بەللى!...

ـــ يائاللا!...

تۇراق دوكانىڭ چوكىتى ئۆيدىن يېڭى كىيىملەر بىلەن ياسىنىپ هويلىغا چىقىۋىدى، ئىككى گاز لامپىسىنىڭ يورۇقىدا يورۇغان هويلىغا خۇددى تۇيۇقسىز تولۇن ئاي پەيدا بولغاندەك هەممە كۆڭۈللەردە كۇچلۇك نۇر چاقناپ كەتتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن يۇقىرىقىدەك هەيران قېلىشلار، مەدهىيەلەر ئاڭلاندى.

ئاچ ئادەم مەززىلىك تاماقنى كۆرسە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغاندەك، چىرايلىق ئايالغا تەشنا يىگىتلەر بۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولغان پەرىزاتنى كۆرۈپ بىر ـ بىرىگە پىچىرلاشماي تۇرالمىدى، ئەمما ئۇلار پىچىرلاش بىلەنلا چەكلەندى. چۈنكى، ئىغىز دەرۋازىسىنى چىڭ ياپمىسا تۇراق دوكادىن ئالىدىغان مۇكاپىتىنىڭ نىمە بولىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلەتتى.

قورساق تويغاندىن كېيىن بۇ پىشقان بەدەنلەر ئۆزلىرىنى تىنچىتىش ئۈچۈن قالۇن، راۋاب چېلىنىش بىلەن تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى، مۈرىلىرى، قوللىرى، بەللىرى ۋە كۆزلىرى ئۇسسۇلغا شۇنچە كېلىدۇ، كۆرگەن كىشى ئۇلارنى سەنئەت كەسپىنىڭ ئەھلى دېيىشىدۇ. ئۇلار خۇددى بىر ئۇستازدىن تەربىيە ئالغاندەك، خۇددى ئالدىنئالا رېپېتىتسىيە ـ مەشىق قىلىپ ماسلىشىۋالغاندەك بىر ـ بىرىگە، ھويلىغا شۇنچە ماسلاشقان...

داپ، راۋاب، قالۇن پۈتۈن مەھەللىنى ئۇسسۇلغا چىللىغان چېغى، يوللار، ئەتراپتىكى بوش يەرلەرمۇ ئۇسسۇلچىلار بىلەن توشۇپ كەتتى.

ــ ئۆلۈملۈك بولۇپ قالدى، بولمىسا تازا ئىچىدىغان كۈنى ئىدى!

ــ ئىچمىسەممۇ مەستمەن، كۆردۈڭمۇ ئاۋۇ چوكاننىڭ ئۇسسۇلىنى!

مەيداندا تۇراق دوكا «چوكىنى» بىلەن بېقىشىپ ئويناقتا. چوكان خۇمار كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى ئوينىتىپ ھەر قېتىم تۇراققا باققاندا، ئۇنىڭ ئىككى تال ئۇزۇن چېچى تۇراقنىڭ بوينىغا ئورالغاندا بۇنداق ئەۋرىشىم، نازۇك خىنىمنى پەقەت خىيالىدىلا ئۆزىنىڭ دېيەلەيدىغان ئىشقىۋاز يىگىتلەر:

— ئاللا چىدىمىدىم !
— ئۆلۈپ بېرىمەن ھېلى !
— ئايىغىغا يىقىلايمۇ !
دېگەندەك سۆزلەر بىلەن نالە قىلىشقا باشلىدى.

زېمىن بۇگۈن پۈتۈن غەم - غۇسسىدىن خالاس، ئۆزىنى خۇشال، يەڭگىل ۋە ئازادە ھېس قىلدى. «... مۇشۇ قاسماقلار بىلەن ياشىسام غەمدىن خالىي بولىدىكەنمەن، مەيلى جازالىسا جازالىسۇن، مەن ھەرگىز ۋىلايەتكە بارمايمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋېتىپ، «قاسماق» دېيىش بىلەن ئۇنىڭ خىيالى گۈلنازغا كۆچتى.

ئۇ تۇراق دوكانىڭ يېنىغا كېلىپ پىچىرلىدى ۋە ئاستا تالاغا ماڭدى.

بىردەمدىن كېيىن ئۈچ ئادەم ئولتۇرغان ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىت يېزىدىن شەھەرگە بارىدىغان توپىلىق يولدا ئىككى ياندىكى ئېگىز تېرەكلەرنى يورۇتۇپ توپا توزۇتۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار راۋاب، داپ، قالۇن ۋە ناخشا ئاۋازىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتى - دە، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن تار، قومۇلۇق كوچىغا ئەگىدى.

ھويلا ئىشىكىنى كۆچلۈك چىراغ يورۇتۇش بىلەن ئىككى بالا تەڭلا:

— زېمىن... دادام ... — دەپ ۋارقىراپ ئىشىك ئاچقىلى يۈگۈرۈشتى.

تۇراق بىلەن بالىلار ئۆيگە پىششىق - خام گۆشلەر، قوغۇن - تاۋۇز، نان - سامسا، مېۋە - چىۋىلەرنى توشۇۋاتقاندا، زېمىن گۈلنازنى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭغا ھېلىقى چوكاننى تونۇشتۇردى:

— ئىسىملىرى؟...
— گۈلئايىم...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەجەب چىرايلىقكەن، گۇلناز، گۇلئايىم، ئىككى گۇل، بىر ئايىم، بىر ناز!
— سىزگە قايسىسى؟...
— ناز، ناز، ناز! — دېدى زېمىن گۇلنازنى ئەركىلىتىپ مەڭزىگە چېكىپ قويۇپ.

ئۇلار بەخت ئىچىدە ئۇششاق - چۇششەك گەپلەرنى قىلىشىپ بىر - بىرنى مېھمان قىلىشتى.

مانا شۇ چاغدا ئىبراھىم ھاجىمنىڭ شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى بالىخانىلىق، كاتتا قاپقىلىق كەڭ، ھەشەمەتلىك قورۇسىدا چىراغلار يورۇغان. بۇ ئۆينىڭ چىراغلىرى ئەتراپىدىكى دەل - دەرەخ، پاكار ئۆيلەر ۋە كوچىلارنى يورۇتماقتا ئىدى. قېرى جىگدىنىڭ ئاستىدىكى كۆتەكتە موللاق سوپى «ھۇ، ھۇ» دەپ زىكرى قىلماقتا.

ئادىمى سەپرۇللا ھۇ ھۇ...
ئىبراھىم خېلىلۇللا! ھۇ ھۇ...

ئۇ «ئىبراھىم!» سۆزىنى باشقىچە تەلەپپۇزدا ئېيتاتتى. چۈنكى، ئۇ بۈگۈن ئىبراھىم ھاجىمنىڭ ھەيۋەتلىك «خانتاجى» ماشىنىسىدىن پەرىشتىدەك ئاپپاق كىيىملەر بىلەن چۈشكىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن ئوغۇللىرى نەمرۇد بىلەن ھاجى قۇددۇس يۆلىۋالغان. ھاجىم بېشىغا چىرايلىق شىلەپە كىيىۋاپتۇ. شىلەپىسىمۇ ئاق، ھاجىمنىڭ ئۈستىبېشى خۇددى غازغىلا ئوخشاش ئاق، ھاجىم ساقىلىنى چىرايلىق ياسىتىپتۇ، ساقال - بۇرۇتىمۇ ئاق. ئۇ موللاق سوپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەبارىكاتىھۇ!» دېدى. موللاق سوپى ھاجىمغا سىنچىلاپ قارىدى ۋە «تابارەكە...» دەپ توختاپ قالدى.

مانا ھاجىمنىڭ چىرىغى ئۇنى يورۇتۇپ تۇرماقتا: باياتىن

بۇ ئۆيگە ناھىيەنىڭ باشلىقلىرى، يۇرت كاتتىلىرى، داڭلىق بايلار ماشىنا، خادىكلاردا توپ - توپ بولۇپ كېلىشىپ كىرىپ كېتىشتى، چىقىشمىدى. ئۇلار نېمىلەرنى ئاڭلاۋاتىدىكىن، ھاجىم نېمىلەرنى دەۋاتىدىكىن؟ موللاق سوپى بۇنى بىلىشكە قىزىقىدۇ، لېكىن ئۇ بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرمەسكە قەسەم ئىچىۋەتكەن. ئۇ ھەرگىز بۇ ئۆيگە كىرمەيدۇ. كىرمىسىمۇ ھاجىمنىڭ دەيدىغىنىنى، چوڭلارنىڭ ئاڭلايدىغىنىنى ئۇ بىلىدۇ. ھاجىم بۇلارغا قىلماقچى بولغانلىرىنى ئېيتىدۇ، ئۇلار ۋەدە قىلىشىدۇ. ئەتىدىن باشلاپ يەنە جىددىي ئىشلار باشلىنىدۇ. نېمىشقا؟ موللاق سوپى بۇنداق چايلارنى كۆپ كۆرگەن، ئەللىك - ئاتمىش يىل كۆرگەن، ھەر قېتىم مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك چايدىن كېيىن جىددىي ئىشلار باشلانغان.

بىز موللاق سوپىنىڭ مۇشۇ ئاددىي خۇلاسىسى بىلەن قانائەتلىنىپ ئۆي ئىچىگە كىرمەيلى.

راست، ئىككى قۇتۇپ، ئىككى خىل كۈچ، ئىككى خىل ئادەملەر توپى ئىككى خىل ئىش باشلايدۇ، بىرلىرى ئاددىي، تەبىئىي، ئاشكارا؛ يەنە بىرلىرى ھەشەمەتلىك، پىلانلىق، ياسالما، مەخپىي.

بۇ ئىككى كۈچنىڭ ئۆزئارا تېپىشىشى ئەنە شۇنداق باشلىنىدۇ، لېكىن قانداق ۋە قاچان ئاخىرلىشىشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بۇ ئىككى توپقا ئايرىلغان ئادەملەرنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى يىراقلاشماقتا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان سېپىل بارغانسېرى قېلىنلاشماقتا. بۇ ئادەملەرمۇ بىر - بىرىنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسىمەسلىككە قەسەم ئىچىشكەن بولسا كېرەك، بىر - بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشنى ئويلاپمۇ قويۇشمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە يېقىملىق

بىلىنمىدىغان ئاشۇنداق ئۆيلىرىدە بىر ـ بىرىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشىدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىن ئىغۋا توقۇشۇپ بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى كولىشىدۇ. ئاددىي ئادەملەر ئۇششاق گەپلەرگە قىزىقىدۇ، شۆھرەتكە ئامراق كاتتىلار چوڭ ئىشلارنى سۆزلىشىدۇ، لېكىن ھەر ئىككىلا تەرەپ ئىمىلا دېيىشمىسۇن ھامان بىر ـ بىرىنىڭ كاۋىكىنى كولىشىدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ پالاكىتىدىن خۇشال بولۇپ، غەلىبىسىدىن خاپا بولۇشىدۇ.

بۇ ئارىلىق بارغانسېرى يېقىنلاشسا، سېپىل بارغانسېرى ئېگىزلەشسە، بۇ ئادەملەر بىر ئۆيگە يىغىلىپ ھېلىقى دېھقانلاردەك يەر تاللىماي ئولتۇرۇپ، گەپ تاللىماي قىلىشىپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇھەببەت ـ كۈلكە بىلەن بىر ـ بىرىنى مەدھىيەلەشسە بولماسمىدى...

مانا بۇلار موللاق سوپىنىڭ ھازىرقى ھايات توغرىسىدىكى مۇلاھىزىسى، موللاق سوپى زىكرى قىلىپ ئولتۇرغىنى بىلەن خېلى چوڭقۇر ئويلىيالايدىكەن. ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى كىتابنىڭ ئاخىرى سۆزلەپ بەرسۇن ئەمىسە.

## ئۈچىنچى باب

# ئاخىرقى ئىشلار توغرىسىدا

### 1

نەپرەتمۇ بىر خىل كۈچ. ئۇ ھەم مۇھەببەتكە ئوخشاشلا ئىنسانغا جەسۇرلۇق، پىداكارلىقنىڭ ئىلھام مەنبەسى بولالايدۇ. ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن ياۋاشلار تەلۋىگە، تەلۋىلەر ئەسەبىي غالجىرغا ئايلىنالايدۇ. تەلۋىلىك بىلەن غالجىرلىق بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى تىراگېدىيەلىك ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبچىسى.

چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىرايى تامدەك تاتارغان، چىشلىرى كىرىشكەن، كۆزلىرى يالقۇنلۇق بىر چىرايلىق چوكان يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشقان ھېلىقى كونا ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ غىچىلداپ تۇرىدىغان قوش ئىشىكىنى پۇتى بىلەن تېپىپ ئاچتى - دە، قىرى قالمىغان، غىلتاڭ سېمونت پەلەمپەيلەردىن خۇددى ئۇستا ئاشپەزنىڭ قىڭراق ئاۋازىغا ئوخشىشىدىغان رىتىملىق، تېز ئاۋاز چىقىرىپ يۇقىرى ئۆرلىدى. ئۇ ئىككىنچى قەۋەت زالىغا لىق تولغان ئادەملەرنى جەينەكلىرى بىلەن تۈرتۈپ يول ئېچىپ «پارتكوم شۇجىسى ئىشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا بېكىتىلگەن (باشقىلار ئەيمىنىپ چېكىشكىمۇ پېتىنالمايدىغان) ئىشىكنى توپىلەي بىلەن بىرنى تېپىپ ئاچتى - دە، بىر ماتېرىيالنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ بېشىغا ئېڭىشىپ تۇرۇپ:

— ئوبۇلەك! — دەپ ۋارقىرىدى.

— خېنىم، خېنىم، گۈلناز... — سېرىق چاچ، كۆك كۆز چوقۇر يىگىت ھودۇقۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆز قولى بىلەن ئايالغا ئورۇندۇق توغرىلاپ، — ئاۋۋال ئولتۇرسىلا! — دېدى.

— نېمىگە ئولتۇراتتىم، سەن چاپاقنىڭ سەت يۈزىگە قارىغىلىمۇ؟

— خېنىم، گەپ بولسا يولىدا...

— يولىدا؟ يول دېگەننى، ئادەمگەرچىلىك دېگەننى، قانۇن - سىياسەت دېگەننى بىلەمتىڭيا؟

— سىلەرگە نىكاھ قەغىزى بېرىش كىچىك ئىش... ئەمدى مەن تەڭقىسلىقتا...

— كىم ساڭا بەرگۈزمىگەن، دە قېنى؟

— ئەمدى، ئەمدى...

— كىم دەيمەن؟ — گۈلناز ئۇستەلگە مۇشتۇمى بىلەن شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، سىياھ، چايلار تۆكۈلۈپ، قەلەم - كۇلدانلار دومىلاپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئىشىكتە بىر توپ ئادەم پەيدا بولدى. ئوبۇلھەسەن بۇ ئايالغا بىر ئېغىزلا قاتتىق گەپ قىلسا ئابرۇيىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ئىبراھىم ھاجىمنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولۇپ چوڭ بولغان ئەركە قىز - دە! ھازىر بولسا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەشەددىي رەقىبى زىمنىنىڭ يۈرەك قېتىدا. بۇ ئىككى كۈچنىڭ ھىمايىسىدىكى بىر ئايال كىشى تۇگۇل بىر خورازغىمۇ چېقىلىش ئوبۇلھەسەن ئۈچۈن تولىمۇ قورقۇنچلۇق. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ھەيۋە، غەزەپ ئۆزىدىن تۆۋەنلەر ئۈچۈن تەييارلانغان. يۇقىرىغا قاراپ ئالىيىش سىرتماقتا بويۇننى تىققاندەكلا قورقۇنچلۇق.

— كىم؟

— بۇ، بۇ... بۇ ئۆزى...

— ئاۋاق ئوبۇلغازىمۇ، كاۋا قورساق تۇردى كىرەممۇ؟

— ياق، ياق...

— دادامموْ؟

— قوْددوْس يا بولمىسا نەمروْد ئاكاممۇ؟ كىم بولسىمۇ ئېيت، مەن بۈگۈن ئېنىقلىماي بۇ يەردىن چىقمايمەن! ئېيتە!

— بۇ، بۇ، بۇ...

— كىم دەيمەن، قايسىسى زادى؟

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى، شۇ... ھەممىسى ئەمەس...

گۈلناز ئۈستەلدىكى ئۈستەل كالېندارىنى ئۇنىڭغا ئاتتى. كالېندار ئوبۇلنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەينىدىكى ئۈستەلنىڭ ئەينىكىنى چاقتى. ئوبۇلھەسەن غەزەپ بىلەن چوكانغا ئالايدى. لېكىن، گۈلنازنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان نەپرەت ئوتى ئۇنىڭ غەزىپىنى ھەرىكەتكە ياكى تىلغا ئايلاندۇرمىدى. ئۇ يىلىندى:

— خېنىم، خېنىم، مانا ھازىرلا خەت كېسىپ بېرەي! — دېدى ئۇ ۋە تالاغا قاراپ ۋارقىرىدى، — ھېلىمخان، ھېلىم سولاش!... خوتۇنۇڭنى... ئوغرى...

ئۆيگە ئۆڭسۈلى ئۆچكەن تاقىرباش، كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرى ئوچۇق، توشقاندەك بۆجەرەپ تۇرىدىغان بىر ئادەم كىردى:

— نېمە دەيلا، ئۇ شۇجى!

— نېمىشقا زېمىن شۇجى بىلەن گۈلناز خېنىمغا توي خېتى كېسىپ بەرمەيسەن، مانا ئىككىسىنىڭ ئاجرىشىش قەغىزى، ئوقۇ، ئابلا بىلەن گۈلناز خېنىمنىڭ، ئۇلار ئاجراشقاندىكىن توي قىلىدىغان گەپ، شۇنىمۇ بىلمەمتىڭ، نېمىشقا ئۇن قېتىملاپ ماڭدۇردۇڭ دەيمەن؟...

— سىلى كىمنىڭ يولىيورۇقى بىلەن توي خېتى كەسمىدىلە؟ — گۈلناز ئەمدى خەلق ئىشلار كادىرىغا سىلىق گەپ قىلىشقا باشلىدى، — قورقماي ئېيتىۋەرسىلە، دادام شۇنى بىلگىن دېگەن.

— بۇ، بۇ، بۇ...

— نېمانداق جىق «بۇ»، سىلەر «بۇ» دىن باشقا گەپنى ئۆگەنمىگەنمۇيا؟

ھېلىقى كادىر شۇجىنىڭ كۆز ئىشارىسىنى كۆرۈپ قالغان چېغى، دەرھال يالغان كۈلۈمسىرىدى:

— ھېچكىم، ھېچكىم... يۈرسىلە، مەن خەت كېسىپ بېرەي...

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن گۈلناز خۇددى ھازىرلا سەھنىگە چىقىدىغان ئارتىسلاردەك چىرايلىق ياسىنىپ، يېپيېڭى ۋېلىسىپىتكە مىنىپ، ئالدىغا كىچىك ئوغلىنى، كەينىگە چوڭ ئوغلىنى مىنگەشتۈرۈپ «چوڭ ئۆي»گە كەلدى. ئۇ چاچلىرىنى چۇۋۇپ كەينىدىن بوغۇۋالغان، قىسقا يەڭ كۆڭلەكتىن ئۇنىڭ ئاپپاق بىلەكلىرى، ئويما ياقىسىدىن سۇزۇك بويۇنلىرى بىلەن تولۇق ئىككى كۆكسىنىڭ بىر بۇرجىكى غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ۋېلىسىپىتتىن چۈشكەندە ئۇنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق پاچاق - يوتىلىرىمۇ كۆرۈندى. موللاق سوپى بۇ گۈزەل چوكانغا سىنچىلاپ قاراپ خىرىلداپ كۈلدى:

— قىغ دۆۋىسىدىن كېپىنەك چىقتى، ئەۋرەزدىن پەرى، ھى - ھى - ھى...

گۈلناز بوۋايغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە چاچلىرىنى مەغرۇر ئوينىتىپ قويۇپ، باشلىرىنى تىك تۇتۇپ، قولىدىكى كىچىككىنە، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن پورتمالىنى چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزىدەك چىرايلىق ياسانغان ئىككى ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ ھەيۋەتلىك چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى.

ئۇنى تاشقىرىقى قورۇدا كېلىنلەر بىلەن خىزمەتچى قىزلار كۈتۈۋالدى. لېكىن، ئۇلار ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قارىشىپ ئەنسىز يۆتىلىپ قويۇشتى. چۈنكى، بۇ ھويلىدا بۇنداق كىرىم قىلىش، يېرىم يالىڭاچ كىيىنىش بىر خىل جىنايەت ھېسابلىناتتى:

— خاتا كىرىپ قاپسەن، قايت ! — سولدىكى بالىخانا

دېرىزىسىدىن ھاجى قۇددۇسنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى، — قەھۋەخانا دېدىڭمۇ بۇ يەرنى!

— سالام، ئاكا، ھە راست، ھاجى قۇددۇس جىڭلى!

— تېز يوقال، دادام كۆرسە بىكار!...

— دېمىسىلىمۇ كۆرۈنگىلى، كۆرگىلى كەلدىم، ئاكا!

— دادامنى ئەمدى سەن يىقىتاي دەمسەن، قايت دەيمەن!

ھاجى قۇددۇس ئۆيىدىن پېشايۋانغا چىقتى ۋە غەزەپ بىلەن ئۈچ پەلەمپەينى بىر دەسسەپ تۆۋەنگە قاراپ يۈگۈردى. لېكىن، بۇ چاغدا گۈلناز ئاكىسىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ئىچكىرىكى قورۇغا ئالدىراپ كىرىپ كەتكەنىدى. ئىچكىرىكى قورۇنىڭ كەڭرى پېشايۋان ئاستىدىكى سالاسۇنلۇق سۇپىسىدا گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان قات - قات كۆرپىلەر ئۈستىدە ھاجىم ماھۇقلارغا يۆلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تەسۋى سىيرىپ نىساخان ھاجىم ئانا ئولتۇراتتى؛ بىر قىز ھاجىمنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋاتاتتى. يەنە بىر قىز يەلپۈگۈچ بىلەن بوۋاي - موماينى يەلپۈۋاتاتتى. ئىچكىرىكى ھويلا ئىشىكىدە گۈلناز پەيدا بولۇشىغىلا ھاجىم بىلەن نىساخان ئانا خۇددى ئۆمرىدە كۆرمىگەن بىر ئاجايىپ مەخلۇق كىرىپ كەلگەندەك چۆچۈپ، چەكچىيىپ ۋارقىراشتى:

— ۋاي بىھايا مۇرتەت!

— ۋايجان، بۇ نېمە ئىش!

لېكىن، گۈلناز ھودۇقماي، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ يېرىم ئېگىلىپ تەزىم قىلدى:

— ئەسسالام دادا، ئاپا، سالامەت تۇرۇشلىمۇ؟

ھاجىم قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى:

— يوقال ئىبلىس!

— گۈلنازمۇ سەن، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، قىزىم؟ — ھاجىم ئانا تىزىغا تايىنىپ تەستە ئورنىدىن تۇردى.

— نېمە قىپتىمەن، سالام بېرىۋاتىمەنيا!

— نېمانداق كېيىنىۋالدىڭ دەيمەن؟
— زامانغا بېقىپ، پۇركەنجە ئارتىۋالسام بولامتى ئەمىسە؟
— سۇپىغا چىقما! — دېدى ھاجىم قوللىرىنى قىلىچتەك سىلكىپ، غەزەپ بىلەن ئالىيىپ، — كۆچۈكلىرىڭنىمۇ چىقارما!
گۈلناز ئۈچ - تۆت پەلەمپەي ئۆرلەپ توختىدى:
— نېمە گۇناھ قىلدىم، نېمىگە بۇنچە غەزەپلىنىسىلا، دادا؟
— دادا دېگۈچى بولما، مۇرتەت!
— مۇرتەتمۇ دادىسىز بولمايدۇ، دادا!
— سۆزلىمە قانجۇق!
— دادا، نېمانچە ئېغىزلىرى بېشەم؟
— سوقۇشقىلى كەلگەنمىدىڭ رەسۋا؟ — ھاجىم ئانا يىغا بىلەن تىترەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى.
— ياق، ئانا، سىلەرنى ئاخىرقى قېتىم يوقلىغىلى، خوشلاشقىلى كەلدىم!
— ئاخىرقى قېتىم؟ — ھاجىم بىردىنلا بوشىشىپ، قىزىغا چۆچۈپ قارىدى. ئۇنىڭ قوللىرى، ساقىلى غالىلداپ تىترىدى، — نېمە، سەن ئاتا - ئاناڭدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇ، ئاشۇ زېمىن دېگەن مۇرتەت ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچىمۇ سەن؟
— ھەئە، دادا! — گۈلناز دادىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ، — سىلى ئۇنى نېمىدەپ تىللىسىلا مەيلى، لېكىن ئۇ مەن ئۈچۈن يېرىم خۇدا!
— ئىمانسىز!
— مەيلى نېمە دېسىلە دەۋەرسىلە، دادا، مەن ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلمايمەن. مانا بىز قانۇنىي ئەر - خوتۇن بولۇپمۇ بولدۇق. ئەمدى بىزنى تۆھمەت - ئىغۋا بىلەن ۋەيران قىلالمايلا، دادا!
گۈلناز بۇ سۆزلەرنى دەۋاتقاندا ئۇنىڭ خۇمار كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ھېسسىيات ۋە ئازاب مەرۋايىتلىرى تۆكۈلدى.

ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ يەنە سۆزلەشكە قۇربى يەتمىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئاتىسىغا تىكىلىپ قارىماقتا، تۇنجى قېتىم ئاتا تىلىكىگە خىلاپ گەپلەرنى قىلماقتا، تۇنجى قېتىم راست سۆزلىمەكتە ئىدى. هازىرغىچە ئۇ (ۋە باشقىلار) ئاتىسى ئالدىدا «ماقۇل»، «شۇنداق»، «هەئە»، «بولىدۇ»دىن باشقا گەپلەرنى قىلىپ باققان ئەمەس. ئۇ نۇرغۇن نارازىلىق، نۇرغۇن ئازاب، نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ خۇددى يۈرىكىنى ئېغىزىدىن چىقارغاندەك تەسلىكتە ئاشۇ يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ كەلگەن. ئۇنىڭدا مۇشۇ ئاتا ئالدىدا نە خاھىش، نە هېسسىيات، نە ئىلتىماس ئىستىكى بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئىرادىسىمۇ، هەرىكىتىمۇ، خاھىشىمۇ مۇشۇ ئاتىسى ئىدى. شۇنداقتىمۇ، پەقەت بىرلا مۇشۇ گۈلناز — چوڭ قورۇنىڭ ئەركىسى ئۆز نارازىلىقلىرى بىلەن تەلەپلىرىنى بايان قىلالايتتى، لېكىن، بىۋاستە ئەمەس، كۆڭلى يۇمشاق ئانىسى ئارقىلىق قىلاتتى...

هاجىم قىزىغا نەپرەت، هەيرانلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە سىنچىلاپ قارىدى ۋە يېنىدا غالىلداپ تىترەپ تۇرغان ئىساخان هاجىم ئانىغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— هەممىنى قىلغان سەن، بۇ بالىنى مۇشۇنداق ئاسىي قىلىپ تەربىيەلىگەن سەن رەسۋا!

— ياق، ئانام ئەمەس، مېنى ئاسىيلىققا مەجبۇرلىغان ئۆزلىرى، دادا!

— هاياسىز! نومۇسسىز، بەتبەخت! — هاجىم قوللىرىنى شىلتىپ قىزىنى تىللاشقا باشلىدى، — يوقال، سەندەك قىزىم يوق. قارغىشىم تۇتقاي ئىلاھىم!

— كېتىمەن، دادا، غەزەپلەنمىسىلە، ئاۋۋال ماڭا ۋەدە قىلغان بىر كىشىلىك ھەققىمنى بەرسىلە، پۇل، يەر، ئۆي ـ جاي، نېمە بەرسىلە مەيلى!

— يوقال، مەن سېنى هازىردىن باشلاپ تونۇمايمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— لېكىن، ھازىرغىچە تونۇپ كەلگەن. مەن ئوتتۇز يەتتە ياشقا كىرگەن چوڭ ئادەم. ماڭا ئاتىغانلىرى بار دۇر، دادا، سىلىنى ھەممە خەلق ئادىل، رەھىمدىل دەيدىكەن. مەنمۇ بۇ پەرزەنتلىرىدىن بەھرىمەن بولاي. مەن توي قىلىمەن، ئۆيسىز قالدىم، ئۆي ياسىتىمەن، مۇنۇ ئىككى بالىنى ئوقۇتۇپ جەمئىيەتكە قوشىمەن. سىلى مەندىن تانغانلىرى بىلەن مەن تانالمايمەن. نەگىلا بارسام خەلق مېنى ئىبراھىم ھاجىمنىڭ كەنجى قىزى دېيىشىدۇ. مەن سىلىنىڭ ئابرۇي - ھۆرمەتلىرىدىن پايدىلىنىمەن، ماڭا پۇل بەرسىلە، دادا!

— بالام، گېپىڭ بولسا يولىچە قىلساڭ بولمامدۇ، نېمىشقا داداڭنىڭ چىشىغا تېگىسەن؟

— قايسى ئىشىم يولسىز بولدى، ئانا؟

— ھەممە ئىشىڭ، تۇرقۇڭ، گەپلىرىڭ، زەھەرلىك كۆلكەڭچۇ تېخى؟

— ھەممىسى تەبىئىي، ئانا، سۇنئىيلىككە كۆنۈپ قالغان ئادەملەرگە تەبىئىيلىك سەت كۆرۈنىدۇ!

— ئابلا سولاشنىڭ گەپلىرىغۇ بۇ!

— كىمنىڭ بولسىمۇ توغرا گەپلەر، ئانا!

— ئاچچىقىپ تالاغا تاشلىۋېتەيمۇ، ئاتا!

ئىچكىرىكى قورۇنىڭ ئىشىكىدە ھاجى قۇددۇس پەيدا بولدى. ئۇ غەزەپتىن كۆڭلىكىدەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

ھاجىم ئوغلىغا قاراپ قويۇپ چىقىپ كېتىشكە قول ئىشارىسى قىلدى.

ھاجى قۇددۇس گۈلنازنىڭ بالىلىرىغا ۋارقىرىدى:

— چىقىشە شۇمتەكلەر!

— نەگە چىقاتتۇق؟ بىزنىڭمۇ ئۆيىمىز بۇ!

ھاجىم ئورنىدىن تەستە تۇردى - دە، پېشايۋاندىن ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بالىلىرىنىڭ ماجىراسىنى كۆرۈشنى خالىمىدى. چۈنكى، بۇ خىل ماجىرالار ئۇنىڭ «مۇقەددەس

ئىناۋىتى» ئۇچۇن زىيانلىق ئىدى.
هاجىمنى ئىككى قىز قولتۇقلىدى، هاجىم ئانا كەينىدىن ماڭدى، ئۇ قىزىغا قاراپ:
— يولىدا ئىش قىلساڭ بولماسمىدى، ۋاي پېشانەمەي! قارا، داداڭنى ئاغرىتىپ قويدۇڭ. — دەپ كۆز يېشى قىلدى.
لېكىن گۈلناز ئانىسىغا قاراپمۇ قويماي دادىسىنىڭ كەينىدىن ئۆيگە قاراپ ماڭدى...
شۇ كۈنى كەچ گۈلناز ئۆيىگە بىر تۇمەن پۇلنىڭ چېكى بىلەن ئون سەر ئالتۇن ئېلىپ قايتىپ كەلدى.
— ئەپرەت كۈچكە ئايلىنىپلا قالماي، ئىقتىسادىي ئۇنۇم هاسىل قىپتۇ — پۇلغىمۇ ئايلىنىپتۇ! — دېدى زېمىن ئايالىنىڭ نازۇك قوللىرىنى تۇتۇپ، — مانا ئەر - ئايال بولدۇق، ئەمدى نېمە ئىشلارنى قىلىمىز؟
— بىرىنچىدىن، ئىمام چاقىرىپ كىرىڭ. هېلىقى دوكامۇ كەلسۇن، نىكاھ ئوقۇتۇۋالايلى. ئىككىنچىدىن، ئەتىگەنلىككە يېزىغا كۆچەيلى. سىز خۇمدانلىرىڭىز بىلەن بولۇڭ، مەن دۇكان ئاچىمەن. دۇكانمۇ سۆزلىشىپ قويدۇم. ئىككى يىلغا قالماي ناهىيەنىڭ بايلىرىدىن بىرى بولايلى! قېنى، ئۇ چاغدا قايسىسى بىزنىڭ ئايغىمىزغا يىقىلمايدىكىن؟
— توغرا گەپ قىلدىڭ، لېكىن بىر گېپىڭ توغرا بولمىدى، گۈلناز.
— قايسىسى؟
— ئۆمىلىتىمىز دېگىنىڭ. ئۇنداقتا بىزمۇ بىز ئەپرەتلىنىدىغانلارغا ئوخشىشىپ قالمامدىمىز؟
ئۇ ئايالىنى چىڭ قۇچاقلىدى، ئايالى پىخىلداپ كۈلدى.

## 2

— باي بولماق تولىمۇ تەس ئىكەن، زېمىن شۇجى. يېزىمىزدىكى كارخانىلاردىن يەتتىسى زىيان تارتىپ تاقىلىپ

قالدى. قالغانلىرىمۇ ئاران ـ ئارانلا. گىلەم كارخانىسىنىڭ باشلىقى بىر ئەرز يېزىپتۇ. ئەرزىدە ئۇلاردىن «ھەق» ئالغان ئورۇنلارنىڭ تىزىملىكى يېزىلىپتۇ. ناھىيەلىك ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدارىسى، ستراخوۋانىيە شىركىتى ئىككى پىرسەنت «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققى» ئېلىۋاتقان، ئۇلار بىرمۇ ئادەمنى ئورۇنلاشتۇرمىغان تۇرۇقلۇق دېسىلە. ساناپ باقسام سودا ـ سانائەت، يەر باشقۇرۇش، سەھىيە ئىدارىلىرى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، ئۆلچەملەشتۇرۇش، ئۆلچەم بىرلىكلىرى، ئۇسكۇنە ـ زاپچاسلارنى تەكشۇرۇش، ئۆلچەش، مۇھىت ئاسراش، قۇتقۇزۇش، مائارىپ تارماقلىرى... يىگىرمە ئىككى ئورۇن ھەق ئالىدىكەن. ئۇلار بىر ـ ئىككى پىرسەنتتىن ئالغىلى تۇرسا زاۋۇتقا نېمە پايدا قالىدۇ. ۋاقتىدا بەرمىسە جەرىمانە قويىدىغىنىچۇ تېخى؟... تەس ئىكەن، روناق تاپماق تەس ئىكەن جۇمۇسىلا. زاۋۇتلار تاقالدى. ئىشچىلار ئىشسىز. ئوبۇل شۇجى بىرلا سۆزنى بىلىدىكەن: تىجارەت قىلسۇن دەيدۇ شۇ. قېنى ئۇ تىجارەت؟ مۇشۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت مۇدىرلىقىدىن تويدۇم، ئىستېپا بېرەيمىكىن دەيمەن.

— دېھقانلارنىڭ سېلىقىچۇ تېخى؟ ھەيدەش سەككىز ھەسسە، ئوغۇت تۆت ھەسسە، سۇ پۇلى ئۇچ ھەسسە، كومبايىن بىلەن يىغىش ھەققى ئالتە ھەسسە ئاشتى. مەھسۇلات بىلەن ئاشلىقنىڭ تەننەرخىچۇ؟ ھېچقانچە ئاشمىدى. مو بېشىغا مىڭ جىڭ بۇغداي ئالىدىغان دېھقانمۇ، بىر يۈزئەللىك جىڭ ساپ پاختا ئالىدىغان دېھقانمۇ يەرگە تايىنىپ بېيىيالمايدۇ. ئىقتىسادىي زىرائەتلەرگە چەك قويىمىز تېخى، دېھقانلارنى بېيىتىش ئۇچۇن بېيىشنىڭ يوللىرىنى ئۇلارغا كۆرسىتىش كېرەك ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ قىسمەن كادىرلىرىمىز بۇنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئۇلار زىياپەت، سوۋغا ـ سالام، ئويۇن ـ تاماشىنىڭ كويىدا.

— ئوبۇلھەسەن شۇجىمۇ شۇنداقراق ئىكەن. زېمىن شۇجى، بىز ناھىيەلىك پارتكومغا سىلىنى بىزگە يەنە شۇجى قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئۈچ قېتىم ۋەكىل ئەۋەتتۇق، ئۈچ قېتىم ئىلتىماس يازدۇق. ھاكىم چىن شۇجىغا بىزنىڭ گېپىمىزنى يەتكۈزگەن ئوخشايدۇ.

— نېمىشقا كۆچمەيسىلەر تېخىچە؟

— تېخى ئۇقمىدىلىما؟ بەللى، يېزىدا يۇرۇپ شەھەردە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرسىز قاپلا ـ دە، باغنى بۇزۇپ قۇرۇلۇش باشلىنىۋەتتى. ھازىر ھەدەپ ئۇل كولاۋاتىدۇيا!

— بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟

— قانداق گەپ بولاتتى، باغ ھاجىمغا تېگىپتۇ. ئۆيلەرنىڭ يېرىمىمۇ تېگىپتۇدەك. ھاجىم ئۈچ ئۇلۇش، سىلىگە بىر ئۇلۇش بۆلۈپتۇدەك. ئۆلۈپ كەتكەن ئىككى ئاكامنىڭ بالىلىرىنى مەن بېقىپ چوڭ قىلدىم، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆزاتتىم دېگۈدەكيا ھاجىم.

زېمىن گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا دادىسىنىڭ ئورۇق گەۋدىسى، دادىسى ئۆز قولى بىلەن ئۆزاتقان ئىككى تاغىسىنىڭ قانغا بويالغان جەسەتلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى ـ دە، سەسكىنىپ:

— مۇنداق دېسىلە، يېڭى چىققان كونا گەپ! — دېدى ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ.

ئۇ ۋېلىسىپىت بىلەن يېڭى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانا بىناسىدىن چىقىپ بۇرۇنقى يېزىلىق ھۆكۈمەت ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ غەزەپتىن ياڭاق تېرىلىرى لىپىلداپ، لەۋلىرى تىترەپ، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى.

— ھەممىلا چاغدا دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان، بۇنداق زوراۋان كۈچكە تىزگىن يوقمىكەن ـ ھە؟

ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىدى ـ دە، ۋېلىسىپىتنى باراڭغا جالاققىدە يۆلەپ قويۇپ ئۆيگە كىرمەيلا ۋارقىرىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئىسرائىل، ئىمىنجان!

ئاكىسىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىككى ئىنى ئىككى ئۆيدىن ھودۇقۇپ يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى.

— ئۆي - جابدۇقلارنى ھويلىغا توشۇڭلار، ھازىرلا ماشىنا ئەكىلىمەن، يېزىغا كۆچىمىز!

ئىسرائىل يەرگە قارىدى، ئىمىنجان ئاكىسىغا ئالىيىپ قارىدى:

— نېمىشقا؟

— كۆچىمىز، بۇ ئۆيلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيلىرى، يېزىلىق ھۆكۈمەتنى كۆچۈرۈپ ئەكىلىمىز!

— بىزنىڭ ئۆيىمىز بۇ! — دېدى ئىمىنجان ئاكىسىغا نارازى بولۇپ ۋارقىراپ، — مەن كۆچمەيمەن!

زېمىن بۇ تەرسا ئىنىسىغا قاراپمۇ قويمىدى.

— ئىسرائىل، سەن ئانام بىلەن ئاچاڭنى ئېلىپ كۆچ، سەن خۇمداندا ئىشلە، ھاۋاخان ماي زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ! — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ۋېلىسىپىتنى قايتىدىن مىنىپ كوچىغا قاراپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

زېمىن بىر شوپۇر دوستىنى ئۆي كۆچۈرۈشكە بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان كونا ئىككى قەۋەتلىك بىناغا كەلدى. ئۇ ھېچكىمگە قاراپمۇ قويماي خۇددى بۇرۇنقى شۇجى ۋاقتىدىكىدەك ھەيۋە بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانا مۇدىرىنىڭ يېنىغا كىردى. بايىقى مۇدىر بۇرۇنقى ئورنىدا مىدىر قىلماي، خىيال بىلەن ئولتۇرغانىكەن:

— زېمىن شۇجى، سىلى...

— بۈگۈنلا كۆچىلى! — دېدى ئۇ مۇدىرغا بۇيرۇق قىلغاندەك كەسكىن سۆزلەپ، — ئوبۇل شۇجى ۋىلايەتكە كەتكەن بولسا تازا بەلەن بولدى. بۇيرۇق بەرسىلە، بۈگۈنلا كونا ئورۇنغا كۆچۈپ بارايلى. پەلەن - شەلەن دېسە مېنىڭ بۇيرۇقۇم، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى دېسىلە.

— پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى چىقامسەن دېسىچۇ؟

— ئوبۇلھەسەن پارتكوم ئەمەس، خەلققە يۈز مىڭ يۈەن زىيان كەلتۈرىدىغان ئادەمنى پارتىيەمىزمۇ قوللىمايدۇ دېسىلە. قورقمىسىلا، مەن سىلى بىلەن بىللە بولىمەن، ھۆكۈمەت، پارتكومدىكى كۆپچىلىك سىلى تەرەپتە تۇرىدۇ!

بۈگۈن ئۆي كۆچۈش كۈنى بولدى، زىمىننىڭ قېرىنداشلىرى يېزىغا، يېزىلىق ھۆكۈمەت بۇرۇنقى ئورنىغا كۆچتى. ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ تولىسى خۇشال بولۇشتى. پارتكومدىكى بىرنەچچە كادىر «ئوبۇل شۇجىنىڭ بۇيرۇقىسىز كۆچمەيمىز» دەپ تەرسالىق قىلىپمۇ باقتى، ئەمما ئاخىر كۆپچىلىككە ئەگەشتى.

زىمىن شۇ كۈنى يەنە باغدا ئۇل كولاۋاتقان قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ ئىشىنىمۇ توختاتتى. بۇ قۇرۇلۇشچىلار زىمىن شۇجىنىڭ كۆپ ياخشىلىقىنى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ گېپىگە كىردى.

سۆزگە قارىغاندا بۇيرۇق ۋە جۇرئەتنىڭ كۈچى زور بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە زىمىن قارامىلىقنىڭ، مۇناسىۋەت ئىلمىنىڭ ئۇنۇمىنى كۆردى. ئۇ كەچقۇرۇنى يېزىدىكى ئۆيىگە ۋېلىسىپىت بىلەن قايتىپ كەلگەندە دادىسىدىن قالغان بۇ تاشلاندۇق قورۇ ئادەمگە تولغان، ھاۋاخاننىڭ ئىككى بالىسى بىلەن گۈلنازنىڭ ئىككى بالىسى قېرى ئاموتقا يامىشىپ قاقاقلىشىپ كۈلۈشمەكتە، ھاۋاخان بىلەن گۈلناز ھويلىدىكى تاختاي سۇپىدا ئولتۇرۇشۇپ پاراڭلاشماقتا. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئانا ئۇخلىماقتا ئىدى.

زىمىن مانا ئەمدى مۇشۇ چوڭ ئائىلىنىڭ باشلىقى بولدى. لېكىن، ئۇ نەگىلا بارسا كىشىلەر ئۇنى «زىمىن شۇجى» دېيىشىدۇ. «شۇجى» دېگەن نام ـ ئابروي ۋە مەرتىۋىنىڭ قايسىسىغا مەنسۇپ؟ زىمىن چۈشەندى: ئۇ ئەمەل ـ مەرتىۋىگە ئەمەس، ئابرويغا مەنسۇپ ئىكەن. بەزىلەر بۇ مەنسەپكە ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغىنى بىلەن، بۇ ئابرۇيغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىكەن.
ئۇ يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولۇپ تۇرغىنىدا دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن بەخت مەنبەسى بولغان ئائىلىنىڭ راھىتىنى بىلمەيتتى. مانا ئەمدى ئائىلە باشلىقى بولۇپ تۇرغىنىدا ئائىلە راھىتى، ئائىلە ھارارىتى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىغاندا ئۆتكەن ئۆمرىگە ئېچىندى.
ئۇزاق يىللىق سەرگەردانلىق ئۇنىڭغا تەنھالىقنىڭ مۇشەققىتى بىلەن ئەۋزەللىكىنىمۇ كۆرسەتكەن. ئۇ نەدە تۇرسۇن، نەگە بارسۇن ئۆزى توغرىسىدا، جەمئىيەت توغرىسىدا ۋە ئىنسانىيەت توغرىسىدا ئويلايتتى، ئۇ چاغلاردا ئائىلە توغرىسىدا ئويلاش ئۇنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى. باشقىلار توغرىسىدا ئويلىغاندا ئاۋۋال دادىسى، بەزىدە گۈلناز ئۇنىڭ يادىغا كېلەتتى. دادىسى يادىغا كەلگەندە ئۇ ئازاب بىلەن تولغانسا، گۈلناز يادىغا كەلگەندە ئۆزىنى بىر ئوت ئىچىدە سېزەتتى. لېكىن، ئائىلە، ئايال، باللار ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ياشاش زادىلا ئۇنىڭ يادىغا كەلمەيتتى.
يېزا خىزمىتى، شۇجىلىق قىلىش ئۇنىڭغا پەقەت ئىشنىلا ئويلايدىغان، باشقىلارنىلا ئويلايدىغان يېڭى بىر ئادەتنى ئاتا قىلدى. ئۇ كۈندۈزنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قالاتتى. ھېرىپ ــ چارچاپ ياغاچ كارىۋاتتا سۇنايلىنىپ ياتقاندىلا ئۇنىڭ يادىغا گۈلناز، ئاندىن دادىسى كېلەتتى ــ دە، ئۇ تېزرەك ئۇخلاپ قېلىش ئۈچۈن بىردىن يۈزگىچە ساناشقا باشلايتتى.
مانا شۇنداق ئائىلە راھىتى توغرىسىدا ئويلاشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىر يەنە ئائىلە باشلىقى بولۇپ قالدى. ئۇ ھازىر باشقىلار، ئىنسان، جەمئىيەت توغرىسىدا كۆپ ئويلاشتىن مۇشۇ ئائىلە، باللار ۋە گۈلناز توغرىسىدا ئويلاشقا ئۆتتى. مانا ئۇ ھويلىغا كىردى:
ــ قانداق، باللار؟

— ياخشى، دادا !
— چوڭ دادام كەلدى.
— كەلدىلىمۇ، بالام.
— كەلدىڭىزمۇ، زېمىن !
— كەلسىلە، ئاكا !

بۇ ئاۋازلار، بۇ چىرايلار نېمانچە يېقىملىق، نېمانچە ئىللىق. چۈنكى، بۇ ئائىلىنىڭ چىرايى ۋە ئاۋازى. بۇ زېمىنىنىڭ ئائىلىسى، زېمىنىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىر ئىشى، ھەربىر قەدىمى ئۇلارسىز بولمايدۇ ـ دە !

— دادا، مەن ۋېلىسىپىت بىلەن قاتناپ ئوقۇيدىغان بولدۇم. ئۇكامغىمۇ ئۆگىتەي، ئۇنىڭغىمۇ ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەرسىلە.

مانا بۇ يادىكارنىڭ تۇنجى پىكرى. ئۇنىڭ دېگىنىنى دادا ئورۇنلىشى لازىم.

— چوڭ دادا، بىزمۇ مەكتەپكە يېزىلدۇق. بىزگىمۇ ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەرسىلىيا !

مانا بۇ ھاۋاگۇلنىڭ چوڭ بالىسىنىڭ ئاۋازى.

— ماقۇل، قوزىلىرىم، دېگەنلىرىڭلارنى ئېلىپ بېرىمەن ! — دېدى زېمىن كىچىكىنى كۆتۈرۈپ، چوڭىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — ياخشى ئوقۇساڭلار دېگىنىڭلار بولىدۇ.

— ئىككى ئېغىز ئۆيدە قىينىلىدىغان بولدۇق، — دېدى ھاۋاگۇل ئاكىسىنىڭ يېڭىدىن ئۆيلەنگىنىنى ئەسكەرتمەك بولۇپ، — بىز ئانام، باللار بىلەنغۇ ھازىرچە مۇشۇ سۇپىدا ياتساقمۇ بولىدۇ. ئىسرائىل ئاكامۇ ئۆيلىنەرمىش. ئۇنى قانداق قىلىمىز. باياتىن گۇلناز ئاچام بىلەن ئىككى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئايرىم ـ ئايرىم قىلساق دېيىشىۋاتىمىز. قانداق بوپتۇ، ئاكا؟

مانا بۇ ئىشنىمۇ ئائىلە باشلىقى بەلگىلىشى كېرەك.

— ئىسرائىلجان بالامنىڭ لايىقى بەلەن قىز بالا ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر بالىسى بارمىش. ئاتا ـ ئانىسى زېمىن شۇجى ئالدىمىزغا بىر كەلسە بولاتتى دەيمىشيا، قاچان بارسىلا، بالام؟ — مانا بۇ ئانىنىڭ تەلىپى.

ھەممىدىن قىيىن بىر مەسىلىنى گۈلنازدىن ئاڭلىدى تېخى:

— دۇكاننى شەھەردىن ئالدىم. مالنى گۈلئايشەم ئاچامنىڭ ئىسكىلاتىدىن تۆۋەن باھادا ئالدىم. مېتىرىغا بەش ـ ئالتە موچەندىن چاپلاپ ساتىدىغان بولدۇم. ئاشكارا رەخت دۇكىنى، يوشۇرۇنچە ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن ھالقا ساتىمەن. ئون سەر ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى زەرگەرگە بەردىم، ئۈزۈك ـ ھالقا ياسىتىپ ساتىمەن!

— ئاپلا، — دېدى زېمىن دەرھال نارازى بولۇپ، — نېمىشقا مەسلىھەت سالمايسەن دەيمىنا؟

— سىزگە گەپ كەلمەيدۇ، مۇشۇنداق قىلمىسام يىل ئاخىرىغىچە قانداق قىلىپ دەسمايىنى يۈز مىڭ كويغا يەتكۈزگۈدەكمەن؟

— ئالتۇن سودىسى چەكلەنگەن. ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، قانۇنغا خىلاپ ئىشنى قىلمىساق قانداق؟

— ئوھۇش، شۇجىمىدىڭىز، نېمىدىن قورقىسىز. بىلمەسكە سېلىۋېلىڭ، مەن ئۆزۈم قىلىمەن. ئانامنىڭ تىقىپ قويغان ئالتۇنلىرىنى پۇل قىلىپ بېرىمەن دەپ ئاچىقىپ ئۈزۈك ـ ھالقا سوقتۇرۇپ ساتىمەن تازا، ھېچكىم ئالالمىغىنى بىلەن مەن ئالالايمەن جۇمۇ!

— بولمايدۇ، گۈلناز، بولمايدۇ جۇمۇ!

لېكىن، گۈلناز ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىدۇ، مانا بۇ ئائىلىنىڭ بىرىنچى ئاۋارىچىلىكى.

ئۇ ئەمدى ئۆي توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىدى، مۇنۇ ئىككى ئېغىز ئۆيدىن باشقا يەنە تۆت ئېغىز ئۆي ياساش كېرەك. تۆت

ئېغىز ئۆيگە قانچىلىك ياغاچ ـ تاش كېتىدۇ؟ تۇراق دوكانى تېپىپ مەسلىھەتلىشىش زۆرۈر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيمۇ كونا...

ئۇنىڭ مېڭىسى ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ ناھىيەدە، ۋىلايەتتە ئۆزى توغرۇلۇق قانداق گەپلەر بولۇۋاتقىنىنى ئويلاپمۇ قويمىدى. رىشات بۇجاڭ نەچچە قېتىم ئىزدەپ كەلدى، ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىمۇ سۆزلەشمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىلىرىنىمۇ ئۇ تامامەن ئۇنتۇدى.

## 3

— بۇ چوقۇم ئابلا يانتاقنىڭ ئىشى! — دېدى ئۆكسۈلى ئۆچكەن ئوبۇلغازى گېزىتنى تۇردى كېرەمنىڭ ئالدىغا ئاچچىق بىلەن قويۇپ، — ئاتىمىزنىڭ ھەممە ئىشىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلىدىغان شۇ تۇزكوردىن باشقا كىممۇ بۇنداق قاملاشتۇرۇپ يازالايتتىيا؟

تۇردى كېرەم ئادىتى بويىچە گېزىتنى ئالدىرىماي يايدى، كۆزەينىكىنى ئالدىرىماي تاقىدى ۋە ئوبۇلغازىنى بىئارام قىلغان ماقالىنىڭ ماۋزۇسىنى ئالدىرىماي ئوقۇدى:

— «بۇتقا چوقۇنغۇچى مۇسۇلمانلار». پاھ، قويغان ماۋزۇسىنى قارىمامدىغان بۇ ئوغرىنىڭ. تېخى مۇنۇ شېئىرلىرىنى قارىمامدىغان! نېمە، ئەمدى ئۆزىگە «قامقاق» دەپ ئىسىم قويۇۋاپتۇما؟ يانتاق بىر يەردە تۇرىدۇ، سۇسىز چۆلدە كۆكىرىۋېرىدۇ، قامقاق بولسا پىشكى شامال چىقسىلا چاپىدۇ. چېپىپ يۈرىدىغان چېغى بار ئۇنىڭ؟

— ئاڭلىسام قەشقەردە، ئاقسۇدا، ئۈرۈمچىدە شېئىر ئوقۇپ يۈرەرمىش. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلاردىمۇ شېئىر ئوقارمىش. گۈلنازخانى خەققە ئۆتۈنۈپ بېرىپ ساراڭ بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتاپ.com
www.uyghurkitap.com

قالغان چېغى !

— ئۇنداقمۇ ئەمەستۇر، ھەركىم ئۆزى تاللىغان يولدا ماڭغان گەپ. سىلىنىڭ خەۋەرلىرى يوق، ئەمدى ئىپتىمساق بولمايدۇ، نەمرۇد ئاكىنىڭ ئەھۋالى يامان، ئۇنىڭ ئۇستىدىن ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، ئەدلىيە، سوت ئورۇنلىرىغا نۇرغۇن ئەرزلەر كېلىپتىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ بۇ يەردىن بارغان ماتېرىيالمۇ بار ئىكەن. بىزنىڭ ناھىيەدىنلا ھەر خىل ۋەدىلەر بىلەن بىر يۈز ئون مىڭ كويچەن ئاپتىكەن. ئالدىغا تۆت يىل، كەينىگە ئىككى يىل بوپتۇدەك. باشقا يەرلەردىن ئالغان پۇللارمۇ، پارا بەرگەن ئىشلىرىمۇ بىراقلا چۇۋۇلۇپ چىقىپتۇدەك. ھەرئايدا ئۈچ يۈز كويچەندىن مائاش ئالىدىغان ئۈچ لوكچەك مۇھاپىزەتچىسى، ھەربىر شەھەردە ئىككى - ئۈچتىن ئاشنىسى، ئورۇمچىدە بولىۋالغان مەخپىي ئۆيلىرى بار ئىمىشيا ! ماتېرىيالنى ئوقۇپ چۆچۈپ كەتتىم. ئىبراھىم ۋالىيغا تېلېفون بەرسەم، ۋالىي: «بۇ قېتىم ئامال يوق. ئاتىمىر رەنجىسىمۇ مەن ئەمدى ئاكىمىزنىڭ ئىشىنى ئوڭلىيالمايمەن» دەپ جاۋاب بەردىيا.

— بەللى، بەللى، ماۋۇنى كۆرسىلە ! — ئوبۇلغازىنىڭ قوللىرى تىترەپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

— سىلىگە نېمە بولدى، چېتىشىدىغان يەرلىرى بارمىدىيا؟

— دەيمىنا، ئاتىمىز ئاڭلىسا نېمە بولۇپ كېتەر؟ نەمرۇد ئاكىنى قولغا ئالارمۇ؟

— قانۇن دېگەن يۈز - خاتىرنى بىلمەيدا، قانۇن بويىچە بولىدىغان گەپ.

— بۇ گەپنى ئايالالارغا دەيمىزما؟

— يوشۇرغىلى بولمايدۇ.

— دۇرۇس، ئۇلاردىن ھېچنېمىنى يوشۇرماي كەلگەنيا ! ئىبراھىم ھاجىمنىڭ دەخلىسىز نامىغا، ھەشەمەتلىك

قورۇسىغا ئېتىلغان تاشلار ناھىيەدە بىر دەمدىلا غۇلغۇلا پەيدا قىلدى:

— ياﺋاللا، ھاجىمنى بۇت دېگىنىنى!

— چوقۇنىدىغانلار كۆيۈ ئوغۇللىرى بىلەن باللىرىمۇ يا بىزمۇ بارمۇ؟

— بولمامتىگكى، قىزنىڭنى ئەرگە بەرسەڭمۇ شۇ كىشىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاتتىڭ، باللىرىڭنىڭ ھەممىسىگىلا ئىبراھىم دەپ ئىسىم قويغىلى تاس قالدىڭ!

— دېمىسىمۇ ھەممىمىز چوقۇنغان!

— چوقۇنساق نېمە بوپتۇ. گېزىت دېگەنگە نېمىلەر يېزىلمايدۇ. قامقاق جۆيلۈۋېرىدۇ، ھاجىم يەنە يۈرۈۋېرىدۇ جۇما!

— پاكىتلارنى قالتىس كەلتۈرۈپتۇ دەيمەن!

— خاتىرىلەپ ماڭغان چېغى ئۇ ئوغرى!

— جىنىڭ شائىر ئىكەن جۇما، ئابلا يانتاق.

— بەلەن يىگىت ئىدى، جالىق بىلەن چىقىشالمايتتى.

— شۇڭا ئۆسمىگەنىيا!

— ھاجى قۇددۇس كۈندىلا مەست يۈرەمتىيا؟

— قۇببەس ئەپەندىم گېزىتنى ئوقۇپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىپتەك.

— گۈلشەرىخان بالىنىستىتا ئىكەن، قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىپتەك. گۈلجامال خېنىم ئۆيگە بېكىنىۋاپتەك!

— تولىمۇ قاترايتتى ئۇ چوكان!

— گېپىنىڭ چوڭلۇقىچۇ تېخى. ئىسمىنى ئاران يازىدۇ، تېخى تېخنىكوم دىپلومى بارمىش.

— ئۇنداق بولسا سىلى قاسىم مۇدىر بىلەن قۇببەس ئەپەندىمگە ماشىنا ئەۋەتسىلە، ماقۇل بىزنىڭكىگە يىغلايلى، — دېدى ئاخىر تۇردى كېرەم ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ، — شۇغىنىسى گۈلشەرىخان بۈگۈن بالىنىستقا كىرىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— گۈلجامال خېنىمنىڭمۇ تاۋى يوق.
— ھە، چۈشىنىشلىك، گۈلئايشەم خېنىم بارمىكىن؟
— ياق، ۋىلايەتكە ئېرىنىڭ يېنىغا كېتىپتەك!
— ھە، چۈشىنىشلىك.
تۆردى كېرەم گۆشلۈك، مەزمۇت قوللىرىنى ئوبۇلغازىغا سۇندى:
— خەير - خوش!
— خوش ئەمىسە، تۆ شۆجى، — ئوبۇلغازىنىڭ ئورۇق گەۋدىسى تۆنجى قېتىم مۈكچەيدى.
ھاجىم ئوغلى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەرنى ئاخىر ئاڭلىدى.
— قانچىلىك پۇل ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ھاجىم ئۆيىدىكى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى هارغىن قوللىرىدا تەستە تۇتۇپ تۇرۇپ، كۆيۈ ئوغلى ئىبراھىم ئەزىزدىن، — دەرھال تۆلىسەك جازالىماسمۇ؟
— قاقتى - سوقتى، ئالغان پارا بولۇپ جەمئىي سەككىز يۈز قىرىق ئۈچ مىڭ كوي ئىكەن، — دېدى ئىبراھىم ئەزىز ئەنسىز ھاسىراپ تۇرۇپ، — تۆلىسەك يەڭگىللىتىدۇ، ئەمما جازادىن قۇتۇلدۇرماق تەس.
— سىز بالام، بىر ۋىلايەتنىڭ ھۆكۈمدارى، سىز كېپىللىك قىلالماسىز؟ نېمە، تەس دەمسىز؟! بىلەمسىز بۇ زەربە بىلەن مەن ئۆرە تۇرالمايمەن،... يا سىلەر مەندىن زېرىكتىڭلارمۇ؟ مېنى ئۆزىتىدىغان ۋاقىت كەلدىمۇيا؟
— دادا... دادا!... ئۇنداق دېمىسىلە... تىرىشىپ كۆرەي...
— ۋەدە بېرەلەمسىز؟! ماڭا پىنىچىلىك بولسىمۇ ئارام بېرەلەمسىز؟! مېنىڭ ياخشىلىقلىرىمنىڭ جاۋابى شۇمۇ؟
ھاجىم ئەنسىز يۆتەلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى، ئۇنىڭ قولىدىن تېلېفون چۈشۈپ كەتتى. ئۆيگە ئىساخان ھاجىم يۈگۈرۈپ كىرىپ ھاجىمنى يۆلىدى.

— ماڭ، قۇددۇسنى چاقىرىڭلار ! ... — ئۇ ئايالىنى ئاستا ئىتتىردى.

ئارىدىن بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ياسىداق مېھمانخانىنىڭ بوسۇغىسىدا ھاجى قۇددۇس پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چىرايى خۇنۈك، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى پاسكىنا ئىدى. ھاجىم ئوغلىغا لاپ قىلىپ قارىدى:

— ئۈچ كۈن ئىچىدە بىر مىليون نەق پۇل جايلا، بولمىسا ئاكاڭ قاتتىق جازالىنىپ كېتىدۇ، بالام ! — دېدى.

— ياق، مەندە بۇنچە پۇل يوق، دادا!

— يوقمۇ، بەرگۈلۈك يوقمۇ؟

— ھەر ئىككىسى يوق، دادا.

— قېرىنداشتىن پۇل ياخشىمۇ؟ نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟

— ئاكام ماڭىمۇ ئىككى يۈز مىڭ كويچەن زىيان سالدى. مەن ئەرز قىلمىدىم. بۇ قىلغىنىم ياردەم بولار، دادا !

— ۋۇي بەتبەختلەر، ۋۇي بىكۆيۈم مۇرتەتلەر! — ھاجىم سەنتۈرۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھاسىغا تايىنىپ ئوغلىغا قاراپ ماڭدى، — مۇلازىمەتخاناڭنى سات، ھېچبولمىسا بەش يۈز مىڭ كويچەن جايلا. قالغىنىنى ئۆزۈم جايلايمەن. ھاي نىساخان، ماڭ ھېلىقى ئالتۇن قۇتىسىنى ئاچىق !

ھاجىم سەنتۈرۈلۈپ توختاپ قالدى: ئۇنىڭ بالىلىرىدىن ئىككىنچىسى مانا ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلىپ تۇرۇپتۇ.

— گەپ قىلمايسەنغۇ، قانچىلىك بېرەلەيسەن ئەمىسە؟

— بېرەلمەيمەن ... — ھاجى قۇددۇس يەرگە قارىدى.

— يوقال، كۆزۈمگە ئىككىنچى كۆرۈنگۈچى بولما ! — جېنىم ئوغلۇم، مېنىڭ نەمرۇد بالام. ئىبراھىم خېلىللانى ئوتتا كۆيدۈرگەن مۇرتەتنىڭ ئىسمىنى بىكارلا ساڭا قويغانىكەنمەن. مۇنۇ يەھۇدىيلار بېسىۋالغان ئېرۇسالىمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسمى قۇددۇسنى ساڭا قويۇپ، قاتىلنىڭ ئىسمىنى مۇشۇنىڭغا قويسام بوپتىكەن. مېنىڭ قاتىلىم مۇشۇ هايۋان بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— ياق، سىلىنىڭ جانلىرىغا قەست قىلماقچى بولغان قاتىل مەن ئەمەس، يەنە شۇ نەمرۇد!

— يوقال! — بوۋاي ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنى ئايالىلار ئەكىلىپ ياستۇققا ياتقۇزدى. بوۋاي شۇ ياتقىنىچە قايتا ئۆرە تۇرمىدى ۋە ھېچكىمگە گەپمۇ قىلمىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ بۇ چوڭ قورۇدا پاتىپاراقچىلىق باشلاندى. ھاجىمنىڭ ھەربىر ئىشارىتىنى توغرا چۈشىنىدىغان ۋە دەرھال بىجىرىدىغان مۆمىن ئايالىلار ھەممىدىن تولىراق پايپېتەك. ھەممە ئىشقا ئەستايىدىل قارايدىغان قاسىم قۇربان بۇ قورۇنىڭ سايىلامىسىز باشلىقى بولۇپ قالدى. چۈنكى، چوڭ ئوغۇل قۇبىبەس ئەپەندى ياۋاش، سەمىمىي بولغىنى بىلەن پاراسەت ۋە جۈرئەتتە يېتىلمىگەندى.

قاسىم قۇربان بوۋاينىڭ بۇ قېتىمقى يىقىلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ھاجىمغا يەنىلا ئىچىناتتى. نەمرۇدقىمۇ خۇددى ھاجىمدەك ئازاب چېكەتتى. ئۇ بۇ ئائىلىدە ھەرقانداق بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بولۇشىنى خالىمايتتى. مەڭگۈ ئىناقلىق، مەڭگۈلۈك كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىدى. ئۇ بارلىق ئاق كۆڭۈل ئادەملەردەك مانا ئاشۇنداق ھاياتنى ئارزۇ قىلاتتى. ئاشۇنداق ھاياتنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىن كېچىدىغان يەردە كېچەلەيتتى، قۇربان بېرىشكە توغرا كەلگەندە ئالدى - كەينىگە قاراپ تۇرمايتتى، پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلىشىپمۇ كەتمەيتتى. ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئىچكىرىكى قورۇنىڭ ھېلىقى سۆپىسىدا ئولتۇراتتى. ھېلىدىن - ھېلىغا پېشانىسى بىلەن بۇرنىدىن چىققان تەرنى لۆڭگىسى بىلەن سۈرتۈپ:

— نېمىلەر بولۇۋاتىدۇ ئىگەكىم ... — دەپ قوياتتى. لېكىن ئۇ ھېچكىمنى ئەيىبلىمەيتتى، ھېچكىمدىن ئاغرىنمايتتى. ئۇ ئابلا ياتناقنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپمۇ «راست گەپنى قىپتۇ» دەپلا قويدى. نەمرۇدنىڭ چاتىقىنى ئاڭلاپمۇ: «راست شۇنداق، رەسمىي گەپ، ئۇ بالا يولدىن چىققان» دەپلا قويدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا نەمرۇدقا ئىچ ئاغرىتتى، بوۋاي ئۇچۇن يوشۇرۇنچە كۆز يېشى قىلدى. ھەتتا بۇ ئائىلىنىڭ ئاسىيلىرى بولغان ھاجى قۇددۇس بىلەن گۇلنازغىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ: «بۇ ئىككى كەنجىنى ھەممىدىن ياخشى كۆرەتتىم. نېمىلەر بولۇۋاتىدۇ ئىگەكىم !» دەپ ھەسرەت چەكتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — ئۇنىڭ يېنىدىن تۇردى كېرەم ئورۇن ئالدى. ناھىيەنىڭ بۇ ئىككى رەھبىرى ئۇزاق يىللىق سىرداش، خىزمەتداش، يولداش، قېرىنداش، ئۇلار پارتىيەگە بىللە كىرىشتى، بىللە ئىشلىدى، بىللە ئۆستى. بىر مەھەل بىرى، يەنە بىر مەھەل يەنە بىرى رەھبەر بولۇپ بىر - بىرىنى باشقۇردى. بىر - بىرىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىدى، بىر - بىرىگە رەھبەر بولدى. لېكىن، ئۇلار بىر - بىرىنى كولىمىدى، كولىسىمۇ بىرلىشىپ باشقىلارنىڭكىنى كولىدى، يەنە ئۇلار بىر - بىرىگە ھەسەتمۇ قىلىشمىدى. خۇددى بىر زەمبىلنىڭ ئىككى بېشىنى تۇتقان ئىككى مەدىكاردەك بىر يۈكنى تەڭ كۆتۈردى، بىر نىشانغا قاراپ بىللە ماڭدى، بىر ناخشىنى بىللە غىڭشىپ ئېيتىپ، بىر يەرنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالدى. شۇڭا، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ تىنىقىدىن ئىچ سىرىنى بىلىشىدۇ، كۆزلىرىدىن بىر - بىرىنىڭ تىلىنى ئۇقۇشىدۇ، قىسقا يۆتەل ياكى يالغان كۈلكە، باش لىڭشىتىش ياكى قول ئىشارىسىگە ئوخشاش دىپلوماتىيە قوراللىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار شۇنداق ئوخشاشلىقى كۆپ ئىككى ئادەم، يەنە ئىككى خىل خۇسۇسىيىتى بار بىر ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— تۇ شۇجى، گومىيەزنىڭ ئىشىنى قانداق ئويلايلا؟

— شۇنداق، سىلى بىلەن بىر ئوتتۇرىغا چىقساق بولمايدۇ جۇمۇ.

— بالىلاردىن كىم قالدى؟ قۇبىبەس ئەپەندىم ھەرگىز ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. ئۇ ئادەم «پىرىنسىپشۇناس» ئەمەسما، بىر پىرىنسىپقا توغرىلايدۇيا!

— شۇنداق، ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. ئوبۇلغازىنىڭ ئىشى چاتاق، ئاڭلىغانلا، ئوبۇلھەسەننىڭ ئوڭايلا چاندۇرغىنىنى!

— ئاڭلىدىم، ۋۇي ئوغرى!

ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئوبۇلھەسەن ۋىلايەتتىن كەلگەن خىزمەت تەكشۈرگۈچىلەرنى ئۆزىتىپ چىققاندا بىر ماشىنا (جىپ ماشىنا)دىن ئورۇق، ناچار كىيىنگەن بىر كىشى چۈشتى. چۈشكەندىمۇ خاپا، تولىمۇ خاپا چۈشتى.

— ماشىنىنىڭ كەينىنى ئاچ! — دېدى ئۇ شوپۇرغا.

ماشىنىنىڭ كەينىدىن بىر قويىنىڭ گۆشى بىلەن ئۈچ يېشىك مېۋە، بىر يەشىك هاراق چىقتى.

— بۇ ماڭا قىلغان سوۋغاتلارمۇ؟

— شۇنداق، جۇيجاڭ ... ھى - ھى - ھى ... — ئوبۇلھەسەن ھودۇقۇپ خۇشامەت بىلەن كۈلدى.

— ناۋادا ۋىلايەتنىڭ بىرىنچى شۇجىسى كەلگەن بولسىمۇ مۇشۇنداق قىلاتتىڭلارمۇ؟

— كۆڭلىمىز، جۇيجاڭ...

— كىمنىڭ ھېسابىغا بۇ سوۋغا؟

— بۇ، بۇ...

— سىزنىڭمۇ؟

— ئەمدى، ئىدارە...

— ھە، دۆلەت ياكى كوللېكتىپ ھېسابىغا - ھە؟ سىلەر دېھقانلارغا شۇنىڭ ئۈچۈن يوشۇرۇنچە يەرلىك سېلىق

سالىدىكەنسىلەر ـ دە! تۇ شۇجى، بۇ كىشىنىڭ مۇشۇ خىل سوۋغا بېرىش ئەھۋالىنى ئۇچ كونگچە تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ماڭا دوكلات يوللاڭ!

— ئوبۇلھەسەن دېگەن ئوغرى ۋىلايەت شۇجىسىنىمۇ تونۇمايدىكەن ـ دە؟

— پىكاپقا، كىيىمگە قارىغان گەپ. ئەمما، بىزنىڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى يىغىنلاردا كۆپرەك سۆزلىگەچكە جۇيجاڭ بولسا كېرەك دەپ سوۋغا سۇنغان گەپ.

— شۇنداق قىلىپ نەچچىلىك سوۋغا سۇنۇپتۇ؟

— شۇ بىر قېتىمدىلا مىڭ سەككىز كويلۇق سوۋغا سۇنغان گەپ. ئون نەچچە قېتىمدا تەخمىنەن ئون سەككىز مىڭ كوي دېگەن گەپ!

— شۇنداق قىلىپ خىزمەتتىن توختىدى دېسىلە، ۋاي ئوغرى چوقۇر!

— توختىسىلا مەيلىدىغۇ، مۇشۇكنى كۆتۈرسە مۇشۇك كىگىزنى كۆتۈرۈپتۇ دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈشكە توغرا كەلدى. ئۇ ئەمدى بىزنىڭ ئوبۇلغازى جۇيجاڭغا تاقالدى. ئوبۇلغازىنىڭ ئۈستىدىن نۇرغۇن پاش قىلىش ماتېرىياللىرى كېلىپتىكەن. چىن شۇجى ھەممىنى يىغىپ ماڭا ئاچقىپ بەردى. مەن كۆرۈۋاتىمەن دېسىلە.

— مېنىڭ ئاشخانىدا ئاڭلىغانلىرىم بىكار ئەمەس، ماڭا بىكارلا ئاھانەت قىلدى ئىگەكىم...

ئىچكىرىكى قورۇنىڭ بوسۇغىسىدا ئوبۇلغازى پەيدا بولدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تۇ شۇجى، قا جۇرېن، ئوبدان تۇرۇشلىما؟ مانا، بەللى، بەللى، مەزگىلسىز كەچ كۈز بولدىيا، دەرەخ قۇرۇۋېدى، يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ چۈشۈشكە باشلىدى.

— يەنە چاتاق گەپ قىلدىلا! — دېدى قاسىم قۇربان بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېتىم چاقچاق قىلماي قاپىقىنى تۈرۈپ، — ھەر كىم ئۆزىگە ئۆزى بىر دەرەخ. سىلى ئۆزلىرىنى بىر دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى دەپ يۈرۈپلا - دە. شۇڭا، كىچىككىنە شامال چىقسىلا شالدىرلاپ چاۋاك چالىدىكەنلا - دە، ئىگەكىم؟...

— بەللى، بەللى نېمە دەۋاتىلا، قا جۇرىن؟ ئاتىمىز چوڭ دەرەخ، بىز ئۇنىڭ شېخى، بۇنى كىم بىلمەيدۇ؟

— يەنە خاتا گەپ قىلىلا دەيمەن، دەرەخ يىقىلسا شېخى ئۆزە تۇرىدىغان گەپ نەدىكەن؟ ئاغزىلىرىدا ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، كۆڭۈللىرىدە نېمە ئويلاۋاتىلا بىزگە كەلگۈلۈك ئىگەكىم...

— نېمە ئويلاپتىمەن، نېمە دەيدىغانلا، قا جۇرىن؟

ئوبۇلغازى ئۆزىمۇ سەزمەي قاتتىق ۋارقىرىۋەتكەن چېغى، ئىچكىرىكى ئۆيدىن گۈلجامال خېنىم ئېتىلىپ چىقىپ ئوبۇلغازىغا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، قول شىلتىدى:

— مەجلىسخانا ئەمەس جۇمۇ بۇ. دادام نېمە ھالدا، ھەر قايسىلىرى نېمە كويدا؟

ئارتىسلارغا خاس كۆز يېشى دەرھال ئۇنىڭ مەڭزىگە چۈشتى. ئوبۇلغازى ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ئاشۇ تامچە ياش. ئۇ شۈمشەيدى:

— ماقۇل، خاپا بولمىسىلا خېنىم!

— ھەرقايسىلىرى دەيلىيا؟ — قاسىم قۇربان كىچىكىدىنلا غەلۋىسى تولا، جاپ - جاپ، شور تۇمشۇق گۈلجامال بىلەن گەپ تالىشىپ ئادەتلەنگەن خۇيىنى يەنە ئاشكارىلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلجامال بىلەن دائىم جاڭجاللىشىدىغان گۈلشەرىخاننىڭ ئېرى تۇردى كېرەمنىڭ قاپىقىمۇ گۈلجامالغا نارازىلىق بىلدۈرگەنىدى. شۇڭا، قاسىم قۇربان ئىككى كىشىگە ۋاكالىتەن سوئال سورىماقتا ئىدى.

— نېمە بوپتىكەن؟ دېسەم نېمە بوپتۇ؟ ھەرقايسىلىرى ئىدارىدە تۈگىمىگەن غەيۋەتلىرىنى بۇ يەرگە كۆتۈرۈشۈپ

كەلگەندىكىن ئەمىسە؟

— بۇ قانداق گەپ، نېمە غەيۋەت قىپتۇق؟ — تۇردى كېرەممۇ ئايالى گۈلشەرىخاندىن شىكايەتنى تولا ئاڭلاپ كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەن قېيىنسىڭلىسىغا ئالىيىپ قارىدى.

— غەيۋەتتىن باشقا نېمىنى بىلىشەلا، بىلمەمتىم ھەرقايسىلىرىنى؟

— ئابلانىڭ ماقالىسىنى ئوقۇغانلا، — دەپ كۈلدى قاسىم قۇربان، — بىر سېغىزخاننى يېزىپتۇ. ھەربىر دېرىزىگە بېرىپ شاراقلايمىش، ئۇنىڭ شۇ شاراقلىشى شۇ كۈندىكى غەيۋەت - شىكايەتنىڭ ماۋزۇسى بولارمىش! ...

— ئوقۇدۇم، ئوقۇدۇم. ئوقۇغاچقا ھەرقايسىلىرىنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن! — گۈلجامال ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى.

— بىزنى بىلىپ ئۆزلىرىنى بىلمەيلا - دە؟

— نېمە بولۇشتىلا؟ — ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئۈزگىسۈلى ئۆچكەن، ئېڭەك ۋە قوۋۇز گۆشلىرى ساڭگىلىغان گۈلشەرىخان ھاسىراپ چىقىپ كەلدى، ئۇ كۆكەرگەن لەۋلىرىنى چىڭ پۈرۈپ تىللاشقا تەمشەلگەنىدى. تۇردى كېرەم ئۇچۇن ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ئايالىنىڭ مۇشۇ خىل كۆرۈنۈشى — يەنى كۆكەرگەن، پۈرۈلگەن لەۋلەر.

بىر تال كۆز يېشى، پۈرۈلگەن لەۋلەر بۇ ناھىيەدە باشقىلارغا ھەيۋىلىك كۆرۈنىدىغان ئىككى ئەركەك ئۇچۇن خۇددى كۆكرىكىگە تەڭلەنگەن بەتلەكلىك مىلتىقتەك قورقۇنچلۇق. ئىككى ئەرنى بۇ ھويلىغا يېپسىز باغلىغانمۇ ئاشۇ ئىككى بەلگە! ...

— باشقا يەردە يېرىم، بۇ يەردە پۈتۈن دۇنيا سىلەر ئىنگەكىم! — دېدى قاسىم قۇربان ئالدىدا چوڭ بولۇپ چۈجىدىن بۆرىگە ئۆزگەرگەن جىيەن سىڭىللىرىغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، — ئەرلەرنىڭ ئىشىغا، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارىلاشماڭلار دەپ ھاجىم ئاتىمىزنىڭ دائىم ئېيتقىنى ھېلىمۇ؟
— ئەرلەرنىڭ ئىشى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى دېگەن قانداق گەپ بۇ، تاغا، بىزنىڭ ئائىلە ئىشىمىز بۇ، ئائىلە ئىشىمىزغا سىلى ئارىلاشمىسىلا! — گۈلجامالمۇ بوش كەلمىدى.
— نېمە؟ بۇ ئىككىيلەن كىم، بىلىشەملا؟ ناھىيەنىڭ رەھبەرلىرى بۇلار، پارتىيەنىڭ كادىرلىرى.
— سىلىگە شۇنداق. بىزگە ئۇلار ئەر، ئائىلە ئادىمى. سىلىمۇ مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئادىمى، تالاغا چىقسىلىرى جۇرىن.
— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىنزە ئىگەكىم!...
قالغان ئەرلەر قاسىم قۇربانىي نە سۆز بىلەن، نە ئىما - ئىشارە بىلەن قوللىمىدى.
شۇ چاغدا تاشقىرىقى قورۇدا ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئۇلار يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ يەردە ئىككى ئايال چاچلىشىپ مورلاشماقتا ئىدى. بۇ جانلىرىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىشىپ جېدەللىشىۋاتقانلار نەمرۇدنىڭ ئەمرىدىكى ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالى ئىدى. ئۇلار بالىلىرى ئۈچۈن نەمرۇدنىڭ ئۆي - جابدۇقلىرىنى تالىشىپ سوقۇشقانىكەن.
ئۇلارنىڭ جېدىلى ئەمدىلا جىمىقتۇرۇلۇشىغا ماشىنىدىن غىق مەست قۇددۇسنى ئىككى ئادەم يۆلەپ چۈشۈردى:
— كىمگىمكى دۆلەت قۇشى قونسا، ئۇچار ھەر جايدا قاناتىمىز... مەن ناخشا ئېيتىمەن، ئۇسسۇل ئوينايمەن. تۇردى شۇجى بىلەن قاسىم ئاكام دىسكو ئوينايدۇ!
ئاكىسىنى كۆرۈپ ئاياللار ئۈن سېلىپ يىغلاشتى. سىڭىللىرىنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ ھاجى قۇددۇس قاقاقلاپ كۈلۈپ، بالىخانىدىكى بالكوندا تۇرۇۋېلىپ ناخشا ئېيتماقتا:

ئىتمۇ كارۋان، پىلمۇ كارۋان،
سەن بىلەن بۇ چۆللىدە.

ئىتمۇ بىر شاھ، سەنمۇ بىر شاھ،
سەن بىلەن بۇ كۆلبىدە.

ئۇنىڭ ناخشىسىغا سىڭ ىللار ۋە ئانىنىڭ ھازىسى ئارىلاشقان. قېرى دەرەخ ئاستىدا موللاق سوپى زىكرى قىلماقتا:

لاداق يولدا ئات چاپتۇرۇپ،
بىللە قاچتۇق سەن بىلەن.
بېگىم سەن ئۆل، مەن قالاي،
سىرىڭ قالسۇن مەن بىلەن.

— موللاق سوپى ساراڭ ئەمەس جۇمۇ، قارىسىلا گېپىدە مەنە بار !

تۇردى كېرەم بىلەن قاسىم قۇربان بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى.

4

زېمىننىڭ ئىشى بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ئۇ بۇرۇن كەچلەردە كىتاب ئوقۇشقا ۋاقىت چىقىرالايتتى، ھازىر بۇ ۋاقىتمۇ يوق. بىرنەچچە جايدىكى ئىش: خۇمدان، ئېتىز، ماي زاۋۇتى، ئۆي ياساش، گۈلنازنىڭ دۇكىنى ئۇنىڭ ۋاقتىنى كۆپ ئالاتتى. چۈنكى، بۇ ئىشلارنىڭ كەم ـ كوتىسى ئۇنىڭسىز پۈتمەيتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى — بويتاق ۋاقتىدىكى ئىش تەرتىپىمۇ ھازىر بۇزۇلغان: بۇرۇن سەھەر تۇرۇپ يۈگۈرەيتتى، سوغۇق سۇدا يۇيۇناتتى، كىتاب ـ ماتېرىيال كۆرەتتى، خاتىرە يازاتتى، ھەر خىل ئىلىم ـ پەن يېڭىلىقلىرىدىن ئۆزۈنىدە كۆچۈرەتتى. ئاندىن كېيىن ئىشخانىغا چىقىپ مەجلىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاچاتتى، ئادەم قوبۇل قىلاتتى ياكى سىرتقا چىقىپ ئىش بېجىرەتتى، ئالاقە قىلاتتى. ھەر كۈنى يىغىن، تېلېفون، سۆھبەت، قول قويۇش ۋە دوكلات ئاڭلاشلارغا ۋاقتىنىڭ تولىسى كېتەتتى.

لېكىن، ھازىر بۆلارنىڭ ئورنىنى باشقا ئۆششاق، لېكىن كۆڭۈللۈك ئىشلار ئىگىلىگەن: ئۇنىڭ سەھەر تۇرۇشىغا يېنىدا ئوق بىلىكىگە بېشىنى قويۇپ بىر قولىنى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىر قولىنى بوينىغا سېلىپ كۆكرىكىگە چاپلىشىۋالغان ئايالى يول قويمايدۇ. زېمىن مىدىرلا قىلسا، ئايالى ئەركىلەپ:

— ھۇ... ھى... ياق... — دەيدۇ ـ دە، زېمىن كۆزىنى پارقىرىتىپ يېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ سەگەك، ئەركە ۋە يېقىملىق ئايالىغا بەزىدە نارازى بولۇپمۇ قالىدۇ، لېكىن ئۇنى زادىلا رەنجىتمەسلىككە ۋەدە بەرگەن.

مانا ئۆيگە قۇياش نۇرى بىلەن سەيلىچى چىۋىنلەرمۇ كىردى. دېرىزىدىن چۈشكەن شولا گۈلنارنىڭ ئىنچىكە قورۇقلار تور باغلاشقا باشلىغان كۆز قۇيرۇقلىرىنى يالاشقا، بىر ئوۋچى چىۋىن ئايالىنىڭ بەخت يېشىدىن ناشتا قىلىشقا باشلىدى. زېمىن كۈلۈپ قويدى ـ دە، ئاستا ياستۇق تېگىدىن ئاخشام رىشات بۇجاڭ بەرگەن گېزىتنى ئالدى. گېزىت ھازىر قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، زېمىن تېخى ئوقۇپ كۆرمىگەنىدى.

ئۇ گېزىتنىڭ «بۇتقا چوقۇنىدىغان مۇسۇلمانلار» دېگەن ماۋزۇسىنى كۆرۈپ ياقتۇرمىدى:

— قوپال، يالغاچ، نېمىشقا سەنئەتلىك بىرەر سۆز تاللىمىغاندۇر، — دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە.

— سىز قوپال، مەن يالغاچ ... — دېدى ئايالى يېرىم ئۇيقۇدا جۆيلۈگەندەك.

زېمىن گېزىتىنى ئوقۇشقا باشلىدى: بەدىئىي تەسۋىر، لوگىكىلىق تەھلىل، يۇمۇرلۇق تىل بىلەن گويا كارنېگ① ئەسەرلىرىدەك پاكىتلارنىلا سۆزلىتىپ يېزىلغان بۇ «ساياھەت خاتىرىسى» ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئەسەرنىڭ يېزىلىشمۇ غەلىتە، بىر غايىبانە تارتىش كۈچى ئاپتورنى نەق مۇشۇ ناھىيەنىڭ مەركىزىدىكى ئاشۇ ھەشەمەتلىك چوڭ قورۇغا ئەكىرگەن. قەلەم ئىگىسى سېھرىي كۈچ بىلەن بۇ قورۇدا ئۆتكەن ئەجدادلارنى سۆزلەتكەن. ئەجدادلارنىڭ ئېيتقانلىرىغا ھازىرقى زامان ئېڭى بىلەن قوراللانغان ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ـ ھەم دىن، ھەم جەمئىيەت، ھەم سىياسەت پېشۋاسى ھېسابلىنىدىغان بىر ئاجايىپ ئاتا بىلەن ئۇنىڭ تۆت ئوغۇل، تۆت قىز، ئۈچ كۈيئوغۇل، بىر جانكۆيەرى قارشى چىققان. ئۇلارنىڭ ئەجدادلار بىلەن قىلىشقان سۆھبەت ـ تالاشلىرى ئۇلارنىڭ روھىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى سىرلىرىنى ئاشكارىلىغان. سۆھبەت ئۆز ـ ئۆزىنى راستى بىلەن تونۇشتۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ مېڭىسى بار ئەقلى يوق، بەدىنى بار قېنى يوق، يۈرىكى بار ئارزۇسى يوق، ئايىغى بار قەدىمى يوق، قولى بىلەن ھەرىكىتى يوق، كۆزى بار نۇرى يوق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، بىر ئۆمۈر بىر بۇتخانىدىن باشقا يەرگە بارمىغان راھىبلار ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. ئاخىرىدا ئەجدادلار يىغلايدۇ، ئەۋلادلار كۈلۈشىدۇ. يىغا بىلەن كۈلكە قوشۇلۇپ مەرسىيە كۈيىگە ئايلىنىدۇ ـ دە، بۇ كۈيدىن بەش سىزىقلىق نوتا پەيدا بولۇپ، ئاسمان خىلمۇ خىل سوئاللار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ...

زېمىن ئەسەرنى ئوقۇپ بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بىرلا سېنى سۆزلەتمەپتۇ! — دېدى ئۇ گۈلنازنىڭ

① كارنېگ — ئامېرىكىلىق مەشھۇر پسىخولوگىيە ئالىمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۈۋۈلغان چاچلىرىنى يىرىك قوللىرى بىلەن تاراپ قويۇپ، — سىنىمۇ سۆزلەتسە بوپتىكەن، سەن بەلكى يالغان گەپ قىلمىغان بولار ئىدىڭ.

— مەنمۇ يالغانچى، مەن يالغان ئېيتىپ ئانامنىڭ ئالتۇنلىرىنى ئېلىۋېلىۋاتىمەن. ئۇنداق قىلمىسام تېزدىن بېيىماق تەس ئىكەن. زېمىن. خېرىدارلارغىمۇ، گۈلئايشەم ئاچامغىمۇ يالغان ئېيتىمەن. يالغان ئېيتمىسام پايدا يوق. پايدا ئالمىسام بېيىماق تەس.

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ يالغانچىغا، ئاندىن ئالدامچىغا ئايلىنىپ قالامدىمەن، گۈلناز؟

— ئايلىنىسىز، ھېلىھەم ئايلىنىۋاتىسىز. بولمىسا نېمىشقا مېنىڭ ئالتۇن سودىسى قىلىۋاتقىنىمنى يوشۇرىسىز؟ ھى - ھى - ھى ...

زېمىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئورنىدىن دەس تۇردى:

— ياق، مەن سېنى چەكلەيمەن، گۈلناز، ئۇنىمىساڭ يۇقىرىغا ئېيتىمەن.

— يالغان، يالغان ئېيتىۋاتىسىز. سىز ئايالىڭىزنى ئۆمۈر بويى رەنجىتمەسلىككە ۋەدە بەرگەن. ئاياللار پۇلغا ئامراق بولىدۇ. بولۇپمۇ چىرايلىق ئاياللار تېخىمۇ ئامراق بولىدۇ. ئۇلار مەن - مەن دېگەن ئەرلەرنى يالغان ئېيتقۇزالايدۇ!

— بەلكى، ئېيتقانلىرىڭ راستتۇر، گۈلناز، — دېدى زېمىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — سىلەر بىزنى ھەم بەختلىك قىلالايسىلەر، ھەم ۋەيران قىلالايسىلەر. سىلەردىكى بۇ قابىلىيەت بىزدە يوق، بار بولسىمۇ ئاز. مېنى ۋەيران قىلماي دېسەڭ، بەختتىن ئايرىمايمەن دېسەڭ، مېنىڭ گېپىمگە كىر، كەمبەغەل بولساقمۇ پاكىز بولايلى.

گۈلناز مىيىقىدا كۈلۈپلا قويدى.

— ئاكا، ئاكا، تۇرسىلىيا! — ھاۋاگۈل ئەنسىز

ۋارقىرىدى.

— نېمە بولدى، ھاۋاگۈل ئۇكام!

— ئىمىنجان، ئىمىنجان ئۇكام ئىشىك ئالدىدا ئۆلۈكتەك ياتىدۇ. ۋاي خۇدايىمەي بۇ نېمە تارتقۇلۇق!

زېمىن ئورنىدىن تۇرۇپ چىققۇچە ئانىنىڭ نالىسى ئاڭلاندى.

— جېنىم بالام، چىرايلىق بالام، ۋاي قانداق قىلاي! ...

ئىككى ئايال بىر جەسەتنى كۆتۈرۈپ ئەكىردى: ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىتما - تىتما، يۈز - كۆزى ئىششىپ، قارىداپ كەتكەن، بۇرنى ماكچايغان، چىشلىرى ساڭگىلاپ قالغان، ئاغزى مايماق چىقىپ كەتكەن ... ئۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى.

— بۇ كىمنىڭ ئىشىدۇر! — دېدى زېمىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ئۆچى بارلار مېنى نېمە قىلسا قىلمۇەرسە، باللارغا چېقىلمىسا بولماسمىدى!

ئۇنىڭ كېچىچە بەختتىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى دەرد - ئەلەم تۇمانلىرى قاپلىدى. ئۇ ۋارقىرىدى:

— گۈلناز، بول، ۋېلىسىپىت بىلەن تۇراقنى تېپىپ كەل!

گۈلناز چالا - بۇلا كىيىنىپلا سىرتقا چاپتى، زېمىن گاڭگىراپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپلا قالدى.

بەختلىك ئائىلە بىردەمدىلا يەنە مۇسىبەتلىك ئائىلىگە ئايلاندى. ئىمىنجاننىڭ جەسىتى تەكشۈرۈلدى، ئاخىر شۇ كۈنى كەچ دەپنە قىلىندى. ئىسمائىل ھاجى قەبرىسىنىڭ يېنىدا يەنە بىر يېڭى قەبرە پەيدا بولدى. بۇ تۇپىلىرى يېڭى، بايراقلىرى يېڭى قەبرىگە چاچلىرى چۇۋۇلغان بىر موماي بېشىنى قويۇپ ھۆكۈرەپ يىغلىماقتا، مومايىنى ئىككى جۇۋان قولتۇقىدىن يۆلىمەكتە ئىدى.

— دادىسىنىڭ ئامرىقى بالام، ئانىسىنىڭ يۈرىكى بالام، ئاكىسىنىڭ ھەمراھى بالام، ئاچىسىنىڭ تايچىقى بالام،

ئىمىنجان قوزام، چىرايلىق بوتام! ھۇ ـ ھۇ ـ ھۇ ...

ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئىككى چوكانمۇ تەڭ يىغلىماقتا، بۇلار ئەلۋەتتە داناگۇل ئانا بىلەن قىزى ھاۋاگۇل ۋە كېلىنى گۈلنازلار ئىدى.

ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيگە قايتىپ كېلىشتى. ھويلىدا زېمىن يېزا باشلىقى ۋە ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىر مەسئۇلى بىلەن ھېلىقى قېلىن تاختايدىن قىلىنغان كارىۋات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سۆزلەشمەكتە:

— قاتىللارنىڭ ئىككىسى قاچقان. بىرى تۇتۇلدى. تۇتۇلغىنىنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، ئۇلار ھاجى قۇددۇسنىڭ ئادىمى ئىكەن. قاچقان ئىككىسى نەمرۇدنىڭ ھېلىقى چىرايلىق كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ يۇرىدىغان مۇھاپىزەتچىلىرى ئىكەن. سىلىنى ئۇرغانمۇ، ئابلانى ئۇرۇپ سىلىگە دۆڭگىگەنمۇ شۇلار بولۇپ چىقتى. بۈگۈن قۇددۇس ئىبراھىممۇ قولغا ئېلىندى.

— ئىبراھىم ھاجىم ئېغىر ئەھۋالدا ياتارمىش، كەينى ـ كەينىدىن ئىككى ئوغلىنىڭ قولغا ئېلىنىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە زېمىن شۇجىنىڭ بەرگەن زەربىسى ھاجىمنى ياتقۇزۇپ قويدى، — دېدى يېزا باشلىقى قوشۇمچىلاپ.

«زېمىن شۇجىنىڭ بەرگەن زەربىسى» دېگەن سۆز زېمىنغا يات ۋە قوپال ئاڭلاندى.

— مەن قانداقسىگە چوڭ ئاتامغا زەربە بەرگەن بولىمەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەيران بولۇپ، — ئۇ كىشى ماڭا زەربە بېرىپ كېلىۋاتسا، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر. ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان ئىنىم شۇ كىشىنىڭ كاساپىتىدىن ۋاقىتسىز دۇنيادىن كەتتى.

— راست دەيدۇ زېمىن شۇجى، — دېدى قاشلىرى ئۇزۇن، كالپۇكى قېلىن ساقچى باشلىقى قاسقان شەپكىسىنى ئېلىپ تاقىر بېشىنى سىلاپ قويۇپ، — زېمىن شۇجى بىلەن ھاجى

قۇددۇسنىڭ باشقا زىددىيىتى يوق ئىدى. قۇددۇس ئاق كۆڭۈل، ئىنسابلىق ئادەم ئىدى. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلغان ھاجىمنىڭ ئۆزى. قۇددۇس سىڭلىسى بىلەن زېمىن شۇجى توغرىسىدىكى ئىغۋالارغا چىدىمىدى. ئۇنى باشقىلار كۆپتۇردى. ھاجىمغا كەلگەن ھەممە پالاكەتنى زېمىن شۇجى پەيدا قىلغان دەپ ئىشەندۇردى. نادان ئادەم باغلاقتىكى بۇقىغا ئوخشىشىدۇ. ئۇنىڭ غەزىپى كەلسە باققان ئىگىسىنىمۇ ئۈسىدۇ. بولمىسا زېمىن شۇجىدا نېمە گۇناھ؟ گۇلناز خېنىم بىلەن ئۆز ۋاقتىدا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكىنىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۇلارنى ھاجىمنىڭ ۋەيران قىلغىنىنىمۇ ھەممە ئادەم بىلىدۇ، قۇددۇسمۇ بىلىدۇ، لېكىن قۇددۇس ئۇچۇن مۇقەددەس نەرسە دادىسىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، دادىسى قىلغانلىقى ئۇچۇن ئۇنىڭغا ئۆتمۇشتىكى ئىشمۇ توغرا، دادىسى قارشى بولغاچقا بۈگۈنكى ئىشلارمۇ خاتا. ئۇنىڭ ئەيىبى شۇ: ۋىجدان دېگەننى ئۆز مەنىسىدە چۈشىنەلمەيدۇ. دېمەكچىمەن: زېمىن شۇجى قورۇ ـ جاينى قايتۇرۇپ بېرىمەن دەپ تۇرۇۋالمىغان بولسا بەلكى ھاجىم يۇمشىشىپ قالارمىدىمىكىن دەيمىنا. جاينى قايتۇرىمەن دەپ قۇرۇلۇشنى توختاتمىغان بولسا ھاجى قۇددۇس بۇنچىلىك غەزەپلەنمىگەن بولاتتى. ھاجى قۇددۇس بەش قەۋەتلىك كاتتا مېھمانخانا سېلىشقا تۇتۇش قىلغانيا. زېمىن شۇجى ئۇنىڭ پىلانلىرىنى بىكار قىلىۋەتتى ئەمەسمۇ!

— بەللى، شياڭجاڭ، سىلى مەسىلىگە غەلىتە باھا بېرىدىكەنلا، — دېدى ساقچى باشلىقى كۇلۇپ قويۇپ، — مەنغۇ ئوتتۇز يىللىق قانۇن خادىمى، ھەممىلا ئىشقا قانۇن نۇقتىسىدىن باھا بېرىشكە ئادەتلەنگەن ئادەممەن. مېنىڭ قارىشىمچە، زېمىن شۇجى باشتىن ـ ئاخىر توغرا: بىرىنچىدىن، مۇسادىرە قىلىنغان ئۆي ـ جاينى باشقا ھەر خىل باھانە ـ سەۋەب ياساپ قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ ئۆزى خاتا.

مىسالى، ئىسمائىل ھاجىغا قالپاق خاتا كىيىلگەن بولسا بۇ قالپاق كىمگە كىيىلسە توغرا بولاتتى؟ بەلكى ئىبراھىم ھاجىغا كىيىلسە توغرا بولغان بولارئىدى. مەيلى كىمگىلا كىيىلسە ئۆي ـ جاي، مال ـ مۈلۈك مۇسادىرە قىلىناتتى. بۇ جاي ناھىيەدىكى ئەڭ چوڭ باي تۆرىخان ھاجىمنىڭ جايى. ئىككى ئوغلى ئېتىلغان، بەلكى شۇلارنىڭ نامىدىن مۇسادىرە قىلىنار ئىدى، مۇسادىرە قىلىنىش توغرا بولغان. زېمىن شۇجىنىڭ قايتۇرۇشقا قارشى تۇرۇشى توغرا. ئىككىنچىدىن، زېمىن شۇجىنى ئۇستىلىق بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىپ ئاندىن قايتۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ھەم خاتا. زېمىن شۇجىنىڭ بۇ خاتالىققا قارشى چىقىشى ھەم توغرا، ئۈچىنچىدىن، خەلق مەنپەئەتى بىلەن شەخسىي مەنپەئەت توقۇنۇشىدا زېمىن شۇجىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر خەلق مەنپەئەتى تەرىپىدە تۇرغانلىقى، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، ئۆزىگە زەررىچە چاڭ ـ توزان قوندۇرماسلىقى مېنىڭچە ئالىيجانابلىق!

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە زېمىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۆيدىن تاۋۇز ـ قوغۇن ئاچىقىپ يېنىدىكى غىلاپتىن گۈللۈك دەستىسى بار پىچاقنى ئېلىپ قوغۇن ـ تاۋۇز تىلىشقا باشلىدى. ساقچى باشلىقى خۇددى بىر چوڭ زالدا لېكسىيە سۆزلەۋاتقاندەك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۆرە بولۇۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھازىر بۇنداق رەھبەرلەر تولىمۇ ئاز. ئالىمەن، پايدىلىنىمەن، ئۆزۈمنىڭ قىلىمەن دەيدىغانلار كۆپ. زېمىن شۇجىنىڭ ئىشلىرىنى گېزىتكە يېزىش كېرەك. مەن يازاي دېسەم قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ھېلىقى ئابلا يانتاقنى تېپىپ كېلەيمىكىن دەيمەن. شۇ يېتىم بەلەن يازاتتى.

— زېمىن شۇجى ئۇنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋالغان تۇرسا، زېمىن شۇجىنى ماختامتى ئۇ؟ — يېزا باشلىقى پىچىرلىدى،

— بۇ گەپلىرى بولمىدى. ئابلا ئۇنداق نامەرد ئەمەس، نامەرد بولسا قوينىدىكى گۈزەل خوتۇنىنى «ماڭ، سۆيگەن ئادىمىڭنى تاپ» دەپ ئەتتىرەمتى؟ سىلى بىلەن بىز قىلالايمىزمۇ، شىياڭجاڭ؟ خوتۇنلىرىمىز قىز ۋاقتىدا بىللە ئوقۇغان ئەر ساۋاقداشلىرىنى باشلاپ كەلسە قاپىقىمىزدىن قار - يامغۇر ياغىدۇ، بىزنىڭ باجخانىدىكى يۇسۇپ كوجاڭ ئۇرۇمچىدىن كەلگەن كادىر بىلەن تانسا ئوينىدىڭ دەپ خوتۇنىنى قويۇۋەتتىيا! ئابلا ئايالىنىڭ ھېسسىياتىنى بۇرۇنلا چۈشەنگەن. مەردانە يىگىت ئىكەن. ئۆزىنى سۆيمەيدىغان ئايال بىلەن بىللە ئۆتۈش بىر ئازاب، لېكىن بىزنىڭ نۇرغۇن ئەرلىرىمىز ئۆزىنىلا ئويلايدۇ، ئايالىنى ياخشى كۆرسىلا ئۇنىڭغا بولدى. ئايالىنىڭ ياخشى كۆرۈش - كۆرمەسلىكى بىلەن قىلچە ئىشى يوق، بۇنداق تۇرمۇش ئەرگە كۆڭۈللۈكمۇ؟ ئەمما، شىياڭجاڭ، بىزدە مۇشۇنداق تۇرمۇشتىنمۇ لەززەت ئالىدىغانلار كۆپ!

— مانا، مانا كۆرسىلە، — دېدى يېزا باشلىقى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا قىزىقىپ قاراپ قويۇپ، — سىلىنى كەچكىچە ئادەم تۇتۇپ سوراق ئېتەمدىكىن دېسەم، جىق كىتاب ئوقۇيدىغان ئوخشىمامالا؟

— ئوقۇيمەن، زېمىن شۇجى بىلەن دوست بولغاندىن بېرى مۇشۇ كىشى ئوقۇغانلىكى كىتابنى ئوقۇدۇم. كىتاب ئوقۇپ جەمئىيەتنى كۆزەتسە نۇرغۇن سوئاللار تۇغۇلىدىكەن، سوئاللارغا جاۋابمۇ تېپىلىدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئالدىغا لېگەندە تىلىنغان قوغۇن - تاۋۇز كەلدى. يېزا باشلىقى ئالدىراپ تاۋۇزدىن بىر تىلىم ئالدى:

— ئەمما لېكىن، زېمىن شۇجى جىق مالامەت تارتتى، نېمانداق تۈگىمەيدىغان مالامەت بۇيا!

— مالامەت تۈگىسە دۇنيانىڭ قىزىقى بولمايدۇ، — دېدى

www.uyghurkitap.com

زېمىن، — كىشىلەر يالغان ياشاشنى خالىمايدۇ، لېكىن نۇرغۇن ئادەملەر خالىماي تۇرۇپمۇ يالغان ياشايدۇ. ھەتتا ئۆمۈر بويى يالغان ياشايدۇ. ئۇ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلمەس بولۇۋالىدۇ، ھەتتا ئاستا - ئاستا يالغاننى راست دەپ قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ يالغان ماختاشلىرى، يالغان سىلىق گەپلىرى، يالغان كۈلكە، يالغان تەزىم ۋە يالغان مېڭىشلىرى، ھەتتا باشقىلارنى يىرگەندۈرىدىغان يالغان مېھرىبانلىق، يالغان مەردلىك ۋە يالغان كەڭ قورساقلىقلىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە تەبىئىي، زۆرۈرىيەت، قانۇنىيەت ۋە پەزىلەت بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئۇلار ھەتتا ئايالى بىلەن بالىلىرىغىمۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلدۈرمەسكە تىرىشىدۇ. مېنىڭ چوڭ ئاتام ئىبراھىم ھاجىم مانا مۇشۇنداق ئادەم. ئۇنىڭ ماڭا ئۆچ بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ مېنىڭ مۇشۇ سۇنئىي، يالغان شەيئەتنى قوبۇل قىلمىغانلىقىم.

— راست. توغرا ئېيتتىلا، زېمىن شۇجى، — دېدى ساقچى باشلىقى، — ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەت - ئېتىقادىنىڭ يىلتىزىنى كولاپ باقسا بولغۇدەك. بۇ يىلتىز راست تۇپراقتىمۇ ياكى سۇنئىي - سولياۋ تۇپراقتىمۇ؟

— مانا، مانا قالتىس گەپلەر بولدىيا، — دېدى يېزا باشلىقى بىردە زېمىنغا، بىردە ساقچى باشلىقىغا يېڭى كۆرگەن ئادەملىرىدەك پات - پات قاراپ قويۇپ، — سۆزلەۋاتقانلىرى پەلسەپىمۇ، سىياسەتمۇ ياكى ئەخلاق دەرسىمۇ؟

— ئادەتتىكى گەپ، — دېدى زېمىن كۈلۈپ قويۇپ، — ئەخلاق - پەزىلەت ئىلمىمۇ بار، پىسخولوگىيە ئىلمىمۇ بار، ئەلۋەتتە پەلسەپىمۇ بار. ئەڭ مۇھىمى تۇرمۇش بىلىمى دېسىلە.

كەچقۇرۇنى بۇ كۆرۈمسىز، قالايمىقان، قايتىدىن ھۆسن تۈزەۋاتقان مۇسىبەتلىك ھويلا ئادەملەر بىلەن تولدى، بۇلار

زېمىنىنىڭ يېقىنلىرى — دېھقانلار، كاسىپلار، تىجارەتچىلەر، كادىرلار ۋە مۇئەللىملەر. بۇگۈنكى ئالاھىدىلىك شۇ: بۇ تاشلاندۇق ھويلىنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە كىچىك ماشىنىمۇ پەيدا بولۇپ قالدى. ناھىيە رەھبەرلىرى ھال سوراپ كەلگەن چېغى، بۇ كەنتنىڭ رەھبەرلىرى قوي سويۇپ، مېۋە - چىۋە توشۇپ پايپېتەك بولۇشقا باشلىدى. كىشىلەر بۇ ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئىچىدە گېپى ئاز، ئېغىر - بېسىق، يوغان گەۋدىلىك تۇردى كېرەم شۇجى بىلەن، ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، تولا گەپ قىلىدىغان قاسىم قۇربانىنىمۇ كۆرۈپ قېلىشتى.

— بىزنىڭ زېمىن شۇجى ئاڭلىساق ھاكىم بولارمىش.

— نېمە دەيدىغانلا، ھاكىم بولسا ئىبراھىم ھاجىم شۇ كۈنى دەۋا قىلىپ خۇدانىڭ دەرگاھىغا ماڭىدۇ.

— شۇم ئېغىزلىق قىلما دېمەن، ئۇ ئادەم ئوڭايلىقچە كەتمەيدۇ. كىم بىلىدۇ، بىزنىڭ زېمىنىمۇ شۇ زاتىنىڭ كۈچى بىلەن ھاكىم بولامدۇ تېخى!

بۇ يەرنىڭ ئاۋغۇست ئايلىرى تولىمۇ كۆڭۈللۈك: باغلاردىن كېلىۋاتقان مېۋە پۇراقلىرى، ئۆيلەردىن چىقىۋاتقان قوغۇن ھىدى، يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا بىلەن كۈلكە، قويلارنىڭ مەرەشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى بىلەن مەزىنئاخۇنۇمنىڭ مۆڭلۈق ئەزانى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاۋغۇست ئاخشىمىنىڭ چاچقۇسى، كۈلكىسى ۋە ناخشىسى...

## 5

— شۇ گەپلەر راستمۇ، بالام؟ — ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى ئاچمىغان كۆزلىرىنى تولىمۇ تەستە — خۇددى كىچىك بالا بىر چىڭ ئېتىلگەن قۇتىنىڭ ئاغزىنى قىيىنلىپ ئاچقاندەك قىينىلىپ ئاچتى. ئۇنىڭ نېپىز، كۆكەرگەن قاپاقلىرى گويا

نەچچە پاتمان يوك، كىرپىكلىرىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئاجراشمىقى ئاشىق ـ مەشۇقلار جۇدالىشىشىدەك تەس بىلىندى. ئۇنىڭ ئالتۇن چىشلار ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىنكى قويۇق ساقال ـ بۇرۇت ئارىسىدا قاغجىراپ ياتقان، كەمشۈك لەۋلىرى بۇ گەپلەر بىلەن ئۇمچەيدى. گەپلەر ئۇنىڭ ئاشۇ يېقىمسىز لەۋلىرى ئارىسىدىن خۇددى ئۆز قىنىدىن ئېھتىيات بىلەن چىقىۋاتقان يىلان بالىلىرىدەك ئاستا ـ ئاستا ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن چىقاتتى.

— قايسى گەپلەرنى دەيلا، ھاجىم ئاتا؟ — ئۇنىڭ بېشىدا يالغۇزدىن يالغۇز ئىككى كۈندىن بېرى گەپ ـ ۋەسىيەت كۈتۈپ ئولتۇرغان مۆمىن ئوغلى قۇببەس ئەپەندى خادانى چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېھتىيات بىلەن ھەم ئېتىپ بولۇپ دادىسىدىن سورىدى.

— ز... زېمىن... ھاكىم بولارمىش... ما؟

— شۇنداق... گەپ بار...

ئىبراھىم ھاجىم «شۇنداق»نى ئاڭلىدى ـ دە، قاتتىق يۆتىلىپ ـ كۆكىرىپ، كۆزلىرىنى ئالايتتى...

ئۆيگە نىساخان ھاجىم ئانا بىلەن گۈلشەرىخان، گۈلجامالىلار يۈگۈرۈشۈپ كىرگەندە قۇببەس ئەپەندىم دادىسىنىڭ ئايىغىغا بېشىنى قويۇپ دۈم يېتىپ خۇددى كۆچۈكىدىن ئايرىلغان چىشى بۆرىدەك ھۇۋلاپ يىغلىماقتا ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى ۋە ئاخىرقى يىغىسى بولسا كېرەك.

... ئەتىسى ئىبراھىم ھاجىم دائىم ناماز ئوقۇيدىغان چوڭ مەسچىتنىڭ ھويلىسىدا ھاجىمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى. تۆردى كېرەم، قاسىم قۇربان، ئىبراھىم ئەزىز، ئوبۇلغازى، قۇببەس ئەپەندىلەردىن باشقا يەنە يۈزدەك ئادەمگە ئاق باغلانغان بولسىمۇ، تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا بىرمۇ ئەر ھازىچى ئۈن سېلىپ يىغلىمىدى. جىمجىت مېڭىشقان بىرنەچچە يۈز ئادەم

گويا شۇنداق بولۇشىنى ئالىلىقاچان بىلىشكەندەك غەم ــ مۇسىبەتتىن خالىي كېتىۋاتاتتى. بارغانسېرى يىراقتا قېلىۋاتقان ھەيۋەتلىك چوڭ قورۇدىنلا ئاياللارنىڭ ئاغىل ــ تاغىل يىغا ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ھاجىممۇ كەتتى، — دېدى بىر بوۋاي ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى سۇرتۇپ، — ئەمدى كىمگىمۇ قول بېرەرمىز !

— كىممۇ بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەر ئەمدى... ئىسىت.

— كىمگىمۇ ئېگىلىپ سالام بېرەرمىز...

— دەۋا ــ دەستۇرلىرىمىزنى كىم ئاڭلاپ، كىممۇ ھۆكۈم چىقىرار؟

قېرىلار ھاجىمنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشىپ كېتىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ كەينىدىن مۇكچىيىپ كېلىۋاتقان موللاق سوپى:

— ئەمدى مەن بىلەن جۇدالىشىدىغان بىر كىم قالمىدى... بىز لاداق يولىدا بىللە قاچقان، بىللە تۇتۇلغان، ئىبراھىم بەگ ئالتۇن بېرىپ قۇتۇلغان ... — دەپ ئۆز ــ ئۆزىگە سۆزلىدى.

— دېمىدىممۇ بۇ ھاجىم خائىن دەپ، — دېدى جامال سوجاڭ ئەتراپىغا يالت ــ يۇلت قاراپ قويۇپ، — ئارخىپ خالتىسىنى كۆيۈ ئوغۇللىرى رەتلىگەن گەپ، شۇڭا بۇ ئادەم ھەممە ھەرىكەتلەردىن ساق ــ سالامەت ئۆتۈپ كەلگەن.

— مۇنكىر ــ نەكىردىنچۇ؟ — دېدى بىر ئادەم جامال سوجاڭغا ئاستا پىچىرلاپ.

ئادەملەرنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش بىلەن كۆڭلىگە ھۇزۇر تېپىشقا ئادەتلەنگەن خەلقلىرىمىز شۇ تاپتا ناھىيەنىڭ ئەڭ كاتتا ئادىمىنى قەبرىگە ئەكىتىۋاتقىنىنى ئۇنتۇغان بولسا كېرەك. ئۇزاتقۇچىلار توپىدا بىردەمدىلا بىر توپ غەيۋەت ــ شىكايەتچىلەر پەيدا بولدى. گويا ھاجىمنىڭ يەتمىش نەچچە يىللىق ھايا-

www.uyghurkitap.com

تىدا تاپقان ھۆرمەت ـ ئىناۋىتىمۇ ئاشۇ يىپەك يوپۇقلۇق تاۋۇت بىلەن ئۇزاۋاتقاندەك، بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ھاجىمنى ھۆرمەت قىلىشمۇ خۇددى بىر سىياسىي جىنايەتچىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغانغا ئوخشاش ئەيىب ھېسابلىنىدىغاندەك. گويا ھاجىمنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرگەنلەر ھېساب بېرىدىغاندەك، ئۇنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلار ئەمدى زامان قەھرىمانلىرى ھېسابلىنىدىغاندەك... ئۇزاتقۇچىلار ئىچىدە پەيدا بولغان غەيۋەت ـ شىكايەتچىلەر توپى ئۆزلىرىنى شان ـ شەرەپ ئىگىلىرى ھېسابلاپ، ئۇنلۇك سۆزلىشىشكە باشلىدى. بۇ ئادەملەر ئۆز ۋاقتىدا ھاجىمنىڭ ئەڭ ياخشى مۇرىتلىرى، سايىسىدا راھەتلەنگۈچىلەر ئىدى. بۇگۈن بۇ چوڭ دەرەخ يىقىلىش بىلەن ئۇلار يەنە بىر يېڭى دەرەخ سايىسىغا كىرىۋېلىش ئۈچۈن يىقىلغاننىڭ شىكايىتىنى قىلىشى كېرەك ـ دە!

زېمىن شۇ ئاق باغلىغانلار ئىچىدە كېتىۋېتىپ شىكايەت ـ غەيۋەتچىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى:

— بىر ئاپەتتىن قۇتۇلدۇق!

— بېشىمىزدىكى بىر تاغ غۇلاپ چۈشتى!

— دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغاندى!

— گۇمبىزى ئاپپاق غوجامنىڭ گۇمبىزىگە ئوخشىشىدىكەن، ئۆزىمۇ ئوخشىشىدۇ ـ ھە؟ ...

زېمىن بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ گەپلەرنى ئۇنلۇك دېيىشىدىكى مەقسىتىنى بىلىدۇ. ئۇلار بۇ گەپلىرى بىلەن زېمىنغا ياخشىچاق بولۇشماقچى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە زېمىن بۈگۈن ناھايىتى خۇشال، زېمىن ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنىڭ جەسىتىنى ئەكىتىۋاتقاچقا، ئۆزىنى مەغرۇر، غالىب ھېسابلايدۇ. زېمىن يەڭگۈچى، ئۇ بۈگۈن كۆلۈشى، ئاخشاملىقىقا زىياپەت بېرىشى كېرەك.

غالىبلارغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن

دۈشمەنلىرىگە ئوق ئېتىش كېرەك. بۇ ئاددىي تۇرمۇش مەنتىقىسى خۇددى تاماكا چېكىشكە ئوخشاش ئومۇملاشقان بۈگۈنكى دەۋردە بۇ كىچىككىنە ناھىيە پۇقرالىرى بۇنداق ئوبدان سورۇننى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتەتتىمۇ؟

زېمىن بىردىنلا ئابلا يانتاقنىڭ «ئىت ھەققىدە» ناملىق شېئىرلىرىنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى ئەسلەپ قالدى:

ۋىجدان، ئار - نومۇسنى ئىگەم بەرمىگەن،
پىنىدەك ئىنسابمۇ ئەيىبىم مېنىڭ.
بىر يېغى خوجايىن بېشىم سىلىسا،
ئۆز ئىگەم ئەشەددىي دۈشمىنىم مېنىڭ.

«ھەي ئابلا، نەلەردە، كىملەرنى مەسخىرە قىلىپ شېئىر يېزىپ يۈرىدىغانسەن؟»

ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ جىنازىنىڭ بىر بالدىقىنى بىر قارا ساقال ئادەمنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئۆز مۇرىسىگە سالدى ۋە: «خەير - خوش، چوڭ ئاتا، كەنجى قىزىڭىز گۈلناز قاتتىق ئازابتا. ئۇنىڭ ئازابى مېنىڭ ئازابىم، بىلمىدىم، نېمە ئۈچۈنكى كۆڭلۈمدىكى سىزگە بولغان بارلىق ئۆچمەنلىكلىرىم بۈگۈن تۈگىدى. ئۆچمەنلىكلەرنىڭ ئورنىنى ئازاب - مۇسىبەت ئازابى ئىگىلىدى. بىلىمەن، سىزمۇ ياشاشقا موھتاج، موھتاجلىق كىشىنى قانداق كويلارغا سالمايدۇ؟» دېدى ئۆز - ئۆزىگە.

ھاجىمدىن كېيىنكى كۈنلەرمۇ ئوخشاشلا تىنىچ ئۆتمىدى. قىزلار مىراس دەۋاسى قىلىشىپ كوچىغا — ھەتتا قانۇن ئالدىغا بېرىشتى. كۈيئوغۇللار يەنە شۇ ئاياللىرىنىڭ ئەلچىلىرى بولۇپ مېڭىشتى. ھاجىمدىن كېيىن بۇ ناھىيەدە ئۆزگىرىش بولدى دېيىلسە ئىككىلا ئۆزگىرىش بولدى: بىرى، ھېلىقى باغ ئۈستى يېپىق، ئەتراپى ئىككى قەۋەتلىك دۇكانلار

بىلەن قورشالغان زامانىۋى بازارغا ئۆزگەردى. يەنە بىرى، قەۋم بارخانلىرى ئارىسىدىكى قەبرىستانلىقتا بىر كاتتا گۇمبەز پەيدا بولۇپ، گۇمبەز ئالدىدىكى تاش ئابىدىگە ئۆلگۈچىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقىتلىرى كىچىك ھەرپ بىلەن، «ئىبراھىم ھاجىم» دېگەن ئىسىم چوڭ ھەرپلەر بىلەن يېزىلدى.

موللاق سوپى گۇمبەزگە قاراپ زىكرى قىلدى:

بۇ دۇنيادا ھېچكىمنىڭ ئاتىسى يوق،
مەيلى ئۇلار ئاتا ـ ئانىدىن تۇغۇلغان بولسىمۇ.
بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئادەم قارا يېتىم،
مەيلى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئالدىدا تۇرسىمۇ...



# ئاتا

(رومان)

ئاپتورى: زوردۇن سابىر
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابدۇقەييۇم سايىم
مەسئۇل كوررېكتورى: مېھرىنگۈل مەمەت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ياسىن زايىموف
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991 - 2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 10.5
نەشرى: 2011 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2011 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 14143 - 2
باھاسى: 30.00 يۈەن